قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى

ئا. قايداروۋ، غ. سەدۋاقاسوۋ، ت. تالىپوۋ

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

1 ـ قىسىم

## لېكسىكا ۋە فونېتىكا

قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشرىياتى
ئالمۇتا ـ 1963

www.uyghurkitap.com

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

## 1 - قىسىم

## لېكسىكا ۋە فونېتىكا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1983

بۇ كىتاب قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشرىياتى، ئالموتا
1963 - يىل نەشرىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلدى.

此书根据哈萨克苏维埃社会主义共和国科学院出版 社1963年阿拉木图版特写出版·

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (1)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى ئازادلىق كوچا №.306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
بېيجىڭ مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12·625 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1985 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 9098·40
تىرازى: 1 — 8·600
باھاسى: 1·54 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# كوچۇرۇپ نەشر قىلغۇچىدىن

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ئىككى قىسمدىن ئىبارەت بولۇپ، I قىسىم لېكسىكا ۋە فونېتىكا ھەققىدە، II قىسىم مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ كىتاپنىڭ I قىسمى قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن، II قىسمى قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمى تەرىپىدىن سىلاۋيان يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن. بۇ قېتىم ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىغا كوچۇرۇش جەريانىدا، كىتاپتىكى رۇسچە سىتاتىلار ۋە رۇسچە گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ ئېلىندى؛ ئەسلى بويىچە ئېلىنغان ئايرىم ئاتالغۇلارغا (*) بەلگىسى بىلەن ئىزاھات بېرىلدى. كىتاپنىڭ (I قىسىم) «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» قىسمىغا دائىر بەزى مىسال ۋە سۆز-ئىبارىلەر نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى مۇناسىۋەتلىك مىسال ۋە سۆز-ئىبارىلەر بويىچە ئېلىندى.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ناملىق بۇ كىتاپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى، فونېتىكىسى ۋە گىراماتىكىسى توغرىسىدا بىرقەدەر كەڭ ۋە سىستېمىلىق مەلۇمات بېرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، كىتاپتا يېتىشسىزلىكلەر، نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتاپخانلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىش جەريانىدا كىتاپنىڭ بۇ تەرىپىگە

تەنقىدي مۇناسىۋەتتە بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

«هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»نىڭ سىلاۋيان يېزىغى ئاساسىدىكى نۇسخىسىنى ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى نۇسخىسىغا كوچۇرۇشتە، «لېكسىكا» قىسمىنى سابىت روزى، «فونېتىكا»، «مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس» قىسىملىرىنى ئىسكەندەر ئىبراھىم ئۇستىگە ئالدى؛ تەھرىرلىگىنى ئىبراھىم ئەخمىدى ئورۇنلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## لېكسىكا

مۇقەددىمە ........................................ 1
I. لېكسىكولوگىيە ........................................ 1
1. لېكسىكولوگىيە ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى ........ 1
2. لېكسىكولوگىيىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ...... 8
3. لېكسىكولوگىيىنىڭ تىلشۇناسلىقتا تۇتقان ئورنى ........ 12
II. سېماسئولوگىيە ........................................ 15
4. سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 15
5. سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلىرى ...... 24
6. سۆزلەرنىڭ كونكرېت ۋە ئابستراكت مەنىلىرى ........ 25
7. سۆزلەرنىڭ ئۆز ۋە كۆچمە مەنىلىرى ........ 27
8. سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ۋە كونتېكىستنىڭ ئەھمىيىتى ........................................ 30
9. مەنىداش سۆزلەر (سىنونىملار) ........................ 35
10. شەكىلداش سۆزلەر (ئومونىملار) ........................ 52
11. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر (ئانتونىملار) ........ 64
12. مېتافورا ........................................ 74
13. مېتونىمىيە ........................................ 77
14. تابۇ ۋە ئېۋفېمىزىملار ........................................ 79

**III. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋى** ........ 82

15. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋى ھەققىدە ئومۇمى مەلۇمات ........ 82

16. ئاساسىي لۇغەت فوندى ........ 85

17. لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ ئوزئارا مۇناسىۋىتى ........ 91

18. تۇركى تىللارغا ئورتاق سوزلەر ........ 93

19. تۇركى ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق سوزلەر ........ 102

20. ئۇيغۇر تىلىدىكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەر ........ 104

21. ئەرەپ تىلىدىن ئوزلەشكەن سوزلەر ........ 108

22. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىران تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ........ 110

23. ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئوزلەشكەن سوزلەر ........ 112

24. ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن سوزلەر ........ 116

25. باشقا تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ........ 122

**IV. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ ئىستىلىق ئالاھىدىلىكلىرى** ........ 126

26. ئۇيغۇر تىلىنىڭ نورمىسى ھەققىدە ........ 126

27. ئومۇم خەلقلىق لېكسىكا ........ 132

28. جائىلىق تىلغا خاس لېكسىكا ........ 132

29. دىئالېكتلىق لېكسىكا ........ 135

30. كونىرىغان سوزلەر ........ 139

31. تارىخىي سوزلەر ........ 140

32. ئارخائىزىملار ........ 142

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

33. نېئولوگىزىملار.......................................145
34. مۇتەخەسسىسلىككە ئائىت سۆزلەر بىلەن ئاتالغۇلار.......149
35. تەسىرلىك لېكسىكا ۋە ھېسسىياتلىق لېكسىكا.........153
V. فرازېئولوگىيە.......................................155
36. فرازېئولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە..............155
37. ئاددىي ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى..................158
38. فرازېئولوگىيىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۈرلىرى
162.....................................................
39. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر..........................166
A. فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلار (ئىدىئوملار)..............168
Ə. فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەر..........................174
B. فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلار............................182
VI. لېكسىكوگرافىيە......................................187
40. لېكسىكوگرافىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە..............187
41. رۇس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكوگرافىيىسى تارىخىدىن
193.....................................................
42. لۇغەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى.............219
A. بىر تىللىق لۇغەتلەر..................................221
Ə. ئىككى تىللىق لۇغەتلەر...............................235
B. كۆپ تىللىق لۇغەتلەر..................................249

## فونېتىكا

I. فونېتىكا ۋە ئۇنىڭ نۇتۇق تاۋۇشلىرى...................254
1. فونېتىكا ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى..................255

2. تاۋۇشلارنىڭ ئۈچ خىل تەبىئىتى ........ 258
A. تاۋۇشلارنىڭ فىزىكىلىق (ئاكۇستىكىلىق) تەبىئىتى ........ 258
ə. تون ۋە شاۋقۇن ........ 260
B. تاۋۇش ۋە فونېما ........ 260
II. نۇتۇق ئاپاراتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتى ........ 267
3. نۇتۇققا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ھەققىدە ........ 267
4. تاۋۇش ھاسىل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ........ 268
A. نەپەس ئورگانلىرى ........ 268
ə. بوغۇز ۋە تاۋۇش تۈگۈچلىرى ........ 270
B. ئېغىز بوشلۇقى ........ 276
5. ئاكتىپ ۋە پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلار ........ 281
6. سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورتارا ئاكۇستىكا ـ ئار-
تىكۇلياتسىيىلىك پەرقلىرى ........ 282
III. سوزۇق تاۋۇشلار (ۋوكالىزىم) ........ 285
7. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈركۈم-
لەرگە بۆلۈنۈشى ........ 286
8. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى ........ 290
IV. ئۈزۈك تاۋۇشلار ........ 299
9. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ........ 299
10. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى ........ 307
A. پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار ........ 307
ə. سىرغىغۇلا ئۈزۈك تاۋۇشلار ........ 311
B. قوش ئۈزۈك تاۋۇشلار ........ 321
P. ئۇنلۇك (سونور) ئۈزۈك تاۋۇشلار ........ 324
V. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى (سىنگارمونىز-
زىم) ........ 331

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكى www.uyghurkitap.com

11. تاڭلاي سىنگارمونىزىمى.................................333
12. لەپ سىنگارمونىزىمى.................................338
VI. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىرات قانۇنى.........344
13. لەۋلەشمىگەن تار "ئى" سوزۇق تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى.................................345
14. لەۋلەشكەن تار "ئۇ، ئۈ" سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئەكسى تەسىراتى.................................349
VII. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى.................................350
15. تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى.................................351
16. كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى.................................353
VIII. بوغۇم.................................357
17. بوغۇم ۋە بوغۇمنىڭ تۈرلىرى.................................357
IX. سوز ئۇرغۇسى.................................363
18. ئۇرغۇ توغرىسىدا مەلۇمات.................................363
19. ئاساسىي ئۇرغۇ.................................366
20 ياردەمچى ئۇرغۇ.................................369
X. گىرافىكا ۋە ئورفوگىرافىيە.................................370
21. گىرافىكا توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە.................................370
22. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىخىغا دائىر.................................372
23. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرافىكىسى.................................376
24. ئورفوگىرافىيە توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە.................................379
25. ئۇيغۇر تىلى ئورفوگىرافىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرى.................................380
26. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئورفوگىرافىيە قائىدىلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى.................................384
XI. تاۋۇشلارنىڭ فونولوگىيىلىك ۋە فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيەسى.................................388

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى يېنىدىكى ئۇيغۇر تىلى بولۇمىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۇرسى ئۈستىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. بۇ كىتاپ مەزكۇر "كۇرس"نىڭ بىرىنچى قىسمى بولۇپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكولوگىيىسى بىلەن فونېتىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاپتورلار ئالدى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز بايلىقىنى ۋە ئۇنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىنى ئىزچىل سۈرەتتە بايان قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسى قىلدى. شۇڭلاشقا، تەھلىل قىلىنغان تەسۋىرىي ماتېرىياللار ئاساسەن بەدىئىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، شۇنداقلا كېيىنكى يىللار داۋامىدا نەشر قىلىنىۋاتقان سوۋېت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدىن، فولكلوردىن ۋە جانلىق تىلدىن ئېلىندى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئايرىم لېكسىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق هادىسىلىرىنى تولۇقراق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىدىدە، لازىم تېپىلغاندا، باشقا قېرىنداش تىللارنىڭ هەم قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاكىتلىرىمۇ كىرگۈزۈلدى.

ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورلىرى تىز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ هەممە لېكسىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق هادىسىلىرىنى تۈگەل هىساپقا ئېلىپ، ئۇلارنى تولۇق ئەكىس ئەتتۈرگەن هالدا بايان قىلالىدۇق دېگەن پىكىردىن ناهايىتى

يىراق. ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋە ئەكسى تەسىرات قانۇنلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشلىرىغا ئائىت ئايرىم قانۇنىيەتلىرى، ئورفوگرافىيە ۋە ئورفوئېپىيە مەسىلىلىرى، شۇنداقلا فرازېئولوگىيە بىلەن سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر باي تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا كەلگۈسىدە يەنىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر رەۋىشتە تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ كىتاپتا مۇمكىنقەدەر ھەل قىلىنغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرمۇ ۋە يېڭىدىن كۆنتەرتىپكە قويۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى پاكىتلارمۇ يوق ئەمەس.

ھەر ھالدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ئىزچىل كۇرسى كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلىرىمىزنىڭ، ئوقۇتقۇچى ۋە مەتبۇئات خادىملىرىمىزنىڭ، ئىلمىي خادىم ۋە باشقا زىيالىلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىرقەدەر قانائەتلەندۈرىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

كىتاپنىڭ «لېكسىكولوگىيە» ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە، «سېماسىئولوگىيە»، «فرازېئولوگىيە» ۋە «لېكسىكوگرافىيە» قىسىملىرىنى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ئا. قايداروۋ؛ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋى»، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى»، «ھەرپ شەكىللىرى ۋە ئورفوگرافىيە» قىسىملىرىنى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى غ. سەدۋاقاسوۋ؛ «فونېتىكا» بولۇمىنى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ت. تالىپوۋ يازدى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ كۇرسى ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى قېتىم يېزىلىۋاتقاچقا، بەزى تىلشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى ئىزچىل قوللىنىلمىغان بولۇشى

مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتاپ ئۈچ ئاپتورنىڭ قولىدىن چىق-قاچقا، ئۇلارنىڭ يېزىش ئۇسلۇبىدىمۇ بەزى پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى.

بۇ كىتاپنىڭ ئۆتۈكلىرى بىلەن كەمچىلىكلىرى توغرىسىدا سەمىمى ئېيتىلغان ھەرقانداق پىكىرنى ئاپتورلار قول قوشتۇرۇپ قارشى ئالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# لېكسىكا

## I. لېكسىكولوگىيە

### 1. لېكسىكولوگىيە ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى①

لېكسىكا گرېكلارنىڭ Lexis (سۆز) دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. گرېك تىلىدا Lexikos دېگەن سۆز لۇغەت مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. دېمەك، لېكسىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ مەلۇم تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. لېكسىكا پەقەت ئەدەبىي تىلنىڭلا لۇغەت تەركىبىنى ئەمەس،

① ل. ئا. بۇلاخوۋسكى. تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە. موسكۋا، 1953 ـ يىل؛ ئا. ئا. رېفورماتسكى. تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە. موسكۋا، 1955 ـ يىل؛ ر. ئا. بۇداگوۋ. تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئوچېرك. موسكۋا، 1953 ـ يىل؛ ئې. م. گالكىنا ـ فېدورۇك. ھازىرقى زامان رۇس تىلى. لېكسىكا قىسمى. موسكۋا، 1954 ـ يىل؛ گ. گ. مۇساباييېۋ. ھازىرقى زامان قازاق تىلى. لېكسىكا قىسمى. ئالمۇتا، 1959 ـ يىل؛ ھازىرقى زامان ئۆزبەك تىلى. تاشكەنت. 1957 ـ يىل ۋە باشقا ئەسەرلەرگە قاراڭلار.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ تىلنىڭ دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىكى سۆزلەر-
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**لېكسىكولوگىيە** بولسا، گرېك تىلىدىكى Lexis (سۆز) ۋە Logos (ئىلىم) دېگەن ئىككى سۆزدىن ياسالغان بولۇپ، لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنى تەكشۈرىدىغان ئىلىم دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى بارلىق سۆزلەر ۋە ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئېكۋىۋالېنتى (تەڭداش مەنىلىك سۆز) سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان سۆز بىرىكمە-لىرى كىرىدۇ. تىلنىڭ ئاساسىي فوندى بىلەن لۇغەت تەركىۋى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، سۆز بىلەن ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى ئېنىقلاش، لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ، ھەر-قانداق تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مىقدارى، تەركىۋى ۋە ساپا جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىش يوللىرىنى تەكشۈرۈش لېكسىكولوگىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دېمەك، لېكسىكولوگىيە تىلىمىزدىكى سۆز ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ھەر خىل نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ تەكشۈرىدىغان تىل ئىلمىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئومۇمىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئايرىم قىسمى سۈپىتىدىمۇ ۋە مەلۇم بىر تىلغا دائىر بولغان سۆزلەر ھەققىدىكى ئىلىم سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرلا تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە بېغىشلانسا، ئۇنى مەخسۇس لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئەگەر لېكسىكولوگىيە بىرنەچچە ۋېرىنداش تىللارنىڭ ياكى ھەر خىل سىستېمىدىكى تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىش مەقسىدىنى ئۆز ئالدىغا قويسا، ئۇ ئومۇمىي لېكسىكولو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىيە دەپ ئاتىلىدۇ. مەخسۇس ۋە ئومۇمى لېكسىكولوگىيىلەر پەقەت تەكشۈرۈلىدىغان تىل پاكىتلىرىغا قاراپ بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن ئۇلار بىرلا ئىلمىي ئۇسۇلغا ئاساسلىنىدۇ.

ھەر بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن تەكشۈرۈشكىمۇ ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ئېنىقلاش مەقسىدى بىلەن تەكشۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى سىنخرونىيىلىك (ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ جەريانىنى بىر بىرىگە ماسلاشتۇرۇش) ئۇسۇلى بىلەن تەھلىل قىلىش، يەنى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ۋە تەدرىجى تەرەققى قىلىشىنى تەكشۈرۈش، ئادەتتە، تارىخىي لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. لۇغەت تەركىۋىنى دىئاخرونىيىلىك (تىل تەرەققىياتىنى دەۋر نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش) ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىش، يەنى ئۇنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئىزاھلىق لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا لېكسىكولوگىيىنىڭ سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىنى ھەر خىل نۇقتىئىنەزەردىن تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن، لېكسىكولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىمۇ بىرقەدەر كېڭىيىپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە سېماسىئولوگىيە، فرازېئولوگىيە، ئېتىمولوگىيە، ئىستىلىستىكا قاتارلىق بىرنەچچە قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ.

**سېماسىئولوگىيە** گرېكچە sema (بەلگە) ۋە logos (ئىلىم) دېگەن سوزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سوز مەنىسى ھەققىدىكى ئىلىم دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. تىلشۇناسلىقتا سېماسىئولوگىيە دېگەن ئاتالغۇ بىلەن بىر قاتاردا سېمانتىكا دېگەن ئاتالغۇمۇ قوللىنىلىدۇ. سېمانتىكىمۇ گرېكلارنىڭ Semantikos (كورسەتكۈچى، ئىزاھلىغۇچى) دېگەن سوزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتا ئىككى

تۇرلۇك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىرىنچىدىن ئۇ، تىلىمىزدىكى سوزنىڭ ئىشلىلىق مەنىسىنى ئاڭلاتسا، ئىككىنچىدىن، لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ سوز مەنىسىنى تەكشۈرىدىغان بىر قىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە سېماسىئولوگىيە (سېمانتىكا) كونكرىت تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلغۇچى سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئايرىم ئەھۋاللاردىكى ئوزگىرىشلىرىنى، تەدرىجى تەرەققى قىلىش قانۇنىيەتلىرىنىمۇ تەكشۈرىدۇ.

ئېتىمولوگىيە گرېكلارنىڭ etimon (ھەقىقەت) ۋە logos (ئىلىم) دىگەن سوزلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى، تارىخي ياسىلىش يولىنى تەكشۈرىدىغان ئىلىم دىگەن مەنىدە قېلىپلاشقان.

مەلۇمكى، تىل دائىم تەرەققى قىلىپ تۇرىدىغان تارىخي كاتېگورىيە. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلغۇچى سوزلەر بىرنەچچە ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنىڭ كونىراپ، تىل ئەمىلىيىتىدىن مۇتلەق چىقىپ قېلىشى، بەزىبىرلىرىنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولۇشى قانۇنىي ھادىسە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تىلنىڭ ئەنە شۇنداق تەرەققى قىلىش جەريانىدا بىر قاتار سوزلەر ياكى سوز شەكىللىرى پاسسىپ لۇغەت تەركىۋىگە ئايلىنىشى، ھەتتا ئوزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىدىن ۋە مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولۇش مۇمكىن. مانا شۇنداق سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى، ئەسلى نۇسخىسىنى ئېنىقلاشتا ئېتىمولوگىيە ياردەم بېرىدۇ. ئېتىمولوگىيە تىلنىڭ تارىخي پاكىتلىرىغا، گرامماتىكا ۋە فونېتىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ، شۇنداقلا قېرىنداش تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز ئۈچۈن نامەلۇم ئايرىم سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى، يوقالغان ياكى سۇسلاشقان مەنىسىنى، ئوزگەرگەن شەكلىنى ئېنىقلاپ بېرىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ”بالا-جاقا (بالا-چاقا)، تالان-تاراج، تاتلىق-تۇرۇم، توپاق-تورۇم، توخۇتۇمان“غا ئوخشاش قوشما سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ئىككىنچى تەركىۋى قىسمى بۈگۈنكى كۈندە ئالاھىدە تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا كونكرېت مەنىنى ئاڭلاتمايدۇ. لېكىن ئېتىمولوگىيىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى مەنىسىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ. جۈملىدىن جاقا// چاقا سۆزىنى ئالساق، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تۈركمەن، ئەزەربەيجان، ئۆزبەك تىللىرىدا مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان (بالا مەنىسىدە) شاغا// چاقا// چاغا سۆزلىرى بىلەن تەكتى بىر ئىكەنلىكى تىلشۇناسلىقتا ئىسپاتلانغان پاكىت①. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ساقا“ (مېنىڭ ساقام) قەشقەر دىئالېكتىدىكى ”چاقالەك“ سۆزلىرىنىڭ ”بالا-جاقا“دىكى ”جاقا“ سۆزى بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكى ھېچكىمگە گۇمان كەلتۈرمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش ”تالان-تاراج“دىكى ”تاراج“ سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئېتىمولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئېنىقلاشقا بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز. بۇ سۆز ھازىرقى زامان پارس تىلىدا ”Taradz“ شەكلىدە ۋە ”بۇلاش-تالاش“ مەنىسىدە مۇستەقىل قوللىنىلىدۇ②.

مەلۇمكى، ئېتىمولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر تىلنىڭ فونېتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە، تارىخىي-ئېتنوگرافىيىلىك پاكىتلارغا تولۇق تايانغان ئەھۋالدىلا سۆز ۋە سۆز شەكىللىرىنىڭ

① ئا. قايداروۋ. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپ سۆزلەر». ئالمۇتا. 1958-يىل. 102 — 104-بەتلەر.

② ب. ب. مىللېر. «پارسچە-رۇسچە لۇغەت». موسكۋا. 1953-يىل. 105-بەت.

كېلىپ چىقىشىنى تولۇق ئىنقىلاپ بېرەلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلمىي ئېتىمولوگىيە ئومۇمىي تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي دەۋرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ باشقا تىللار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى، شۇنداقلا، قېرىنداش تىللارغا ئورتاق ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى ۋە باشقا تىل تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ.

**فرازېئولوگىيە** گرېك تىلىدىكى phrasis (ئىبارە) ۋە logos (ئىلىم) دېگەن سۆزلەردىن كېلىپ چىققان (فرانسۇزچە phraseologie) بولۇپ، تىلدىكى لېكسىكىلاشقان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ۋە شۇ سۆز بىرىكمىلىرىنى تەكشۈرىدىغان ئىلىم دېگەن ئىككى تۈرلۈك مەنىنى بىلدۈرىدۇ. فرازېئولوگىيىنىڭ بىرىنچى مەنىسىنى بەزىدە **فرازېئولوگىزىملار** دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

فرازېئولوگىيىنى، يەنى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى لېكسىكولوگىيە تەركىۋىدە تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى شۇكى، ئۇلار تىلىمىزدا ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئېكۋىۋالېنتى (تەڭداش مەنىلىك سۆز) سۈپىتىدە بىرلا مۇستەقىل ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار بىرنەچچە ئايرىم سۆزلەردىن تەركىب تېپىشىغا قارىماي، تىل ئەمەلىيىتىدە بىرلا سۆزنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن، "كۆتەر قاسقىنىڭنى، كەشىڭنى توغرىلا، يولۇڭ ئوچۇق" دېگەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئالساق، ئۇلار ئاددىي تىلدىكى "كەت" دېگەن بىرلا سۆزنىڭ مەنىسىنى بېرەلەيدۇ. لېكىن مۇشۇ فرازېئولوگىزىملار "كەت" سۆزىدىن، بىرىنچىدىن، بىرنەچچە سۆزنىڭ بىرىكمىلىرى بولۇپ كېلىشى جەھەتتىن پەرقلەنسە، ئىككىنچىدىن، ئاساسىي مەنىسىگە قوشۇمچە ئىپادىلەنگەن ھىسسىياتلىق-تەسىرلىك مەنا ئۆزگىچىلىكلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. دېمەك، بۇ ئەھۋال فرازېئولوگىزىملار ئايرىم سۆزلەرنىڭ پەقەت مەنىلىك تەڭدىشى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

فرازېئولوگىزىملار مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، لېكسىكولوگىيىنىڭ فرازېئولوگىيە دېگەن مەخسۇس قىسمىدا ئالاھىدە تەكشۈرۈلىدۇ.

**ئۇسلۇبشۇناسلىق** stylos (قەدىمقى گرېكلارنىڭ خەت يازىدىغان قەلىمى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. ئۇسلۇبشۇناسلىق لېكسىكولوگىيىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتنىڭ ژانىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئوبراز ياساشنىڭ ۋە ۋەقەنى تەسۋىرلەشنىڭ ماھىيىتىگە مۇۋاپىق سۆز ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقنى، تىلنىڭ تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرىدىغان مەخسۇس بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل ئەملىيىتىدە سۆزلەرنىڭ ھەرقانداق بىر مەنىدە (تروپ، ئوخشىتىش، مېتافورا، مېتونىمىيە ۋە باشقا مەنىلەردە) ئىشلىتىلىشى ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى تىلىمىزدىكى سۆزلەرنى ھەر خىل كونتېكستتا مۇناسىۋەتلىك ئىجادىي ماھىرلىق بىلەن قوللىنىش تىلنىڭ ئىچكى مۇمكىنچىلىكىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ، ئومۇمەن لېكسىكىنىڭ مەنىلىك جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىنى، باي ۋە ئەۋرىشىم بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئۇسلۇب نۇقتىسىدىن ئايرىش، ئۇلار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەڭ ئالدى بىلەن شائىر-يازغۇچىلارنىڭ شەخسىي تىلىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى تەكشۈرۈشكە، شۇنداقلا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىلىنى تەھلىل قىلىشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىزدە سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىكى ئۇسلۇبلۇق ئالاھىدىلىكلەر گۈزەل ئەدەبىياتنىڭ ھەر تۈرلۈك ژانىرلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، "كۆن" سۆزىنى ئالساق، ئۇ تىلىمىزدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئاممىباپ سۆز. لېكىن شۇ سۆزنىڭ سىنونىمى "قۇياش" بولسا، ئۇ ئاساسەن، كۆتىرەڭگۈ شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدا قوللىنىلىدۇ. شۇنداقلا بەزىبىر جانلىق تىلدىكى ئاددىي سۆزلەر

شېئىرىيەت تىلىدا پۈتۈنلەي قوللىنىلماسلىقى مۇمكىن. سۆزلەرنىڭ ئايرىم قىسمى پەقەت ئىلمىي ياكى كىتاب تىلىغا خاس بولىدۇ.

ئىستىلىستىكا گۈزەل ئەدەبىيات پاكىتلىرى ئاساسىدا سۆزلەرنىڭ مانا شۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈرىدۇ.

## 2. لېكسىكولوگىيىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى

بىز يۇقۇرىدا لېكسىكولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئاساسەن، سۆز ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى مۇشۇ سۆزنى قانداق مېتودىكىلىق ئاساستا، قانداق مەقسەتلەر بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىمىز.

لېكسىكولوگىيە كونكرېت بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى ئەتراپلىق رەۋىشتە تەكشۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىدىن دەپ قارايدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ دەرىجىسىدە تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ئۇ، تىل ساھەسىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم؛ جۈملىدىن لېكسىكولوگىيە لۇغەت تەركىۋىنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋرلەردىكى ھالىتى بىلەن ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى، ھەر بىر تىلنىڭ لېكسىكىلىق سىستېمىسىغا خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن سۆزلەرنىڭ قۇرۇلۇش، تىپىكلىك شەكىللىرىنى، سۆز ۋە چۈشەنچىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى، سۆزلەرنىڭ مەنىلىك تىپلىرىنى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرىنى، تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى بىلەن لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارنىڭ گىراماتىكا، فونېتىكا بىلەن بىرلىكتە تەرەققى قىلىشىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇغەت تەركىۋىدىكى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى تەكشۈرىدۇ.

بۇ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھوددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن لېكسىكولوگىيە تىل ئىلمىدىكى ماركسىزىملىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىغا ئاساسلىنىدۇ. ماركسىزىم تەلىماتىغا ئاساسلىنىش، دېمەك، تىلدا يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ھادىسىلەرنى دىئالېكتىكىلىق بىرلىكتە، بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك رەۋىشتە تەكشۈرۈش دېگەن سۆز.

مەسىلەن، قايسى تىل بولمىسۇن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقى كورۇنۇشى: لېكسىكا بولسا، شۇ ئۆزىنىڭ تىلدىكى ماددى كورۇنۇشى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىمۇ تەرەققى قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تىلنىڭ لېكسىكىسىمۇ پەيدىن ـ پەي تەرەققى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆزىنىڭمۇ، لېكسىكىنىڭمۇ تەرەققى قىلىش مەنبەسىنى جەمئىيەت تارىخىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئىزدەش كېرەك.

دېمەك، تىل جۈملىدىن تىلنىڭ لېكسىكىسى، شۇ تىلنى ياراتقۇچى ۋە شۇ تىلدا سۆزلىگۈچى جەمئىيەتنىڭ كىشىلىك تارىخى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ تەكشۈرۈلۈشى لازىم. ھەر بىر سۆز مەلۇم جەمئىيەتنىڭ ھاياتىدىكى ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتىنى ئومۇمى رەۋىشتە ئۆزىدە ئەكس ئېتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، شۇ سۆزنىڭ تەبىئىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشىمىز لازىم. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن كوپلىگەن سۆزلەرنى ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ”يەرنىڭ سۈنئىي ھەمراھى“، ”كوسمو ناۋات“ دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ گۇۋا-

چىنسى سۈپىتىدە لۇغەت تەركىۋىگە كىرىپ قوشۇلدى.

تىل تەرەققىياتىغا، ئەلۋەتتە، بىر تەرەپلىمە قاراشقا بولمايدۇ. مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تىلدا دائىم يېڭى سۆز ۋە يېڭى ئىبارىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايرىم سۆز ۋە ئىبارىلەر ئۆزلىرىگە مەنسۇپ ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ كونىراپ، ھەتتا ھاجەتسىز بولۇپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، لۇغەتنىڭ پاسسىپ زاپىسىغا ئايلىنىشى، ھەتتا ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئامما تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ كېتىدىغان سۆزلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭغا يېڭىدىن قوشۇلىدىغان سۆزلەر، ئەلۋەتتە، كۆپرەك بولىدۇ.

ھەر بىر تىلنىڭ لېكسىكا ساھەسىدىكى تەرەققىياتىنى تەكشۈرگەندە لېكسىكولوگىيىنىڭ كۆزدە تۇتىدىغان مەسىلىلىرىنىڭ بىرى — شۇ تىلنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مۇمكىنچىلىكلىرىدۇر.

دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيىلىك شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسات جەھەتتىن بىر بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ياشايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ پاكىت خەلقلەرنىڭ تىلىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. قايسى تىلنى ئالمايلى، بىز ئۇنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن ئىككىنچى بىر تىلنىڭ ياكى بىرنەچچە تىلنىڭ لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلىرىنى تاپالايمىز. بىر تىلنىڭ ئىككىنچى بىر تىلغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىقىنى شۇ تىللاردا سۆزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ بىلىشكە بولىدۇ. تىلنىڭ ئەنە شۇنداق باشقا تىللارنىڭ ئەجابى تەسىرى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشىنى لېكسىكولوگىيە، ئادەتتە، تىلنىڭ تاشقى مۇمكىنچىلىكلىرى دەپ قارايدۇ ۋە تىلنىڭ مۇشۇ سۈپەتتىكى ھادىسىلىرىنى تەكشۈرگەندە ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولغان خەلقلەرنىڭ تارىخىنى كۆزدە تۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كېرەك دېگەن ماركسىزىملىق تەلىماتقا ئاساسلىنىدۇ.

لېكسىكولوگىيە تىلنىڭ ئىچكى مۇمكىنچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈشكىمۇ چوڭ ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ساھەدە ئۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى گىراماتىكا بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش پىرىنسىپىغا ئاساسلىنىدۇ، چۈنكى تىلنىڭ لۇغەت سوستاۋى ئۆزى ئايرىم تۇرۇپ ھېچقاچان تىل بولالمايدۇ. ئەكسىچە، لۇغەت تەركىۋى بولماي تۇرۇپ گىرامماتىكىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى گىراماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا ياكى سۆزلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزگىرىپ ۋە بىر بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، چىپىسلاشقان رەۋىشتە گەپ تۈزگەن ھالەتتىلا بىر تۇتاش تىل شەكلىگە كىرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش گىراماتىكا مەلۇم پىكىرنى پەقەت تىلنىڭ لېكسىكىلىق ماتېرىياللىرى ئاساسىدىلا ئىپادە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

دېمەك، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلىكتىلا تىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولالايدۇ ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پىكىرلىشىشىگە ھەم ئالاقىلىشىشىغا ئىمكان بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە گىراماتىكا ۋە لېكسىكا بىرلىكى تىلنىڭ ئومۇم خەلقلىق خاراكتېرىنىمۇ بەلگىلەيدۇ.

تىلىمىزدىكى مىڭلىغان سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار قالايمىقان، چېچىلىپ ياتقان بىر نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مەلۇم بىرلىك بار. سۆزلەرنى بىر بىرى بىلەن چىپىسلاشتۇرۇپ، باغلاپ تۇرىدىغان فورمىلار ناھايىتى كوپ. ئۇ فورمىلار مەسىلەن، گىراماتىكىلىق تۈزۈم (قۇرۇلۇش) ۋە كونتېكستتىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىگە، سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرگە ئەگىشىپ گەۋدىلىنىدۇ. بارلىق سۆزلەرنىڭ، سۆز شەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا ۋە تىلنىڭ باشقا تەرەپلىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك فورمىدا زىچ باغلىنىپ

كېلىشى تىلنىڭ سىستېما سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىدىغان ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تىلشۇناسلىق، جۈملىدىن لېكسىكولوگىيە ئۈزىگە دائىر مەسىلىلەرنى ئىلمىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلغاندا، ماركسىزىم تەلىماتىنىڭ مېتودولوگىيىلىك پرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ھەر بىر مىللىي تىلنىڭ تاسادىپىي پاكىتلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى، گىراماتىكىسى ۋە لېكسىكىنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى ئۆزئارا بىرلىكتە ۋە بىر بىرى بىلەن باغلانغان ھالدا تەكشۈرۈلۈشى لازىم. تىلنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى توغرا ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۇ تىلدا سۆزلىگۈچى خەلقنىڭ تارىخىنى، شۇنداقلا خوشنا خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئېتىۋارغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3. لېكسىكولوگىيىنىڭ تىلشۇناسلىقتا تۇتقان ئورنى

بىز يۇقۇرىدا لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ تىلنىڭ كۆپلىگەن باشقا ھادىسىلىرى بىلەن مەھكەم باغلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدۇق.

لۇغەت تەركىۋىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، لېكسىكولوگىيمۇ تىلنىڭ باشقا قىسىملىرىنى تەكشۈرىدىغان ئىلىم ساھەلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

لېكسىكولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولغان سۆزنى — لېكسىكىلىق بىرلىكنى — ئەڭ ئالدى بىلەن مەلۇم تاۋۇشلارنىڭ قوشۇندىسى (يىغىندىسى) دەپ قارايدىغان بولساق، شۇ تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

شىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزنىڭ مەنە ۋە ئۇتەيدىغان ۋەزىپىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دېمەك، سۆز تەبىئىتىنى تەكشۈرىدىغان لېكسىكولوگىيە بۇ مەسىلىلەر بويىچە فونېتىكىنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ.

تىل ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى توغرا ۋە دەل ئىپادە قىلىش قابىلىيىتىگە ئاساسلىنىدىغان بولسا، سۆزلەر ئاشۇ ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن گىراماتىكىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ. لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەكشۈرۈشتە گىراماتىكا قائىدىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيىنىڭ گىراماتىكا بىلەن مۇناسىۋىتى: لېكسىكولوگىيە كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ئالاھىدە پەن قاتارىغا كىرگۈزۈلمەي كەلدى. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر گىراماتىكا نۇقتىسىدىن قارالدى. بۇنداق بولۇشقا ئاساسەن، گىراماتىكا بىلەن لېكسىكولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىدىكى بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن ھادىسىلەرنىڭ بولۇشى سەۋەپ بولدى.

مەلۇمكى، لۇغەت تەركىۋى ئالاھىدە تۇرۇپ تىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار پەقەت گىراماتىكىنىڭ قانۇن-قائىدىلىرى ئاساسىدا مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق قوشۇلغان ھالەتتىلا پىكىرنى ئىپادە قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن، ئەلۋەتتە، سۆزلەرنى ئالاھىدە تۇرۇپ تولۇق پىكىر ئاڭلىتىش خۇسۇسىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم بولغان نەرسە دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. تۈرلۈك لۇغەتلەردە تىزىلىپ بېرىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەرقايسىسى كونكرېت مەنا ئاڭلىتىدۇ ۋە مەلۇم بىر گىراماتىكىلىق فورمىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەم لېكسىكىلىق ھەم گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ. گىراماتىكىلىق فورمىدا كەلگەن سۆز ئومۇمى كونتېكست تەركىۋىدە تۇرۇپمۇ ياكى يالغۇز تۇرۇپمۇ

ئاياقلاشقان تولۇق پىكىرنى ئىپادە قىلىشى مۇمكىن.

لېكسىكولوگىيە بىلەن گىرامماتىكا سۆز ھاسىل قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ. لېكسىكولوگىيە لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىنى تەكشۈرگەندە ئەڭ ئالدى بىلەن گىرامماتىكىنىڭ سۆز ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىغا توختىلىدۇ. سۆز مەنىلىرىنىڭ ئاجرىلىشلىرىمۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ.

**لېكسىكولوگىيىنىڭ فونېتىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.** سۆز بولمايدىكەن، تىلمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، تاۋۇش بولمىسا، سۆزنىڭمۇ بولمايدىغانلىقى تەبىئىي نەرسە. شۇڭا تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنلىرىنى تەكشۈرىدىغان ئىلىم فونېتىكىمۇ لېكسىكولوگىيە بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ھەر بىر سۆز ئايرىم تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە كېلىشىگە ئەگىشىپ كونكرېت مەنىنى ئىپادە قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىز ئاشۇ سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى فونېما تەركىۋىنى ئۆزگەرتسەك، ئۇ سۆز تامامەن بۇزۇلۇش ياكى باشقا سۆزگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا ئەگىشىپ تۈرلىنىشى، فونېتىكىلىق ۋە مەنتىقىي ئۇرغۇنىڭ چۈشۈشى، ئالاھىدە ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشى، سۆزلەرنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىدا كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغان تاۋۇشلارنىڭ تەبىئىتى ۋە باشقىلار، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت فونېتىكىنىڭلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە لېكسىكولوگىيىنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ”كالا“ ۋە ”كاللا“، ”بالا“ ۋە ”بالا“ سۆزلىرى ھەم فونېتىكىنىڭ ھەم لېكسىكولوگىيىنىڭ ئورتاق ئوبيېكتى بولالايدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ ”ڭ“ بىلەن باشلانمايدىغانلىقى، سۆزنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جارائسىز تاۋۇشنىڭ قاتار (رۇس ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن سوز-لەردىن قەتئىنەزەر) كەلمەيدىغانلىغى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر فونېتىكا ھەم لېكسىكولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىلىشى مۇمكىن.

## II. سېماسىئولوگىيە

### 4. سوزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە خىلمۇ-خىل ھادىسىلەرنىڭ تىلىمىزدا ئۆزىگە خاس نامى، ئېتى بولىدۇ. تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرىنى، مەسىلەن، "يامغۇر"، ئىككىنچىسىنى "قار"، ئۈچىنچىسىنى "مولدۇر" دەپ ئاتىشىمىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن.

بۇ — تىلشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى. لېكىن بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا تىلنىڭ لېكسىكىلىق بىرلىگى — سوزنىڭ تەبىئىتىنى ۋە شۇنىڭغا باغلىق بولغان ئۇقۇم، چۈشەنچە ۋە سوز مەنىلىرىگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى ھەرقانداق شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە بىز ئۇلارنى كورۇش، سېزىش، ئاڭلاش، ئۇقۇش نەتىجىسىدە مىڭى-مىزدە مەلۇم چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىمىز. چۈشەنچىنىڭ ئۆزى ئىككى تۈرلۈك شارائىتتا ھاسىل بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلار ئەتراپىمىزدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى بىۋاستە كورۇش، ئاڭلاش،

سىزىش ھەم ئۇلارنىڭ سان ـ ساپاسىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىش ئارقىلىق پەيدا بولسا، يەنە بىر قاتار چۈشەنچىلەر شەيئى، ھادىسىلەرنى، ھەرقانداق ۋەقەلەرنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ئابستراكت رەۋىشتە ئويلاش، مۇشكىمىزدە ئەكس ئەتتۈرۈش نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇ يوسۇندا پەيدا بولغان ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر پەقەت تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، يەنى تىلىمىزدىكى كونكرېت سوزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھاياتىمىزدىكى ماددىي بارلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى بىۋاستە ھەم ئابستراكت رەۋىشتە مۇشكىمىزدە ئەكس ئەتتۈرۈش نەتىجىسىدە ھەرقانداق چۈشەنچە پەيدا بولىدىكەن، بىز ئۇلارنى پەقەت سوز ئارقىلىقلا ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز. بۇ ھەقتە كارل ماركس مۇنداق دەيدۇ: ”ئىدىيە، تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشى ئەڭ دەسلەپتە ماددىي پائالىيەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ماددىي مۇناسىۋىتى، يەنى رىيال تۇرمۇشنىڭ تىلى بىلەن بىۋاستە باغلانغاندۇر“①.

بۇنىڭدىن بىز سوز بىلەن چۈشەنچىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىغىنى كورىمىز. چۈشەنچە كىشىلەرنىڭ مېڭە خىزمىتىگە، ئويلاش، پىكىر قىلىش جەريانىغا خاس پەلسەپىلىك كاتېگورىيە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەمدى سوز بولسا، كىشىلەرنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدىكى كونكرېت ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلىرىنىڭ تىلدىكى ئىپادىسىدۇر. دېمەك، تىلىمىزدىكى سوزلەر چۈشەنچىنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى بولۇشى بىلەن بىر قاتاردا ئويلاش، پىكىر قىلىش جەريانىغا مۇھتاج، شۇنىڭغا ماددىي ئاساس بولىدىغان مۇھىم ئېلېمېنت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

---

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 ـ توم، موسكۋا. 1929 ـ يىل، 16 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سۆز بىلەن چۈشەنچە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بىرلىك مەلۇم جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىرلىشىپ ئىشلىشى، بىللە ھايات كەچۈرۈشى جەريانىدا، ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋە تۇرمۇش نەتىجىسىدە بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى سۆز بولمىسۇن، ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرىغا بىردەك چۈشىنىشلىك ئومۇمىي چۈشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ مەلۇم جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن بىردەك بولۇشى شۇ چۈشەنچىلەرنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى — سۆزلەرنىڭمۇ ئومۇمىي خاراكتېرغا ئىگە بولۇشىغا ئاساس بولىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغان ئەھۋالدىلا جەمئىيەت ئەزالىرى بىر-بىرى بىلەن بىر تىلدا ئالاقە قىلالايدۇ، بىر-بىرىنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئۆزئارا ئۇقۇشالايدۇ.

ئايرىم شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدىكى چۈشەنچە دائىم ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، چۈشەنچىدە، ئادەتتە، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىككىنچى قاتاردىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئېنىق ياجىلىق بەلگىلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ھەر بىر شەيئىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى شۇ شەيئى ھەققىدە مەلۇم تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "مال" دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ "مال" ھەققىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى "مال" سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان چۈشەنچىنىڭ نەچچە تۈرلۈك ئۆي ھايۋانلىرىنى (يىلقا، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئېشەك)، شۇنداقلا ھەر خىل گەزلىمە-تاۋارلار (چىت، سەتىن، دۇردۇن، چىبەرقۇت ۋە باشقىلار)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن "مال"نىڭ چۈشەنچە دائىرىسى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. مەسىلەن، "مال" ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ

ئىچىگە كىرىدىغان كونكرېت "يىلقا" چۈشەنچىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ "ئات، ئايغىر، بايتال، غونان، دونەن، تاي، قۇلۇن" قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، "يىلقا" چۈشەنچىسى يىلقىنىڭ يۇقۇرىدىكى كونكرېت تۈرلىرىگە نىسبەتەن ئومۇمىلىق خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ تىلىمىزدىكى بارلىق سۆزلەر چۈشەنچىنىڭ رىياللىقىنى ۋە ئومۇمىلىق خاراكتېرىنى، كونكرېت ۋە ئابستراكتلىقىنى بىردىن ئىپادە قىلالايدۇ. ئۇلار بارلىقتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ تىلدىكى ماددىي پوستى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. سۆز ۋە چۈشەنچە بىر-بىرى بىلەن دائىم دىئالېكتىكلىق مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە پەيدا بولغان چۈشەنچىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توغرا، رىيال بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق مۇناسىۋەت، ۋەقەلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋە ھەقىقىي بەلگىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى مۇمكىنقەدەر توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، ئۇ ھەقىقىي، توغرا چۈشەنچە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر تىل ئەمەلىيىتىدە تەكشۈرۈلۈپ، ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇننى تۇتىدۇ. ئەگەر چۈشەنچە شەيئىنىڭ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك بەلگىلىرىنى، ھادىسە ۋە ۋەقەلەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قاتاردىكى تاسادىپى ھالىتىنى كۆزدە تۇتسا، ئادەم ئىشەنگۈسىز خىيالىي، ساختا ۋە ئويدۇرما تەرەپلىرىگە ئاساسلانسا، ئەلۋەتتە، ئۇ ئاساسسىز ۋە خاتا چۈشەنچە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭغا "جىن، شەيتان، دوزاق، بېيىش، ئەرۋاھ"غا ئوخشاش دىنىي-خۇراپىي ئۇقۇمغا مۇنا-

www.uyghurkitap.com

سۇەتلىك چۇشەنچىلەر كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە چۇشەنچىنى قېتىپ قالغان، زادى ئۆزگەرمەيدىغان بىر نەرسە دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ دائىم تەرەققى قىلىپ تۇرىدىغان كاتېگورىيە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: ”... ئىنسانلارنىڭ چۇشەنچىلىرى ھەركەتسىز بولمايدۇ، بەلكى مەڭگۇ ھەركەتتە بولىدۇ، بىر-بىرىگە ئۆتىشىدۇ، بىر-بىرىگە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭسىز ئۇلار جانلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرەلمەيدۇ“①.

يۇقۇرىدا بىز چۇشەنچىنىڭ تىلدىكى ماددى پوستى — سوز دىگەن پىكىرگە ۋە چۇشەنچىنىڭ سوز ئارقىلىقلا ۋۇجۇتتا چىقىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىغى ھەققىدە قىسقىچە توختالدۇق. سوز بولمىسا، چۇشەنچىنىڭمۇ بولمايدىغانلىغىنى، ئەكسىچە، چۇشەنچە بولمىسا، سوزنىڭمۇ بولمايدىغانلىغىنى كوردۇق.

ئەمدى چۇشەنچىنىڭ سوز ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشى ۋە سوز مەنىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئى، ھادىسە بولمىسۇن، ئۇ ئادەتتە سوز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر شەيئىنىڭ، ھەر بىر ھادىسىنىڭ ئۆزىگە خاس نامى، ئېتى بولىدۇ. بىزنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان شەيئى ياكى ھادىسىلەرگە ئات قويۇلىدۇ، نام بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: ”سەزگۇ ئەزالىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىشتىن ئىدراك دەپ ئاتىلىدىغان شەيئى ھاسىل بولىدۇ. سەزگۇ ئەزالىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىشتا مەۋجۇت بولمىغان نەرسە ئىدراكتىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، سەزگۇ ئەزالىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىشتا ئەمەلىي

---

① ۋ. ئى. لېنىن. «پەلسەپە دەپتەرلىرى». رۇسچە نەشرى. موسكۋا. 1947 - يىل. 237 - بەت.

مەۋجۇت بولغان نەرسە ئىدراكتا پەقەت نامىدىلا... ئامى بويىچە مەۋجۇت بولىدۇ، ھەقىقىي مەۋجۇت بولمايدۇ (ياخشى ئېيتىلغان!). نام دىگەن نىمە؟ پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بەلگە، قانداقتۇ بىر كوزگە تاشلىنىپ قالىدىغان ئالامەت. مەن بۇ ئالامەتنى شەيئىنىڭ ۋەكىلى، بۇ ۋەكىل شەيئىنى ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن خاراكتىرلەيدۇ، دەپ قارايمەن"①.

بۇ پىكىر بويىچە، تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە نام بېرىلگەندە ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ سوزلىگۈچىگمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ بىردەك چۈشىنىشلىك بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ نام سوزنىڭ ئىسىملىق مەنىسى سۈپىتىدە قېلىپلىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

شۇنداقلا ھەر بىر ئىسىم مەنىسىدە كەلگەن سوزنىڭ مەلۇم بىر تىل كوللېكتىۋىغا ئورتاق ۋە ھەممىسىگە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا پەقەت شۇ كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئەمگەك قىلىش جەريانىدا تونۇشقان، ئۇققان نەرسىلىرىنىڭلا ئاساسىي بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىشى لازىم.

بۇنىڭدىن شەيئىلەر بىلەن ھادىسىلەرگە نام بېرىش، ئات قويۇشتا تىل شەخسى كوزقاراشلارغا، شەخسى چۈشەنچە ۋە ئۇقۇمغا ئاساسلانمايدۇ، دىگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ دۇنياقارىشى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك-تۈمەن ۋە خىلمۇ-خىل چۈشەنچە-ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك تىلىمىزدىكى كونكرىت سوزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن تىلىمىزدا چۈشەنچىگە قارىغاندا سوز كوپرەك، چۈنكى

---

① ۋ. ئى. لېنىن. شۇ ئەسەر.

سوز چۈشەنچىلەرنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنىڭ تۇيغۇ ۋە ھالىتىنى، تەبىئەتتىكى ھەرقانداق ھادىسىلەرنىڭ سادالىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن.

سوزنىڭ مەنىسى دىگىنىمىز نىمە؟ تىلىمىزدىكى سوزلەرنى تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتىكى قوشۇندىسى دەپ قاراش يىتەرسىز. تىلىمىزدىكى سوزلەر بىر تەرەپتىن چۈشەنچە، ئىككىنچى تەرەپتىن، مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى سوزنىڭ پەيدا بولۇشى ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە بولغان چۈشەنچىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلسە، ئەمدى ئۇنىڭ تىلدىكى ھاياتى شۇ چۈشەنچىلەرگە مۇۋاپىق ئىپادىلىنىدىغان كونكرىت مەنىلەرگە ئاساسلىنىدۇ. دىمەك، سوز چۈشەنچە بىلەن مەنە ئوتتۇرىسىدىكى ھادىسىلەردىن ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا تىلشۇناسلىقتا سوز، چۈشەنچە، ئۇقۇم، مەنە دىگەن كاتىگورىيىلەر بىرلىكتە تەكشۈرۈلىدۇ. سوز — شەيئىنىڭ، ھادىسىنىڭ ئوزى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاشۇ ھادىسىنىڭ كوچۈرمىسى، سۈرىتى، كىشى ئېڭىدا پەيدا بولغان سادانىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. دىمەك، سوزنىڭ مەنىسى دىگىنىمىز ئەنە شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشى مېڭىسىدە پەيدا بولغان ئەكسىنىڭ ئابستراكت مەزمۇنى. سوزنىڭ مەنىسىمۇ چۈشەنچىگە ئوخشاش شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى كوزدە تۇتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ بىر نەرسىنىڭ كونكرىتلىغىنى كورسىتىشى بىلەن بىللە شۇ نەرسىنىڭ مەلۇم شارائىتتىكى ئومۇمى خاراكتىرغا ئىگە ئىكەنلىگىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال ۋ. ئى. لىنىننىڭ: ”ھەر بىر سوز (ئۇتۇق) تارراق دائىرىدە ئومۇملاشتۇرىدۇ“ دىگەن سوزىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر شەيئىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بىر سوزنىڭ مەنىسى شۇ شەيئىنىڭ ئوزىگىلا خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى: سان ـ ساپاسىنى، تۈر ـ شەكلىنى، ھەركەت ـ خىزمىتىنى

ۋە باشقا تەرەپلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق باشقا شەيئىلەرنىڭمۇ خۇددى شۇنداق بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "تاغ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە سېپ سالىدىغان بولساق، ئۇ تاغلارنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى (ئېگىز تاغ، پاكار تاغ، قارلىق تاغ، قارسىز تاغ، قارىغايلىق تاغ، تاشلىق تاغ، تىك تاغ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا "ماڭماق" دېگەن پېئىلنىڭ مەنىسى كونكرېت شارائىتلاردا ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى ئارقىلىق قوزغىلىش ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرقانداق مال، ماشىنا، پويىز ۋە باشقىلارنىڭ ئەنە شۇ تەقلىتىكى ھەرىكىتىنى ئىپادىلايدۇ. ئادەم بىلەن تىراموۋاينىڭ مېڭىشىدا چوڭ پەرقنىڭ بولۇشىغا قارىماي "ئادەم ماڭىدۇ"، "تىراموۋاي ماڭىدۇ" دەپ ئېيتىلىشى سۆز مەزمۇنىنىڭمۇ قېتىپ توختاپ قالغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئابستىراكتلىق جەريانىنىڭ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن سۆزلەر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىدىن تامامەن يىراقلاپ، يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىمۇ مۇشۇنىڭغا باغلىق. مەسىلەن، "چىقماق" پېئىلى دەسلەپ بىر نەرسىنىڭ ئىچىدىن تېشىغا چىقىشقا (ئۆيدىن چىقماق) نىسبەتەن ئېيتىلىشى مۇمكىن. ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنىڭ مەنىسى ئابستىراكتلىشىش يولى بىلەن ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: "يەرگە چىقماق، سۇدىن چىقماق، تاققا چىقماق، كۈن چىقماق، ئەرگە چىقماق، سۆزگە چىقماق، بىر-بىرى بىلەن چىقىشماق، ئارماندىن چىقماق، ھۆددىسىدىن چىقماق، تىلى چىقماق" ۋە باشقىلار.

سۆز مەنىلىرىنىڭ ئابستىراكتلىشىشى بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، كونكرېتلىشىش جەريانىمۇ كۆرۈلىدۇ. كىشىلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، ماددى بارلىقتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇسۇسىيەتلىرىنى قانچىلىك چوڭقۇر ۋە كوپىرەك بىلگەنسېرى، ئۇلارنىڭ شۇ تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ دائىرىسىمۇ شۇنچىلىك كېڭىيىشى، ئايدىڭلىشىشى ۋە كونكرىتلىشىشى چوقۇم. چۈشەنچە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، شەيئى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ كونكرىتلىشىشىغا مۇۋاپىق سوز مەنىلىرىمۇ بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ، مەنىلىك ئاجرىلىشقا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، "يازغۇچى" دېگەن سوز دەسلەپ، ئومۇمەن قەغەزگە يازىدىغان ئادەم مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىر ئۇ ئەسەر يازغۇچى، ئەدىب مەنىسىدە قوللىنىلماقتا.

ئىشلەپچىقىرىش، سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى، شۇنداقلا ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر تىلىمىزدا يېڭى سوزلەرنى پەيدا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنىمۇ ئۆزگەرتمەكتە، ئۇلاردا يېڭى مەنىلەر پەيدا قىلماقتا. بۇنى مەسىلەن، "يولداش، چېپىش، ۋەتەن، دوستلۇق، قېرىنداش، باي" دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ ئىنقىلاپتىن بۇرۇنقى مەنىلىرى بىلەن ھازىرقى مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىق كورۇشكە بولىدۇ.

بىر سوزنىڭ بىر، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوپ مەنىلىرىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ (مەنىسىنىڭ) چۈشەنچىگە قارىغاندا، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە تېزرەك تەرەققىي قىلىش قابىلىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سېماسىئولوگىيىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سوز مەنىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. سوز مەنىلىرىنى خاراكتېرى ۋە قوللىنىلىشى جەھەتتىن بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بولۇپ تەكشۈرۈشكە بولىدۇ.

## 5. سۆزلەرنىڭ لىكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلىرى

تىلىمىزدىكى، مەسىلەن، ”ئالما“، ”باھار“ دىگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار يىمىشنىڭ كونكرىت بىر تۈرى ۋە يىلنىڭ (كۆكلەم، ئەتىياز) بىر پەسلى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ”پىشتى“، ”كەلدى“ سۆزلىرىمۇ يىمىشنىڭ، ئوسۇملۇكنىڭ، نانىنىڭ، ئاشنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ پىشقانلىغىنى، يىيىشكە تەييار بولغانلىغىنى ھەم بىر نەرسىنىڭ كىلىشى ھەققىدىكى خەۋەرنى بىلدۈرىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئالاھىدە تۇرۇپ، باشقا سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولمىغان ھالەتتە ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي مەنىسىنى سۆزلەرنىڭ لىكسىكىلىق مەنىسى دەيمىز.

ئايرىم ئىبارە ۋە جۈملىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي لىكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئۈستىگە بىر ياكى بىرنەچچە قوشۇمچە مەنىلىرىگە ئىگە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇ ئىبارە ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى مەنىلىرىنى ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىلىرى دەيمىز. مەسىلەن، ”ئالما پىشتى“ دىگەن جۈملىنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى ”ئالما“ سۆزى مەلۇم بىر شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم، ئۇ بىرلىك ۋە باش كىلىش فورمىسىدا تۇرىدۇ؛ جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ”پىشتى“ — پىئىل، ئۆتكەن زامان، بىرلىك سان، ئۈچىنچى شەخس، ئۆتۈمسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جۈملىدىكى ئىككى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئىبارەت.

سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىلىرىنى بىلىش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، چۈنكى ئۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ۋە سوزلىگۇچىنىڭ بايان قىلماقچى بولغان پىكىر ــ پاكىتلىرىغا، ئىش ــ ھەركىتىگە ئۇز سىنىڭ شەخسى مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا ئانا تىلىنىڭ پەقەت ئۇزىگىلا خاس ئالاھىدىلىگىنى توغرا چۇشىنىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دىمەك، سوزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن گىراماتىكىلىق مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرق بار ئىكەن. لېكىن ئۇلارنى ئىككى بولەك نەرسە دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۇنكى لۇغەت تەر- كىۋىدىكى سوزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۇلارنىڭ ئىسمىلىق ۋەزىپىسىدىن كېلىپ چىقسا، گىراماتىكىلىق مەنىسى ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. سوزلەرنىڭ جۇملە تەركىۋىدە تۇرۇپ بىر ــ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشى ياكى گىراما- تىكىلىق مەنىنى ئاڭلىتىشى شۇ سوزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش لازىم.

### 6. سوزلەرنىڭ كونكىرىت ۋە ئابستىراكىت مەنىلىرى

تىلىمىزدىكى سوزلەر مەنىلىرىنىڭ كونكىرىت ۋە ئابستىراكىت بولۇپ كېلىشىگە قاراپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. مەسىلەن، ”تەكىيە، ئاپقۇر، قىزىل، يۇمشاق، تۇلكە، سەكرىمەك، ياتماق، ئولتۇرماق“ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سوزلەرنى ئالساق، ئۇلار قولىمىز بىلەن تۇتۇپ، كوزىمىز بىلەن كورۇپ يۇرگەن شەيئىلەرنىڭ، شۇنداقلا ھەممىمىزگە تونۇش ھەركەتلەرنىڭ ئېتىنى، نامىنى ئىسپاتلايدۇ. دىمەك، بۇ سوزلەرنىڭ مەنىسى ماددى بارلىقتىكى شەيئىلەرنىڭ، ھاياتىمىزدىكى ھەقىقى ھادىسىلەرنىڭ ئېتىنى، ساپاسىنى، تۇر-

شەكلىنى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق مەلۇم كونكرېتلىققا ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنى، ئادەتتە، سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسى دەپ ئاتايدۇ.

لېكىن تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك كونكرېت مەنىگە ئىگە ئەمەس. ئەتراپىمىزدىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى پەقەت بىۋاستە كۆرۈش، سېزىش، ھىس قىلىش ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئابستراكت رەۋىشتە ئويلاش، پەملەش ئارقىلىقمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇ يوسۇندا پەيدا بولغان چۈشەنچىمىزنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى باشقا سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىن ئۆزىنىڭ ئابستراكتلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، ”ئەقىل، ئادەمگەرچىلىك، دوستلۇق، پىكىر، بەخت، تەسىر، ئەدەپ، مېھرى-شەپقەت، مۇھەببەت“ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، پەقەت ئويلاش نەتىجىسىدىلا مېڭىمىزدە ئەكس ئېتىلىدىغان ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سۆزلەرنىڭ ئابستراكت مەنىسى دەيمىز. بۇلاردىن باشقا تىلىمىزدا ئالاھىدە تۇرۇپ مەلۇم بىر كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادە قىلالمايدىغان سۆزلەرمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ”ئۈچۈن، سېرى، كورە، ئاما، لېكىن، يەنى، بەلكى“گە ئوخشاش سۆزلەر ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەنىسىدىن مەھرۇم بولۇشغا قاراپ، پەقەت ئايرىم سۆزلەرنىڭ قارىمىغىدا ۋە جۈملە تەركىۋىدە ياردەمچى خىزمەت ئۆتەيدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھېچبىر كونكرېت ھەركەتنى، شەيئىنىڭ ئېتىنى، نامىنى، تۈر-شەكلىنى، ھالىتىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ سۆز بولۇپ ئاتىلىشىمۇ شەرتلىك رەۋىشتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلىمىزدىكى، "پاھ، ۋايەي، ئۇھ، ھە، ئاھ"غا ئوخشاش بىر قاتار مۇستەقىل سۆزلەر ئادەمنىڭ ھەرقانداق كەيپىياتىنى ۋە تەسىرلىنىش ھالىتىنى ئىپادە قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنىسىدە كونكىرېتلىقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرىمىز. ئۇلارمۇ ئاشۇ ياردەمچى سۆزلەر (ئۇچۇن، سېرى، كۆرە، يەنى)گە ئوخشاش ئابستراكت مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، تىلىمىزدىكى ياردەمچى ۋە ئىملىق سۆزلەرنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئابستراكت مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر تۈرى دەپ ھىساپلاشقا تولۇق ئاساس بار.

## 7. سۆزلەرنىڭ ئۆدۈل ۋە كۆچمە مەنىلىرى

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ زور كۆپچىلىگى ئۆزلىرىنىڭ ئەمىلىي ئىشلىتىلىشى جەريانىدا ئۆدۈل مەنىلىرى بىلەن بىر قاتاردا كۆچمە مەنىلەر بىلەنمۇ قوللىنىلىدۇ.

بارلىقتىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەينى ئۆزىنى، ئۇلارنىڭ رېئاللىقىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرىنى سۆزلەرنىڭ ئۆدۈل ياكى ئىسىملىق مەنىلىرى دەپ ئېيتىمىز. مەسىلەن، "سېغىزخان" دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ ئادەتتە ئۇچار-قاناتلارنىڭ بىرىنى بىلدۈرىدۇ. بىز "سېغىزخان" دېگەندە ئۇنىڭ باشقا قۇشلاردىن پەرقلىنىدىغان بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى (تاشقى كۆرۈنۈشى، رەڭگى، تۇمشۇق، قانات-قۇيرۇقلىرى، ئۈنى ۋە باشقىلار)نى كۆزدە تۇتىمىز ۋە "سېغىزخان" ناملىق قۇشنىڭ كونكرېت بىر تۈرىنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. شۇڭا بۇ ئاشۇ سۆزنىڭ ئۆدۈل مەنىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

لېكىن جانلىق تىلىمىزدا سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەلۇم كونتېكىستلارغا مۇۋاپىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆدۈل مەنىسىدىن تاشقىرى كۆچمە

مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ھاياتىمىزدىكى ھەرقانداق شەيئى، تۈرلۈك-تۈمەن ھادىسىلەر تەبىئىتى جەھەتتىن ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى، ئىچكى ۋە تاشقى ماھىيىتى ھاياتلىقتىكى ئىككىنچى بىر شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىرىگە، خۇسۇسىيەتلىرىگە يېقىن ياكى ئوخشاش بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئوخشاشلىقى ئاساسىدا بىر سۆزنى ئىككىنچى بىر مەنىدە، يەنى كۆچمە مەنىدە قوللىنىش ئۇسۇلى مەيدانغا كېلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى ئۇلارنىڭ ئەسلى ئۆز مەنىسىدىن مەنتىقىي جەھەتتىن ئانچە يىراقلاپ كەتمەي، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن شەرتلىك رەۋىشتە، مەلۇم قانۇنىي ۋە تەبىئىي ئوخشاشلىقى يېقىندىن چېپىسلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال سۆزلەرنىڭ كۆچمە ۋە ئەستەرلىك مەنىلىرىنى كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئاڭلىشىغا، ئۇلارنىڭ مىڭىسىدە بىردەك چۈشەنچە پەيدا بولۇشىغا تولۇق ئاساس بولالايدۇ. ئەگەر سۆزنىڭ ئۆدۈل ۋە كۆچمە مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ مۇناسىۋەت ۋە مەنتىقىي باغلىنىش تامامەن ئۈزۈلسە، ئۇ ئىككى مەنىگە (ئۆدۈل ۋە كۆچمە مەنىگە) ئىگە بولۇش خۇسۇسىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ-دە ئايرىم ئىككى سۆز سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇلار لۇغەتلەردە باش سۆز قاتارىدا ئايرىم-ئايرىم بېرىلىدۇ. ئەگەر سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئۆدۈل مەنىسىدىن ئانچە يىراقلىشىپ كەتمىسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم مەنىلىك يېقىنلىقىنى ساقلاپ قالغان بولسا، ئۇنداق سۆزلەر لۇغەتلەردە، ئادەتتە، بىر ئورۇندا بېرىلىدۇ.

بۇ ئېيتقىنىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرەيلى: تىلىمىزدىكى "تۈلكە" دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ سۆز، ئادەتتە، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلىدىغان "قۇۋ" دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردە

تۈلكىگە خاس ھىلىگەرلىك، قۇۋلۇق-شۇملۇق، ھەييارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئادەمگە كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. شۇڭلاشقىمۇ قۇۋ، ھىلىگەر ئادەمنى "تۈلكە" ياكى "تۈلكىدەك، تۈلكىگە ئوخشاش" دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

دېمەك، "تۈلكە" دېگەن سۆزنىڭ قۇۋ، ھىلىگەر ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتىلىشىدىكى مەنىسىنى ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ قاراش لازىم. سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق دەسلەپكى ئۇدۇل مەنىسىدىن باشقا، قوشۇمچە يېڭى مەنىگە ئىگە بولۇشى تىلىمىزنىڭ مەنە جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ.

سۆزلەرنى كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىش جانلىق تىلدىمۇ، بەدىئىي ئەسەرلەردىمۇ پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئايرىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىشى شائىر، يازغۇچىلارنىڭ سۆز ماھارىتىگىمۇ بىۋاستە باغلىق. مەسىلەن، قارا ئالتۇن — كۆمۈر مەنىسىدە، ئاق ئالتۇن — پاختا، سېرىق ئالتۇن — تاماكا، تارىخ چاقى — تارىخىي تەرەققىيات، جېنى چىقماق — قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك، چىشىنى ئىرىشتۇرماق — ئېرىكتۇرمەك، دورىماق، قوساقنى چىڭدىماق — قوساقنى تويغۇزماق، پاختا ئاتماق — يالغان ئېيتماق، يۈزىنىڭ تېرىسى قېلىن — ئۇياتسىز ۋە باشقىلار. شۇنىڭغا ئوخشاش "دەسسىۋەتمەك" سۆزىنى ئۇسۇل ئوينىماق مەنىسىدە، "چېقىۋەتمەك، قىرىۋەتمەك" سۆزلىرىنى بىر نەرسىنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلىماق مەنىسىدە، "توغرىلىماق" سۆزىنى بىر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق، جايلىماق، باپلىماق مەنىلىرىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى كۆپىنچە ئوبرازلىق رەۋىشتە تەسۋىرلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن، ئۇنى ئېيتقىسىز، بەتقى-

لىق ئادەملەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن "سوغۇق"، قوپال، تېرىككەك ئادەملەرگە نىسبەتەن — "توك"، ئەل ـ ئاغىنىسىز، بالا ـ چاقىسىز يالغۇز يۇرگەنلەرگە نىسبەتەن — "شۇمبۇيا"، قورقماس، باتۇر، يۈرەكلىك ئادەملەرگە نىسبەتەن — "شىر"، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلارغا ۋە شائىرلارغا نىسبەتەن — "بۇلبۇل" دېگەن سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرىدىن كېلىپ چىقىشى بەزىدە سۆزلىگۈچىنىڭ ئايرىم سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشىغا، ئۇلارغا ئالاھىدە تەسىرلىك ئوبرازلىقلەرنى بېرىشىگە باغلىق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، "قوزام، بوتام، بوكە"گە ئوخشاش سۆزلەرنى كۆچمە مەنىلىرىدە قوللىنىش ئارقىلىق، ئادەتتە، ئاتا ـ ئانىنىڭ، چوڭلارنىڭ ياش ـ گودەكلەرگە، كىچىك بالىلارغا بولغان ياخشى كۆرۈش، ئەركىلىتىش مېھرى ـ سەزگۈلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ.

## 8. سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى ۋە كونتېكستىنىڭ ئەھمىيىتى

تىلىمىزدىكى بىر قاتار سۆزلەر بىرلا مەنا بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بىرنەچچە مەنىنى ياكى مەنىلىك تۈسلەرنى ئىپادە قىلىشى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى تىلشۇناسلىقتا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، "ئارقا" دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ تىلدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىككى تۈرلۈك مەنىگە (يەنى ئادەمنىڭ دۈمبىسى، يوتىسى ۋە قانداقلا بولمىسۇن بىر نەرسىنىڭ كەينى، تاشقى تەرىپى)گە ئىگە. ئامما ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك مەنىنىڭ ئەتراپىدا

www.uyghurkitap.com

گەپنىڭ، ئىبارىنىڭ رايىغا قاراپ بىرنەچچە مەنىلىك تۈسلەرنىمۇ ئىپادە قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، "ئارقىسىغا كۆتەرمەك، ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرماق، ئارقىسىدىن سۆزلىمەك، بىراۋنىڭ ئارقىسىدا كۈن كۆرمەك؛ ئارقا سەپ، ئۆينىڭ ئارقىسى، ئارقىدا قالماق، ئارقا-كەينىگە قارىماي، ئارقا-ئارقىسىدىن"① ۋە باشقىلار. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئېيتماق (ئىچ-سىرىنى ئېيتماق، سۆز ئېيتماق، مېھمانغا ئېيتماق)؛ چەكمەك (ئىشىكنى چەكمەك، گۈل چەكمەك، تۈگمەن تېشىنى چەكمەك، ئاۋازنى چەكمەك)؛ ئارتۇق (ئارتۇق پۇل، ئون ھەسسە ئارتۇق، پىلاندىن ئارتۇق، ئارتۇق گەپ، ئارتۇق كۆرمەك، ئەتىكى قويۇرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئارتۇق)؛ بوشاڭ (بوشاڭ ئادەم، ئۇنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى بوشاڭ، تەرتىۋى بوشاڭ) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئالساقمۇ، يۇقۇرىدىكىدەك، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە خىل مەنىدە ۋە مەنىلىك تۈسلەردە قوللىنىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن بىر سۆزنىڭ ئىپادە قىلغان مەنىلىرى ياكى مەنىلىك تۈسلىرى قانچە كۆپ (خىلمۇ-خىل) بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېمانتىكىلىق يېقىنلىق، مەنتىقىي باغلىنىش ۋە باشقا ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر دائىم ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنى، مەسىلەن، ئاشۇ "ئارقا" سۆزىنىڭ ھەرقانداق كونتېكست ۋە ئىبارىلەردە ئىشلىتىلىشىدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

سۆزلەرنىڭ بىرنەچچە مەنە ۋە مەنىلىك تۈسلەردە قوللىنىلىش قابىلىيىتىنى ۋە مۇمكىنچىلىكىنى ئېنىقلاشتا كونتېكست ناھايىتى چوڭ

---

① ئارقىلىق (تېلېفون ئارقىلىق) ۋە ئارقىلىق (ئۆينىڭ كەينى) دېگەن سۆزلەر ئاشۇ "ئارقا" سۆزىگە -لىق قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر تامامەن ئىككى تۈرلۈك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنىڭ قانچىلىك كېڭىيىشىنى ۋە ئاساسىي مەنىسىدىن قانچىلىك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىز پەقەت ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر گەپ، جۈملە تەركىۋىدە ئىشلىتىلىشىگە قاراپلا بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، "قاقماق" پېئىلىنى ئالساق، ئۇ بىر بىرىدىن سەل-پەل پەرقلىنىدىغان 5-6 مەنىنى ئىپادە قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز: "مىخ قاقماق، ئىشىك قاقماق، كىگىز قاقماق، دۈمبىسىنى قاقماق، چەتكە قاقماق، قېقىۋالماق (بىر نەرسىنى ئىچىۋالماق)" ۋە باشقىلار. "قانات قاقماق، كىرپىك قاقماق"قا ئوخشاش ئىبارىلەردىكى "قاقماق"مۇ ئاشۇ "قاقماق" سۆزى بىلەن تەكتى بىر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تىلنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات دەرىجىسىدە بۇلار ئالاھىدە ئىككى سۆز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كېلىپ چىقىشى بىر سۆز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر بىر-بىرىدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ دائىرىسىنى روشەنلەشتۈرۈشتە، تىلنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ يېڭى مەنىلىرىنى، مەنىلىك تۈسلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشتە، يەنى "كۆپ مەنىلىك" دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرىشتە كونتېكستىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇپ كېلىشى پەقەت كونتېكست بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە تەكشۈرۈلىدۇ.

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەنە جەھەتتىن دائىم تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىز ياخشى بىلىمىز. چۈنكى ئۇ بارلىق تىللارغا خاس قانۇنىي ھادىسىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ھادىسىنىڭ ھەر بىر تىلدا ھەر تۈرلۈك كۆرۈنۈشى ۋە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزىبىر سوزلەرنىڭ تەرەققى قىلىش يولىغا نەزەر سېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا دەسلەپ بىرلا مەنىنى ئىپادە قىلىپ، هازىرقى ۋاقىتتا ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كوپ مەنىگە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى كورىمىز. مەسىلەن، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» كىتاۋىدا ”قول“ دىگەن سوز پەقەت ئۇزىنىڭ بىرلا ئىسمىلىق مەنىسىدە ئىشلىتىلسە (قول ئۇرگۈنچە، كوز ئۇرسە يەگ ــ قولنى پۇۋ دىگەنىدىن، چوغنى پۇۋ دەش ئارتۇق)*، هازىرقى تىلىمىزدا ئۇ ”pyka“ مەنىسىدىن باشقا، ”ئەسكەر“ مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ”قانات“ سوزى دەسلەپ پەقەت قۇشنىڭ قانىتى مەنىسىدە ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ هازىر ”دەريانىڭ ئۇ قانىتى...“، ”ئوينىڭ ئوڭ قانىتى...“، ”سوتسىيالىستىك مۇسابىقە قانات يايماقتا“، ”ئايروپىلانىنىڭ قانىتى...“، ”قاناتلىق سوزلەر“، ”قانىتىمىدىن ئايرىلدىم...“ دىگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەردە يېڭى مەنىلەردە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى كورىمىز.

دىمەك، سوزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن راۋاجلىنىشى، ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى تىلىنىڭ ئومۇمى تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدىغان تارىخىي هادىسىلەردىن دەپ قارىشىمىز كېرەك.

لېكىن سوزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىن تەرەققى قىلىشى هەر تۈرلۈك دەرىجىدە ۋە هەر خىل بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە سوزلەرنىڭ سېماندىتىكىلىق تەرەققىياتى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئىككى، ئۈچ

---

* بۇ جۈملە بۇ ئورۇندا ”قول“غا مىسال قىلىپ كورسىتىلگەن، لېكىن «دىۋان»دا ”külürgünqə kez ürsə yəg“ ــ كۈل پۈۋلىگۈچە، چوغ پۈۋلىگەن تۈزۈك“ («تۈركى تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1 ــ توم. 439 ــ بەت) شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

مەنە ۋە مەنىلىك تۈسلەر دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قېلىشى ئېھتىمال. ئۇنىڭغا يۇقۇرىدىكى "قاقماق" دىگەن پىيل مىسال بولالايدۇ.

ئەمما تىلىمىزدىكى ئايرىم سوزلەر ئەنە شۇنىداق تەرەققىيات نەتىجىسىدە مەنە جەھەتتىن ناھايىتى يىراق، ھەتتا تامامەن باشقا-باشقا ئىككى تۈرلۈك سوزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۇرۇق" دىگەن سوز ئوتمۇشتە پەقەت بىرلا مەنىگە ئىگە بولغان بولىسىمۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا ئايرىم ئىككى تۈرلۈك مەنىنى بىلدۇرىدۇ: 1. پىياز ئۇرۇغى، بۇغداي ئۇرۇغى، كاۋا ئۇرۇغى، گۈل ئۇرۇغى؛ 2. ئۇرۇق-تۇققان، ئۇرۇق-جەمەت. مەلۇم بىئولوگىيىلىك شارائىتتا ئۇنۇپ-ئۇسۇشقە قابىلىيىتى بار ھەرقانداق گىيا-ئوسۇملۇكلەرنىڭ، كوكتاتلارنىڭ، يىزا ئىگىلىك يەل-يىمىشلىرىنىڭ "ئۇرۇق"ى بىلەن بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلۇپ ئوسكەن، كېلىپ چىقىشى، تېگى-تەكتى بىر، تۇققانچىلىق، يېقىن مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلىدىغان "ئۇرۇق-تۇققان" جۈپ سوزى تەركىۋىدىكى "ئۇرۇق"نىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تارىخىي-ئېتنوگرافىيىلىك ۋە مەنتىقىي-سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بولغانلىقىغا قارىماستىن، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇلار بىر-بىرىدىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا شەكىلداش سوزلەر (ئومونىم) دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى كورىمىز.

بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، تىلنىڭ سىمانتىكىلىق تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن سوزلەردىكى كوپ مەنىلىك مەلۇم شەكىلداش سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئۇچۇشلۇق شارائىت تۇغدۇرىدۇ. مەسىلەن، "تاماق": 1. "Горло"؛ 2. "пища"؛ "بوغۇز": 1. "горло"؛ 2. "корм، пища"؛ دىمەك، شەكىلداش سوزلەر (ئومونىملار) مەنە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. سوز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنىسىدىكى پەيدىن-پەي بولىدىغان بۇ تەرەققىياتنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدا يۈز بېرىشىگە نىسبەتەن، سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك كاتېگورىيىسىدىن شەكىلداش سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە ئۆتۈشى بايقىلىدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىۋېلىشمۇ تەس بولىدۇ. مەسىلەن، "باش، ئاياق، قىرى" دېگەندەك سۆزلەر بىرنەچچە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قايسى مەنىسى شەكىلداش سۆز، قايسى مەنىلىرى بىر-بىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىش ئاسان ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالنى ئاساسەن ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەتلەرنى تۈزگەندە تولاراق ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەنە جەھەتتىن دائىم تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. سۆزلەردە يېڭى مەنە ۋە مەنىلىك تۈسلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق تەرەققىياتىدىكى ئۈنۈملۈك يوللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكىنى ۋە شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىن خىلمۇ-خىللىقىنى بىز پەقەت كونتېكستنىڭ ياردىمى بىلەن ئېنىقلىشىمىز مۇمكىن. كۆپ مەنىلىك بولۇش جەريانىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى شەكىلداش سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەلۇم شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

## 9. مەنىداش سۆزلەر (سىنونىملار)

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر سان جەھەتتىن كۆپ بولسا، ئۇلار مەنە جەھەتتىنمۇ شۇنچىلىك خىلمۇ-خىل بولىدۇ. تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ شۇنداق سان ۋە

ساپا (مەنە) جەھەتتىن خىلمۇ-خىل بولۇشى ھەرقانداق زىل ۋە مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى، كورۇنۇشلەرنى مۇمكىنقەدەر تولۇق، روشەن ۋە ھەر تەرەپلىمە تەسۋىرلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ ۋە تىلنىڭ ئىستىللىق (ئۇسلۇپلۇق) مۇمكىنچىلىگىنى كېڭەيتىدۇ، ئۇنىڭ باي ۋە ئەۋرىشىم بولۇشىنى تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى سىمانتىكلىق جەھەتتىن بىرنەچچە قىسىمغا بولۇپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان كاتېگورىيىلەرنىڭ بىرى — مەنىداش سوزلەر (سىنونىملار).

مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن سوزلەر تىلىمىزدا ناھايىتى كوپ. مەسىلەن، "كوپ، تولا، جىق، نۇرغۇن، مول" دىگەن سوزلەرنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەرقايىسىسى تىل ئەمەلىيىتىدە ئوز ئالدىغا كونكرىت مەنىسىنى بىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ سوزلەر مەنە جەھەتتىن ئوزئارا يېقىن ھەم ئوخشاش بولغاچقا، ئايرىم كونتېكستلاردا سوزنىڭ ئورامىغا قاراپ بىرىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچىسى قوللىنىۋېرىلىدۇ. مەسىلەن: "كوپ ئادەم — كوپ پۇل، جىق ئادەم — جىق پۇل، نۇرغۇن ئادەم — نۇرغۇن پۇل" ۋە باشقىلار.

ئەمما بۇ مىساللارغا قاراپ مەنىداش سوزلەرنىڭ ھەممىسىلا ھەممە ۋاقىتتا بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئىشلىتىلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، "مول" دىگەن سوزنى ئالساق، ئۇ "مول ئاشلىق، مول ھوسۇل"غا ئوخشاش ئىبارىلەردە ئاڭلاتقان مەنىسىگە قاراپ "كوپ، نۇرغۇن، جىق، تولا" سوزلىرى بىلەن مەنىداش بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدۇ. لېكىن ئۇ "كوپ، جىق، نۇرغۇن" دىگەن سوزلەرگە ئوخشاش "ئادەم" دىگەن سوزنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى سۈپىتىدە قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى "مول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

.ئادەم“ دىگەن بىرىكمە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئۇقۇمىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ”ئۇلۇغ“ سۆزىمۇ مەلۇم كونتېكستتا ”نۇرغۇن، مول، جىق“ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ”سۈيى ئۇلۇغ دەريا، ئوت ئۇلۇغ يېنىۋاتىدۇ“. لېكىن ئۇمۇ ”مول“ سۆزىگە ئوخشاش، ”پۇل“ سۆزى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ ”نۇرغۇن“ دىگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلۇغ سۆزىنىڭ ”جىق، مول“ مەنىسىدە ئىشلىتىلىشى ئۇنىڭ مەنە جەھەتتىن خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى بىز بىلىمىزكى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەنىسى ”شانلىق، چوڭ، يوغان“ سۆزلىرىنىڭ شەكىلدىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن، ”ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ياشسۇن!“، ”گۈلسۈمخان ئۇلۇغ ئويدىن چىقىپ كەلدى“ («كوممۇنىزىم تۇغى» 60. 10. 12)، ”ئەبتى ئۇلۇغ سۈپىرىسى قورۇق“ (ماقال). بۇ ئېيتقىنىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، سۆزلەرنىڭ مەنا جەھەتتىكى يېقىنلىقى ياكى ئوخشاشلىقى پەقەت كونتېكست ئارقىلىق بايقىلىدۇ. بۇ يېقىنلىق ياكى ئوخشاشلىق بەزىدە سۆزلەرنىڭ ئاساسىي باش كېلىشتىكى مەنىلىرىدىن كورۈنسە، ئايرىم شارائىتلاردا ئۇلارنىڭ كونتېكستتا پەيدا بولغان قوشۇمچە ۋە كوچمە مەنىلىرىدىن، ھەر قانداق تەسىرلىك ۋە ھىسسىياتلىق ئۇزگىچىلىكلەردىنمۇ روشەن بايقىلىدۇ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ تەبىئىتىگە خاس خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ئۇلار ئاساسىي مەنىلىرى بويىچە ئۆزئارا يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ئايرىم مەنىلىك تۈسلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىز ئۇ پەرقنى بەزىدە مەنداش سۆزلەرنىڭ بارلىق شارائىتتا بىردەك بىر-بىرىنى تولۇق ئالماشتۇرالايدىغانلىقىدىن كورسەك، بەزىدە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق تەسىرلىك ۋە ھىسسىياتلىق رەڭدە ئېيتىلىشىدىن بايقايمىز.

دىمەك، تاۋۇش تەركىۋى جەھەتتىن باشقا-باشقا، لېكىن مەنىلىرى بىر-بىرىگە يېقىن ياكى تامامەن ئوخشاش، پەقەت مەنىلىك تۈسلىرى بويىچە پەرقلىنىدىغان ئىككى ۋە ئۈندىن كوپ مەنداش سوزلەرنى سىنونىملار دەيمىز.

ئىككى ۋە ئۈنىڭدىن كوپ سوزلەر ئوزئارا مەنداش (سىنونىم) بولۇشى ئۈچۈن ئۇلار: a) بىرلا مەننى ئىپادە قىلىشى b) بىرلا سوز تۈركۈمىگە (ياكى ئىسىمغا ياكى پېئىلغا) تەئەللۇق بولۇشى، c) بىر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلدە تۇرۇشى، d) ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىنى ئاتقۇرۇشى شەرت.

بۇ قائىدىنى تولۇقراق ئىپىتقاندا، مەنداش سوزلەر قاتارىغا كىرگەن سوزلەر بىرلا ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققان مەنىلەرنى ئىپادىلىشى شەرت. مەسىلەن، "نارەسىدە — پەرزەنت — بوۋاق — ئەللەي — گودەك — بالا". مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى، بەزى مەنىلىك تۈسلىرىدىكى پەرقلىرىدىن قەتئىنەزەر "بالا" دىگەن بىرلا ئۇقۇمنىڭ ئەتراپىدا ئىپتىلىدىغان بىر-بىرىگە يېقىن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مەنداش سوزلەر بولۇشتىكى ئىككىنچى بىر شەرت — مەنداش سوزلەر قاتارىغا كىرىدىغان سوزلەر بىرلا سوز تۈركۈمىگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك دىدۇق. دىمەك، ئىسىم بىلەن پېئىل، پېئىل بىلەن رەۋىش، سۈپەت بىلەن ئىملىق سوزلەر ئوزئارا مەنداش سوز بولالمايدۇ. مەسىلەن، "باتۇر — قەيسەر — پالۋان — خوجەنزە — قەھرىمان — بۆكە — ئەر"؛ "سولىماق — قامىماق"؛ "تۇتۇش — ئۇشلاش"؛ "ياقماق—كويدۇرمەك"؛ "ئەمما — لېكىن — ئەمما-لېكىن — بىراق"؛ "ئىلدام — چاپسان"؛ "ۋاڭ-چۇڭ — ۋاراڭ-چۇرۇڭ — ئۇ-چۇ — چۇقان-سۇرەن"؛ "يۈز — يۈز-خاتىر — رەڭ — رەڭگى-روي — چىراي — چىراي-شەكلى" ۋە باشقىلار.

مەنداش سوزلەر قاتارىغا كىرگەن سوزلەرنىڭ بىر خىل گىرامماتى-

www.uyghurkitap.com

كىلىق شەكلىدە تۇرۇشى لازىم دېگەندە، بىز ئۇلارنىڭ مەلۇم كونتېكىستتا ئوخشاش شەكىلدە تۇرۇپ بىر-بىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز. مەسىلەن، "ئۇ مېنىڭ كەينىمدىن كەلدى" دېگەن جۈملىدىكى "كەينىمدىن" دېگەن سۆزنى شۇنىڭغا ئوخشاش گىراماتىكىلىق شەكىلدىكى "ئارقامدىن" دېگەن سۆز بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىشى جەريانىدا ئوخشاش سىنتاكسىسلىق خىزمەت ئاتقۇزۇشى لازىم. مەسىلەن، "پويىز ئالمۇتىدىن موسكۋاغا ھەر كۈنى يۈرىدۇ — پويىز ئالمۇتىدىن موسكۋاغا ھەر كۈنى ماڭىدۇ"، شۇنىڭغا ئوخشاش، جۈملىنىڭ بىر خىل بولەكلىرى سۈپىتىدە كەلگەن مەنىداش سۆزلەرمۇ بىردەك سىنتاكسىسلىق خىزمەت ئاتقۇرىدۇ.

مەنىداش سۆزلەرنىڭ تەبىئىتىگە سەپسېلىپ قارىساق، ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىن يىراق-يېقىنلىقىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەنىداش سۆزلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى پەقەت ئايرىم كونتېكىستلاردىلا يېقىنلىشىپ، باشقا شارائىتلاردا بىر-بىرىدىن يىراقلاپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش، ھەممە كونتېكىستلاردا بىر-بىرىنى تولۇق ئالماشتۇرالايدىغان، بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى ئىشلىتىل-دىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. بۇنداق مەنىداش سۆزلەرنى تىلشۇناسلىقتا مۇتلەق مەنىداش سۆزلەر (ئابساليوت سىنونىملار) دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، "بۇيرۇق — پەرمان، شامال — يەل، لايىھە — پىروېكت، تىلچى — تىلشۇناس" ۋە باشقىلار.

تىل ئەمەلىيىتىدە بۇ خىل مۇتلەق مەنىداش سۆزلەر ئاساسەن، چەت تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ ۋە بۇ ھادىسە كۆپىنچە، ئاتالغۇلار (تېرمىنولوگىيە) ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ.

بۇ شەكىلدىكى ئاتالغۇلارنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى ("تېرمىنولوگىيىلىك" دۇبلېت)نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاتالغۇ ئىجاتچىلىق پىرىنسىپلىرىغا زىت ھادىسىلەردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تىل ئەمىلىيىتىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، "رېۋولىيوتسىيە — ئىنقىلاپ، تېما — ماۋزۇ، فورما — شەكىل، ئېكونومىيە — ئىقتىسات، ئورفوگرافىيە — ئىملا قائىدىسى" ۋە باشقىلار. بۇ خىل ئەھۋالنى تەرەققىي قىلغان رۇس تىلىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

**مەنىداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى.** تىلىمىزدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپ ۋە خىلمۇ-خىل بولۇشى سۆزسىز، تىلنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسىنى ئىسپاتلايدىغانلىغىنى بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. لېكىن مەنىداش سۆزلەر تىلىمىزدا بىردىنلا پەيدا بولغىنى يوق؛ ئۇلار لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدا پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. مەنىداش سۆزلەر تىلنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك كاتېگورىيىلەردىن بولغاچقا، ئۇلار تىلنىڭ ئۇسۇش، راۋاجلىنىش يوللىرى توغرۇق مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ ئومۇمى خەلق تىلىنىڭ ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تىلنىڭ بايلىغىنى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى، شۇنداقلا، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆزلەرنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆزلەرنى تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ:

1. مەنىداش سۆزلەر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە بار سۆزلەرنىڭ ئاساسىدا ۋە يېڭى سۆز ياساش يوللىرى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، "تالا — تۈز، ئامان — ئېسەن — ئامان — ئېسەن، ساق — سالامەت — تېنچ، ياخشى — يېقىملىق — ئوبدان — ئوڭۇشلۇق" ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. سوزلەرنى كوچمە مەنىسىدە ئىشلىتىش نەتىجىسىدىمۇ مەنىداش سوزلەر ھاسىل بولىدۇ. بۇ، مەنىداش سوزلەرنى ياساشتىكى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تىلىمىزدىكى بىر قىسىم سوزلەر ئوخشىتىش سۇپىتىدە قوللىنىلىشى ئارقىسىدا بىرنەچچە مەنىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر سوز بىرنەچچە مەنىداشلىق (سىنونىملىق) قاتارغا كىرىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، ”مالىنىڭ بېشى“، ”ئادەمنىڭ بېشى“ دىگەن ئىبارىدىكى ”باش“، ”كاللا“ سوزىنىڭ مەنىداش شەكلى. بىز يۇنى بۇنداق مىسالدىن كورىمىز: ”باش سۇنسا، بوك ئىچىدە، قول سۇنسا، — يەڭ ئىچىدە، ھەر كاللىدا، — بىر خىيال“. بۇ ئۇنىڭ ئاساسىي باش كېلىش مەنىسى. لېكىن ”باش“ سوزى ئوخشاتمىلىق قوللىنىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىرنەچچە قوشۇمچە مەنىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كورىمىز. جۇملىدىن، ”تاغنىڭ بېشى، ياغاچنىڭ بېشى“ دىگەندە ”باش“ سوزى ”توپىسى، ئۇچى، ئۇستى“ گە ئوخشاش سوزلەر بىلەن مەنىداش بولۇپ كەلسە، ”بىر باش پىياز، بىر باش ھۆكۈز“ دىگەندە، ئۇ ”تال“، ”دانە“ سوزلىرىنىڭ مەنىسىگە يېقىنلىشىدۇ. شۇنداقلا، ”سوز بېشى، دەريا بېشى، قازان بېشى، ئوچاق بېشى، باش ھەرپ، باش يول، باشماقالا، باش بۇغداي، ئونبېشى، باش ئىنژېنېر، باش تارتماق، پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيماق“قا ئوخشاش ئىبارىلەردىكى ”باش“ ئوخشاتمىلىق قوللىنىلىشىغا مۇۋاپىق ئاساسىي مەنىسىدىن تاشقىرى بىرنەچچە كوچمە مەنىگە ئىگە بولۇپ، مەنىداش سوزلەر قاتارىنى تولۇقلىماقتا. بۇ ئەھۋالنى تىلىمىزدىكى ”ئاياق“ (جىسىمنىڭ ئايىغى، كوچىنىڭ ئايىغى، ئاينىڭ ئايىغى، گەپنىڭ ئايىغى — ”پۇتى“، ”ئاخىرى“، ”كەينى“، ”داۋامى“ مەنىسىدە)، ”سوقۇر“ (نادان، قالاق، ساۋاتسىز)، ”سويمەك“ (ياراتماق، ياخشى كورمەك، مۇھەببەت باغلىماق) ۋە

باشقا نۇرغۇنلىغان سوزلەرنى ئوخشىتىش، شۇنداقلا مېتونىمىيە* ۋە ئۇمۇملىقنى ئاتاشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئاتاش سۇپىتىدە ئىشلىتىش جەريانىدا روشەن كورىمىز.

3. ئۇمۇمى خەلق ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققى قىلىشىدا تىلدىكى دىيالېكتلار ۋە يەرلىك شىۋىلەرمۇ مەلۇم رول ئوينايدۇ. دىيالېكتلار بىلەن يەرلىك شىۋىلەرنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئەدەبىي تىلدىكى، بولۇپمۇ، ئاتالغۇ (تېرمىنولوگىيە) ساھەسىدىكى يېڭىدىن پەيدا بولغان ئايرىم چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن لازىملىق تىلنىڭ باي مەنبەسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇلار بولۇپمۇ، مەلۇم دىيالېكت ياكى شىۋىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، دىيالېكت ۋە يەرلىك شىۋىلەرنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىمۇ مەنىداش سوزلەر كاتېگورىيىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي مەنبەلەرنىڭ بىرى دەپ ھىساپلايمىز. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "ماتا" دىگەن سوزنى يەرلىك شىۋىلەردە، جۈملىدىن قۇمۇلدا "شاڭ"، خوتەندە "خام"، قەشقەر ۋە بەزى يەرلەردە "بوز" دەپ ئاتايدۇ. ئاتالغۇ ئېھتىياجلىغى ساھەسىدە بۇ سوزلەرنىڭ بىرىنىڭلا ئېلىنىشى شەرت بولسىمۇ، ئەمما ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ، شىنجاڭ شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ تىلىدا بۇ مەنىداش سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئېيتقانلارنى باشقا مىساللار بىلەنمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. توۋەندە كەلتۈرۈلگەن مەنىداش سوزلەرنىڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرىنى

---

* مېتونىمىيە: بىر سوزنىڭ ياكى ئىبارىسىنىڭ ئورنىغا شۇلارغا يېقىن بولغان سوز ياكى ئىبارە، مەسىلەن "تاماق" سوزىنىڭ ئورنىغا "داستىخان" سوزىنى، "پۇلۇم يوق" دىيىشنىڭ ئورنىغا "يانچۇق قۇرۇق" دىگەن بىرىكمىنى قوللىنىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

دىيالېكىت ۋە شېۋە ئېلېمېنتلىرى دەپ قاراش لازىم: "ياغلىق — (رومال) — شال — (لىچەك)؛ ياستۇق — تەكىيە — (تېكى)؛ ياخشى — ئوبدان — (بەلەن)؛ جىم — شۈك — تىپ-تىپچ — جىم-جىت — (سۈكۈت) — (تىمتاس)؛ دەرھال — دەررۇ — بىردىن — دەرمەھەل — شۇ زامان — (شۇئان)؛ دۈمبە — مۈرە — يەلكە — ئۇچا — گەجگە — غول — (زىممە) — (دولا) — (ئوشنە) — شىللا؛ بىرئاز — بىرپەس — بىردەم — سەل — (جىندەك) ئاياق — تاۋاق — جام — (جاۋۇر)؛ قۇۋ — ھىلىگەر — تادان — تۈلكە — مۇغەمەر — (لولا) — قىزىلكوز" ۋە باشقىلار.

4. مەنىداش سۆزلەر كاتېگورىيىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى ئۇنۇملۇك مەنبەنىڭ بىرسى — چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش بولىدۇر. تىلىمىزدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ زور كۆپچىلىگى چەت تىللاردىن، جۈملىدىن رۇس، ئەرەب، پارس، خەنزۇ، موڭغۇل ۋە ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار تۇرمۇشىمىزدا پەيدا بولغان ھەر تۈرلۈك يېڭى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى توغرا ۋە دەل ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق قوبۇل قىلىنىپ، تىلىمىزدىكى باشقا مەنىداش سۆزلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا، شۇنىڭدەك تۈركى تىللارنىڭ كۆپچىلىگىدە "بۇيرۇق" ۋە "يارلىق" دېگەن مەنىداش سۆزلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلىدىن "پەرمان" ۋە "ئەمر"گە ئوخشاش مەنىداش سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلار مۇشۇ كەمگىچە تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

بۇنداق سۆزلەر تىلىمىزدا ناھايىتى كۆپ. قولىمىزدىكى توپلانغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، لۇغەت تەركىۋىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ تەخمىنەن 30 — 40 پىرسەنتى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، "ئارزۇ (ئەرەبچە) — ئارمان (پارسچە) —

ئارزۇ ـ ئارمان؛ كىشى ــ ئادەم (ئەرەپچە) ــ ئادەمىزات (ئەرەپ ـ پارسچە) ــ ئىنسان (ئەرەپچە)؛ چۆل ــ ياۋان (پارسچە) ــ بەياۋان (پارسچە) ــ دەشت ـ ياۋان (پارسچە) ــ سەھرا (ئەرەپچە) ــ جەزىرە (ئەرەپچە)؛ ئوچۇق ــ ئېنىق ــ ئايدىڭ ــ ئاشكارە (ئەرەپچە) ــ روشەن (پارسچە)؛ مەلۇم (ئەرەپچە) ــ ئايان (ئەرەپچە)؛ چاقچاق ــ شاڭخو (خەنزۇچە) ــ ھەزل (ئەرەپچە)؛ توگە ــ لوتو (خەنزۇچە) ــ باپ (پارسچە)؛ سەرەڭگە (رۇسچە) ــ ياڭخو (خەنزۇچە) ــ گۇگۇت؛ ئانالىز (رۇسچە) ــ تەھلىل (ئەرەپچە)؛ ئىسپات (ئەرەپچە) ــ دەلىل (ئەرەپچە) ــ فاكىت (رۇسچە)؛ زەمبىرەك (پارسچە) ــ پو (خەنزۇچە) ــ پۇشكا (رۇسچە) ۋە باشقىلار.

**مەنىداش سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى.** تىلىمىزدىكى مەنىداش سۆزلەرنى مەنىسىگە، تەركىۋىگە ۋە ئىشلىتىلىشىگە قاراپ بىرنەچچە تۈرگە بولۇشكە بولىدۇ.

1. مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتتە بولۇشى مۇمكىن. بەزى مەنىداش سۆزلەر ئاساسىي مەنىسىنىڭ كوپچىلىگىنىڭ ھەممىسىگە بىر خىل ئاڭلىنىش خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئەسكى ــ يامان ــ ئوسال ــ ناچار؛ يوتقان ــ كورپە؛ تەكىيە ــ ياستۇق؛ بەزىدە ــ گاھىدا ــ ئاندا ــ ساندا ــ ناگاندا؛ ئىززەتلىك ــ ھورمەتلىك ــ قەدىرلىك ــ قەدىردان ــ ئەتىۋارلىق" ۋە باشقىلار.

بۇ خىلدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنىسى مەلۇم بىر كونتېكستتا ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ شەخسى مۇناسىۋىتىگە، ئۇنىڭ ساپاسىغا مۇۋاپىق ئالاھىدە رەڭ، تەسىرلىك ۋە ھىسسىياتلىق ئۆزگىچىلىكلەر بېرىپ سۆزلىشىگە باغلىق ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا ئوخشاش مەنىداش سۆزلەرنى **ئۇدۇل مەنىدىكى مەنىداش سۆزلەر** دەپ ئاتايدۇ.

**ئۇدۇل** مەنىدىكى مەنىداش سۆزلەر مەلۇم جۈملە تەركىۋىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپمۇ ۋە كونتېكستتىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىپتىلغاندىمۇ ئۇزلىرىنىڭ سېمانتىكىلىق ئومۇمى خاراكتېرىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، "ئېتىك ــ تىمەن ــ چاققان ــ چەبدەس؛ تاتلىق ــ شېرىن؛ قامىماق ــ سولىماق؛ لاي ــ پاتقاق ــ پېتىق"؛ قارغۇ ــ كور ــ سوقۇر ۋە باشقىلار. بۇ خىل ئۇدۇل مەنىلىك مەنداش سوزلەرنى ئەمىلىي ئىشلىتىلىشىگە قاراپ تۇراقلىق مەنداش سوزلەر دەپمۇ ئاتايدۇ.

2. مەنداش سوزلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگەن سوزلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۇدۇل مەنىلىك مەنداش سوزلەر بولۇشى شەرت ئەمەس. كوپ ۋاقىتلاردا سوزلەر ئۇزلىرىنىڭ ئاساسىي مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى كوچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلىش جەريانىدا مەلۇم مەنداش سوزلەر قاتارىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق سوزلەرنى ئادەتتە كونتېكستلىق ياكى شەرتلىك مەنداش سوزلەر دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "كوپ" دېگەن سوز ئۇزىنىڭ ئاساسىي مەنىسى بويىچە: "نۇرغۇن ــ تولا ــ جىق ــ كەڭرى ــ مول"غا ئوخشاش سوزلەرنىڭ شەكىللەندۈرگەن مەنداشلىق قاتارىدا تۇرىدۇ. ئەمما "كوپ" سوزىنىڭ مەلۇم كونتېكستلاردا "خەلق ــ ئەل ــ كوپچىلىك ــ ئەل ــ يۇرت"قا ئوخشاش شەكىلداش سوزلەر قاتارىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ كورىمىز:

كوپ بىلەن كورگەن توي.
يولدىن چىقساڭ چىق،
كوپتىن چىقما.
كوپ تۈكۈرسە كول بولار.
كوپتىن توشقان قېچىپ قۇتۇلماس.
(خەلق ماقاللىرى)

3. مەنداش سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ھەرقانداق نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ قاراشقا بولىدۇ. بەزى چاغلاردا شەكىلداش سوزلەر قاتا-

ريغا كىرىپ تۇرغان سۆزلەر شۇ قاتاردىكى ئاساسىي مەنىگە مۇناس-
ۋەتلىك بولۇپ كەلسىمۇ، ئەمما ئايرىم تەسىرلىك ۋە ھېسسىياتلىق
ئۆزگىچىلىكلىرىگە بىنائەن يىراقلاپ كېتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.
مەسىلەن، ”يۇتماق — سۇمۇرمەك“ مەنىداش سۆزلىرى قاتارىغا ”قېقى-
ۋالماق — كوتەرمەك“كە ئوخشاش سۆزلەرنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.
لېكىن ئۇلارنىڭ ”يۇتۇش“، ”ئىچىش“ مەنىسىگە ئالاھىدە ھېسسىيات-
لىق رەڭ بېرىپ تۇرغانلىقى كوپچىلىككە ئېنىق ئاڭلىنىدۇ. بىر قاتار
سۆزلەر ئۇزلىرىنىڭ بىتەرەپ ئىپتىلىشىدا ۋە جۈملە تەركىۋىدە
تۇرۇۋېپمۇ مەنىسىگە خاس سەلبىي ۋە ئىجابىي تۇسلىرىنى ساقلاپ
قالىدۇ. مەسىلەن، ”ئايال“ سۆزىنىڭ سىنونىمى ”خوتۇن“. ”خوتۇن“
سۆزى قەدىمقى ۋاقىتلاردا پادىشا، خان سارايلىرىدىكى ئاياللارغا
نىسبەتەن ئىپتىلىشىغا قارىماستىن، ھازىر ”ئايال“ دىگەن ئۇقۇمنىڭ
سەلبىي تۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئەدىبىي تىلدا ”ئايال“
سۆزى كوپرەك ئىشلىتىلىپ، ”خوتۇن“ كوپىنچە جانلىق تىلدا ئىپتىل-
ماقتا. مەلۇم كونتېكىستلاردا ”ئاغىچا، خېنىم، مەزلۇم، باللارنىڭ
ئانىسى“ دىگەن سۆزلەرمۇ ”ئايال“ بىلەن مەنىداشلىق قاتاردا
تۇرۇۋشى مۇمكىن. لېكىن، ”ئاغىچا، خېنىم“نىڭ ھورمەتلەش مەنى-
سىدىن تاشقىرى، تەنە قىلىش، كەمسىتىش تۇسلىرىمۇ يوق ئەمەس.
”باللارنىڭ ئانىسى“ دىگەندە، ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان ھورمەت-
ئىززىتى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ”پاكا ئادەم، پاكىنەك
ئادەم“ دىگەن ئۇقۇمنى بەزىدە ”پىندەك“، ”پىستەك“ دەپمۇ ئېيت-
تىدۇ. لېكىن كېيىنكى ئىككى سۆز (پىندەك. پىستەك)نىڭ مەنىسى
سەلبىي تۇسكە ئىگە.

بۇ ئېيتقانلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، مەنىداش
سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئايرىم قىسمى
سۆزلىگۈچىنىڭ (يازغۇچىنىڭ) شەخسىي پىكرىگە، شەيئى ۋە ھادىسى-

www.uyghurkitap.com

لەرگە بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئۇزىنىڭ ئاساسىي مەنىسىگە قوشۇمچە مەلۇم بىر ھىسسىياتلىق رەڭ بىلەن ئېيتىلىشى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق سوزلەرنى **ھىسسىياتلىق مەنداش سوزلەر** (ئېموتسىئونال سىنونىملار) دەپ ئاتايدۇ.

4. ھىسسىياتلىق مەنداش سوزلەر بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشاشلىغى بار، لېكىن ئىشلىتىلىش جەھەتتىن ئايرىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سوزلەرنى **ئىستىللىق** مەنداش سوزلەر دەپ ئاتايدۇ.

مەنە جەھەتتىن ئۇزئارا يېقىن ياكى ناھايىتى ئوخشاش سوزلەرنىڭ ھەممىسى تىلىمىزدا بىر خىل ئۇنۇملۇك رەۋىشتە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئايرىم سوزلەر بولۇپمۇ، گۇزەل ئەدەبىياتتا كوپرەك ئىشلىتىلسە، بەزىلىرى جانلىق تىلدا، يەنە بەزىلىرى ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا كوپرەك ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ سەۋەۋى ھەر بىر سوزنىڭ ئۇزىگە خاس ئىستىللىق خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، "كۇن" ۋە "قۇياش" مەنداش سوزلىرىنى ئالساق، "قۇياش" تولىسى شېئىرى ئەسەرلەر تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ. جانلىق تىلدا كوپىنچە "ئېغىر ئاياق"، "بويلۇق"، "ئېغىر بوي"، "ئىككى قات" دىسەك، كوترەڭگۇ ئىستىلدا "ھامىلدار" دەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش رەسمى تىلىمىزدا بىز "يولداش" بىلەن بىر قاتاردا "بۇرادەر" سوزىنىمۇ قوللىنىمىز. ئەمدى بۇلارنىڭ قاتارىدىكى "ئاداش، ئاغىنە، ئاغىنە-ئۇۋگە، تەڭتۇش، دوست، ئاشنا"غا ئوخشاش سوزلەر، ئادەتتە، جانلىق تىلدا تولاراق ئېيتىلىدۇ. بىر زامانلاردا "يولداش" مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان "يىلىك" سوزى ھازىر لېكسىكىنىڭ پاسسىپ زاپىسىغا ئايلاندى.

ئىستىللىق مەنداش سوزلەرگە مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ بىر مەسىلىنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، مەنداش سوزلەرنىڭ بەزىبىرلىرى تىلىمىزدىكى كونىرىغان سوزلەر قاتارىغا ئوتۇپ، ھازىرقى

ۋاقىتتا قوللىنىلىش دائىرىسى چەكلەنگەن. ئۇلار ئاساسەن، ماقال ۋە تەمسىللەردە، تۇراقلىق ئىبارىلەردە، شائىر-يازغۇچىلارنىڭ كونا زامانىنى تەسۋىرلەش مەقسىدى بىلەن يازغان ئەسەرلىرىدە، تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنداق سۆزلەر مەنداش سۆزلەر قاتارىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالىدۇ. مەسىلەن، ”سېرىق-كالا-ئىنەك-ئۆي“ مەنداش سۆزلىرى قاتارىدىكى ”ئىنەك“، ”ئۆي“ سۆزلىرىنى بىز كۆپ چاغلاردا خەلق ماقاللىرىدا ۋە فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەردە ئۇچرىتىمىز: ”ئاغزىغا ئىنەك تەپكەن“ (يىغلاڭغۇ مەنىسىدە)؛ ”بىر ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، مىڭ ئۆينىڭ تۆپىغى سىقىرار“ (خەلق ماقالى)؛ ”ساپان-سوقا-بوقۇسا“؛ ”ئايەم-ھېيت-ئايەم-توي-توي-توكۈن-بايرام-مەرىكە“؛ ”خاتىرە-يادىكار-ئەسلەتمە“ ۋە باشقىلار.

5. مەنداش سۆزلەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ بىر خىل ئەمەس. مەنداش سۆزلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، پېئىللاردىن، بەزىدە سان، ئالماش، ئىملىق ۋە ياردەمچى سۆزلەردىن ھاسىل بولىدۇ. ئاشۇ سۆز تۈركۈملىرىدىكە ئائىت سۆزلەردىن ياسالغان مەنداش سۆزلەر شۇ سۆز تۈركۈملىرىگىلا مۇۋاپىق شەكىللەردە تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنىلىك قاتناشتا بولىدۇ. دېمەك، ئۇلار شەكىل جەھەتتىن تومۇر سۆز سۈپىتىدىمۇ، جۈپلەشكەن، بىرىككەن، تەكرارلانغان رەۋىشتىمۇ ۋە ھەرقانداق قوشۇمچىلار بىلەن تۇرۇپمۇ مەنداش سۆز بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ مەنداش سۆزلەرنى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

a) بىر خىل تومۇر سۆزلەردىن تەركىب تاپقان مەنداش سۆزلەر: ”ئۈن-ئاۋاز-تىۋىش-تاۋۇش-سادا“؛ ”ئاچا-ھەدە-ئىگىچە“؛ ”تاۋاق-لېگەن-چىلاپچا-داس“؛ ”دىل-كۆڭۈل-قەلب“؛ ”ئوچ-ئەنت-ئىنتىقام“؛ ”كۈچ-قۇۋۋەت-دەرمان-ماغدۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇدرەت—هال“ ۋە باشقىلار.

b) قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان مەنىداش سوزلەر: ”كوكلەم—ئەتىياز—باهار“؛ ”ئاناقىلىق—داڭلىق—بەلگىلىك—مەشهۇر“؛ ”ئاۋالقى—دەسلەپكى—ئىلگىرىكى—بۇرۇنقى—ئالدىنقى—بىرىنچى“؛ ”تەمسىز—تېتىقسىز—بەتتام—لاۋزا“؛ ”ئالاهىدە—بولەكچە—ئالايىتەن—باشقىچە—ئوزگىچە“ ۋە باشقىلار.

c) تومۇرى بىر، لېكىن سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى باشقا-باشقا مورفولوگىيىلىك دۇبلېت (ئىككىنچى نۇسخا)لارمۇ مەنىداش سوزلەرگە كىرىدۇ: ”غەيۋەتچى—غەيۋەتخور—پىتنىچى—پىتنىخور—پىتنە—پاساتچى—زۇغۇي“؛ ”چوكان—جۇۋان (جۇگان)“؛ ”داۋۇز—دەرۋازا“؛ ”نەچچە—نەچچەن“؛ ”ئاۋارىچىلىك—ئاۋارىگەرچىلىك“، ”ئەتە—ئەتىلىككە“؛ ”بىپايان—پايانسىز“ ۋە باشقىلار.

d) ئىككى سوزنىڭ قوشۇلۇپ، بىرىكىپ ۋە تەكرارلىنىپ ئېيتىلىشى ئارقىلىق ياسالغان مۇرەككەپ سوزلەر (قوش سوز، بىرىككەن سوز، تەكرار سوز)دىن تەركىپ تاپقان مەنىداش سوزلەر: ”بۇرناكۇن—ئوزاكۇن—ئولۇشكۇن“؛ ”ئوپۇل-توپۇل—ئالمان-تالمان“؛ ”قوراي-چاۋا—قوراي-چوراي—قوراي-چاتقال“؛ ”غىرىلك-پىرىلك—هوتۇت-پوتۇت-پەلەي-شەلەي-ئۇ-بۇ“؛ ”قورال-ياراق-قورال-جابدۇق-قورال-سايمان“؛ ”ئەگرى-بۇگرى—ئەگىر-دوناي—ئەگىر-توقاي—مايتۇق-سايتۇق—مايماق-سايماق—قىڭغىر-سىڭغىر“ ۋە باشقىلار.

e) ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كوپ سوزنىڭ بىرىكمىلىرىدىنمۇ مەنىداش سوزلەر ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ خىل ”سىنونىم—ئىبارىلەر“ تىلىمىزدا ناهايىتى كوپ ۋە ئۇلار مەنە جەهەتتىن ئايرىم سوزلەر بىلەن بارا-ۋەر بولۇپ كېلىدۇ: ”ۋاپات بولماق—قازا تاپماق—دۇنيادىن قايتماق—كوز يۇمماق“؛ ”ئۇستىن قارىماق—ئېتىۋارسىز قارىماق—سۇس قارىماق—سالقىن قارىماق—يۇزە قارىماق—ئات ئۇستى

قارىماق—جاۋاپسىز قارىماق"؛ "ۋۇجۇتقا كەلمەك—بارلىققا كەل-
مەك—مەيدانغا كەلمەك—پەيدا بولماق"؛ "پىكىر—كوزقاراش—
نۇقتىينەزەر"؛ "بىردەمدە—بىر پەستە—هاي-هۇي دىگىچە—
ئۇ-بۇ دىگىچە-هەش-پەش دىگىچە"؛ "تۇرمۇشقا چىقىش-
ئەرگە تېگىش—تۇرمۇش قۇرۇش—ئوي تۇتۇش—تالالىق بو-
لۇش—ياتلىق بولۇش" ۋە باشقىلار.

f) مەنىسى يېقىن ئىككى سوزنىڭ قاتار ئىپتىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان سوز بىرىكمىسى (پولىپئونازىم)نىڭ تەركىۋى قىسمى ئوزئارا مەنىداشلىق (سىنونىملىق) مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ-لارنى مەنىداش سوزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، ئىزاهلاپ تۇرىدۇ ۋە هەر تۇرلۇك شەكىلدە تۇرۇپ بىرىكىدۇ. مەسلەن، "بولدى خالاس، بىكار بوشقا، مەن ئوزەم، بىز ئوزىمىز، ئاخىر ئايىغى، قاراپ باق، خۇددى ئوزى".

g) تىلىمىزدىكى ناهايىتى باي ۋە خىلمۇ-خىل ئىدىئوم، ئىبارە (فىرازا)لارنىڭ مەنىداش سوزلەرگە مەلۇم مۇناسىۋىتى بار. چۈنكى ئىستىلنىڭ ئالاهىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىق ئىدىئوم ۋە فىرازىلىق سوز بىرىكمىلىرى بىر سوزنىڭ مەنىسىنى ئىپادە قىلىپ، ئۇنى كونتېكستتا ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئاكادېمىك ۋ.ۋ. ۋىنوگرادوۋ: "فىرازېئولوگىيىلىك گۇرۇپپىلار ياكى فىرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئومۇنىملاردىن خالىدۇر. ئۇلار پەقەت سوز ۋە ئىبارىلەرنىڭ سىنونىملىرى قاتارىغا كىرىدۇ①"—دەپ كورسىتىدۇ. مەسلەن،

---

① ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ. تىلشۇناسلىقنىڭ بىر ساهەسى سۈپىتىدىكى رۇس فىرازېئولوگىيىسى هەققىدە ئاساسىي چۈشەنچىلەر—«يىلىلىق ئىلمىي يىغىن ئەسەرلىرى». لېنىنگراد. 1946-يىل. 67-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"ئىلدام—چاپسان—تىز—پات—غىل-پال" مەنىداش سۆزلەرنىڭ قاتارىنى "بىردەمدە—بىرپەستە—ئۇ-بۇ دىگىچە—ھاي-ھۇي دىگىچە—ھەش-پەش دىگىچە"گە ئوخشاش سىنونىم—ئىبارىلەر تولۇقلاپ تۇرسا، ئۇ "قاش بىلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدا—كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە" تەخلىتتىكى فرازېئولوگىيىلىك مەنىداش سۆزلەر ئارقىلىق تېخىمۇ تەرەققى قىلىشى مۇمكىن.

بۇ ئېيتقانلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، تىلىمىزدىكى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى، شەكلى، تەركىۋى جەھەتتىن ھەر تۈرلۈك بولۇپ كەلگەن سۆزلەر، ھەتتا ئىبارىلەر ۋە فرازېئولوگىيىلىك سۆز بىرىكمىلىرى بىرلا مەنىنىڭ ئەتراپىدا توپلىنىپ، مەنىداش سۆزلەر قاتارىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقىمۇ بىر سىنونىملىق گۇرۇپپىدا تومۇر ۋە ياسالما سۆزمۇ، بىرىككەن ۋە قوش سۆزمۇ، ئىبارىلەر ۋە فزازئولوگىيىلىك سۆز بىرىكمىلىرىمۇ توپلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "يوقاتماق—قىرماق—تار-مار قىلماق—خانىۋەيران قىلماق-بىت-چىتىنى چىقارماق، كۆكۈم-تالقان قىلماق—قىيا-چىيا (قىيما-چىيما) قىلماق—يەر بىلەن يەكسان قىلماق—ئورنى-ئىزى بىلەن يوق قىلماق"؛ "تازا—تاپ-تازا—مۈشۈك يالىغاندەك"؛ "ئوخشاش—خۇددى ئۆزى—سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك"؛ "سىمىز—تولۇق—بودرۇق—ئەت-يەنىلىك—پاخلاندەك—ياغنىڭ ئىچىدىكى بورەكتەك" ۋە باشقىلار.

**مەنىداش سۆزلەر قاتارى ۋە سىنونىملىق دومىنانتا.** بىرلا ئۇقۇمنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ مەنىداش سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى مەنىداش سۆزلەر قاتارى ياكى مەنىداش سۆزلەر ئۇۋىسى (سىنونىملىق ئۇۋا) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، "ۋاقىت—مەزگىل—چاغ—زامان—تاپ—كەم"؛ "كەمبەغەل—گاداي—نامرات—يوقسۇل"؛ "يەرلىك—مازار گۆر—گۆرلۈك—گۆرىستان-گۆرىستانلىق—

قەۋرە — قەۋرستان — زەرەت — زەرەتكالىق — تۇپراق بېشى"؛ "دۇنيا — ئالەم — جاھان — يەر يۈزى"؛ "ئەقىل — ئىدرەك — ئەقىل - ئىدرەك — زېھىن — پەم — پاراسەت — پەم - پاراسەت — ئاڭ - سېزىم" ۋە باشقىلار.

مەنىداش سۆزلەر قاتارىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ ئىچىدە بىرى، ئەلۋەتتە، باشقىلىرىغا قارىغاندا ھەممىسىگە ئورتاق ئومۇمى مەنىنى ئېنىق ۋە تولۇقراق ئىپادىلەپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق مەنىداش سۆزلەر قاتارىدىكى باشقا سۆزلەرگە مەنە جەھەتتىن ۋاكالەتلىك قىلالايدىغان سۆز سىنونىملىق دومىنانتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، "زىيان — زىيان - زەخمەت — زەخمەت — زەرەر (زالال) — چىقىم"؛ "ھۆرمەتلىمەك — ئىززەتلىمەك — ئېتىۋارلىماق — قەدىرلىمەك — ئېھتىرام قىلماق"؛ "يۇۋاش — مۆمىن — مۇلايىم"؛ "پاتماق — چۆكمەك — غەرق بولماق"؛ "پاك — گاس — ئاقلىماس — قۇلىغى ئېغىر"؛ "رەھمەت — بارىكاللا — ھەشقاللا — تەشەككۈر" ۋە باشقىلار.

بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنى ئۆزىدىن كېيىنكىلىرىگە مەنە جەھەتتىن ۋاكالەتلىك قىلالايدىغان سىنونىملىق دومىنانتى دەپ قاراش لازىم. ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزىدە بۇنداق سىنونىملىق دومىنانتلارنى باشقا قاتاردىكى سۆزلەردىن ئايرىۋېلىش، مەنە جەھەتتىن ئاجرىتىۋېلىش ئاسان ئەمەس.

## 10. شەكىلداش سۆزلەر (ئومونىملار)

لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئايرىم قىسمى تاشقى كورۇنۇشى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى جەھەتتىن بىر — بىرىگە ئوخشاش بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ شەكىلداش ۋە ئاھاڭداش بولۇشىغا قارىماستىن، مەنىلىرى بىر — بىرىدىن تامامەن يىراق بولىدۇ. مەسىلەن: "تاماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1. تاش، تائام، غىزا، 2. بوغۇز، كاناي، كېكىرتەك، 3. تىرنا"؛ "بوغۇز 1. مالنىڭ بوغۇزى: قالماق ئېتى بوغۇز يىمەس، بوغۇز يىسە تورۋا تېشەر (ماقال)، 2. تاماق، كاناي: ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي تىللىماق، 3. كاڭنىڭ بوغۇزى"؛ "قېيىش 1. تاسما، قېلىن تېرىدىن ئىشلەنگەن پوتا: ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولار، كون بولماس (ماقال)، 2. بېشى قېيىش"؛ "ياقىماق 1. ئوت ياقماق، 2. ھاۋاسى ياقماق، 3. مايلىماق، سۈرتمەك: دورا ياقماق، 4. نان ياقماق، تېزەك ياقماق" ۋە باشقىلار.

ئەنە شۇنداق شەكلى (ئېيتىلىشى ۋە يېزىلىشى) بىر، لېكىن مەنىسى باشقا-باشقا بولۇپ كەلگەن ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ سۆزلەرنى **شەكىلداش سۆزلەر** (ئومونىملار) دەپ ئاتايدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر بىر-بىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي باش كېلىشلىك مەنىلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئايرىم كونتېكستلاردا ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچە، كۆچمە مەنىلىرى ۋە مەنە پەرقلىرى ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن، "قات" شەكلىدە ئېيتىلىدىغان ئۈچ ئومونىم سۆزنى ئالساق، ئۇلار بىر ئەمەس، بەلكى بىرنەچچە مەنە ۋە مەنىۋى تۈسلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: "1. قات a) يوتقاننىڭ قېتى؛ b) ئىككى قات يىپ؛ 2. قات a) دەريانىڭ ئۇ قېتىدا؛ 3. قات ("قاتماق" پېئىلىنىڭ ئاساسىي شەكلى) a) ئاشقا قېتىق قات؛ b) كالىنى پادىغا قات؛ c) ئاتنى ھارۋىغا قات."

مانا بۇ مىساللاردىن بىز شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگەن ھەر بىر سۆزنىڭ سېمانتىكا دائىرىسىدە بىرنەچچە مەنىلىك تۈسلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەنتىقىي مۇناسىۋەتنى ۋە مەنە جەھەتتىكى يېقىنلىقنى ئۈچىنچى ("قاتماق" پېئىلىنىڭ ئاساسىي شەكلىدىكى) شەكىلداش سۆزدىن

ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ: "قېتىق قاتىماق، كالىنى پادىغا قاتماق، ئاتنى هارۋىغا قاتماق" بۇلارنىڭ هەممىسى "قوشۇش" دېگەن ئومۇمىي مەنىدە ئورتاق. ئەگەر "قات" پېئىلىنىڭ ئاشۇ مەنىلىرىنىڭ بىرى باشقىلىرىدىن تامامەن يىراقلاپ كەتسە، ئۇ ئاشۇ شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدا يەنە بىر يېڭى شەكىلداش سۆزنى تەشكىل قىلىشى ئېهتىمال.

دېمەك، شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى ئېنىقلاشتا سۆزلەرنىڭ پەقەت ئاساسىي شەكلى ۋە باش كېلىشتىكى مەنىسىلا ئېتىبارغا ئېلىنىشى لازىم. ئۇلارنىڭ قوشۇمچە مەنىلىرى ۋە مەنىلىك تۈسلىرى، ئادەتتە، ئاساسىي مەنىنىڭ پۇتاقلىرى سۈپىتىدە قارىلىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن، شەكىلداش سۆزلەر كاتېگورىيىسىنى ئايرىشتىكى ئۆلچەم ئۇ سۆزلەرنىڭ ئاساسىي گىراماتىكىلىق شەكلى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدۇق. ئەمما بۇنىڭدىن تىلىمىزدىكى شەكلى ئوخشاش بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ هەممىسىنى شەكىلداش سۆز دەپ قاراش كېرەك دېگەن خۇلاسە چىقمايدۇ.

ئەگەر مەنىداش سۆز بولۇش ئۈچۈن سۆزلەر بىرلا سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇپ كېلىشى شەرتلىك رەۋىشتە تەلەپ قىلىنسا، شەكىلداش سۆزلەرگە ئۇنداق تەلەپ قويۇلمايدۇ. شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكا-گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە بىرلا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك سۆز تۈركۈملىرىگە ئائىت بولۇشى مۇمكىن. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدا ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، سان، ئالماش، پېئىل، ئىملىق ۋە ياردەمچى سۆزلەرمۇ قاتار تۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: "1. هەرە (ئىسىم) — ياغاچ كېسىدىغان هەرە، بىگىز هەرە؛ 2. هەرە (ئىسىم) — بال هەرىسى؛ 1. قۇيماق (ئىسىم) — قۇيماق نان؛ 2. قۇيماق (پېئىل) سۇ قۇيماق؛ زەمبىرەك قۇيماق؛

كېسەك قۇيماق؛ 1. قۇرۇق (ئىسىم) — ئات تۇتىدىغان قۇرۇق؛ 2. قۇرۇق (سۈپەت) — قۇرۇق ئوتۇن؛ قۇرۇق تاماق؛ قۇرۇق يوتەل؛ 3. قۇرۇق (سۈپەت) — قۇرۇق سۆز، قۇرۇق ھاۋا قاتتىق تاراقلايدۇ (تەمسىل)؛ 1. يۈز (ئىسىم) — يۈز كۆرۈشمەك؛ 2. يۈز (سان) — يۈز سوم؛ 1. سەل (ئىسىم) — قىيان، تاشقىن؛ 2. سەل (رەۋىش) — ئۇ سەل كېچىكىپ قالدى؛ 1. سىز (ئالماش) — سىز ئۆيگە كىرىڭ؛ 2. سىز (پېئىل) — سىزىق سىز، ئاستىنى سىز؛ 1. ھوش (ئىسىم) — ھوشىغا كەلمەك؛ 2. ھوش (ئىملىق سۆز) — كالىنى ھايداشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز» ۋە باشقىلار.

دېمەك، شەكىلداش سۆزلەر-گۇرۇپپىسىدا تۇرۇش ئۇچۇن ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، سان، ئالماش، ئىملىق ۋە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ باش كېلىشتە تۇرۇشى، پېئىلنىڭ ئاساسىي (بۇيرۇق شەكلىدە) ۋە باش كېلىش شەكلىدە، شۇنداقلا ھەركەت نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى شەرت. باشقا گىراماتىك شەكىللەردە (كېلىش، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى ۋە زامان، شەخسلەر بىلەن تۈرلىنىپ، ھەرقانداق ئۇلانمىلار ئۇلىنىپ) كەلگەندە، ئۇلارنى شەكىلداش سۆزلەر قاتارىدا ھېسابلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق شەكىلدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى شەكىلداش سۆز دەپ ھېسابلىساق، شەكىلداش سۆزلەرنىڭ دائىرىسىنى ھەددىدىن تاشقىرى كېڭەيتىۋەتكەن بولار ئىدۇق. مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ: «1. چاققان a) چاققان يىگىت؛ b) چاققان سۆزلىمەك؛ c) چاققان كىيىم؛ 2. چاققان — ئۇنى يىلان چاققان؛ 3. چاققان a) ئۇ چىشى بىلەن ياڭاق چاققان؛ 1. قارار — قارار چىقارماق؛ 2. قارار — ئۇ ئۆزى كېلىپ ساڭا قارار».

شەكىلداش سۆزلەر گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

a) تۆمۈر سۆز شەكلىدىكى شەكىلداش سۆزلەر: "1. يات — يات ئادەم، يات ئۇنسۇر؛ 2. يات — يات ئالماق؛ 3. يات — ئورنۇڭغا يات".

b) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ھاسىل بولغان شەكىلداش سۆزلەر: "1. قىيىق — قىيىق بالا؛ 2. قىيىق — قىيىق يوتقان (قوراق)؛ 1. قىزىق — قىزىق ئادەم، دۇنيا قىزىقى؛ قىزىق كىنو؛ 2. قىزىق — تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق؛ قىزىق قانلىق ئادەم؛ ئىشقا قىزىق كىرىشمەك؛ 1. ئەنلىك — ئەنلىك ماتا؛ 2. ئەنلىك — ئەنلىك موزاي؛ 1. قاراقچى — باسقۇنچى، بۇلاڭچى؛ 2. قاراقچى — قوغۇنلۇقتا قاراقچى قويماق" ۋە باشقىلار.

c) بىرىككەن ۋە تەكرار سۆزلەر سۈپىتىدىكى شەكىلداش سۆزلەر: "1. چىم-چىم — چىم-چىم ئادەم، چىمچىق؛ 2. چىم-چىم — چىم-چىم قاينىماق؛ 1. زىڭ-زىڭ — چېكەتكىنىڭ بىر تۈرى؛ 2. زىڭ-زىڭ — زىڭ-زىڭ ئاغرىماق" ۋە باشقىلار.

**شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ياسىلىش يوللىرى.** شەكىلداش سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى تىل تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ، لۇغەت تەركىبىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق-گرافىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىشىغا، سېمانتىكىلىق ئاجرىلىشقا ئۇچرىشىغا ۋە چەتتىن سۆز قوبۇل قىلىش جەريانىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئەنە شۇ نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكىلداش سۆزلەرنى تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ.

1. شەكىلداش سۆزلەر تىلىمىزدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدە مەنە جەھەتتىن ئاجرىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، "تۆپە" دېگەندە، بىرىنچىدىن، بىر نەرسىنىڭ (تاغنىڭ، تامنىڭ، ئادەمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ) ئۈستىنى، **يۇقۇرى**

www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇرغان تەرىپىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچىدىن، باش كىيىمنى، قۇلاقچىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا شەكىلداش سوز دەرىجىسىگە يىتىپ، بىر-بىرىدىن تامامەن يىراقلىشىپ كەتكەن بۇ ئىككى سوزنىڭ مەنىسەدىكى بەزى مەنتىقىي مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ئوتمۇشتە "بىر نەرسىنىڭ توپىسى، ئۈستى" دىگەن چۈشەنچە ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئوچۇق كورۈۋۈپ تۇرىمىز.

"تىكمەك" شەكىلدىكى شەكىلداش سوزلەرنى ئالساق، ئۇلارمۇ ئەنە شۇنداق تەقدىرگە ئۇرتاق. چۈنكى، كويىنەك، ئوتۈك تىكىش جەريانىدىكى يىڭنىنى، يىگىزنى سانچىش بىلەن ياغاچنىڭ، گۈلنىڭ كوچىتىنى يەرگە تىكىش، ئولتۇرغۇزۇش ئوتتۇرىسىدا مەنىلىك ۋە مەنتىقىي مۇناسىۋەتنىڭ بولغانلىقى سوزسىز. بۇ مۇناسىۋەتنى ھازىرنىڭ ئوزىدىمۇ، جۈملىدىن، "تاماكا تىكمەك" دىگەن ئىبارىدىن روشەن بايقاشقا بولىدۇ. بۇ ئىبارىنى ئىنىق چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى "تاماكىنىڭ يوپۇرمىغىنى تىكمەك"، "تاماكىنىڭ كوچىتىنى تىكمەك" دەپ بولۇپ ئىيتىش لازىم.

شەكىلداش سوزلەر مەنە جەھەتتىن ئاجرىلىش ئارقىلىق پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇنىڭ يەنە ئىككى تۈرىگە توختىلىپ ئوتۇشكە بولىدۇ.

تىلىمىزدىكى بىر قاتار "مورفىملىق شەكىلداش سوزلەر" بىر تومۇرغا بىرلا قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىشىغا قارىماستىن، ئىككى-ئۈچ خىل مەنىنى ئىپادە قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، "تەپكە 1) تەپكە يىمەك؛ 2) قۇلاق تۈۋىدىكى بەزنىڭ ئىششىپ چىقىشى، يارا؛ 3) مىلتىقنىڭ تەپكىسى؛ 4) دۇتار-تەمبۇرنىڭ تىيىگى". مانا بۇ توت تۈرلۈك ئايرىم-ئايرىم مەنىگە ئىگە بولغان "تەپكە" سوزى گىراماتىكىلىق شەكلى تەرىپىدىن ئىلىپ

قارىغاندا، بىرلا سوز: ئۇ "تەپ - "پىشلىنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە ئىسىم ياسىغۇچى "-كە" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان. ئەمدى بۇ سوزنىڭ مەنىلىرىنى، بولۇپمۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۇچىنچى مەنىلىرىنى ئالساق، ئۇلار "تەپمەك"، "ئۇرماق"، "كوتەرمەك" چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردىكى سېمانتىكىلىق ۋە مەنتىقىي مۇناسىۋەت ئۇيغۇر تىلىدا سوزلۇكچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېنىق بايقىلىدۇ. "تارتما" (1. ئۇستەلنىڭ تارتمىسى؛ 2. ئېگەرنىڭ تارتمىسى) دېگەن بۇ شەكىلداش سوز ھەققىدىمۇ ئاشۇ پىكىرنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىمۇ ھەر ئىككى سوزگە ئورتاق "تارت - "پېئىلىنىڭ مەنە جەھەتتىن بولۇنۇشكە ئۇچرىغانلىقىنى كورىمىز.

شەكىلداش سوزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن ئاجرىلىش يولى بىلەن ياسىلىشىنىڭ يەنە بىر تۇرى — ئۇ تىلىمىزدىكى ئايرىم سوزلەرنى سېمانتىكىلىق ئانالوگىيە (سىلىشتۇرۇش) ئاساسىدا ئىككىنچى بىر يېڭى مەنىدە ئىشلىتىشكە مۇناسىپ ھالدا كېلىپ چىقىدۇ. مىسال ئۇچۇن "بوغۇم"، "قولتۇق"، "تومۇر" قاتارلىق سوزلەرنى ئېلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي مەنىسىگە قوشۇمچە ئىككىنچى مەنىگە ئىگە بولماقتا. مەسىلەن، "بوغۇم 1. بىر بوغۇم چوپ؛ 2. قومۇچنىڭ بوغۇمى؛ 3. بوغۇم (گىرامماتىكىدا)؛ قولتۇق 1. ئادەمنىڭ قولتۇغى، قولتۇقىغا سۇ پۇركۇمەك؛ 2. كول، دېڭىز، ئوكيان سۇلىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا كىرىپ تۇرغان قىسمى؛ 3. بىر قولتۇق ئوتۇن؛ تومۇر 1. قولنىڭ، ياغاچنىڭ تومۇرى (تومۇرىنى تۇتماق)؛ 2. سوزنىڭ تومۇرى، تومۇر سوز؛ 3. (ماتېماتىكىدا) سانىنىڭ تومۇرى". بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئوتۇش كېرەككى، يۇقۇرىدىكى سوزلەرنىڭ يېڭى مەنىگە ئىگە بولۇشى، دېمەك، شەكىلداش سوزلەرنى تەشكىل قىلىشى كېيىنكى يىللاردا ئاتالغۇ ئىجادىيىتىگە ئەگىشىپ بايقالماقتا. ئۇلار ئاساسەن، ئەينەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن سۆز ھاسىل قىلىش جەريانىدا مەيدانغا كەلمەكتە.

2. چەت تىللاردىن سۆز ۋە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش جەريانىدىمۇ شەكىلداش سۆزلەر ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "قىسىم" (قىسىم كورسەتمەك. سۇنىڭ قىسمى) دېگەن سۆز بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن "قىسىم" (بىرىنچى قىسىم، ھەربىي قىسىم) شەكىلداش سۆز بولىدۇ. شۇنداقلا، ئىران تىللىرىدىن كىرگەن "شاخ" (دەرەخنىڭ شېخى، پۇتىغى)، رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن "شاخ" (شاخ بەرمەك ـــ شاخمات ئويۇنىدا) ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى "شاخ" بۇغداي شاخ چىقىرىپ كەتتى) دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا شەكىلداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ئۈچ تۇرلۇك شارائىتتا مەنىداش سۆزلەر قاتارىغا كىرىشى مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، چەتتىن كىرگەن سۆزلەرمۇ، تىلىمىزدىكى سۆزلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدە تۇرۇپ شەكىلداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، "1. ماي ـــ ياغ، گازىر مېيى، قوي مېيى، سېرىق ماي؛ 2. ماي ـــ ماي بايرىمى".

ئىككىنچىدىن، چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق شەكلى ئۆزگەرتىلىپ ئېلىنغاندا، تىلدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆز بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، "1. قېرىنداش (ئۇيغۇرچە) قېرىنداش خەلقلەر؛ 2. قېرىنداش (رۇسچە) سىيا قېرىنداش؛ 1. قولاق (ئۇيغۇرچە) قولاق سالماق، دۇتارنىڭ قولىغى؛ 2. قولاق (رۇسچە) قولاق (باي دېخان)؛ 1. چوت (ئۇيغۇرچە) كەتمەن ـــ چوت؛ 2. چوت (رۇسچە) چوت سوقماق؛ 1. پوت (ئۇيغۇرچە) ئىككى پۇتىنى بىر ئۇتۇككە تىقماق (ماقال)؛ 2. پوت (رۇسچە) بىر پوت بۇغداي" ۋە باشقىلار.

ئۇچىنچىدىن، چەت تىللاردىن كىرگەن سوزلەر ئوزىنىڭ ئەسلى شەكلىدە تۇرۇپمۇ، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا مۇۋاپىق ئوزگەرگەن شەكلىدە تۇرۇپمۇ، ئوزئارا شەكىلداش سوزلەر تۇزۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، "1. ئەسىر (ئەرەبچە) — تۇتقۇن، ئەسىرگە چۇشمەك؛ 2. ئەسىر (ئەرەبچە) — يۇز يىل — بىر ئەسىر، 20 ـ ئەسىر؛ 1. شال (پارسچە) — تازىلانمىغان گۇرۇچ؛ 2. شال (رۇسچە) — تىۇتىشال، ياغلىق؛ 1. جىلىڭ (خەنزۇچە) — يىپرىم كىلو (جانلىق تىلدا)؛ 2. جىلىڭ (خەنزۇچە) — ساپ، تازا، چىن، جىلىڭ ئالتۇن، جىلىڭ يىگىت، جىلىڭ ئۇيغۇر؛ 1. رەسىم (ئەرەبچە) — رەسىمگە چۇشمەك، سۇرەت؛ 2. رەسىم (ئەرەبچە) — رەسىمدە يوق، قائىدە، ئورپ ـ ئادەت؛ 1. پەن (ئەرەبچە) — ئىلىم، پەن؛ 2. پەن (خەنزۇچە) تاختاي، چەت پەن؛ 1. پەي (پارسچە) — ماموق، پەي ياستۇق؛ 2. پەي (خەنزۇچە) — جۇڭگو كارتىسى" ۋە باشقىلار.

3. مەنىداش سوزلەر تىلىمىزدىكى سوزلەردىن يىكى سوز ياساش ئارقىلىق ۋە ئۇلارنىڭ يىڭى مەنىگە ئىگە بولۇشى نەتىجىسىدىمۇ ۋۇجۇتقا كىلىدۇ. مەسىلەن، "ئاي + لىق 1. بەش ئايلىق بالا؛ 2 ئايلىق (مائاش)؛ چاق + ماق 1. چاقماق چېقىلماق؛ 2. چاقماق تاش؛ 3. چاقماق، چاقماق قىلىپ سىزماق، كۇادرات؛ 4. چاقماق قەنت؛ 5. چىنە چاقماق، ياڭاق چاقماق، گازىر چاقماق؛ 6. ھەرە چاقتى" ۋە باشقىلار.

4. كىشلەرگە قويۇلىدىغان ئىسىم ـ ئاتلارنىڭ ئايرىم قىسمى تىلىمىزدىكى بەزى سوزلەر بىلەن شەكىلداش بولۇپ كىلىدۇ. شەرتلىك رەۋىشتە بۇلارنىمۇ شەكىلداش سوزلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن.

"ئادىل (كىشى ئىسمى) ئادىل (ئادىل كىشى)؛

ئالماس (كىشى ئىسمى) — ئالماس (تاشنىڭ بىر خىلى)؛

**ئارسلان (كىشى ئىسمى)** — ئارسلان (**ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك**)؛
**باتۇر (كىشى ئىسمى)** — باتۇر (كوز قورقاق، **قول باتۇر**)؛
دەريا (كىشى ئىسمى) — دەريا (ئىلى دەرياسى)؛
باھار (كىشى ئىسمى) — باھار (كوكلەم، ئەتىياز)؛
دىلبەر (كىشى ئىسمى) — دىلبەر (گۈزەل، چىرايلىق)؛
كېچەش (كىشى ئىسمى) — كېچەش (كېچەش ھوكۇمىتى)؛
كەنجە (كىشى ئىسمى) — كەنجە (كەنجە بالا)؛
مودەنگۈل (كىشى ئىسمى) — مودەنگۈل (گۈلنىڭ بىر تۈرى) ۋە باشقىلار.

بەزى ۋاقىتلاردا خەلق تىلى، يەر-سۇ، شەھەر ۋە يېزا ئاتلىرىمۇ تىلىمىزدىكى سوزلەر بىلەن شەكىلداش سوزلەرنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "1. قالماق — كېتىپ قالماق؛ 2. قالماق — قالماق خەلقى؛ 1. چېچەن — ناتىق، سوزگە چېۋەر؛ 2. چېچەن — پاكىز، تازا؛ 3. چېچەن — چېچەن خەلقى" ۋە باشقىلار.

شەكىلداش سوزلەر قاتارىغا كىرىدىغان سوزلەرنىڭ ئىچىدە بەزىبىرلىرى تىل ئەمەلىيىتىدە مۇستەقىل مەنىنى بىلدۈرمەيدىغانلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر ۋاقىتلاردا ئالاھىدە تۇرۇپ، كونكىرىت مەنىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، تىل تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى دەرىجىسىدە دەسلەپكى مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، پەقەت ئايرىم ئىبارە ۋە سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، "1. ئەيلىمەك — تىرە ئەيلىمەك؛ 2. ئەيلىمەك — زوق ئەيلىمەك، زار ئەيلىمەك؛ 1. ئەدەپ — ئەدەپ ساقلىماق؛ 2. ئەدەپ — كويىنەكنىڭ ئەدىۋى؛ 3. ئەدەپ — ئەدىۋىنى بەرمەك؛ 1. قوناق — ئۈنچە-مارجان تاش ئىكەن، تېرىق-قوناق ئاش ئىكەن (ماقال)؛ 2. قوناق — مېھمان؛ 3. قوناق — سوزگە قوناق بەرمەسلىك".

ئومۇمەن ئالغاندا، شەكىلداش سوزلەر ھەر بىر تىلنىڭ فونېتىد-

گىلىق ـ گرافىكىلىق دەستۇر ـ قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق پەيـدا بولىدۇ ۋە ئۇلار دائىم شەرتلىك خاراكتىرغا ئىگە. ئۇنىڭ سەۋەۋى بىر سىستېـ مىدىكى تىللارنىڭ بىرىدە شەكىلداش سۆزلەر قاتارىغا كىرگەن سۆزـ لەر ئىككىنچىسىدە شەكىلداش سۆز بولماسلىـغى مۇمكىـن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىـكى ”ئىچ“ شەكىلدىـكى سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار ئۈچ شەكىلداش سۆزنى (1. ئوينىڭ ئىچ تەرىپى؛ 2. ئىچ ئاغـرىغى؛ 3. سۇ ئىچ، چاي ئىچ) تەشكىل قىلىدۇ. قازاق تىلىدىكى ”ئىش“ شەكـ لىدىـكى سۆزمۇ يۇقۇرىدىكىـدەك ئۈچ شەكىلـداش سۆزنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمـدى ئۇيـغۇر تىلىدىـكى ”ئاچ“ (1. ئىشىكـنى ئاچ؛ 2. قوسىغى ئاچ)، قازاق تىلىدىكى ”اش“ (1. ەسىكتى اش؛ 2. قارنى اش) دىـگەن شەكىلـداش سۆزلەرنى تۈركى سىـستېمىـدىكى تىـللار بىلەن، جۈملىدىن قېرىنداش خاكاس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقىـ دىغان بولساق، تۆۋەندىكى ئەھۋالنى كۆرىمىز:

| خاكاسچە | قازاقچە | ئۇيغۇرچە | سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىگە مىسال |
|---|---|---|---|
| as | as | ax | تاماق، تائام، غىزا |
| as | as | ax | داۋاندىن ئاش |
| as | ax | aq | قوسىغى ئاچ |
| as | ax | aq | كۆزۈكنى ئاچ |
| as | az | az | ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن |
| as | az | az | (ئېزىقماق مەنىسىدە) |
| as | — | — | (ھايۋاننىڭ بىر تۈرى) |

دېمەك، شەكىلداش سۆزلەر كاتېگورىيىسىنى كونكرېـت تىلنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گرافىكىلىق نورمىسىغا مۇۋاپىق قاراش لازىم.

ئۇيغۇر تىلىدا مەنە جەھەتتىن باشقا ـ باشقا، لېكىن ئېيتىلىشى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ يوق ئەمەس. مەسـىلەن، ”قاچا“ (قاچا ـ قومۇچ، قاچا گۈل) ۋە ”قا (ي)چا“ (رەخت كېسىدىغان قايچا) دىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوزلەرنى ئالساق، كېيىنكىسى ”ي“ تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ بىرىنچىسى ”قاچا“ بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق مەنىسى باشقا ـ باشقا، ئەمما ئېيتىلىشى ئوخشاش بولغان ئاھاڭداش سوزلەرنى ”ئوموفونلار“ دەپ ئاتايدۇ.

شەكلىمۇ، يېزىلىشىمۇ بىر خىل، لېكىن ھەر تۈرلۈك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، مەنىسى باشقا ـ باشقا سوزلەرنى ”ئوموگرافلار“ (ياكى ئوموگراملار) دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، ”1. بالا ــ مەن كويەرمەن بالامغا، بالام كويەر بالىسىغا؛ 2. بالا (تۇقىان تۇقىان تېپىشار، ياتقا بالا يېپىشار)“. بۇ مىساللاردىكى ”بالا“ سوزلىرى تەلەپپۇز قىلىنىشى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن سەل ـ پەل بولسىمۇ پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ”ئالما“ (غولجا ئالمىسى) دېگەن ئىسىم ۋە بۇيرۇق پېئىل ــ ”ئالما“ (ئالمىنى ئالما) شەكلىدىكى سوزلەرمۇ ئۆزئارا ئوموگرافلار قاتارىغا كىرىدۇ.

شەكىلداش سوزلەر، ئوموفون ۋە ئوموگرافلار تىل ئەملىيىتىدە، بولۇپمۇ، شېئىرىيەت تىلىدا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. شائىرلار ئۇلارنىڭ ھەر خىل مەنىنى ئىپادە قىلىش ۋە ئاھاڭداش بولۇپ كېلىش خۇسۇسىيىتىدىن كەڭ پايدىلىنالايدۇ؛ ئۇلار شېئىرىيەت ۋاستىلىرىدىن (ئاللىتېراتسىيە*، ئاھاڭ، قاپىيە) بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شەكىلداش سوزلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ”ياماق ياماپ، ياماق تاپ“ (ماقال).

---

* ئاللىتېراتسىيە ــ بەدىئىي نۇقتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىگرەك ئىپادە قىلىش ئۇچۇن كوپىنچە شېئىرلاردا، بەزى نەسرى ئەسەرلەردە بىر خىل ئاھاڭداش تاۋۇشلارنى تەكرارلاش.

## 11. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر
(ئانتونىملار)

ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سوزلەرنىڭ ئايرىم قىسمى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى مەنىلىك گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، "تاتلىق" دىگەن سوزنىڭ مەنىسى "ئاچچىق" دىگەن سوزنىڭ مەنىسىگە قارىمۇ-قارشى. شۇنىڭغا ئوخشاش "چوڭ-كىچىك، يۇقىرى-تۆۋەن، ئىلگىرى-كېيىن، ياخشى-يامان، قاتتىق-يۇمشاق، قېرى-ياش، ئاز-كۆپ، ئۇزۇن-قىسقا، راست-يالغان، ئىگىز-پەس" قاتارلىق سوزلەرمۇ مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولۇپ كەلگەن. مەنىسى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى سوزلەرنىڭ جۈپىنى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر دەپ ئاتايدۇ.

قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر بىر-بىرىگە زىت چۈشەنچىلەرنىڭ مەنتىقىي بىرلىگىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق مەلۇم شەيئى ۋە ھادىسىلەر سان ۋە مولچەر مىقدارىدا، ئورۇن تەرتىۋىدە، شارائىت ۋە ھالىتىدە بولىدىغان قارىمۇ-قارشىلىقنى كورسىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەسۋىرلەشتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر خەلق ماقال ۋە تەمسىللىرىدە، تېپىشماق ۋە باشقا ناخشا-قوشاقلاردا پات-پات ئۇچرايدۇ. ماقاللار:

**ئاز سوزلە، كوپ ئىشلە.**
**قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرۇت يەر.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ياخشىغا — ئىشارەت،**
**يامانغا — جۇۋالدۇرۇز.**
ئاشنالىق ئاسان، جۇدالىق تەس.
ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار خوشنا ياخشى.
چوڭ بولساڭ، ئۆزەڭنى كىچىك تۇت.
ياخشى سوز جان ئوزۇغى، يامان سوز ئولۇم قوزۇغى.

## تېپىشماقلار:

پەس تام، ئېگىز تام،
بويى - قەددى سېمىز تام.
ئاخشىمى قارىسام جىق ئوق،
ئەتىسى قوپسام بىرىمۇ يوق.
كۈندۈزى تۈرۈك - تۈرۈك،
كېچىسى بۇلۇڭ سۈرۈك.
تېشى ئوزۇق، ئىچى قوزۇق.

**قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەرنىڭ تۈرلىرى.** قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر ئاساسەن ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش، پېئىلغا ئوخشاش سوز تۈركۈملىرىدىن ياسىلىپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەر خىل بولۇپ كېلىدۇ.

1. بەزى قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر تومۇر سوز شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئاچ — توق، قىش — ياز، ئوڭ — سول، كىر — چىق، تۇر — يات، ئاق — قارا، بار — يوق، نېرى — بېرى" ۋە باشقىلار.

2. قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەرنىڭ تولىسى ھەر تۈرلۈك قوشۇمچىلار ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، "قاراڭغۇ — يورۇق، قاتتىق — يۇمشاق، ئاچچىق — تاتلىق، بايلىق — گادايلىق، ئېلىش — بېرىش، كىرىم — چىقىم" ۋە باشقىلار. بۇلاردىن باشقا، "-سىز، -بى، -نا" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان سوزلەرنىمۇ قارىمۇ - قارشى

مەنىلىك سوزلەر دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، "ھاللىق — ھالسىز، كۈچلۈك — كۈچسىز، بىساقەت — تاقەتلىك، بىخەۋەر — خەۋەردار، نائىنساپ — ئىنساپلىق.

3. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەرنىڭ ئايرىم قىسمى مۇرەككەپ (بىرىككەن ۋە قوش) سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، "ئاچكوزلۇك — سېخىلىق، خوشال-خۇرام — قايغۇ-ھەسرەت، ئاتلىق-تۇرۇم — ئاچچىق-چۇچۇك، باياشات — كەمبارلىق (كەمكۈتا)" ۋە باشقىلار.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى قوش سوزلەرنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، "ھايات-مامات، بولار-بولماس، بارى-يوقى، ئېلىش-بېرىش، ئىلگىرى-كېيىن، ئاز-تولا، ئالدى-كەينى، كېچە-كۈندۈز، كېلىم-كېتىم" ۋە باشقىلار.

قارىمۇ-قارشى مەنىلىك جۈپلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى سوزلەرنىڭ پەقەت بىر خىل تومۇر سوزلەردىن، ياسالما سوزلەردىن ياكى مۇرەككەپ سوزلەردىن بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس. قارىمۇ-قارشى جۈپلۈك سۆپىتىدە، تومۇر ۋە ياسالما سوزلەر، تومۇر ۋە مۇرەككەپ سوزلەر، ياسالما ۋە مۇرەككەپ سوزلەر قاتار تۇرىۋېرىدۇ. مەسىلەن، "ئىسسىق — سوغاق، قورقاق — باتۇر، ئارتۇق — كەم، كۈندۈز — تۈن، يېنىك ئېغىر-بېسىق (ئادەم)، تار-تاپچىق — كەڭتاشا، توكلۇق-تۆپاللىق — سىپايىلىق، جىمجىت — چۇقان-سۈرەن" ۋە باشقىلار.

**قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەرنى مەنىسگە قاراپ بولۇش.**

سېماسىئولوگىيە ساھەسىدىكى باشقا سوز گۇرۇپپىلىرىغا ئوخشاش قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەرمۇ مەنە جەھەتتىن خىلمۇ-خىل بولۇپ كېلىدۇ. ئايرىم سوزلەرنىڭ كونتېكستتا بىرنەچچە مەنىلىك رەڭگە ئىگە بولۇشىغا ئەگىشىپ بەزىدە قارىمۇ-قارشى جۈپى بىر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كوپ سوزلەر بىلەن قارىمۇ-قارشىلىق مۇناس...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەتتە تۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، "قېلىن" سۆزىنى ئالساق، ئۇ ھازىرقى ۋاقىتتا 3 ـ 4 مەنىگە ئىگە ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ 3 ـ 4 سۆزنىڭ قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك (ئانتونىملىق) جۈپى بولالايدۇ. "1. قېلىن (قېلىن قەغەز، قېلىن تاختاي) ــ نېپىز؛ 2. قېلىن (قېلىن چاچ، قېلىن قوراي) ــ شالاڭ؛ 3. قېلىن (قېلىن ئۈزۈك تاۋۇش) ــ ئىنچىكە". بۇلاردىن باشقا ئۇ "قېلىن مۇناسىۋەت"، "قېلىن دوست"، "يۈزى قېلىن ئادەم" دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەردە تۇرۇپ، باشقا سۆزلەرنىڭمۇ قارىمۇ ـ قارشى جۈپى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ "قېلىن" سۆزىگە يېقىن تۇرغان بىرنەچچە قارىمۇ ـ قارشى جۈپنىڭ بىردىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قارىمۇ ـ قارشى (ئانتونىم) سۈپىتىدە تەرەققى قىلىش يولىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، بىز مۇنۇ تۆۋەندىكى ئەھۋالنى كۆرىمىز:




كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ئىسخېمىدىكى "قېلىن" سۆزىنىڭ قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك تەركىۋى قىسمى ــ "شالاڭ" سۆزى "قويۇق" دېگەن سۆز بىلەن كېلىپ قارىمۇ ـ قارشىلىق مەنىنى ئىپادىلىسە، "قويۇق" سۆزى ئۆز نۆۋىتىدە "سۇيۇق" سۆزى بىلەن كېلىپ، ئۈچىنچى بىر يېڭى قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك (ئانتونىم) جۈپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ ئەھۋال شۇنى تەكىتلەشنى تەلەپ قىلىدۇكى، تىلىمىزدىكى بىر سوز پەقەت بىرلا سوز بىلەن قارىمۇ-قارشى مەنىلىك (ئانتونىملىق) مۇناسىۋەتتە تۇرۇشى شەرت ئەمەس. ئەكسىچە، ھەر بىر سوز ئۇزىد-نىڭ مەنىلىك تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كوپ قارىمۇ-قارشى سوزلەرنىڭ تەركىۋى قىسمى بولالايدۇ.

بىر سوزنىڭ بىرنەچچە سوز بىلەن قارىمۇ-قارشى مەنىلىك مۇنا-سىۋەتتە تۇرۇشى كوپىنچە مەنىداش سوز قاتارىنى تەشكىل قىلغۇچى مەنىداش سوزلەرنىڭ سانىغا باغلىق بولىدۇ:




مانا شۇ يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن قارىمۇ-قارشى مەنىلىك (ئانتونىملىق) جۇپلەر، مەنىداش سوزلەر (سىنونىملار)، شەكىلداش سوزلەر (ئومونىملار) كاتېگورىيىلىرىگە ئوخشاش، ئاساسەن مەلۇم كونتېكستلاردا، جۇملە تەركىۋىدە روشەن بايقىلىدۇ. ئۇلارنى ئوز جايىدا، ئورۇنلۇق پايدىلىنىش چوڭ ئىستىلىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەرنى مەنە خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرلەچچە ساھەگە بولۇپ قاراشقىمۇ بولىدۇ:

1. ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ مىقدار ۋە ئۆلچىمىنى، ھالەت ۋە ماھىيىتىنى ئىپادىلىگۈچى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر: "ئارتۇق—كەم، ئۇزۇن—قىسقا، ئىگىز—پاكا، يىراق—يېقىن، ئوڭ—تەتۈر، يوغان—كىچىك، ئاسان—تەس" ۋە باشقىلار.

مىساللار:

ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس،
كېسە-كېسە قىسقىرىدۇ؛
تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس،
سوقا-سوقا ئۇزۇرىدۇ. (ماقال)

ئىگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە،
پاكانىڭ جېنى چىقىپتۇ. (ماقال)
ئاز بولسا كېتەر،
كۆپ بولسا يېتەر. (ماقال)

2. شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ سان ۋە ساپاسىنى ئىپادىلىگۈچى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سۆزلەر: "يېڭى—كونا، ئوبدان—ئەسكى، ياخشى—يامان".

مىساللار:

بارلىق نېمە دىگۈزمەس،
يوقلۇق نېمە يېگۈزمەس. (تەمسىل)
يېڭىنى كونا ساقلار. (ماقال)

ئاز سۆزلە، كۆپ ئاڭلا،
ئاز يە، كۆپ چاينا. (ماقال)
ياخشىغا—بىر سۆز،
يامانغا—مىڭ سۆز. (ماقال)

3. ئادەمنىڭ جىنسى ۋە يېشىغا، ئۇرۇق-تۇققانچىلىقىغا مۇناسىپ ئىشلىتىلىدىغان قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر: "ئەر-ئايال، ئوغۇل-قىز، قېرى-ياش، ھەدە-سىڭىل، ئېگىچە-سىڭىل، ئاكا-ئۇكا، ئاكا-ئىنى" ۋە باشقىلار.

مىساللار:

ياش كەلسە-ئىشقا،<br>
قېرى كەلسە-ئاشقا. (ماقال)

چوڭ ھورمەت قىلسا،<br>
كىچىك خىزمەت قىلىدۇ. (ماقال)

خوتۇن ئەرگە قارايدۇ،<br>
ئەر يەرگە قارايدۇ. (ماقال)

ئاكا، ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزەرى يوق.<br>
(ماقال)

قىزىم يەپ، قىرغا چىقتى،<br>
ئوغلۇم يەپ، — ئوۋغا. (ماقال)

4. شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ تۈرى ۋە رەڭگىگە، تۈز-تەمگە، ئىسسىق-سوغۇقلىقىغا، ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر: "ئاق—قارا، ئۇچۇق—سۇس، تەملىك—تەمسىز، مىزىلىك—لاۋزا، كۈن—تۈن، ئەتە—كەچ" ۋە باشقىلار.

مىساللار:

ئاق ئىت، قارا ئىت—ھەممىسى بىر ئىت.<br>
(تەمسىل)

نەسىھەت ئاچچىق،<br>
مېۋىسى تاتلىق. (ماقال)

ئەخمەق كۈندۈزى چىراق ياقىدۇ،<br>
يېغى تۈگەپ، كېچىسى ئايىغا باقىدۇ. (ماقال)

5. ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىقىنى ۋە باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك سوزلەر: ”كەلىبە ـ كەلمەس، بولار ـ بولماس، بارماق ـ كەلمەك، ئېلىش ـ بېرىش، كىرىش ـ چىقىش“ ۋە باشقىلار.

مىساللار:

ئالغاندا — ”بىسمىللا“،
بەرگەندە — ”ئەستەغفىرۇللا“. (ماقال)
كىشىگە كۆلمە ئۆزەڭ يىغلايسەن.
(ماقال)

قان بىلەن كىرگەن،
جان بىلەن چىقار. (ماقال)
ئېلىشنىڭمۇ بېرىشى بار.
(ماقال)

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئادەملەرنىڭ ھەس ـ تۇيغۇلىرىنى، خۇلق ـ مىجەزىدىكى باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلىگۈچى قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك سوزلەر: ”دوست — دۈشمەن، ئىناق — زىت، خۇشال — خۇرام ـ قايغۇلۇق، مەغرۇرلۇق — مىسكىنلىك، راھەت — ئازاپ، خۇشكۆڭۈل — كوڭۈلسىز.

مىساللار:

ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن
ياخشى. (ماقال)
بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس،
بىر — يامانلىق. (ماقال)
— ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟
— ئىزدىسە تېپىلار.
(ماقال)

**قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك سوزلەرنى ئىشلىتىشتىكى ئالاھىدىلىكلەر.**
**ئايرىم** سوزلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك مۇناسىۋەت

ئۇلارنىڭ بىر جۈملە تەركىۋىدە ئىشلىتىلىشىگە قاراپ بايىقىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى قاتار ئىيتىش، يەنى زىت چۈشەنچىلەرنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويۇش گۈزەل ئەدەبىياتتىكى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ بىر. ئىككىنچىدىن، قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەرنىڭ قانداق شەكىلدە ئىشلىتىلىشىمۇ، مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۈملە تەركىۋىدە قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر باش كىلىش شەكىلدە تۇرۇشى شەرت ئەمەس. ئۇلار ئەتراپىدىكى جۈملە بولەكلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە تۇرۇپ بىر خىل ھەم ھەر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلدە تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىڭغا ماڭساڭ، كەينىڭگە قارا.

(ماقال)

ئاخشىمى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق،
كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق.

(ماقال)

ئاچلىقتا تۇتقان قاچاقنى توقلۇقتا ئۇنتۇما.

(ماقال)

كورۇپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى "ئالدى-كەينى، ئاخشام-كۈندۈز، ئاچلىق-توقلۇق" دىگەن قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەر كىلىش ۋە ئىگىلىك شەكىللىرىدە تۇرۇپ باغلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر خىل شەكىلدە تەكرارلىنىپ كەلگەن. قارىمۇ-قارشى مەنىلىك سوزلەرنىڭ بۇنداق بىر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلدە تەكرارلىنىپ كىلىشى تولاراق شېئىرىيەتتە، ماقال-تەمسىل ۋە تېپىشماقلاردا ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇنى تۇراقلىق، قانۇنىي ھادىسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بەزىدە سوزلەر ھەر تۈرلۈك شەكىلدە تۇرۇپمۇ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ:

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقماقنىڭ ـ چۈشمىگى

(ماقال)

ئالماقتىن بەرمەك ئەلا.

(ماقال)

قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك جۈپ جۈملىنىڭ بىر خىل بولىگىمۇ، ھەر خىل بولىگىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە جۈپىنىڭ بىرسى ئىگە بولۇپ كەلسە. ئىككىنچىسى خەۋەر، شۇنداقلا ئىگە ـ ئېنىقلىغۇچى، ئىگە ـ تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ـ خەۋەر، تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر شەكلىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن، قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك جۈپ سۆزنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىۋىمۇ ھەر خىل بولۇپ كېلىدۇ. بەزىدە ئۇلار قاتار تۇرسا، بەزىدە بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ئەرزەن بىلەن قىممەتنىڭ
بازاردا چىققان نەرقى بار.

(ماقال)

تىلىڭ قاتتىق بولسا، ياغلىۋەت،
يۇمشاق بولسا، داغلىۋەت.

(ماقال)

كېچىسى ماڭغان ئەرنىڭ ئۆمرى كوتا،
كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى كوتا

(ماقال)

قۇش قانتى بىلەن ئۇچار،
قۇيرۇغى بىلەن قونار.

(ماقال)

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغىچە،
ياخشىنىڭ يامىنى بول؛
قارىمۇقنىڭ دېنى بولغىچە،
بۇغداينىڭ سامىنى بول.

(ماقال)

## 12. مېتافورا*

ھەرقانداق تىل ئۇزىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەرنى پەقەت ئاساسىي، باش كېلىش مەنىسىدىلا ئىشلىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھىسسىياتلىق ۋە تەسىرلىك مەنىلىرىدىمۇ تولۇق پايدىلىنىدۇ. شۇنداق پايدىلىنىشنىڭ بىر تۈرى سوزلەرنىڭ مېتافورالىق مەنىسىگە ئاساسلىنىدۇ.

ئوبيېكتىپ بارلىقتىكى ھەرقانداق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ، ۋەقە ۋە ئىش-ھەركەتنىڭ ئارىسىدا بەزى ئوخشاشلىق، بىر-بىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئايرىم بەلگىلەر، ئومۇمى، ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. شۇنداق بىر شەيئى (ھادىسە) بىلەن ئىككىنچى بىر شەيئى (ھادىسە)نى ياكى شەيئىنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ئاساسىدا شۇ شەيئىلەرنى ئىپادىلىگۈچى سوزلەرنىڭ مەنىسىدىمۇ يېڭى مەنىلىك رەڭ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، "پۇت، كوز، چىش"قا ئوخشاش سوزلەرنى ئالساق، ئۇلارنى ئۇزلىرىنىڭ باش كېلىش مەنىسىدىمۇ ۋە مېتافورالىق مەنىسىدىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. باش كېلىش مەنىسىدە: "1. ئادەمنىڭ پۇتى (ئىككى پۇتنى بىر ئوتتۇككە تىقماق؛ پۇتى كويىگەن توخۇدەك؛ يوتقانىغا قاراپ پۇت سۇن)؛ 2. ئادەمنىڭ كوزى (كوزگە ئىلمىغان، پۇتقا چوماق؛ كوز-قورقاق، قول-باتۇر)؛ 3. ئادەمنىڭ چىشى (چىشى چىققان بالىغا چايناپ بەرگەن ئاش بولماس)". ئەمدى مۇشۇ سوزلەرنىڭ مەنىسى ئاساسىدا مېتافورالىق مەنە كېلىپ چىقىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، "پۇت، كوز، چىش" دىگەن سوزلەر پەقەت ئادەمنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن

---

* مېتافورا — تەمسىل قىلىش، ئوخشىتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېيتىلىپ قالماي، بەلكى ئابستىراكتىلىنىش نەتىجىسىدە باشقا نەرسە-لەرنىڭ "پۇت، كوز، چىش"لىرىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ئۇستەلنىڭ پۇتى، بۇلاقنىڭ كوزى، كۇنىنىڭ كوزى، ھەرپىنىڭ چىشى، تاغاقنىڭ چىشى".

سوزلەرنى ئەنە شۇنداق مېتافورا سۇپىتىدە ئىشلىتىش سوز مەنە-لىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى بىردىن-بىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل قانچىلىك تەرەققى قىلغان بولسا، تىلمۇ شۇنچىلىك باي، ئىستىل مۇمكىنچىلىكى مول، ئەۋرىشىم بولىدۇ. سوزلەرنى مېتافورالىق مەنىدە ئىشلىتىش ئاساسىدا ئېيتماقچى بولغان پىكىرىمىزنى سوزنىڭ يالاڭ، ئۇدۇل مەنىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى كوچمە مەنىسى ئارقىلىق، ئوبرازلىق رەۋىشتە ئالاھىدە تەسىرلىك رەڭ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئىمكانىيەت تاپىمىز. مەسىلەن، "مېغىز" دېگەن سوز ئادەتتە "ئۇرۇك مېغىزى"، "ياڭاق مېغىزى" دېگەنگە ئوخشاش مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. تىل ئەمەلىيىتىدە "مېغىز" سوزىنى "گەپنىڭ مېغىزى يوق"، "مېغىزلىق گەپ (سوز)" دەپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە: "ئەستەر-لىك چاپان—ئەستەرلىك گەپ، يوغان ئوي—يوغان گەپ، قاناتلىق قۇش—قاناتلىق سوز" دەپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ كونتېكستىكى مېتافورالىق مەنىلەر، ئەلۋەتتە، ئاشۇ "مېغىز، ئەستەرلىك، يوغان، قاناتلىق" سوزلىرىنىڭ ئاساسىدا ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش نەتىجە-سىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى چوقۇم.

سوزلەرنىڭ ئاددى مەنىدىن مېتافورالىق مەنىگە يوتكىلىشىنى مۇنۇ بىر مىسال ئارقىلىق كورسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، "يول" دېگەن سوزنى ئالساق، ئۇ ئىنسان تارىخىنىڭ ئوتمۇشتىكى بىر دەۋرىدە پەقەت يەر ئۇستىدە ماڭىدىغان يولنىڭ تۇرلىرىنى بىلدۇ-رەتتى. بارا-بارا كىيىمنىڭ كەشپ قىلىنىشىغا ۋە سۇ ئارقىلىق قاتناش-

نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ "يول" دېگەن ئۇقۇم قۇرۇقلۇقتىكى يولدىن باشقا، سۇ (دەريا، دېڭىز، ئوكيان) يوللىرىنىمۇ بىلدۇ-رۈشكە باشلىغان. ھازىرقى ۋاقىتتا ھاۋا قاتنىشىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ "ھاۋا يولى" دېگەن يېڭى ئۇقۇم پەيدا بولدى.

بۇ مىساللاردىن بىز سۆزنىڭ ئاددى مەنىسى ئاساسىدا، بىر ۋە بىرنەچچە قوشۇمچە مېتافورالىق مەنىنىڭ پەيدا بولۇش يولىنى (جەر-يانىنى) كۆرىمىز. لېكىن سۆزلەرنىڭ مېتافورالىق مەنىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇراقلىقلىقى، دائىملىقلىقى جەھەتتىن بىر خىل ئەمەس. بەزى مېتافورا تىل ئەمەلىيىتىدە بىرلا قېتىم كۆرۈنسە، يەنى ئايرىم شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىلا ئىشلىتىلىشى بىلەن چەكلەنسە، ئۇلار-نىڭ بەزىلىرى ھەر ۋاقىت تىلنىڭ تەييار ماتېرىيالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، "ئات ـ ئادەمنىڭ قانىتى، پۇل ـ سۇ، ۋاقىت ـ سائەتتى تۈگىدى" دېگەندىكى "قانات، سۇ، ۋاقىت ـ سائەت" كە ئوخشاش سۆزلەر مېتافورا مەنىسىدە پەقەت ئايرىم كونتېكستلاردىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمدى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن "پۇت، كۆز، چىش" دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار تىلدىكى تەييار تۇرغان تۇراقلىق مېتافورالار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مېتافورالارنى ئەدەبىي مېتافورا ۋە شەرتلىك مېتافورا دەپ شەرتى-لىك رەۋىشتە ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ.

ئەدەبىي مېتافورا شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ تۈس ـ رەڭگى، تاشقى شەكلى، كۆزگە كۆرۈنگەندەك ئىش ـ ھەركەتنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ كېلىشىگە ئاساسەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. سېلىشتۇرۇلغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىگە مۇۋاپىق، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ (سۆزلىگۈچىنىڭ) شەخسى (سۇبيېكتىپ) پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە ۋە سۆز ئىشلىتىش ماھىرلىقىغا قاراپ بەزىدە ئەدەبىي مېتافورا بىرلا سۆزدىن ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەلگى بىرنەچچە سۆزدىن ئىبارەت تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن. ئۇلار ئادەتتە ”-دەك || -تەك“كە ئوخشاش سېلىشتۇرۇش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ”تاشتەك قاتتىق، پوكاندەك قىزارماق، ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك، قوينىڭ قوزىسىدەك، مۈشۈك يالىغاندەك، يەردىن يامبۇ تاپقاندەك، ئوغرى ئالمىغان پالازدەك“ ۋە باشقىلار.

بۇ خىلدىكى مۇرەككەپ مېتافورالارنىڭ لېكسىكا-سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش فرازېئولوگىيىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 13. مېتونىمىيە

سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ بىر تۈرى — مېتونىمىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئاتالغۇسى ئىككىنچى بىر شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ئېيتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ”مەن ئىككى چىنە چاي ئىچتىم“ دېيىشنىڭ ئورنىغا، بەزى چاغلاردا ”مەن ئىككى چىنە ئىچتىم“ دەپمۇ ئېيتىلىۋېرىدۇ. ”مېنىڭ ئائىلەم — مېنىڭ ئۆيۈم، بەشىنچى سىنىپ بالىلىرى ياخشى ئوقۇيدۇ — بەشىنچى سىنىپ ياخشى ئوقۇيدۇ“ دېگەن مىساللارمۇ ئەنە شۇنداق.

مەلۇم بىر شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئاتالغۇسى ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان، ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدىغان سۆز مېتونىمىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مېتونىمىيە باشقا سېمانتىكىلىق كاتېگورىيىدىكى سۆزلەرگە ئوخشاش ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئۇڭۇشلۇق شارائىت تۇغدۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ پىكىرنى ئەستەرلىك، ئىنچىكە

ئىپادىلەشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بەدىئىي تەسۋىر-لەش ئۇسۇللىرىنىڭ ۋاستىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مېتونىمىيە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ، ماقال، قوشاق ۋە تېپىشماقلاردا پات-پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

بىر تاۋاق ئاش كەلدى دەپ،
جېنىم سۆيۈندى؛
ئىككى قوشۇق ئالماي تۇرۇپ،
تۈۋى كۆرۈندى.

(ماقال)

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا،
بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى...

(ماقال)

ئىشىك ئاچتىم، تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر؛
قاشلىرى بەرگى قىياقتەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

(خەلق قوشىقى)

يار بېشىدا يېرىم كومەچ

(تېپىشماق)

يۇقۇرىدىكى "ئىككى قوشۇق ئالماي"، "بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى..."، "تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر"، "يېرىم كومەچ" دېگەن مىساللاردىكى "قوشۇق" سۆزى ئۆزىدىن كېيىن ئېيتىلىدىغان "ئاش"-نىڭ مەنىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. "بۇغداي" سۆزى بولسا، "ئىللىق" دېگەن سۆزنىڭ، "ئاي" سۆزى "چىرايلىق، گۈزەل قىز" دېگەن سۆزنىڭ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. تېپىشماقتىكى "يېرىم كومەچ" بولسا، "ئاي" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم بەلگە-سۈپەتلىرى ئارقىلىقمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ مېتونىمىيە ئۇسۇلى-

لىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

— تامىغىڭچۇ؟! تامىغىڭ ساقتۇ؟! — دىدى يەنە بايىقى ئۇچكە ساقال («كوممۇنىزىم توغى» 61، 1، 12).

## 14. تابۇ ۋە ئېۋفېمىزىملار*

تابۇ — بەزى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، رەسىم-قائىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئېتنوگرافىيىلىك چۈشەنچىنىڭ تىلدىكى كۆرىنىشى. بىر شەيئى ياكى ھادىسىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئېتى-نامى بىلەن ئاتىماستىن، ئۇنى ئىككىنچى بىر سۆز بىلەن ئاگلىتىش دىنىي-ئەپسانىۋىي چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۆز ئېتى بىلەن ئاتاشقا بولمايدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ تۈرلىرى، شۇنداقلا، مەنئى قىلىنىشىنىڭ ئاساس-سەۋەپلىرى ھەر بىر خەلقتە ھەر تۈرلۈك بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، پولىنېزىيىلىكلەرنىڭ، ئاۋستراليىلىكلەرنىڭ ۋە ئېسكىموسلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بويىچە، خەلق ئىچىدىكى ئاتاقلىق، داھى كىشى ئۆلگەندە ئۇنىڭ جەسىدىگە، ئۇنىڭغا تېگىشلىك نەرسىلەرگە قول تەككۈزۈشكە، شۇنداقلا ئايالى بىلەن سۆزلىشىشكە، ئۆلگۈچىنىڭ ئېتىنى ئاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئەپسانىۋىي چۈشەنچىگە ئاساسەن مەنئى قىلىنغان. شۇڭا بۇ خەلقنىڭ رەسىم-قائىدىسى بويىچە، ئۆلۈم-يېتىم، جىن-پەرىلەرنىڭ نامى، ھەرقانداق ئاغرىقلارنىڭ ۋە ئۆزلىرى ئوۋلايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئېتى ئوچۇق ئاتالماستىن، باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

---

* ئېۋفېمىزىم — قوپال، ئەدەپسىز سۆز ياكى ئىبارىنى باشقا سۆز ياكى ئىبارە بىلەن پەردىلەپ ئېيتىش.

تابۇ تۈركى تىللاردا سۆزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ رەسمى-قائىدىلىرىدىمۇ بار ھادىسە. مەسىلەن: ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن قازاق خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە، يېڭى چۈشكەن كېلىن قېيناتا-قېينانىسىنىڭ، ھەدە، سىڭىللىرىنىڭ، ھەتتا شۇ ئەلدىكى تۇرۇق-تۇققانلارنىڭ، ئەل چوڭلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا بولمايتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆز تەرىپىدىن ئات تېپىپ قويۇشقا، ياكى باشقا بىر سۆزلەر ئارقىلىق ئاتاشقا مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، ئەتراپى قومۇچلۇق دەريا بويىغا سۇ ئىچىشكە بارغان بىر ياش ئايال بورە يەۋاتقان بىر قوينى كۆرۈپ، ئۇنى پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ كەلگەنلىكىنى قېينانىسىغا: "سىلدىرامانىڭ ارجاغىندا، سارقىرامانىڭ بىرجاغىندا، ماڭىرامانى ۋۇلما جېپ جاتىر ەكەن، جانىمانى بىلەمەگە بىلەپ-بىلەپ، باۋىزداپ كېلدىم." دەپ چۈشەندۈرگەن ئىكەن. بۇ يەردىكى "سىلدىراما" — قومۇچ، "سارقىراما" — دەريا، "ماڭىراما" — قوي، "ۋۇلما" — بورە، "جانىما" — پىچاق، "بىلەمە" — بىلەي دېگەن سۆزلەر. بۇ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەلۋەتتە، شۇ ياش ئايالنىڭ قېيناتا، قېيىنىنى، قېيناغىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىسىملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: قامىسبېك، ۋزىنباي، قويكېلدى، قاسقىرباي، پىشاقباي، قايراقبېك. مانا بۇلار ئاشۇ ئاتىلارنىڭ تابۇلۇق خۇسۇسىيىتىدىن كېلىپ چىققان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بەزى تابۇ (مەنئى قىلىنغان) سۆزلەر ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى تابۇ سۆزلەر ئېتنوگرافىيىلىك ئاساسى جەھەتتىن يۇقۇرقى تىللاردىكى تابۇلار بىلەن ھەر ۋاقىت بىردەك بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ. ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ قوپال ئاڭلىنىشىغا ۋە خەلقنىڭ ياخشى رەسىم-قائىدىسىگە، ئۆرپى-ئادىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان مەنىلىك تۇسلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تابۇ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**مەسىلەن، خەلقىنىڭ مەدەنىي ھەستۇرى نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، "پالانىنىڭ ئايالى تۇغدى" دەپ ئېيتىش قوپال تۇيۇلىدۇ. شۇڭلاشقا** ئۇنى ئادەتتە "كۆزى يورىدى" دېگەن ئىبارە بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، قوپاللىق مەنىسىدىن قېچىش مەقسىدىدە ئېرى ئايالىنى "ئۇماق" دەپ چاقىرىشىنىڭ ئورنىغا "بالىلارنىڭ ئانىسى"، ئەكسىچە، ئايالى ئېرىنى "بالىلارنىڭ دادىسى" دېيىشى مۇمكىن.

تىلىمىزدىكى شۇ خىل تابۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋە تىل ئەمەلىيىتىدە ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدىغان سۆز ۋە ئىبارىلەرنى ئېۋفېمىزىم (بۇ سۆز گرېك تىلىنىڭ "سىپايە سۆزلەيمەن" دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان) دەپ ئاتايدۇ.

دېمەك، ئېۋفېمىزىملار مەنىلىرىدىكى بەزى قوپاللىق پەرقلىرىگە قاراپ ئەدەبىي تىلدا كۆپ قوللىنىلمايدىغان ۋە تابۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە تولۇق ياكى قىسمەن ئىگە بولغان سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجلىرىغا بىنائەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۆتكەن زامانلاردا "بوغاز" دېگەن سۆز ماللارغىمۇ، ئادەملەرگىمۇ نىسبەتەن ئېيتىلىشى ئېھتىمال ئىدى، لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا "بوغاز ئايال" دەپ ئېيتىش ناھايىتى قوپال ئاڭلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئاشۇ مەنىنىڭ ئۆزىنى سىپايە تۈردە ئىپادىلەيدىغان ئېۋفېمىزىملاردىن پايدىلىنىمىز: "ئېغىر ئاياق"، "ئىككىقات"، "ھامىلدار" ۋە باشقىلار. شۇنىڭغا ئوخشاش "ئۆلدى" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى "تۈگەپ قالدى"، "دۇنيادىن قايتتى"، "ۋاپات بولدى"، "قازا تاپتى"، "كۆز يۇمدى" دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

ئېۋفېمىزىملارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى تىلنىڭ لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، بولۇپمۇ، مەنىداش سۆزلەر قاتارىنىڭ ئۇسۇشىغا ئوڭۇشلۇق شارائىت تۇغدۇرىدۇ.

# III. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبى

## 15. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبى ھەققىدە ئومۇمى مەلۇمات

ئومۇمى خەلق ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىدىغان ھەممە سوزلەر، ئۇلارنىڭ كەڭ ياكى تار دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغانلىغىدىن، ئەسلى سوزلەر ياكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەر ئىكەنلىگىدىن قەتئىنەزەر، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تىلنىڭ پۈتكۈل لېكسىكىلىق زاپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئوسۇپ يېتىلگەن دەرىجىسىنى كورسىتىدۇ. لۇغەت تەركىۋى باي ۋە ھەر تەرەپلىمە بولغان تىل تەرەققى قىلغان تىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، تىلدىكى سوزلەرنىڭ سان جەھەتتىنلا كوپ بولۇشى تېخى ئۇنىڭ بايلىغىنى كورسەتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىم نەرسە تىلدىكى سوزلەرنىڭ سان جەھەتتىن كوپ بولۇشى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققى قىلغانلىغىدۇر. دىمەك، جەمىيەت ھاياتىنىڭ تۇرلۇك ساھەلىرىگە ئائىت ئىشلىتىلىدىغان سوزلەرنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تۇرغۇن بولۇشى، ئۇ سوزلەرنىڭ ھەر خىل زىل ۋە مۇرەككەپ ئۇقۇم ھەم چۇشەنچىلەرنى ئىپادە قىلالايدىغان بولۇشى، تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىگە، مەنىداش (سىنونىم) سوزلەرگە، ئۇسلۇبىي مۇمكىنچىلىكلەرگە باي ۋە ئەۋرىشىم بولۇپ كېلىشى، بىر-بىرىدىن روشەن پەرق قىلىنىدىغان ئاتالغۇلارنىڭ تۇراقلىق بولۇشى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى لۇغەت تەركىۋىنىڭ بايلىغىنى ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارقىتىلىشى

ئەتراپلىق تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

لۇغەت تەركىۋى تىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەڭ مايىل قىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جەمئىيەت ھاياتىدىكى ھەممە تەرەققىيات-لارنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا ئاستا-ئاستا كونا ساپادىن يېڭى ساپاغا كۆچۈپ، تۈرلىنىپ بارىدۇ. تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر بارا-بارا شۇ تىلنىڭ مۇكەم-مەللىشىشىگە، سىلىقلىنىشىغا، كۆپچىلىكنىڭ تەلىۋىنى تولۇقراق قاندۇ-رالايدىغان ھالەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچىدىن، ئايرىم نەرسە ياكى ئۇقۇملار بارغانسېرى ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ تەلەپلىرىنى قاناتلاندۇرالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇشتا پەيدىن-پەي ئۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇرمۇشتا ئۇز ئەھمىيىتىدىن ئايرىلىشقا باشلىغان چۈشەنچىلەرنىڭ ئىپادىسى (دېمەك، سۆزلەرمۇ) كونىراپ ئارخائىزىم ياكى تارىخىي سۆزلەرگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئەۋرەز، بولۇس، بەگ، ئاقساقال، يۈز بېشى، مىڭبېشى، ئونبېشى، نوكەر، كېنىزەك، ساپان، بوقۇسا، مورا ئوچاق، رامزان، خان، پىلتىلىك (مىلتىق)، ئوقيا، چەلپەك" ئوخشاش سۆزلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلقنىڭ مەدەنى تەرەققىيات دەرىجىسىدىن كېيىن قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلەيدىغان نەرسىلىرى بىلەن بىللە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئۇلار ئۆتكەن تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تارىخچى ۋە يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن قىسمەن قوللىنىلسىمۇ، ھازىرقى سوتسىيالىستىك ھاياتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىشلىتىل-مەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە يېڭى سۆز ۋە يېڭى

ئىبارىلەر كىلىپ قوشۇلدۇ. بۇنداق يېڭى لېكسىكىلىق قاتلام كونىرىغان ۋە لۇغەت تەركىۋىدىن چۈشۈپ قېلىشقا مايىل بولغان سۆزلەرگە قارىغاندا بىرنەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە يېڭىدىن كىرىپ قوشۇلغان سۆزلەرنى ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياساش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن: ”كولخوزچى، تىراكتور، بەشيىللىق، ئىشلەپچىقىرىش، ئىبرەتمە، يىغىلغۇ، كۆنۈلۈك، يامغۇرلۇق، مودىپەرەس“.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى جەمىيەت ھاياتىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە ئائىت سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىش يولى بىلەنمۇ بېيىيدۇ. بولۇپمۇ، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا خەلقئارا تىللاردىن نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرمەكتە. مەسىلەن: ”پارتىيە، سوۋېت، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، كومبايىن، ئېلېكتىر، زاۋۇت، فابرىكا، ئالگېبرا، گىراماتىكا، گېزىت، ژورنال، ئاتوم“ ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچىدىن، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئايرىم سۆزلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەنە جەھەتتىن كۆپ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ؛ ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرى ئۆز مەنىلىرىنى يوقىتىپ، ئاستا-ئاستا تامامەن ئىككىنچى بىر مەنىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىبىرلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى مەنىنى ئۈستىلەپ قوشۇۋالىدۇ. نەتىجىدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ”ئەمگەك“ دىگەن سۆز ”ئازاپ“، ”ئېغىرچىلىق“ مەنىسىدە قوللىنىلغان ئىدى①. ھازىرقى تىلىمىزدا بۇ سۆزنىڭ ئاۋالقى مەنىسى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن. ”ئەمگەك“

① س. يې. مالوۋ. «قەدىمقى تۈركى يازما يادىكارلىقلىرى» 364-بەت، 1951-يىل. موسكۋا-لېنىنگراد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ بىزدە ئادەمنى ھەم جىسمانىي ھەم روھىي يۈكسەكلىككە ئېلىپ بارىدىغان، ئادەمگە شەرەپ كەلتۈرىدىغان نەرسىگە ئايلاندى. "يول-داش"، "ئاداش" دېگەن سۆزلەرمۇ ئىلگىرى پەقەت بىللە يول ماڭ-غۇچى (سەپەرداش) ۋە ئىسىملىرى ئوخشاش (ئىسىمداش) كىشى دېگەن مەنىلەردىلا قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىر ئاشۇ بۇرۇنقى مەنىلىرىنىڭ ئۈستىگە "ئاغىنە"، "بۇرادەر" دېگەن مەنىلەرنى قوشۇۋالغان.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئۆزگىرىشلەر يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلار-دىنلا ئىبارەت ئەمەس. سۆزلەر تىلنىڭ تەرەققى قىلىش جەريانىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگىمۇ ئۇچرايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەكلىنى ئۈزلۈكسىز تۈرلەندۈرۈپ بارىدۇ: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى "كېرەك، كېمە، مەن، مەڭگۈ، ئولتۇردۇم، ياتاق، ياز، توخسەن"گە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سۆزلەر قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "كەرگەك، كەمى، مىن، مىڭگۈ، ئولتۇرتۇم، ياغاق، ياي، توققۇز ئون" شەكلىدە قوللىنىلغان①.

## 16. ئاساسىي لۇغەت فوندى

تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى لۇغەت تەركىۋىدىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمى، ئۇنىڭ مېغىزى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

لۇغەت تەركىۋى، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، لېكسىكىنىڭ ئەڭ ئۆزگىرىشچان قىسمى بولغانلىقتىن، تىلنىڭ ئاساسى بولالايدۇ ۋە

① قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللار س. يې. مالوۋنىڭ يۇقۇرىدا ئاتالغان كىتاۋىدىن ئېلىندى.

كۆپ ئالاھىدە ئېلىپ قارىغاندا، تىلدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. لۇغەت تەركىۋى تىلنىڭ گىرامماتىكىسى تەركىۋىگە ئۆتكەندىن كېيىنلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ناھايىتى تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولغانلىقىدا. بۇ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئاساسىي لۇغەت فوندىمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندىغا تەئەللۇق ئايرىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىدۇ، كېڭىيىدۇ، بارا–بارا لۇغەت تەركىۋىدىن ئالماشقان سۆزلەرنىڭ ھىساۋىغا بىيىپ، ئۇنىڭ زاپىسى كۆپىيىدۇ ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە، شۇ زاپاستىكى ئايرىم سۆزلەر كونىرايدۇ ۋە باشقىلار. لېكىن ئاساسىي لۇغەت فوندىدا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر لۇغەت تەركىۋىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى ئاستا ۋە سۇس ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دېمەك، ئاساسىي لۇغەت فوندى لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئەڭ مۇھىم مېغىزى سۈپىتىدە تىلغا ئەسىرلەر بويى خىزمەت قىلىدۇ. ئاساسىي لۇغەت فوندىدىن بىرنەچچە تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا ئۈگۈشلۇق پايدىلىنىش مۇمكىن بولغانلىقتىن، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەكسىچە، ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جىددى ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولۇشى ئومۇمەن تىلنىڭ كاردىن چىقىشىغا، كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىگە ئېلىپ بارغان بولاتتى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ كونا يازما يادىكارلىقى بولغان «مانىخېيلەرنىڭ تۆۋا دۇئاسى»دا مەسىلەن: ئاي، "ئالىتە، ئاداق، بەش، بىر، بول (ماق)، بۇ، بىل (مەك)، بىز، بار، كۈن، ئىككى، قورقۇت(ماق)،

كىشى، مۇنچە، ئون، پۇت، نەچچە، سوز، سۇ، ئوز، تۇرلۇك، تەگرى، تورت، ئۈچىنچى" ۋە باشقىلار،① 10 ـ ئەسىردىكى قولىيازما «ئالتۇن يارۇق» تا مەسىلەن: "ئات، ئاش، ئەرتە، بار، بەگ، بىر، بول (ماق)، دى (مەك)، ئىكەن، يۈرەك، غاز، ئىچ(مەك)، كەل(مەك)، كىشى، كۆن، كور (مەك)، كىيىن، قاچ (ماق)، قىز، قوي، نەچچە، ئون، ئوردەك، ئول (مەك)، ئوت (مەك)، توگۇز، تورت، تۇر (ماق)، توخۇ، سوز، ئۇلۇغ، ئۈي (ئۆد)"②، 10 ـ 12 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ھوججەتلىرىدە مەسىلەن: "ئال (ماق)، ئاي، ئەمدى، ئەل، بەگ، بول (ماق)، بەر (مەك)، يىگىرمە، يىل، يېرىم، يەر، ئىككى، كىشى، كىرەك، يوق، قىل (ماق)، ماڭا، نەچچە، ئۆزگە، مەن، سەن، سوز، سەككىز، توخۇ، ئۈچۈن، يامان③، «قۇتادغۇ بىلىك»داستانىدا مەسىلەن: ئالىم، ئاي، ئادەم، بار، باش، بىلىك (بىلىم)، بىلەن، بول (ماق)، جاۋاپ، ئىككى، كەل(مەك)، كىتاپ، كۆن، كىرەك، كىشى، قىز، قىل (ماق)، دوستە، ئون، ئوز، ئوغۇل، سوئال، سوز، پادىشا، تامام، تەگرى، تۇت(ماق)، تۆگەل، چۇش، خان، يۇلتۇز، ئۆگەت (مەك)، ياز"④ قاتارلىق سوزلەر بار. يۇقۇرىدا مىسال كەلتۇرۇلگەن سوزلەرنىڭ زور كوپچىلىگى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كەڭ تۇردە ئومۇميۇزلۇك قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇ دىگەنلىرىمىزدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرىدا ئاساسىي لۇغەت فوندىغا تەئەللۇق سوزلەر ھازىر تولۇغى

① س. يې. مالوۋ. «قەدىمقى تۈركى يازما يادىكارلىقلىرى» 117 ـ بەت. 1951 ـ يىل. موسكۋا ـ لېنىنگراد.

② س. يې. مالوۋ. «قەدىمقى تۈركى يازما يادىكارلىقلىرى». 15 ـ بەت. 1951 ـ يىل. موسكۋا ـ لېنىنگراد.

③ شۇ كىتاپ. 202 ـ ۋە 216 ـ بەتلەر.

④ يۇقۇرىدىكى كىتاپ. 24 ـ 25 ـ بەتلەر.

بىلەن ساقلانغان دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئايرىم سوزلەر ئۇز دەۋرىنىڭ تەلىۋىگە يارىشا ئەڭ مۇھىم نەرسە ياكى چۈشەنچىنى ئىپادە قىلغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۇتۇشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كونىراپ، قوللىنىلىشتىن قېلىپ قالغان، ياكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. مەسىلەن: "ئاقى (مەرت)، ئاتى (ناھايىتى)، ئارت (داۋان)، ئەرىگ (مەسلىھەت، كېڭەش)، بايات (خۇدا)، ئالىلا)، بالىق (شەھەر)، باش (يارىدار)، ئىلىك (بەگ)، بۇدۇن (خەلق)، نوم (قانۇن)① ۋە باشقىلار.

كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كورۇشكە بولىدۇكى، تۈركى تىللارنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەزكۇر ئۇز سوزلىرى چەتتىن كىرگەن، ئاساسەن ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن ئۇزلەشكەن سوزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر تىلىنى ئۇزىنىڭ يۇقۇرقىدەك ئەسلى سوزلىرىدىن كېچىپ كېتىشكە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا چەتتىن كىرگەن سوزلەرنى قوللىنىشقا ئەرەپ، پارس تىللىرىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرى ۋە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائى ئەھۋال سەۋەپ بولغانلىقىنى كورىمىز.

ئاساسىي لۇغەت فوندىغا پاتىدىغان سوزلەر بەزىدە مەنە جەھەتتىنمۇ ئايرىم ئۇزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قەدىمقى تۈركى تىللاردا "تەڭرى" دېگەن سوز "ئاسمان" مەنىسىدە② قوللىنىلغان؛ ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن "مېھنەت" دېگەن سوز "مەينەت" شەكلىدە بارا ـ بارا ئۇزىنىڭ دەسلەپكى ("ئەمگەك" دېگەن) مەنىسىنىڭ ئۇستىگە "پاسكىنا" مەنىسىنىمۇ قوشۇۋالغان.

---

① س. يې. مالوۋ. «قەدىمقى تۈركى يازما يادىكارلىقلار» دېگەن كىتاپنىڭ لۇغەت قىسمىغا قاراڭ.

② مالوۋنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان كىتاۋى. 27 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇغەت فوندىغا ياتىدىغان سوزلەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى تۇراقلىق خاراكتىرغا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا. مەسىلەن: "نان، ئاي، ئاش، تۇز، سۇ، ھاۋا، ئوت، ئوتۇن، ئوي، كۈن، تۈن، يەر، باش، كوز، قۇلاق، قول، ئەمگەك، ئىش، ئوي، ئەقىل، ئاتا، ئانا، بالا، ئاكا، ئۇكا"غا ئوخشاش سوزلەر كىشىلەر ئۈچۈن ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ سوزلەر ئەڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ، ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە كەڭ كولەمدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە ۋە كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىق قوللىنىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى: سۇ، ھاۋا، ئاش، ئوي ۋە باشقىلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭسىز ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولىدىكەن، بۇ سوزلەر ھېچقاچان كونىراپ، تىلنىڭ لۇغەت فوندىدىن چۈشۈپ قالمايدۇ.

مەلۇمكى، لۇغەت تەركىبىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان سوزلەر، بولۇپمۇ، كەسپكە ئائىت سوزلەر بىلەن دىئالېكت سوزلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللانىلماسلىغى مۇمكىن. مەسىلەن، تۈگمەنگە ئائىت سوزلەردىن "ئەكەك تۇرۇم، چىشى تۇرۇم، قوپاتقا، بۇل، سۇكەن، قۇلاق، چېقىلدۇرۇق، چاناق، چۈشۈگە، ھارامزادە، مىتىن"گە ئوخشاش سوزلەر شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا مەلۇم، لېكىن ئۇلار كوپچىلىك خەلق ئارىسىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلمەيدۇ. يەرلىك پەرقلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سوزلەردىن "ئەندىرغان (بولدۇرگەن)، پورەك (گوشۇنە)، تەخەي (خوتەك)، شىرە (جوزا-ئۈستەل)، ئانىكا (موما)، ئاچا (ھەدە)" قاتارلىق سوزلەر توغرىسىدىمۇ خۇددى شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە نىسبەتەن بىر ئۆزگىچىلىگى ئۇنىڭ ئومۇمخەلقلىق خاراكتىرغا ئىگە ئىكەنلىگىدىن، جەمىيەت ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەسىدە كەڭ

تۈردە قوللىنىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن سۆزلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاز ياكى كۆپ (پاسسىپ ياكى ئاكتىپ) قوللىنىلىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ياتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆپ ۋە ئاكتىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز ھاياتىي مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاز ۋە پاسسىپ قوللىنىلىدىغان سۆز ھاياتىي مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس، شۇڭا ئۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە بېرىپ قوشۇلىدۇ.

تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ئاساسەن تۈپ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە ئۇ يېڭى سۆز ياساشتا بازا بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. تىل پاكىتلىرىغا ئاساسەن شۇنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇكى، جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىگە ئائىت يېڭى سۆزلەر، جۈملىدىن سانائەت، تېخنىكا، يېزا ئىگىلىكى، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتكە دائىر يېڭى سۆز ۋە ئاتالغۇلار باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى بىلەن بىللە، كۆپرەگى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز سۆز ياساش ۋاستىلىرىغا تايانغان ھالدا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇنداق سۆز ياساش ۋاستىلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن تۈپ سۆزلەردىن ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "باش"، "ئاش" دېگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ۋە باشقا سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە ئىلگىرى-ئاخىر نۇرغۇنلىغان سۆزلەر ھاسىل بولغان: "باش — باشلىماق، باشقۇرماق، باشلاش، باشقۇرۇش، باشچى، باشلىق، باشسىز، باشچىلىق، باشلامچىلىق باشقارما، باشاق، يولباشچى، كوكبېشى، ئەللىكبېشى، يۈز بېشى، مىڭبېشى، باشپانا، قۇشباش (ئىگەر)، موزايبېشى، كۈيباش (بۇغداي)، قاقۋاش، باشباشتاقلىق" ۋە باشقىلار. "ئاش — ئاشلىق، ئاشلىماق (تېرىنى)، ئاشلاش، ئاشخانا، ئاشپەز، ئاشپۇزۇل، ئاشكوكى، ئاشتاختا، ئاشقازان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشلەڭپۈك، قوماش، كومەش، ئۇماش، ئاش ـ پاش“ ۋە باشقىلار. ئەگەر ”باش“، ”ئاش“ سۆزلىرىنىڭ بۇلاردىن ئاشقىرى سېمانتىكىلىق تەرەققىياتقا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئەسكە ئالساق، تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ياتىدىغان تۈپ سۆزلەرنىڭ يېڭى سۆز ۋە يېڭى مەنە ھاسىل قىلىشتا بىردىن ـ بىر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئۇچۇق كۆرۈندۇ.

تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەر پەقەت تۈپ سۆزلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس. تۈپ سۆزلەر ئاساسىدا ھاسىل بولغان ئايرىم ياسالما سۆزلەر ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن لۇغەت تەركىۋىدىن ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ئالمىشىدۇ (تۆۋەندە كۆرسىتىلىدۇ).

ئۇيغۇر تىلىدىكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشتا ئاكتىپ ياكى پاسسىپ قوللىنىلىدىغانلىقىغا، مۇھىم ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە، يېڭى سۆز ياساش قابىلىيىتىگە قاراپ، بەزىدە ئاساسىي لۇغەت فوندىغا، بەزىدە لۇغەت تەركىۋىگە تەئەللۇق بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ”پارتىيە، سوۋېت، كوممۇنىست، كولخوز، تىراكتور، بىرىگادا“ قاتارلىق سۆزلەر ھازىر ئاساسىي لۇغەت فوندىغا خاس ھەممە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋنىڭ پىكرىچە، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىشتىكى رولىغا، تىلغا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدا خىزمەت قىلىش قابىلىيىتىگە قاراپ، تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوشۇلىدۇ.

## 17. لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن مەلۇم بولىدىكى، لۇغەت تەركىۋى

بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى ئۆزئارا ئوخشاشلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ۋە پەرقلىق ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە. ئەمما لۇغەت تەركىۋى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى بىر-بىرىگە ناھايىتى مەھكەم باغلانغان ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئەسىرلەر بويى بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، تەرەققى قىلدۇرىدۇ. تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى تۇرغۇنلىغان يېڭى سوزلەرنى ھاسىل قىلىشقا ئاساس بولۇپ، لۇغەت تەركىۋىنى دائىم بېيىتىپ تۇرسا، بۇنىڭ ئەكسىچە، لۇغەت تەركىۋىدىكى ئايرىم سوزلەر پارا-پارا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋە ناھايىتى تۇراقلىق سوزلەرگە ئايلىنىپ، ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، "ئوت" دېگەن سوزگە "—ۇن" قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى نەتىجىسىدە كوپچىلىك تۈركى تىللاردا "ئوتۇن" دېگەن سوز پەيدا بولغان. لېكىن مۇشۇ "ئوتۇن" دېگەن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، ناھايىتى تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولغان ۋە ئۇ ("ئوتۇن" سوزى) "ئوتۇنچى، ئوتۇنلۇق، ئوتۇنخانا، ئوتۇنچىلىق، ئوتۇنسىز، ئوتۇنسىزلىق، ئوتۇن-ياغاچ"قا ئوخشاش لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سوزلەرنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئاساس بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا كىرىپ قوشۇلغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "كىيىم (كى+ئىم)، يۈرەك (يۈر+ئەك)، كېلىن (كەل+ئىن)، بىلەن (بىر+لەن)، قارىچۇق (قارا+چۇق)، ئىشلە (ئىش+لە)، سوزلە (سوز+لە)"گە ئوخشاش ياسالما تومۇرلار مۇ خۇددى يۇقۇرىدىكىدەك تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن ئاستا-ئاستا ئاساسىي لۇغەت فوندىغا ئالمىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئاساسىي لۇغەت فوندىغا تايانغان ھالدا يېڭى سوزلەرنىڭ ياسىلىشى ھەم ئۇلارنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە كىرىپ قوشۇلۇشى ئادەتتىكى ئىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ جەريان چاپسان ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما تىلدا پەيدا بولغان ھەر قانداق يېڭى سۆزنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى قاتارىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىتلار لازىم بولىدۇ.

* * *

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋى بىرنەچچە قاتلاملارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان سۆزلەر بىلەن بىللە، ھەممە تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئومۇمىي، ئورتاق سۆزلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا، نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرگە باغلىق بولغان باشقا تىللاردىن، ئاساسەن، ئەرەب، پارس، خەنزۇ، موڭغۇل، رۇس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ مەلۇم سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 18. تۈركىي تىللارغا ئورتاق سۆزلەر

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ھەممە تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان سۆزلەر بار. بىرنەچچە مۇستەقىل تىللاردىكى تۈپ سۆزلەر بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئوخشاش بولۇپ كېلىشى تەسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ئەھۋال جۈملىدىن تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسىي بىر تىلدىن تارقالغانلىقىنى، بارا-بارا ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تىللار سۈپىتىدە شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان بۇنداق سۆزلەر قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ ئۆكۈشلۈك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەردۇر.

تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان لېكسىكىلىق قاتلام سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر تىلنىڭ

ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قاراقالپاق، قىرغىز، باشقىرت، تاتار ۋە باشقا تۈركى تىللاردا تۇۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاساسى بىر:

ئىسىملار: "ئاتا، ئانا، بالا، قىز، ئىنى، باش، قول، ئاياق، قۇلاق، كوز، ئات، توگە، قوي، سىيىر، توخۇ، قۇش، قارغا، ئۆدەك، ياغاچ، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، ئۈزۈم، تومۇر، مىس، كۈمۈچ، ئالتۇن، قازان، قوشۇق، كۈن، تۈن، ئاي، ئاش، كىشى" ۋە باشقىلار.

سۈپەتلەر: "ئاق، قارا، سېرىق، قىزىل، يېشىل، ياخشى، كوك، يامان، ئۇزۇن، قىسقا" ۋە باشقىلار.

سانلار: "بىر، ئىككى، ئۈچ، توت، بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز، توققۇز، ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز، قىرىق، ئەللىك، ئاتمىش، يەتمىش، سەكسەن، توقسان، يۈز، مىڭ" ۋە باشقىلار.

ئالماشلار: "مەن، سەن، ئۇ، بىز، سىز، نىمە، كىم، قايسى، قانداق، نەچچە، بۇ، شۇ، قانچە" ۋە باشقىلار.

پېئىللار: "ئال، بەر، بار، كەل، يۈر، ئولتۇر، تۇر، ئىچ، يە، قارا، ئېيت، ئوقۇ، يات، سات، قات، كور" ۋە باشقىلار.

ياردەمچى سۆزلەر: "بىلەن، بىراق" ۋە باشقىلار.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مەلۇم سۆزنىڭ هازىر بىر ياكى بىرنەچچە تۈركى تىللاردا بولماي قېلىشى ئۇنىڭ تۈركى تىللار ئۈچۈن ئومۇمى سۆز ئەمەس ئىكەنلىكىدىن دەرەك بەرمەيدۇ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ۋە ئۆز ئالدىغا تەرەققى قىلىۋاتقان ئايرىم تۈركى تىللاردا بۇنداق سۆز ساقلىنىپ، بەزى تىللاردا ئىستىمالدىن چىقىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، پەقەت "قارىمۇچ" دىگەن بىرىكىكەن سۆزنىڭ تەركىۋىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، هازىرقى زامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "مۈچ" (مۈرچ) دېگەن سۆز قوللىنىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇ تىلىدىن "لازا" دېگەن سۆز كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن، "مۇرچ" (ئۆزبەك، قىرغىز تىللىرىدا)، "بۇرش" (قازاق تىلىدا)، "بۇرۇچ" (تاتار تىلىدا) ئەسلىدە تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مەلۇم سۆزلەر ھەممە تۈركىي تىللاردا ئومۇمەن دېگۈدەك قوللىنىلىشىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تۈركىي سۆزلەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنداق سۆزلەر تىل تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى بىر دەۋرلىرىدە باشقا تىللاردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا "كىتاپ، ئادەم، پارتىيە، كوممۇنىست، تېلېفون"غا ئوخشاش سۆزلەر مىسال بولالايدۇ. بۇ سۆزلەر ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسىدە بار.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان سۆزلەر ئاساسەن تۆۋەندىكى بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1. قازاق، قارا قالپاق، قىرغىز تىللىرىدا "ج" تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە "ي" تاۋۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى ئۆزبەك تىلىغا يېقىن (1 ـ جەدۋەلگە قاراڭ.) ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى بويىچە "ئا، ئە، ئې، ئو، ئۆ" تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرى "ج" تاۋۇشى كەلمەيدۇ، پەقەت "ي" تاۋۇشىلا كېلىدۇ. مەسىلەن: "ياخشى، يامان، ياتماق، ياستۇق، يەل، يەر، يەش، يېشىل، يېنىك، يېمىش، يول، يېقىن، يوق، يوشۇرماق، يورۇق، يوتەل، يوگىمەچ، يولىمەك، يومىمەك" ۋە باشقىلار. لېكىن "ئى، ئۇ، ئۈ" تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرى "ي"نىڭ كېلىشى تۇراقلىق ئەمەس. مۇشۇنداق فونېتىكىلىق شارائىتتا "يىلتىز، يىلپىز، يۇلتۇز، يۇنۇس، يۇمشاق، يۈز" دېگەنگە ئوخشاش ئازغىنە سۆزلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كۆپچىلىك سۆزلەردە "ئى، ئۇ، ئۈ"

تاۋۋشلىرىدىن ئىلگىرى "ژ" تاۋۋشى كېلىدۇ. مەسىلەن، "ژىل، ژىپ، ژىقتىماق، ژىغلىماق، ژۈيۈندا، ژۈك، ژۈرەك، ژۈگرىمەك" ۋە باشقىلار.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ خىل سوزلەردە "ي"نىڭ "ژ" تاۋۋشى بىلەن ئالمىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسى سۈپىتىدە رەسمىيلىشىشى يېقىنقى دەۋرنىڭلا مەھسۇلىدۇر، ھەتتا قىرىدقىنچى يىللارنىڭ بېشىدا بۇ خىل سوزلەر ئەدەبىياتىمىزدا "يىل، يىپ، يىگىت، يۈرەك، يۈك، يۇقۇرى، يۇلىماق" شەكلىدە يېزىلىپ كەلگەن ئىدى.

1 ـ جەدۋەل

| ئۇيغۇر تىلىدا | ئوزبەك تىلىدا | تاتار تىلىدا | قىرغىز تىلىدا | قازاق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|
| yahxi | yahxī | yahxi | jaksī | jaksī |
| yaman | yaman | yaman | jaman | jaman |
| yekin | yakīn | yakīn | jakīn | jakīn |
| yalkun | yalkīn | yalkīn | jalīn | jalīn |
| yol | yul | yul | jol | jol |
| yűz | yűz | yűz | jűz | jűz |
| yèmix | yèmix | jimex | jêmix | jêmis |
| yəl | yel | jil | jel | jel |
| yīl | yil | yel | jīl | jīl |
| yűk | yük | yək | jük | jűk |
| yűrək | yurək | yərək | jürek | jűrek |
| yukarki | yukarīgī | yugargi | joqorku | joqaroqī |
| yip | yip | jep | jip | jip |

2. ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قانۇن — ئەكس تەسىرات قانۇنى. بۇ قانۇن بويىچە ئاساسەن ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى بوغۇمىدىكى ”ئا، ئە“ تاۋۇشلىرى ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ”ئى“ تاۋۇشىنىڭ تەسىرىدىن ”ئې“ تاۋۇشىغا نۇۋەتلىشىدۇ①. مەسىلەن: ”بالىق، تارىق، سارىق، سەلىمە“ دېگەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ”ئا، ئە“ تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ”ئې“غا نۇۋەتلىشىپ، ”بېلىق، تېرىق، سېرىق، سېلىمەم“ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنى باشقا تۈركىي تىللاردىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن پەرق ئېتىشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدىغان

2-جەدۋەل

| ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبەك تىلىدا | تاتار تىلىدا | قىرغىز تىلىدا | قازاق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|
| eriⱪ | ariⱪ | arïk | arÏk | arïⱪ |
| eyiⱪ | ayiⱪ | ayuw | ayuu | ayu |
| beliⱪ | baliⱪ | balïk | balÏk | balïⱪ |
| yexil | yaxil | yaxïl | jaxil | jasïl |
| hemir | həmir | kamïr | kamïr | kamïr |
| ⱪerin | ⱪərin | ⱪarin | karïn | karÏn |
| yerim | yarim | yartï | yartï | jartÏ |
| teriⱪ | təriⱪ | tarï | taruu | tarï |
| seriⱪ | səriⱪ | sarï | sarï | sarï |

① بۇ يەردە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى نەتىجىسىدە ئەكس تەسىرات قانۇنىغا ئاساسەن يۈز بېرىدىغان تاۋۇش ئالمىشىش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ؛ مەسىلەن: ”باش — بېشى، كەل — كېلىپ“ ۋە باشقىلار.

ئۆزگىچىلىكلەردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇنى ئىككىنچى جەدۋەلدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

3. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ تەركىۋىدىكى ”ئا“ تاۋۇشى مەلۇم فونېتىكىلىق شارائىتتا ”ئو“ تاۋۇشى بىلەن نۇۋەتلىشىدۇ. مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە تۈركى تىللاردا ”ئا“ بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەر بەزىدە ”ئو“ بىلەن ئېيتىلىدۇ. ”ئوزۇق، قوزۇق، يورۇق، قوغۇن“غا ئوخشاش سۆزلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. تىلىمىزدا ”ئو“ بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنى باشقا تۈركى تىللارغا سېلىشتۇرغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالنى كۆرۈش مۇمكىن (3 ـ جەدۋەلگە قاراڭ).

3ـجەدۋەل

| ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبەك تىلىدا | تاتار تىلىدا | قىرغىز تىلىدا | قازاق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|
| ozuķ | oziķ | azïk | azïk | azïķ |
| oquķ | oqiķ | aqïk | aqïk | axïķ |
| yoruķ | yaruƣ | yərïk | jarïk | jarïķ |
| ķozuķ | ķaziķ | ķazïk | ķazïk | ķazïķ |
| ķoƣun | ķawun | kowïn | ķoon | ķawin |
| ķomuq | ķəmix | kamïx | kamïx | ķamïs |
| ķoxuķ | ķaxiķ | kaxïk | kaxïķ | ķasïķ |
| sopun | sawun | sabïn | samïn | sabïn |
| tomur | tomir | tomïr | tamïr | tamïr |

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى پۇنكىتلاردىكى ”ئا، ئە“ تاۋۇشلىرىنىڭ ”ئې“غا ۋە ”ئا“ تاۋۇشىنىڭ ”ئو“غا نۇۋەتلىشىشى بولۇپمۇ، تومۇر سۆزلەردە ئىزچىل خاراكتىرغا ئىگە ئەمەس، ئۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولمىغاندا، مەسىلەن: "تاقىر، چاقىر، ساقىت"قا ئوخشاش سۆزلەر "تىقىر، چىقىر، سىقىت" ياكى "توقۇر، چوقۇر، سوقۇت" بولۇپ شەكىللەنگەن بولاتتى. دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئومۇمى قانۇنىيەتلەرگە بېقىنماي قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەرمۇ كۆپ. ھەر ھالدا ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدا مۇشۇ قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا خېلى چوڭ لېكسىكىلىق قاتلامنى تەشكىل قىلىش بىلەن باشقا تۈركى تىللاردىن پەرقلىنىپ كەلمەكتە.

4. كۆپلىگەن باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۆزلەر ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانمايدۇ. شۇنداقلا ناھايىتى ئاز ساندىكى ئايرىم سۆزلەرنى، بولۇپمۇ، تەقلىد سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا (مەسىلەن: "ئىشت، تارس-تۇرس، غارت-غۇرت" ۋە باشقىلار) ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشمايدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا ئاخىرى "ب، د" تاۋۇشلىرى بىلەن تۈگىگەن سۆزلەرمۇ يوق؛ "ۋ، گ" تاۋۇشلىرى بولسا، پەقەت بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىلا كېلىشى مۇمكىن: "ماۋ (مۈشۈك)، ياۋ، بەگ، تەگ-، چىگ-".

5. ئۇيغۇر تىلىدا سىنگارمونىزىم قانۇنى قىرغىز، قازاق تىللىرىدىكىدەك ئىزچىل ئەمەس: سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇشۇ قانۇنغا بويسۇنسىمۇ، يەنە كۆپلىگەن سۆزلەر ئۇنىڭغا بوي سۇنماسلىقى مۇمكىن. مۇشۇ خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە دەسلەپكى بوغۇمى قېلىن، كېيىنكى بوغۇمى ئىنچىكە ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە، دەسلەپكى بوغۇمى ئىنچىكە، كېيىنكى بوغۇمى قېلىن سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: "ئالتە، توخسەن، كۆيۈغول، قوشۇمچە، ئۇرۇقچە، ياركەنت" ۋە باشقىلار. تومۇر بىلەن قوشۇمچە ئارىسىدىمۇ سىنگارمونىزىم قانۇنىغا رىئايە قىلماسلىق ھادىسىلىرى پات-پاتلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، سۆز ئاساسىنىڭ ئىنچىكە ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ ۋە ئۆتكەن زامان

شەخس قوشۇمچىسىنىڭ II شەخسلىرىدىن كېيىن كوپلۇك قوشۇمچىسىنىڭ پەقەت قىلىن ۋارىيانتىلا ئۇلىنىدۇ. ئىگىلىك قوشۇمچىسىدىن كېيىن: "ئويۇڭلار، مەلەڭلار، سوزۇڭلار، كوزۇڭلار، بەكەڭلار، كەكەڭلار" ۋە باشقىلار؛ شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن: "كوردۇڭلار، كۇلدۇڭلار، چۇشتۇڭلار، سوزدۇڭلار" ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مەلۇم بىر تومۇرنىڭ ئوزىگە قوشۇمچىلارنىڭ ھەم قىلىن، ھەم ئىنچىكە ۋارىيانتى ئۇلىنىدۇ. مەسلەن: "ئىش — ئىشلە — ئىشقا — ئىمىشكە (نىمە ئىشكە)، كور — كوردۇق — كوردۇك، كورسۇن، كورسۇن".

6. سوز ئاخىرىدىكى ۋە سوز ئوتتۇرىسىدىكى "ر" تاۋۇشىنى چۇشۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. "ر" تاۋۇشى توۋەندىكى شارائىتلاردا تەلەپپۇزدا چۇشۇپ قالىدۇ: ئا) سوزنىڭ ئاخىرىدا كەلسە: "با (بار)، قا (قار)، تا (تار)، باللا (بالىلار)، ئويلە (ئويلەر)، خەۋە (خەۋەر) ۋە باشقىلار؛ ب) سوز ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئۇزۇك تاۋۇشتىن بىۋاستە ئىلگىرى كەلسە: "توت (تورت)، قاغا (قارغا)، يوپۇماق (يوپۇرماق)، قا — قانىڭ، قادىن، قاغا، قانى، قادا (قار — قارنىڭ، قاردىن، قارغا، قارنى، قاردا)" ۋە باشقىلار. ئەگەر مەزكۇر "ر" تاۋۇشىدىن كېيىن بىرەر سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا "ر" چۇشۇرۇلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: "با — بارى؛ با — بارار، بېرىپ؛ كو — كورۇش، كورۇپ، كورەلىدى". "ر" تاۋۇشى ئىككى بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە، ئۇ سوزلەر تىلنىڭ يېزىق دەستۇرى بويىچە ئىككى خىل شەكىللىنىشى مۇمكىن، يەنى بەزىبىرلىرىدە "ر" تاۋۇشى ساقلانسا (تورت، قارغا، قورقماق، تارتماق) بەزىلىرىدە تەلەپپۇز قىلىنغانىدىمۇ، يازغانىدىمۇ تامامەن چۇشۇپ قالىدۇ (ئاغامچا — ئەسلى ئارغامچا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغاق ــ ئەسلى ئورغاق، ئودەك ــ ئەسلى ئوردەك). ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى 4 ـ جەدۋەلدىن كورگىلى بولىدۇ.

4 ـ جەدۋەل

| ئۇيغۇر تىلىدا | ئۆزبەك تىلىدا | تاتار تىلىدا | قىرغىز تىلىدا | قازاق تىلىدا |
|---|---|---|---|---|
| oƣaⱪ | uroⱪ | urak | orok | oraⱪ |
| ədək | ürdək | ürdək | ərdək | üyrêk |
| taƣil | tarƣil | — | — | tarƣil |
| təskəy | terskəy | — | — | têriskêy |
| tawuz | tarwuz | karbïz | darbïz | ⱪarbez |
| timaⱪ | tirnaⱪ | tïrnak | tïrmak | ternaⱪ |
| ügənmək | urgənmək | əyrəkü | üyrənüü | üyrênw |

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى چەتتىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن سوزلەرمۇ ئاساسەن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قانۇنىيەتلەرگە بوي سۇنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان سوزلەرنىڭ فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە سېمانتىكىلىق بەلگىلىرى بار. بۇ بەلگىلەر باشقا سىستېمىلىق تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەر-دىن ئەسلى سوزلىرىمىزنى پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈركىي تىللارنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ئەسلىدە بىر بولغان تەقدىردىمۇ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى مۇستەقىللىقىقا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىگە خاس فونېتىكا ـ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر تۈركىي تىللارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى پەرقلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 19. تۈركى ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق سوزلەر

تۈركى تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ لۇغەت تەركىۋى بىلەن گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىدا كوپ ئوخشاشلىقلار بار. ئەمما بۇ ئىككى تىل گۇرۇپپىسىغا خاس سوز ۋە گرامماتىكىلىق فورمىلارنى تۈركى تىللار موڭغۇل تىللىرىدىن ياكى ئەكسىچە، موڭغۇل تىللىرى تۈركى تىللاردىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن دەپ ئۈزۈل-كېسىل پىكىر ئېيتىش قىيىن.

ئېرامىزدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۈركى ۋە موڭغۇل خەلقلىرى خوشنا (بەزىدە ئارىلىشىپ) هايات كوچۈرگەنلىگى تارىختا ئايان. بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز دىگۈدەك قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشى بىر-بىرىنىڭ تىلىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىغى ئۆز-ئۆزىدىن بەلگىلىك. لېكىن تۈركى ۋە موڭغۇل تىللىرىنىڭ بىر سىستېمىلىق يەنى ئاگگلىيۇ تىناتىۋلىق (يېپىشقاق) تىللار ئىكەنلىگى، كوپ سوزلەرنىڭ هەر ئىككى تىلدا بىردەك ئۇچرايدىغانلىغى، شۇنداقلا ئايرىم گرامماتىكىلىق فورمىلار بىلەن سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشنىڭ ئورتاق بولۇپ كېلىشى بەزىبىر ئالىملارنىڭ تۈركى ۋە موڭغۇل تىللىرى قەدىمي بىر دەۋرلەردە بىر تىل بولغان دەپ تەخمىن قىلىشىغا مۇمكىنچىلىك بەردى. هەر هالدا تۈركى ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدىكى چوڭ مەسىلە تېخى تولۇق هەل قىلىنغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۇچۇن تارىخىي پاكىتلارغا، باي تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغان چوڭقۇر ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تۈركى ۋە موڭغۇل سوزلىرىگە ئورتاق سوزلەر سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مونۇ مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

ئىسىملار: "ئاكا ــ ئاخ①؛ ئەر ــ ئېر؛ قۇدا ــ خۇر؛ ئۈرۈق ــ ئۈراگ؛ توقۇم ــ توخوم؛ ئالقان ــ ئالغا؛ ئاداق، ئاياق ــ ئاداگ؛ بەل ــ بېل؛ بۇلجۇك (گوش) ــ بۇلچىن؛ قوۋۇرغا ــ خابىرغا؛ قۇيقا ــ خۇيخ؛ ماڭلاي ــ ماڭلاي؛ مۈچە ــ موچ؛ ساقال ــ ساخال؛ تېقىم ــ تاخىم؛ باي ــ بايان؛ باتۇر، باھادىر ــ باتۇر؛ ئايماق ــ ئايماگ؛ ئالۋاڭ ــ ئالبا؛ ئالبان؛ ئەلچى ــ ئېلچىن؛ خوتۇن ــ خاتان؛ مەرگەن ــ مېرگېن؛ ئۇلاق ــ ئۇلا؛ نوكەر ــ نوخور؛ ئولجا ــ ئولز؛ ئوردا ــ ئورد؛ ئورۇن ــ ئورۇن؛ بۇغا ــ بۇغا؛ قارچىغا ــ خارچىغا؛ بايتال ــ بايداس؛ بۇقا ــ بۇخ؛ يېلىن ــ دېلېن؛ غۇنان ــ غۇنان؛ غۇنىجىن ــ غۇنىج؛ ئالتۇن ــ ئالتان؛ پالتا ــ بالت" ۋە باشقىلار.

سۈپەتلەر: "ئالا ــ ئالاگ؛ بوز ــ بور؛ بورۇل ــ بۇرال؛ قارا ــ خار؛ قوڭۇر ــ خوڭغور؛ كوك ــ خوخ؛ كۈرەڭ ــ خۈرېن؛ ئېرىغ (تازا مەنىسىدە) ــ ئارىئۇن؛ پۈتۈن ــ بۈتېن؛ دۆلەي ــ دولىي؛ قاشاڭ ــ خاشىن؛ كۈچلۈك ــ خوچتېي؛ سىيرەك ــ سىيرېگ؛ تەڭ ــ تېڭ؛ چېغىن ــ جاخان؛ چېچەن ــ چېچېن، ئەلۋەك ــ ئېلبېگ" ۋە باشقىلار.

پېئىللار: "ئۇۋۇلماق ــ ئابلاخ؛ ئاياقلىماق ــ ئاداگلاخ؛ ئايرىلماق ــ ئارىلغاخ؛ ئاسىرىماق ــ ئاسراخ؛ بېيىماق ــ بايجىخ؛ بوغماق ــ بوخ؛ بولماق ــ بولوخ؛ بودىماق ــ بوردوخ؛ بۇرغىلىماق ــ بۇرغىداخ؛ بىلمەك ــ بىلودېخ؛ ئەملىمەك ــ ئېمچلەخ؛ ئەركىلىمەك ــ ئېرخلۈلېخ؛ يورغىلىماق ــ جوروغالاخ؛ يۇغۇرماق ــ زۇگۇراخ؛ ئەيلىمەك (تېرىنى) ــ ئىيلېخ②" ۋە باشقىلار.

---

① ئۇيغۇرچە سوزلەر سىزىقتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ موڭغۇلچە تەڭدىشى سىزىقتىن كېيىن بېرىلدى.

② موڭغۇل تىلىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللار 1954 ـ يىلى ئۇلانباتوردا نەشر قىلىنغان «موڭغۇلچە ـ قازاقچە لۇغەت» تىن ئېلىندى.

تۈركى ۋە موڭغۇل تىللىرىدىكى بەزىبىر تاۋۇشلارنىڭ ئۇزئارا ئالمىشىش ياكى چۈشۈپ قېلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن سوزلەر فونېتىكىلىق تەركىۋى جەھەتىدىمۇ بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن.

## 20. ئۇيغۇر تىلىدىكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سوزلەر

ھەرقانىداق تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئاساسەن ئىككى مەنبە ئارقىلىق تەرەققى قىلىدۇ. ئۇلار سوز ياساش ۋە باشقا تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىش مەنبەلىرىدۇر. بۇ ئىككى مەنبە بىر مەقسەت ئۈچۈن، يەنى تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىمۇ، ئۇلار يەنە بىر-بىرىدىن ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرق قىلىدۇ.

تۇرمۇشقا كىرەكلىك يېڭى سوزنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئومۇمەن بىر تىلنىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ رەسىملەشكەن ۋە ھازىرمۇ مۇكەممەللىشىش جەريانىنى بېشىدىن كوچۈرۈۋاتقان مەخسۇس ئۇسۇل ۋە ۋاستىلىرىگە تايىنىمىز. سوز ياساشنىڭ پۈتكۈل قانۇن ۋە قائىدىلىرى، ئۇنىڭ ئۇسۇل ۋە ۋاستىلىرى تىلنىڭ گىراماتىكىدا، لېكسىكا، فونېتىكا ۋە سېمانتىكا كاتېگورىيىلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

باشقا تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىش لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىشتىكى ئىككىنچى مەنبەدۇر. جەمىيەت ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچى مەيدانىغا كەلتۈرگەن تۈرلۈك يېڭى ئۇقۇم، قۇرال-جابدۇق، تەشكىلات ۋە باشقا يېڭىلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى سوزلەرنى دەرھال ھاسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئۆلگۈرەلمىگەندە، تىل، ئادەتتە، شۇ دەۋردىكى ئىلغار ۋە تەسىرلىك باشقا خەلقنىڭ تىلىدىكى تەييار سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا مۇھتاج بولىدۇ.

سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن قانۇنلىرى ئادەتتە كۆپچىلىك تىللاردا ئوخشاش بولۇپ كېلىدۇ.① ماركسىزىملىق تىلشۇناسلىق بىزگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى، ئومۇمەن تىل — پىكىر ئېلىشىش، ئالاقە قىلىش قورالىدۇر. ئۇ ئىجتىمائىي ھادىسە؛ تىل ھەرقانداق سىنىپلارغا نىسبەتەن بىتەرەپ بولىدۇ، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندى تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ، تىلنىڭ ئۆزگىرىشكە ئەڭ مايىل قىسمى ئۇنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن ئىبارەت. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق تىلغا مەنسۇپ خۇسۇسىيەتلەردۇر. چەتتىن سۆز قوبۇل قىلىشتىكى شەرت-شارائىت ۋە پرىنسىپلارمۇ خۇددى يۇقۇرىدىكىلەرگە ئوخشاشلا كۆپلىگەن تىللار ئۈچۈن ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا باشقا خەلقلەر بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلاردا بولۇپ كەلدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئاشۇ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىن ئۆزلەشكەن سۆز ۋە ئىبارىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە مەلۇم لېكسىكىلىق قاتلامنى تەشكىل قىلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ئەسلى سۆزلەردىن ياكى تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان كۆپچىلىك سۆزلەردىن باشقا ئەرەپ، ئىران، خەنزۇ، موڭغۇل،

---

① بۇ جەھەتتە خەنزۇ تىلى چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە. چۈنكى ئۇ باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلمايدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. يېڭى سۆزلەر خەنزۇ تىلىنىڭ ئىچكى ئىمكانىيەتلىرىگە تايانغان ھالدا ياسىلىدۇ.

رۇس تىللىرىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا غەربىي ياۋرۇپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر بار.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىغا نەزەر سېلىپ ئېنىقلىشىمىز مۇمكىنكى، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنبەسى (يەنى قايسى تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەنلىكى) ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى (يەنى قايسى يوللار بىلەن ئۆزلەشكەنلىكى) ھەر دەۋرنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ بارغان. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەب، پارس، موڭغۇل تىللىرىدىن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ. بۇ مەنبەلەر ئاللىقاچاندىن بېرى سوغۇلۇپ، توختىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، رۇس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش مەنبەسى ئىلگىرى ھازىرقىغا قارىغاندا ئۇنۇمسىز بولغان بولسىمۇ، ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئالاھىدە جىددىي سۈرئەت بىلەن ئەۋج ئېلىپ، ئىلگىرىلىمەكتە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئەگەر رۇس، خەنزۇ، موڭغۇل ۋە ئىران سۆزلىرى مەزكۇر خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىۋاستە ئارىلاشقانلىقى ۋە جانلىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى نەتىجىسىدە كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسا، ئەرەب سۆزلىرى ئاساسەن كىتاب ئارقىلىق كىرگەن. بۇ ئەھۋال 8 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەبلەردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكى مەلۇم.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا ئالمىشىدىغان ۋە ئالماشمايدىغان سۆزلەر بار. بۇ ئەھۋال ئاساسەن ھەرقانداق تىلدا ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، تىلدىكى پېئىل، سان ۋە سۈپەت كاتېگورىيىلىرى بۇ جەھەتتىن ناھايىتى تۇراقلىق، يەنى ئۇلار (تىل سىرتتىن بىرەر كۈچكە دۇچار بولماي، بىر قېلىپتا تەرەققى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان شارائىتتا)① بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا كىرىپ ئۆزلەشمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسىملار بولسا، ئۆزلىشىشكە ئەڭ مايىل كاتېگورىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن تىلشۇناسلىقتا خىلىدىن بۇيان مەلۇمكى، قانداقلا سۆز بولمىسۇن، ئەگەر ئۇ بىرەر كونكرېت شەيئىنى ياكى شەيئىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئىككىنچى تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرىپ ئۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا سىڭىشىپ كېتەلەيدۇ. ئەمدى سۆزدە شەيئىلىك خۇسۇسىيەت بولمىسا، ئۇنداق سۆز ئىككىنچى تىلغا كىرىپ ئۆزلىشەلمەيدۇ.

بۇ ئېيتقانلىرىمىزنى ئۇيغۇر تىلىدىكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەستىقلەپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىسىملار ناھايىتى نۇرغۇن. ئەمما جانلىق تىلدا قوللىنىلىۋېرىدىغان "زاكازنوي (خەت)، ستارشى (لېيتېنانت)، مىلادشى (لېيتېنانت)، پېچاتنى (لىست)، زۋونىت (قىلماق)، دېژۇرىت (قىلماق)" قا ئوخشاش ئايرىم سۆزلەردىن قەتئىينەزەر، تىلىمىزغا كىرىپ سىڭىشىپ كەتكەن سۈپەت ۋە پېئىللار يوق. سان، رەۋىش، ياردەمچى سۆزلەر توغرىسىدىمۇ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن چەت تىل سۆزلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

---

① دىن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولغان ئىدى. شۇڭا تىلىمىزدا ئاشۇ سۆزلەردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۈپەتلەرمۇ بار (تۆۋەنگە قاراڭ).

## 21. ئەرەپ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سوزلەر

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ئەرەپ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سوزلەر نۇرغۇن. بۇنداق سوزلەر قەدىمقى دەۋردىن بۇيان ئۆزلەشكەنلىكتىن ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلىدىن ئاساسەن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنلىرىغا بوي سۇنۇپ كەتكەن. ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن سوزلەرنىڭ زور كوپچىلىگى ئابستىراكت مەنىنى ئىپادە قىلغۇچى ئىسىملاردۇر ۋە ئۇلاردىن مەمۇرىيەت، ئىقتىسات، ئەدەبىيات، پەلسەپەگە ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىگە ئائىت سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئاددى سوزلەر كەم ئۇچرايدۇ. بۇ، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكەندەك، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئەرەپلەرنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بولماستىن بەلكى، بىر-بىرى بىلەن يىراقتا تۇرۇپ ئالاقە قىلغانلىغىنى كورسىتىدىغان پاكىت.

ئەرەپ سوزلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن دىن مۇناسىۋىتى بىلەن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىغا كۇچلۇك تەسىر قىلالمىدى. بۇنى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ 11-ئەسىردە يېزىلغان لۇغىتىدە ئەرەپ ۋە ئىران سوزلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغانلىغىدىنمۇ كورگىلى بولىدۇ. كېيىنرەك تۇركى تىللارغا، جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى كوپلەپ كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى، بىرىنچىدىن، مۇشۇ دەۋردە (15-ئەسىرگىچە) ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە قىسمىنى دىگۇدەك تۇگەل ئوز ئىچىگە ئېلىپ ئۇلگۇرگەن ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يۇقۇرى كوتىرىلىشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگىشىپ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە شائىرلىرى ئەرەپ تىلىدا ئوقۇپ بىلىم ئالدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغۇچى ئولىمالار بارا-بارا يېتىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئۆز ئاغىزىغا قارىتىۋالدى. مانا مۇشۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، خەلقتە ئەرەپ تىلى مۇقەددەس تىل، شەرىئەت تىلى دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئاكسىز رەۋىشتە باش ئېگىشكە، ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھۆرمەتلەشكە مەجبۇر بولدى. بولۇپمۇ، دىن ۋەكىللىرى ئاددى ئۇيغۇر تىلىغا كەمسىتىش كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن ۋە يازغان ھالەتتىمۇ ئەرەپچە تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شان-شەرەپ دەپ بىلدى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر پەقەت ئىسىملاردىنلا بولماي (مەسىلەن، "ئادەم، ئاساس، ئاخىر، ئەدەبىيات، ئەرباپ، ئەسۋاپ، ئەتىراپ، دەرىجە، داۋام، داھىي، دىققەت، جەمئىيەت، جازا، جۈملە، ئېھتىياج، ئېھتىيات، غەيرەت، غالىبىيەت، ئىمارەت، ئىمكانىيەت، ئىنتىزام، ئىقلىم، ئىستىقبال، ئىلھام، مىللەت، مېھنەت، مۇددەت، مۇسابىقە، قەلەم، قانۇن، قارار، ھەركەت، ھادىسە، ھەقىقەت، خەلق" ۋە باشقىلار)، بەلكى "-ىي، -ۋىي" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان "ئەدەبىي، ئاساسىي، ئەمەلىي، ئالىي، ئىلمىي، ئاددىي، تەربىيىۋىي، مەنىۋىي"گە ئوخشاش سۈپەتلەر، "-ان، -ەن" قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق ياسالغان "ئاساسەن، نىسبەتەن، قىسمەن، بەزەن، شەخسەن، ئومۇمەن" گە ئوخشاش رەۋىشلەر، "ۋە، بەلكى، ۋاھالەنكى، لېكىن، ئەمما" غا ئوخشاش باغلىغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسىملاردىن باشقا بۇنداق سۈپەت، رەۋىش، باغلىغۇچى ئوخشاش سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىشى ئەرەپ تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەرەپ تىلىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلىپ كەلگەنلىكىگە قارىماستىن، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئاساسىي لۇغەت فوندىنى تولۇقى بىلەن ساقلاپ قالالىدى، ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنلىرى بويىچە بارا-بارا مۇكەممەللىشىۋەردى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ھازىر پەقەت بۇرۇن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئەرەپ سۆزلىرىلا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار كۆپچىلىككە چۈشىنىشلىك، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئەسلى سۆزلىرىدىن ھېچبىر پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما ئەرەپ تىلىدىن يېڭىدىن سۆز قوبۇل قىلىش مەنبەسى تامامەن توختالدى.

## 22. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىران تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى

ئۇيغۇر تىلىغا كۈچلۈك تەسىر قىلىغان تىللاردىن بىرى ئىران (تاجىك، پارس) تىللىرىدۇر. ئەرەپ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرگە قارىغاندا، ئىران تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر كۆپرەگى كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئائىلە تىرىكچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردۇر. ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى كونكرېت ۋە ئابستراكت مەنىنى ئىپادە قىلغۇچى ئىسىملار، شۇنداقلا سۈپەت، رەۋىش، باغلىغۇچىلارمۇ پات-پاتلا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىران تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: ”ئابجۇۋاز، ئابرويى، ئاھاڭ، باھانە، باتۇر، بىھى، بېيىش، بەدەن، بەگگى، بىچارە، بىۋاستە، بوستان، جانان، جۇپ، جان، داكا، داستان، داۋان، دەم، دەرت، دەريا، مەشۇق، موزدۇز، مۇشت، نام، نامرات،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناله، ناۋات، نەيزە، ساتراش، سىم، سىماپ، شاگىرت، شەمشەر، شىرىن، شىۋە، ساتار، نەي، سازەندە" ۋە باشقىلار.

تارىختا مەلۇمكى، قەدىمقى بىر چاغلاردا ئىران خەلقلىرى شىنجاڭنىڭ ئايرىم جايلىرىنى ماكان قىلغان. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە ئارىلاشقان. دېمەك، ئىران تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە بولغان قاتناشلاردىن تاشقىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىران خەلقلىرىنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋەتتە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئالاقىدا بولغانلىقى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. دېمەك، تىلىمىزدىكى ئىران ئېلېمېنتلىرى سېمانتىكا جەھەتتىن تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلەر بولۇشى بىلەن بىللە، سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋەلىكى جەھەتتىنمۇ ھەر تەرەپلىمە. ئۇنىڭدا "ئەستايىدىل، ئازادە، جەڭگىۋار، كەمتەر، مېھرىۋان، پۇختا، پەس، ساددە، شېرىن"گە ئوخشاش سۈپەت ۋە رەۋىشلەر، "ھەم، چۈنكى، ياكى، ھىچ، گايى"غا ئوخشاش ياردەمچى سۆزلەر، "-ۋەن، -دار، -زار، -ۋاز، -كار، -پەز، -خور، -شۇناس، -كەش"كە ئوخشاش قوشۇمچىلار بار.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى مول قىلىشتا بولۇپمۇ، ئىران تىللىرىدىن كىرگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار ئاساسەن چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئىران، ئەرەب سۆزلىرىگە ئۇلىنىدىغان ئۇنۇمسىز قوشۇمچىلار بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قانۇنلىرى بويىچە ئىبتارلىق سۆز قاتلاملىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە كەلتۈرمەكتە①. مەسىلەن:

① ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى دېگەن بولۇمدە بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇمات بېرىلىدۇ.

"باغ ــ باغـۋەن، هويـلا ــ هويلـۋەن، مال ــ مالـدار، هاكـم ــ هاكمدار، ئۈزۈم ــ ئۈزۈمـزار، كەكلىك ــ كەكلىكـۋاز، بودۇنە ــ بودۇنـۋاز، قىمار ــ قىـمارۋاز، مېهـنەت ــ مېهنەتـكار، سامـسا ــ سامسىپەز، ئاش ــ ئاشپەز، ئەدىبىيات ــ ئەدىبىياتشۇناس، شەرق ــ شەرقشۇناس، هاراق ــ هاراقـخور، ئويۇن ــ ئويۇنـكەش، هارۋا ــ هارۋىكەش، جاپا ــ جاپاكەش" ۋە باشقىلار. بۇنداق قوشۇمچىلارنىڭ ئايرىملىرى تىلىـمىزدا يېـڭى سېمانتىكىـلىق تۈركۈمـلەرنى هاسىـل قىلىپ، زىل ۋە مۇرەككەپ مەنە تۈسلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بولـسا، بەزىبىرلىـرى ئەسلىدىكى ئۇيـغۇر تـىلى قوشۇمچىلىرىـغا مەنـىداش (سىنونىم) بولۇپ كېلىش بىلەن سوزلەرنى قوللىنىشتىكى ئۇسـلۇبىي مۇمكىنچىلىكلەرگە يول ئاچىدۇ. مەسـالەن، "تىلـچى ــ تىلشۇناس، تارىخچى ــ تارىخشۇناس، خىزمەتـچى ــ خىزمەتـكار، ئورمانـلىق ــ ئورمانزار، چىمەنلىك ــ چىمەنزار، چايچى ــ چايخور" ۋە باشقىلار.

شۇنـداق قىلىـپ، ئىـران تىللىرىـنىڭ ئېـلېمېنتلىرىـمۇ ئۇيـغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىۋىدە مەهكەم ئورنىـشىپ، ئۇنىڭ ئايرىلـماس بىر قىسمىغا ئايلاندى.

## 23. ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سوزلەر

باشقا هەممە تۈركى تىللارغا نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىـگىلا خاس چوڭ بىر ئالاهىدىلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ لېكسىكا تەركىۋىدە خەنـزۇ تىلىدىن كىـرىپ ئۆزلەشـكەن سوزلەر كوپ ئۇچـرايدۇ. مەلۇمكى، شىنجاڭ خەلقى، دىمەك، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار كوپلىـگەن ئەسـىرلەر داۋامـىدا، خەنـزۇ خەلـقى بىلەن سىياسى،

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە خەنزۇ تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئاستا-ئاستا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىۋىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى.

بىز ھازىر خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئېلېمېنتلار دەپ ھېساپلىغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە خۆيزۇ سۆزلىرىنىڭمۇ كۆپ بولۇشى تەبىئىدۇر. چۈنكى خۆيزۇلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك ياشايدۇ ۋە ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن مەدەنىي، دىنىي ئالاقىلەر بويىچە، تۇرمۇش شارائىتلىرى بويىچە يېتەرلىك ئومۇملىقلارغا ئىگە. شۇڭلاشقا تىلىمىزدىكى ئومۇمەن خەنزۇ سۆزلىرىنىڭ بولۇپمۇ، يېمەكلىكلەرگە، ئۆي-جابدۇقلارغا، كوكتاتقا ئائىت قىسمى چوقۇم خۆيزۇلار بىلەن ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئارىلىشىپ ياشاش نەتىجىسىدە كىرىپ ئۆزلەشكەن. مەسىلەن: "لەڭمەن، مانتا، يۇتازا، پوڭ، ئاشلەڭپۇڭ، خوشاڭ، جىگپەن، ساڭزا، سەي، جۇسەي، سۈڭزا، چەيزە، دادۇر، گازىر، ياڭيۇ، جوزا، لازا، چەيدو، بەندىڭ" ۋە باشقىلار. لېكىن خەنزۇ تىلى بىلەن خۆيزۇ تىلى يېقىن بولغاچقا، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسى تىلدىن ئۆزلەشكەنلىكىنى بىلىش ناھايىتى قىيىن.

دېمەك، خەنزۇلار بىلەن ئەزەلدىن بۇيان بىۋاستە ئارىلىشىش، ھەللە ياشاش شارائىتى تىلىمىزدا خەنزۇ تىلى ئېلېمېنتلىرىدىن خېلى كۆپ بىر لېكسىكىلىق قاتلامنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە سەۋەپ بولدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ سۆزلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ؛ بۇنداق سۆزلەر جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە (يېزا ئىگىلىكى، مەمۇرىيەت، ئۆي تىرىكچىلىكى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، سودا-سېتىق، ھەربىي تېخنىكا ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىگە) ئائىت شەيئى ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنى مۇنۇ تۈۋەندىكى مىساللاردىن كۆرگىلى بولىدۇ: "ۋاڭ، غاڭزا، دادۇ،

داڭ (داڭلىماق)، داڭزا، دارىن، داچەن، دوتەي، جاڭگۈيدە، جىڭ، جىڭموما، جوزا، جۇڭگو، يايى، يامبۇ، يامۇل، ياڭزا، كاڭ، لوپوزا، مانجۇ، مەڭىز، پەن، پو، ساڭ، ساڭزا، سەي، تاڭگا، تاڭشىر، خو، خوخەنزە، خوشاڭ، خاسىڭ، چاي، چەنتۇ، چەنچەزە، چەڭزە، چەندازا، چۇچۇڭ، شاڭيۇ، شىڭ، خوزا“ ۋە باشقىلار.

خەنزۇ سۆزلىرى ئەدەبىي تىلىمىزدىمۇ، جانلىق تىلىمىزدىمۇ كۆپلەپ قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا خەنزۇچە سۆزلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئا، خېنىم، داگاڭزىدا
داسىلەڭ جۇلا قېنى؟
شۇ هاراق شۇ جوزىدا
بەنجىڭ يى دارۇلار قېنى؟
(قوشاق)

يىڭگىما يىڭگى شىڭ
ئىككى ئاتقا بىر شىڭ.
(ماقال)

يامۇلنىڭ ياغاچلارى
ئېگىز قارىغاي چەڭزە
يامۇلنى تېشىپ چىققان
سادىر ئۆزى خوخەڭزە
(سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن)

بۇ مىساللار ئۇيغۇر تىلىدا خەنزۇ سۆزلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ سۆزلىرى فونېتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، ئۇيغۇر سۆزلىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىلىرى باشقا ـ باشقا؛ دېمەك، كورۇنگەنلا خەنزۇچە

سۆزنى ئۆز ئەينى بىلەن تەلەپپۇز قىلىش ئۇيغۇر ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچىدىن، خەنزۇ تىلى ئېلېمېنتلىرى ئۇيغۇر تىلىغا ئاساسەن جانلىق تىل ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن.

خەنزۇ سۆزلىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك تەركىۋىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىق ئىپادىلەنمەي، ھەممە ۋاقىتتا پەقەت تومۇر سۆز سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قانۇنلىرىغا ئاساسەن ئۆزگىچە سۆزلەرگە ئوخشاشلا تۈرلىنىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئەسلىدە (خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىدە) ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىغا پەقەت ئىسىم مەنىسىدە ئۆزلەشكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ تىلى ئېلېمېنتلىرى ئۈستىدە مەخسۇس ئىش ئېلىپ بارغان مەرھۇم ۋ. ئى. نوۋگورودسىكىنىڭ ئېيتىشىچە، "پالە (جەرىمانە)، زاۋتاڭلە (سوت)" دېگەن ئىسىملار خەنزۇ تىلىدا "جەرىمانە قويماق، سوتتا ئولتۇردى" دېگەن پېئىللاردۇر①.

خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە ياكى بىرەر ياردەمچى سۆز تىلىمىزدا كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت جانلىق تىلدا ساناقلىق بىرقانچە سۆزلەرگىلا ئۇلىنىدىغان "-زا، -زە" ئېلېمېنتلىرىنى ئاتاپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ ئەڭ ئۇنۇمسىز قوشۇمچە ئۇرۇق-تۇققانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، قانداقتۇ بىر ھۆرمەتلەش، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ: "داداڭزا، ئاپاڭزا، ئاكاڭزا، ھەدەڭزە، بالاڭزا". بۇ خىل سۆزلەر جانلىق تىلنىڭ ئۆزىدىمۇ ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش جەريانى قەدىمقى زامانلاردىن

① ۋ. ئى. نوۋگورودسكى. «ئۇيغۇر تىلىدىكى خەنزۇ ئېلېمېنتلىرى» موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى نەشرىياتى. 1951 - يىل. 63 - بەت.

باشلاپ، ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ، جۇڭگودا خەلق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋىتى كۆپىيىپ، خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ كىردىشىگە شارائىت تۇغۇلدى. ئەلۋەتتە، جەمىيەت ھاياتىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە ئائىت خەنزۇچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ لېكسىكىسىغا خاستۇر. سوۋېت ئۇيغۇرلىرى بولسا، بۇنداق سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى رۇس تىلىدىن ياكى رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقئارا فوندىدىن ئۆزلەشتۈرمەكتە. ئاتالغۇ ئىجادچىلىغىدا شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى ئاساسىي بىر پەرق مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئالغاندا خەنزۇ تىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان تىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 24. ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن سۆزلەر①

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋىنى بېيىتىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئۈنۈملۈك مەنبەنىڭ بىرسى رۇس تىلىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى رۇس تىلىنىڭ، شۇنداقلا رۇس تىلى ئارقىلىق ئۆزلەشكەن باشقا ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرى كېيىنكى دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. تىل پاكىتلىرىغا قارىغاندا، رۇس

① ئى. ئا. ئىسلاموۋ. «ئۇيغۇر تىلىدىكى رۇس - خەلقئارا لېكسىكا» (فىلولوگىيە پەنلىرى ئۈچۈن كاندىداتلىق ئىلمىي دەرىجىسىنى تەلەپ قىلىش دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ قىسقىچە نۇسخىسى). لېنىنگراد. 1953 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىلى ئۇيغۇر تىلىغا 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئارتىپلا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. مەسىلەن، مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلالنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئىجات قىلغان ئەسەرلىرىدە رۇس سۆزلىرى ئۇچرىمايدۇ.

ئۆز دەۋرىدە كۆپچىلىككە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا "چەينەك، سەرەڭگە، ستاكان، كالاچ، زاكون، گېزىت، كارتوشكا، زاۋۇت، فابرىكا، لامپا، ساماۋەر (سەمەۋار ياكى سەمەرۋاي)غا ئوخشاش ئاز ساندىكى سۆزلەر 19 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قاتلاملىرى ئارىسىدا قوللىنىلغان بولسا كېرەك. بۇنداق سۆزلەر شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى نەتىجىسىدە، ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە رۇسلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان چېگرىداش ئۆزبەك، قازاق خەلقلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىلاشقانلىقى نەتىجىسىدە كىرىپ ئۆزلەشكەن. لېكىن رۇس سۆزلىرى ئۆزبەك، قازاق ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئوخشاش دېگۈدەك تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانلىقتىن، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزبەك ياكى قازاق تىللىرى ئارقىلىق كىرگەنلىكىنى ياكى بىۋاستە رۇس تىلىنىڭ ئۆزىدىن كىرگەنلىكىنى بىلىش قىيىن.

19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى (1882 ـ يىلىدىن باشلاپ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى ئىلى ۋىلايىتىدىن يەتتىسۇغا چىقىپ جايلاشتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھازىرقى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى رۇس خەلقى بىلەن ئىلگىرىدەك بىۋاستە ئارىلىشىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىغا 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئارتىپلا رۇس سۆزلىرى خېلى جىددىي رەۋىشتە كىرىشكە باشلىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى رۇسىيە تېرىتورىيىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر مەتبۇئات ئورنى بولمىغانلىقتىن، رۇس تىلىنىڭ ئېلىپ-

مېنتلىرى① جانلىق تىل ئارقىلىق كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتى-كىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ماسلىشىپ كەتكەن. مەسىلەن: ”ئاتىپكەت (адвокат)، ئەشمىشكە (осьмушка)، بەرقۇت (бархат)، بەتىڭكە (ботинки)، بولكا (булка)، بوجا (вожжи)، بوتۇلكا (бутылка)، بومۇزا (бумазея)، بولۇس (волость)، دوختۇر (доктор)، دوغا (дуга)، كارتوشكا ياكى كارتۆشكە (картофель)، كەڭسالا (канцелярия)، يەرمەڭكە (ярмарка)، مەش (печь)، پەتنۇس (поднос)، پرىستوپ (пристав)، ئويياز (уезд)، پۇت (пуд)، سوت (суд)، سەتەن (сатин)، سولكىۋاي (целковый)، سەرجان (сажень)، ستارشىن (старшина)، شىبلىت (штиблиты)، چىت (ситец)، شەپكە (шапка)، ئۇستەل (стол).

بۇ سوزلەردىن شۇنى بايقاش مۇمكىنكى، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە رۇس تىلىدىن ئوزلەشكەن سوزلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوزلەشكەن سوزلەرگە قارىغاندا ئايرىم ئوزگىچىلىكلەرگە ئىگە.

ئۇلار، بىرىنچىدىن، جانلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز نورمىسىغا ئاساسەن ھەر خىل فونېتىكىلىق ئوزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان ۋە ئوزلى-رىنىڭ رۇسچە شەكلىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن.

ئىككىنچىدىن، ئايرىم سوزلەر مەنە جەھەتتىن مەلۇم جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. مەسىلەن: ”شەپكە“ (шапка) دېگەن سوز رۇس تىلىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ”قۇلاقچا“ دېگەن سوزنىڭ ئورنىدا

---

① بۇ يەردە ”رۇس تىلىنىڭ ئېلېمېنتلىرى“ دەپ شەرتلىك تۇردە ئېيتى-ۋاتىمىز. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرگەن سوزلەرنىڭ مەلۇم قىسمى ئەسلىدە لاتىن، گرېك، نېمىس، فرانسۇز، ئىنگلىز ۋە باشقا تىللاردىن ئوز ۋاقتىدا رۇس تىلىغا كىرىپ ئوزلەشكەن سوزلەر بولۇشى تەبىئىي نەرسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوللىنىلىدۇ (يەنى "شەپكە" ئۇيغۇر تىلىدا رۇسچە "كېپكا" مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ). "مەش" (печь) سوزىنىڭ مەنىسى رۇسچە ئەسلىگە نىسبەتەن ئۆزگىرىپ، ئۇ پەقەت قىش كۈنى ئۆي ئىسسىتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق پايدىلىنىلىدىغان تومۇر مەشكىلا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ يەردە ئاجرىلىش يۈز بەرگەن. شۇنداقلا "ناسۋال" (носовой) رۇس تىلىدا پۇراپ خۇمار تارقىتىدىغان تاماكىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىش بىلەن مەنىسى ئۆزگىرىپ، لەۋنىڭ ئاستىغا سېلىپ تارتىدىغان مەخسۇس چېكىملىكنى ئىپادىلەيدۇ ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچىدىن، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى رۇس تىلىدىن كىرگەن سوزلەر ئاساسەن كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى ئوتەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كونكىرىت شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ("بوغا، بەرقۇت، بوتۇلكا، بولكا، بەتىنكە" دىگەنگە ئوخشاش)، شۇنداقلا قانۇن ۋە مەمۇرىيەتكە ئائىت سوزلەرمۇ ئۇچرايدۇ (" سوت، ئاتىپكەت، بولۇس، پرىستوپ، ستارشىن" دىگەنگە ئوخشاش). ئىلىم-پەن، تېخنىكا، مەدىنىيەت ۋە سەنئەتكە ئائىت ئاتالغۇ ياكى سوزلەر ئۇچرىمايدۇ دىسىمۇ بولىدۇ.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوۋيت ئىتتىپاقىدا ياشىغۇچى ھەممە خەلقلەرنىڭ تىلى رۇس تىلىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. تۈركى تىللارنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋى رۇس تىلىدىن ھەم رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن سوز ۋە ئاتالغۇلار ھىساۋىغا تېز سورئەت بىلەن بېيىشقا باشلىدى.

مەلۇمكى، ھەرقانداق ئەدەبىي تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەڭ مايىل قىسمى ئاتالغۇلار (تېرمىنولوگىيە) دۇر. باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ ئىلمىي-تېخنىكا، سىياسىي-ئىجتىمائىي ۋە باشقا ئاتالغۇلىرىنىڭ 50-60 پىرسەنتىنى رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ

ئوزلەشكەن سوزلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئوزلەشكەن بۇنداق سوزلەر ئىسىملاردىن ئىبارەت. باشقا سوز تۈركۈملىرىگە تېگىشلىك سوزلەر ئۇچرىمايدۇ.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن رۇس تىلىدىن كىرگەن سوزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە باش كېلىشتە تۇرۇپ، ئاساسەن ھېچقانداق فونېتىكىلىق ئوزگىرىش قىلماي رۇسچە شەكلى ساقلىنىپ يېزىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەمىلىي تەلەپلىرىمىزگە تولۇق مۇۋاپىق. لېكىن ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئىختىيارىغا ئوتكەندىن كېيىن خۇددى ئەسلى سوزلىرىمىزگە ئوخشاش تۇرلىنىدۇ، يەنى سوز ياساشقا ئاساس بولىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار ئايرىم فونېتىكىلىق ئوزگىرىشلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ماشىنا — ماشىنى + غا، گىراماتىكا — گىراماتىكى + غا، كىلىمات — كىلىماتى + ي، ئاتلاس — ئاتلاس + ى، گىرام — گىرام + مۇ، مېتال — مېتال + لار، بلوك — بلوگ + ى، گۇدوك — گۇدوگ + ى" ۋە باشقىلار.

رۇس تىلىدىن كىرگەن سوزلەرنىڭ ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز ياساش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىللار ھاسىل بولىدۇ. ئىسىملار: "كومبايىن — كومبايىنچى، تىراكتور — تىراكتورچى، كولخوز — كولخوزچى، پوچتا — پوچتىكەش، ئېلېكتىر — ئېلېكتىرلەشتۈرۈش، كوستيۇم — كوستيۇملۇق، پالتو — پالتولۇق" ۋە باشقىلار. سۈپەتلەر: كوممۇنىستلىق، ئاكادېمىيالىق، فىزىكىلىق، ئاۋتورلۇق، سىنتاكسىسلىق، رېۋولىيوتسىيالىق || (رېۋولىيوتسىئون، ئېۋولىيوتسىيالىق (ئېۋولىيوتسىون، تىرادىتسىيالىق (تىرادىتسىئون)" ۋە باشقىلار. پېئىللار: "رېمونتلىماق، مېخانىكىلاشتۇرماق، ئاۋتوماتلاشتۇرماق، ئاكتىۋلاشتۇرماق"؛ رۇس تىلىدىن كىرگەن سوزلەر ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىللە تۇرۇپ قوشما پېئىللار ياسايدۇ: "دوكلاد قىلماق، تانسا قىلماق، رېگىستراتسىيا قىلماق، رېپېتىتسىيا قىلماق، كوماندا بەرمەك، تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

"سوقماق، كولسپېكت ياسماق" ۋە باشقىلار. شۇنىداق قىلىپ، رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سوزلەر ئۇيغۇر تىلىدا سوز ياساشقا ئاساس بولۇپ، تىلىمىزنىڭ لۇغەت بايلىقىنى تېخىمۇ بېيىتىپ كەلمەكتە.

رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئالماشقان فامىلە ۋە ئاتنىڭ ئىسمىنى ھاسىل قىلغۇچى "-ئوۋ، -ئوۋا، -يېۋ، -يېۋا، -ئىن، -ئىنا، -ئوۋىچ، -يېۋىچ، -ئوۋنا، -يېۋنا" قوشۇمچىلىرىدىن باشقا بىرەر سوز ياسىغۇچى ئېلېمېنتنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سوزلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان قوشۇمچىلار پەقەت مۇناسىۋەتلىك سوزلەر بىلەن بىللە كىرىپ ئۆزلەشكەن. مەسىلەن، "كوممۇنىزىم، سوتسىيالىزىم، كاپىتالىزىم، رېۋولىيوتسىئونېر، مىلىتسىئونېر، ئاكسىئونېر، ترانسلىياتسىيا، كۇلتىۋاتسىيا، ژۇرنالىست ئاۋانتيۇرىست، ماتېرىيالىست" ۋە باشقىلار. بۇنداق قوشۇمچىلار ئەسلى ئۇيغۇرچە سوزلەرگە ئۇلىنىپ ھېچقاچان يېڭى ئىسىم ياسىغان ئەمەس.

رۇس تىلىنىڭ تەسىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا ساھەسىدىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ فونېتىكا ۋە سىنتاكسىس ساھەلىرىدىمۇ ئۇچۇق كورۇنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سوزلىرىدە، "ф، ц، щ، ы، э" تاۋۇشلىرى ساقلىنىدۇ: "факт، флаг، философия، физика، торф، цех، цемент، центнер، авиация، щетка، ящик، плащ، тыл، цынга، электр، этаж، эстетика، поэма" ۋە باشقىلار. سوزنىڭ باش ۋە ئوتتۇرىسىدا ھەم ئاخىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئايرىم تاۋۇش بىرىكمىلىرى ئۇچرايدۇ: "пункт، акт، съезд، поезд، банк، бланк، стакан، пролетариат، лрама، килограмм، металл، процесс،

"комбайн" трактор، ۋە باشقىلار.
نەتىجىدە شۇلى ئېيتىش كېرەككى، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن رۇس تىلىدىن سوز قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىش ئۇيغۇر تىلى ئۇچۇن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۇنكى بۇ مەنبە تىلىمىزنىڭ لېكسىكا تەركىۋىنىلا بېيىتىپ قالماستىن، شۇنداقلا ئۇنى گىراماتىكا ۋە فونېتىكا ساھەلىرىدىمۇ دىيەرلىك يېڭىلىقلارنى پەيدا قىلماقتا.

رۇس تىلى س س س ر خەلقلىرىنىڭ ئىككىنچى ئانا تىلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇنى ئىگىلەش ئىشى بىۋاستە ئۇگىنىش ئارقىلىق ۋە مۇناسىۋەتلىك سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سوزلىرىنى مىللى تىللارنىڭ ئوزلەشتۇرۇپ پايدىلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 25. باشقا تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە

يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىۋىدە باشقا تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرى نۇرغۇن. ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن تىللاردىن تېگىشلىك سوزلەرنى ئوز-لەشتۇرۇپ قوللىنىش جەريانى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئىجابى رول ئوينىدى. چۇنكى تىلىمىز قىسمەن مۇشۇ چەتتىن ئوز-لەشتۇرۇلگەن سوز ۋە ئىبارىلەرنىڭ ھىساۋىغا بېيىپ، ئوزىنىڭ ئالاقە قورالى بولۇش خىزمىتىنى ياخشىلىدى، ھەر خىل زىل ۋە مۇرەككەپ چۇشەنچىلەرنى ئىپادە قىلىش مۇمكىنچىلىگىگە ئىگە بولدى.

مەلۇمكى، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئوزىنىڭ مىللى مەدىنىيىتىنى پەقەت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا ئوز ئانا تىلى ئاساسىدا كوڭۇلدىكىدەك تەرەققى قىلدۇرالىدى، سوۋېت دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىنى يېڭى

www.uyghurkitap.com

جەمىيەت تۈزۈمىنىڭ ھەممە تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى بويىچە، بولۇپمۇ ئاتالغۇ ئىجاتچىلىقىغا ۋە ئومۇمەن چەتتىن سوز قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل كوزقاراشلار بولدى. مەسىلەن، پان ئىسلامىزىم ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ئايرىم زىيالىلار كېرەكلىك سوزلەرنى پەقەت "مۇقەددەس" ئەرەپ تىلىدىن ئوزلەشتۈرۈش كېرەك دەپ، رۇس تىلىدىن كىرىۋاتقان سوزلەرگە قارشى تۇرغان بولسا، پانتۈركىزىم ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر تۈركۈم زىيالىلار ھەممە تۈركىي تىللارغا ئورتاق بىر تىل ياساش خىيالىنى ئالغا سۈرمەكچى بولدى. نەتىجىدە ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھەر خىل يات ئېلېمېنتلارنى ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، تىلىمىزنىڭ ئوز ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇلۇق قىلدى.

يەنە بىر تۈركۈم زىيالىلار بۇ جەھەتتىن مىللەتچىلىك كوزقاراشتا بولۇپ، چەتتىن (مەيلى ئەرەپ، پارس، مەيلى رۇس ياكى خەنزۇ تىللىرىدىن بولمىسۇن) سوز قوبۇل قىلىشقا تامامەن قارشى تۇردى. ئۇلار تېگىشلىك يېڭى سوزلەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوزىدىن ياساشنى ياقلاپ، خەلققە سىڭىشىپ كېتەلمەيدىغان نۇرغۇن سۇنئىي سوزلەرنى تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىۋىنى مۇشۇ يول بىلەن بېيىتماقچى بولدى. بۇنداق مىللەتچىلەر، مەسىلەن، رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق غەرپ تىللىرىدىن كىرىۋاتقان سوزلەرگە قارشى تۇرۇپ، "گۈلدۈر قوش" (تىراكتور)، "گۈلدۈر قۇش" (ئايروپىلان)، "ئوت هارۋا" (پويىز)، "شەيتانچاق" (ۋېلىسىپىت)، "يەر دومىلىغى" (ياڭيو)، "قىزىل مىلىق" (پومىدۇر) دېگەنگە ئوخشاش "سوز" ۋە "ئىبارىلەر"نى تەكلىپ قىلغان ئىدى.

بۇنداق خاتا كوزقاراشلار كوپ كېچىكمەي ئومۇمەن تىل تەرەققىياتىغا بولغان ماركسىستىك كوزقاراشلار ئالدىدا تەسلىم بولدى.

سوۋېت دەۋرىدە 20—30 ـ يىللىرى (1925 ـ، 1928 ـ، 1930 ـ، 1937 ـ يىللىرى) ئالمۇتا ۋە سەمەرقەنت شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر تىلىغا بېغىشلانغان يېزىق، ئىملا ۋە ئاتالغۇلار كېڭەشمىلىرى ۋە كونفېرېنسىيىلىرى چاقىرىلغان ئىدى. بولۇپمۇ، 1937 ـ يىلى مارتتا ئالمۇتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بېغىشلانغان بىرىنچى قۇرۇلتاي ئاتالغۇلار مەسىلىلىرىنى قاراپ، 1930 ـ يىلى ئالمۇتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى تىل ـ ئىملا كونفېرېنسىيىسىدە قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار پرىنسىپلىرىنى قاتتىق تەنقىت قىلدى ۋە قۇرۇلتاي قادىر ئاشوروۋ تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئاتالغۇلار پرىنسىپلىرىنىڭ يېڭى لايىھەسىنى قوبۇل قىلدى. بۇ لايىھەدە ئاتالغۇ ئىجاتچىلىقىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئىمكانىيەتلىرىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىش پرىنسىپى تەكلىپ قىلىنىش بىلەن بىللە، سوۋېت ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سوۋېت ـ ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىنى قوللىنىش ۋە ئومۇمەن چەتتىن سۆز قوبۇل قىلىشتا بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى بىرقەدەر توغرا ھەل قىلىندى.

1958 ـ يىلى 25 ـ، 28 ـ نويابىر كۈنلىرى ئالمۇتىدا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق سېكتورى تەرىپىدىن چاقىرىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە ئاتالغۇلىرى ھەققىدىكى كېڭەشمە ئا. قايداروۋ تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاتالغۇلار پرىنسىپلىرى» نى قوبۇل قىلدى. بۇ "پرىنسىپ"لار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتالغۇلىرى ھەققىدىكى ئىلگىرى ئىشلەنگەن ھەممە ئىشلار، شۇنداقلا، باشقا قېرىنداش تىللارنىڭ بۇ ساھەدىكى مول تەجرىبىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان ھالدا تۈزۈلگەنلىكتىن، چەتتىن سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئىشىغا مۇناسىۋەت قىلىش مەسىلىسىمۇ تەلەپكە لايىق توغرا ھەل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئومۇمەن ھەر خىل مەدىنىي ئالاقە-قاتناشلار نەتىجىسىدە بىر تىل ئىككىنچى بىر تىلنىڭ ھېساۋىغا ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋىنى بېيىتىپ، تولۇقلاپ بېرىشى تەبىئىي نەرسە. شۇڭلاشقا مەسىلە چەتتىن كىرگەن سۆزلەرگە قانداقتۇ سەلبىي كۆزقاراشتا بولۇشتىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى شۇ چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئورۇنلۇق قوللىنىشتا، تىلنىڭ ئۆز مۇمكىنچىلىكلىرىگە رىئايە قىلماي، باشقا تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئارتۇقچە ھەۋەس قىلىشتىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا رۇس تىلىدا يۈز بەرگەن مۇشۇنداق ئەھۋال توغرىسىدا ۋ. ئى. لېنىن ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر ئېيتقان ئىدى. ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىز رۇس تىلىنى بۇزۇۋاتىمىز. چەت-ئەل سۆزلىرىنى ھاجىتى بولمىسىمۇ ئىشلىتىۋاتىمىز. ئۇلارنى ناتوغرا ئىشلىتىۋاتىمىز. недочеты ياكى недостатки ياكى пробелы دېيىشكە مۇمكىن بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە "дефекты" دېيىشنىڭ نېمە ھاجىتى"①.

مەدىنىي ھاياتىمىزدا پەيدا بولغان بىرەر نەرسە، ئۇقۇم ياكى چۈشەنچىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز مۇمكىنچىلىكلىرىگە تايىنىپ ئاتىشىمىز لازىم. ئەگەر شۇ نەرسە ياكى چۈشەنچىنى تولۇق ئىپادە قىلالىغۇدەك سۆز تىلىمىزدا تېپىلمىسا ۋە بۇنداق سۆزنى ئىجات قىلىشقا ئۆزىمىزنىڭ سۆز ياساش مۇمكىنچىلىكلىرىمىز ئاجىزلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا زامانىمىزدىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان تىللاردىن ھېساپلىنىدىغان رۇس تىلىغا مۇراجىئەت قىلىمىز. ئۇنىڭ باي لېكسىكىسىدىن كېرەكلىك سۆزلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىمىز.

---

① «ۋ. ئى. لېنىن. ئەسەرلىرى». 30-توم، رۇسچە نەشرى، 274-بەت.

# IV. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ ئىستىللىق ئالاھىدىلىكلىرى

## 26. ئۇيغۇر تىلىنىڭ نورمىسى ھەققىدە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — مەلۇم دەرىجىدە نورمىغا چۈشۈپ رەسمىيلەشكەن ۋە سىلىقلاشقان تىل. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ئېھتىياجلىرىنى ئۆتەش جەريانىدا، دۆلەتلىك ئىدارىلەر، ئىلىم-پەن، مەتبۇئات، تىياتىر، رادىئو، گۈزەل ئەدەبىياتنىڭ تىلى بولۇپ خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا دىئالېكت ۋە جانلىق تىل بىلەن ھەر خىل دەرىجىدە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ھەر دەۋرنىڭ سەۋىيىسىگە يارىشا مەزمۇن ۋە ساپا جەھەتتىن پەيدىن-پەي ئۆسۈپ باردى.

مەلۇمكى، "ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى" دېگەن ئۇقۇم بىلەن "ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمىي مىللىي تىلى" دېگەن ئۇقۇم بىر ئەمەس. ئەگەر ئەدەبىي تىل ئومۇمىي مىللىي تىلنىڭ ئىشلەنگەن، نورمىغا چۈشكەن ۋە شەكىللەنگەن تۈرى ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئەمدى ئومۇمىي مىللىي تىل ئەدەبىي تىل بىلەن بىللە پۈتكۈل دىئالېكتلارنى، جانلىق تىلنى، تىلدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ ھەجمى ۋە دائىرىسى كەڭ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئومۇمىي مىللىي تىلىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ تۈگەل ھەممىسىگە خىزمەت قىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئومۇمىي مىللىي تىلىمىزنىڭ پۈتكۈل باي سىستېمىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ئىچىگە ئالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك سۆزلىرى بىلەن ئىبارىلىرىدىن، ھەممىگە مەلۇم ۋە كۆپ قوللىنىلىدىغان مورفولوگىيە-لىك شەكىللىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇزىنىڭ ئەۋرىشىملىكى، پىكىرنى ئېنىق ۋە تولۇق ئىزھار قىلىشقا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكى ۋە بىر پۈتۈن تىل ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسىگە بىردەك چۈشىنىشلىك بولۇپ كېلىشى تەرىپىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئەدەبىي تىل كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە-قاتناشنىڭ ئەڭ مۇكەممەللەشكەن ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي تىلنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە ئومۇمى كۆپچىلىكنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان مەلۇم نورما ۋە قائىدىلىرى بولىدۇ. بۇ نورما ۋە قائىدىلەر ئەدەبىي تىلنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ، تېگىشلىك سۆزلەرنى تاللاش، گىراماتىكىلىق فورمىلارنى تۇراق-لاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ؛ تەلەپپۇز نورمىلىرىنى، توغرا يېزىش قائىدىلىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىگە قوپال سۆزلەرنى (دويۇز، يوغان قوساق، بەچچىغەر، خام سېمىز، "يە" دېيىش ئورنىغا "تىق"، "سوق" دەپ قوللىنىش)، دىئالېكتىزىملارنى (ئەندىرغان، ئەدەبىي تىلدا — بولدۇرگەن، تەخەي، ئەدەبىي تىلدا — خوتەك، شىرە، ئەدەبىي تىلدا — جوزا ۋە باشقى-لار)، شىۋە سۆزلىرىنى (سۇدال، نوكەش، چۈشكۈن، سورەتمە) كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇز نورمىسى ئىلى ئۇيغۇر-لىرىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئاساسلانغان. ئىملا قائىدىلىرى بولسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ فونېتىكا — مورفولوگىيىلىك پرىنسىپقا ئاساسلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەم تەلەپپۇز، ھەم توغرا يېزىش نورمىلىرى ئەدەبىي تىلىمىزنىڭ پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلىش، شەكىللىنىش يولۇنۇشىغا

بېقىندۇرۇلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىككى شەكلى بار. ئۇلار ئېغىزچە ۋە يازما شەكىللىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئېغىزچە شەكلى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋى جەھەتتىدىن يازما شەكلىگە نىسبەتەن ئايرىم ئالاھىدىلىككە ئىگە. يازما شەكلىدە ھەر خىل ئىلىم ساھەسىگە ئائىت ئاتالغۇلار، ئاساسەن، ئابستراكتلىق مەنىدىكى خەلقئارا (ئىنتېرناتسىئونال) سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئادەتتە مۇرەككەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىزچە شەكلىدە بولسا، سادده سۆزلەر، كۈندىلىك تەجرىبىدە قوللىنىلىدىغان تۇرمۇشقا ئائىت سۆزلەر ۋە ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئېغىز تىلى ئۈچۈن قەتئىي رەسمىيلەشكەن سىنتاكسىسلىق شەكىللەر شەرت ئەمەس، ھەتتا تولۇق ئەمەس جۈملىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سۆزلەشكۈچى شەخسلەر بىر-بىرىنى جانلىق تىلغا خاس باشقا قوشۇمچە ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، مەسىلەن، ئىشارەت، ئىنتوناتسىيە، ۋەزىيەت ۋە باشقىلار ئارقىلىق تولۇق چۈشىنەلەيدۇ. ئېغىزچە تىل شەكلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، ئادەتتە، سۆھبەت، بىرەر نەرسە ئۈستىدىكى مۇھاكىمە، ئائىلە ئەزالىرى، تونۇش-بىلىش، يولداش، خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى پاراڭ ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. دوكلات، لېكسىيە ۋە مۇزاكىرىلەر ئېغىزچە تىلنىڭ مۇرەككەپ تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئېغىزچە تىل ھەم لېكسىكىلىق تەركىۋى، ھەم سىنتاكسىسلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىدىن ئەدەبىي تىلنىڭ يازما شەكلى بىلەن يېقىنلىشىدۇ.

ھازىرقى زامان يازما ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىرنەچچە ئىستىللىق تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: بەدىئىي ئەسەرلەرگە خاس ئىستىل، ئىلمىي ئەمگەكلەرگە خاس ئىستىل، تەنقىتچىلىككە (پۇبلىتسىستىكىغا)

www.uyghurkitap.com

خاس ئىستىل، ئىش قەغەزلىرىگە، دۆلەت ئىشلىرىغا دائىر ھەر خىل ھۆججەتلەرگە خاس ئىستىل ۋە باشقىلار.

بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىستىلىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھېكايە ئىستىلى، ئوچېرك ئىستىلى، شېئىر ۋە پوئېما ئىستىلى بولۇپ بىرنەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەمما ئومۇمەن بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلى ئاساسەن ئىككى ئىستىلغا — پروزا ئىستىلى بىلەن پوئېزىيە ئىستىلىغا بولۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى كۆپ ۋاقىتتا تامامەن باشقا ئىستىللارنىڭ، مەسىلەن، ئىلمىي ئىستىلنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ئەمما باشقا ئىستىلنىڭ ئېلېمېنتلىرى مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى يېتەرلىك خاراكتېرلەش، بەدىئىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىدى ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ.

بەدىئىي ئەسەرلەر ئىستىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا ھېسسىياتلىق ۋە تەسىرلىك خۇسۇسىيەت ئۇچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت تىلدىكى ئەڭ تەسىرلىك ۋە چىرايلىق ۋاستىلەرنى تاللىۋېلىش ئارقىلىق، بەدىئىي ئوبرازلارنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. دېمەك، يېزىق تىلىمىز جەمىيەت ھاياتىنىڭ قايسى ساھەسىگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئايرىم-ئايرىم ئىستىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن، تىل كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇھىم ئالاقە قورالى بولۇپ، ئەسىرلەر داۋامىدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ لېكسىكا تەركىبىدىكى سۆزلەرنى مەلۇم ئىستىللىق قاتلاملارغا بولىدۇ.

شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىش دائىرىسى جەھەتتىن بىردەك

ئەمەس. بىر تۈركۈم سۆزلەر جەمىيەت پائالىيىتىنىڭ تۈرلۈك ساھەلى-
رىگە باغلىق ھېچبىر چەكلەنمەستىن قوللىنىلىۋېرىدىغان بولسا، يەنە
بىر تۈركۈم سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى مەلۇم ئىش ياكى
بىلىم ساھەسىنىڭ ئەتراپىدا چەكلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ بۇنداق كەڭ دائىرىدە، يەنى جەمىيەت پائالىيىتىنىڭ
ھەممە ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ياكى ئۇلارنىڭ قوللىنىلىش
دائىرىسىنىڭ چەكلەنگەن بولۇشى شۇ سۆزلەرگە خاس ئىستىللىق
ئالاھىدىلىكلەرگە باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ
ئۆتكەندەك، گۈزەل ئەدەبىياتتا مەلۇم ۋەقەنى، نەرسىنى بەدىئىي
يوسۇندا تەسۋىرلەش ئۈچۈن يازغۇچى ئوبرازلىق سۆز ۋە ئىبارىلەر-
نى، ھەر خىل كىنايە تۈرلىرىنى كەڭ تۈردە قوللىنىدىغان بولسا،
بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلمىي ئەمگەكلەردە شۇ ئىلىم ساھەسىگە ئائىت
ئاتالغۇلار، خەلقئارا ئاتالغۇلار قاتلىمى نۇرغۇن ئۇچرايدۇ. ئىلمىي
ئىشتا سۆزلەر ئاساسەن مەلۇم بىرلا مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ،
بەدىئىي تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى (سېلىشتۇرۇش، سۈپەتلەش
سۆزلىرى، مېتافورا، مېتونىمىيە، مۇبالىغە ۋە باشقىلار) كەم
ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن بايقاش
مۇمكىنكى، مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىن مەنىداش سۆزلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ
ئىستىللىق ئۆزگىچىلىكلىرىگە بىنائەن كونتېكستتا ھەممە ۋاقىتتا بىر-
بىرىنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "كۆپ،
نۇرغۇن، جىق، تولا، كەڭرى" دېگەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەردۇر.
بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا "مېنىڭ ۋاقتىم كۆپ، مېنىڭ ۋاقتىم
نۇرغۇن" شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. جانلىق تىلدا "مېنىڭ ۋاقتىم جىق،
مېنىڭ ۋاقتىم تولا" دەپمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەدەبىي
تىلدىمۇ، جانلىق تىلدىمۇ "مېنىڭ ۋاقتىم كەڭرى" دەپ قوللىنىلماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ. شۇنداقلا "بۇ يىل كولخوز ئاشلىقتىن كوپ ھوسۇل ئالدى" دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما "بۇ يىل كولخوز ئاشلىقتىن تولا ھوسۇل ئالدى" دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "كۆچ، قۇۋۇەت، ماغدىر، دەرمان" دېگەن سوزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ كونتېكستتا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە يارىشا شەرت ـ شارائىت تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، مەسىلەن "بۇ ئىشقا كوپ كۆچ چىقاردىم" دېيىشكە بولىسىمۇ، "بۇ ئىشقا كوپ ماغدۇر (قۇۋۇەت، دەرمان) چىقاردىم" دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، "ئېلېكتىر قۇۋۇتى" دېگەن ئىبارىلەرنى "ئېلېكتىر ماغدۇرى (كۆچى، دەرمانى)" دەپ ئېيتىش ئادەتكە لايىق ئەمەس.

دىمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى كوپچىلىك سوزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس قوللىنىش چېكى بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستىللىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن ھەرقانداق شارائىتتا بىردەك ئىشلىتىلىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئەتراپىدىكى سوزلەرنىڭ مەنىلىرى بىلەن ماسلىشىپ، جىپسىلىشىپ كېلىش شەرتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىۋىدىكى سوزلەر خۇددى مۇشۇ ئىستىللىق ئالاھىدىلىكلەرگە بىنائەن، يەنى كىشىلىك پائالىيىتىنىڭ قايسى ساھەسىدە كوپرەك، قايسى ساھەسىدە ئازراق ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا قاراپ، بىرنەچچە قىسىمغا بولۇنىدۇ. بۇ ئىستىلىستىكىلىق قىسىملار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1) ئومۇم خەلقلىق لېكسىكا، 2) جانلىق تىلغا خاس لېكسىكا، 3) دىئالېكتلىق لېكسىكا، 4) مەلۇم مۇتەخەسسىسلىككە ئائىت لېكسىكا، 5) ئارخائىزىملار، 6) نېئولوگىزىملار، 7) كىتاپ تىلىغا خاس لېكسىكا، 8) تەسىرلىك ۋە ھىسسىياتلىق لېكسىكا.

## 27. ئومۇم خەلقلىق لېكسىكا

تىلىمىزدىكى "سۇ، نان، چاي، كىيىم، ئوتۇن، ئوي، مال، تاغ، تاش، كىتاپ، قار، يامغۇر، ئېتىز، ئاتا، مەن، سەن، سىز، ئۇ، ياخشى، ئاق، قارا، قىزىل، ماڭماق، ئىشلىمەك، ئوقۇماق" دىگەن سوزلەر ئومۇملىق خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، مەلۇم ئىستىلىستىكىلىق ساھە بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس. بۇ خىل سوزلەر قاتلىمى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە، ئۇقۇم ۋە ۋەقەلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلىدا سوزلىگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە — مەيلى ئۇ كولخوزچى بولسۇن، مەيلى ئىشچى بولسۇن، مەيلى ئالىم، يازغۇچى ياكى ئوقۇغۇچى بولسۇن — ھەممىسىگە ئورتاق، ئومۇمى سوزلەر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇددى مۇشۇ ئومۇملىق خۇسۇسىيىتىگە باغلىق مەلۇم بىلىم ساھەسىگە ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلەردىمۇ، گۈزەل ئەدەبىياتتىمۇ، بىرەر تار مۇتەخەسسىسلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىنىڭ تىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار ئىستىللىق قوللىنىلىش جەھەتىدىن خالىس سوزلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 28. جانلىق تىلغا خاس لېكسىكا

ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىش دەرىجىسىگە كوتىرىلمىگەن، كىشىلەرنىڭ جانلىق تىلىدا ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان سوزلەر جانلىق تىلغا خاس لېكسىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. جانلىق تىلغا خاس لېكسىكا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى سوز كاتېگورىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالـدىۇ: ساددە سوزلەر، ۋۇلگارىزمـلار (قوپال سوزلەر)، يەرلـىك خاراكتىرغا ئىگە بولغان سوزلەر ۋە باشقىلار.

ساددە سوزلەر ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا سوزلىگۇچى ھەممە كىشىگە چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئوزئارا پىكىر ئىلىشىش ۋاقتىدا ئەركىن قوللىنىلىدۇ. جانلىق تىلدا يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە قابىل سوزلەرمۇ پات-پاتلا ئۇچرىشى مۇمكىن. لېكىن سوھبەتتە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك يەرگە (يەنى سوھبەتلەشكۇچىلەر تۇرغان جايغا) تولۇق چۈشىنىشلىك بولغان تۇرلىرىلا ئىشلىتىلىدۇ.

جانلىق تىلغا خاس سوزلەرنىڭ كوپ ۋاقىتتا ئەدەبىي تىلدا ئېكۋىۋالېنتلىرى (تەڭداش سوزلىرى) بولىدۇ. مەسىلەن: "كايىپاڭ — ئاپىقۇر؛ ئورۇس — رۇس؛ چونتەك — يانچۇق؛ كالپۇك — لەۋ؛ تەسلىمە — بېدەستۇر؛ قەۋەت — ناھايىتى، ئىنتايىن؛ دايىماق — تەمىنلىمەك؛ ئورۇمەك — تەرجىمە قىلماق؛ سىجاق — سىزىق؛ خوتۇن — ئايال؛ ساسقىلىماق — ھودۇقماق؛ باقماق — قارىماق" ۋە باشقىلار.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەدەبىي تىل ئوزىنىڭ لېكسىكلىق تەركىبىنى ھەرقاچان جانلىق تىل ھىساۋىغا بېيىتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇگۇنكى تەرەققىيات دەۋرىدە جانلىق تىلغا خاس ئايرىم سوزلەر بارا-بارا ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىش دەرىجىسىگە كوتىرىلىشى مۇمكىن.

جانلىق تىلدا ھاياتنىكى سەلبىي ئەھۋاللارنى ئىپادىلەش ئۇچۇن قوپال مەنىگە ئىگە بولغان سوزلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل قوپال سوزلەر ۋۇلگارىزىملار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: "دويۇز، ئەبلەخ، ئەركە-تايتاڭ، خام سېمىز، بەچچىغەر، ئىپلاس، خۇمپەر، قانخور، زالىم، گالمۇس، دۆلەي، شىخ (چىراي دېيىش ئورنىغا)، تۇمشۇق (بۇرۇن دېيىش ئورنىغا)، پىخسىق، يالاقچى، خوشامەتچى".

بۇ تۇركۇمگە ياتىدىغان ئايرىم سوزلەرنىڭ مەنىسى ئەسلىدە سەلبىي

بولماسلىغى مۇمكىن. لېكىن مەلۇم كونتېكستتا ئۇلار سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ”چوشقا (ئادەمگە نىسبەتەن قوللىنىلغاندا)، ئېشەك، ئىت، لالما، چاپاق، يوغان قوساق، مۇشتۇمزور، ئېگىسىز“گە ئوخشاش سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆچمە مەنىلىرىدە قوللىنىلغاندا سەلبىي مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ.

جانلىق تىلغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلىدا، بولۇپمۇ بەدىئىي ئەسەرلەردە مەلۇم ئىستىلىستىق مەقسەتلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. ساددە ھەم يەرلىك سۆزلەر گۈزەل ئەدەبىياتتا پېرسوناژلارنى تىپىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن كېرەك بولسا، قوپال سۆزلەر دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدىكى كۆرەش ۋە تالاش-تارتىشلار ۋاقتىدا، ئۇلارغا نەپرەت بىلدۈرۈش ۋاقتىدا قوللىنىلىدۇ.

قوپال سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قانداق مەقسەتلەر بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكىنى مومىن ھەمرايېۋنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە»① ناملىق پوۋېستىدىن ئېلىنغان مۇنۇ مىساللاردىن روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ:

...ھاي، ھارامزادىلەر! قىزىتالاقلار، نېمە بۇ يەرگە كېلىپ كاكىرىشىسەن؟! (30-بەت)، بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق! (33-بەت). ئەجەل ياستۇغىدا يېتىپ، ”سۇ“ دېسەڭ، ئاداش، دۈيۈز يوغان خوجايىنلار كۆزىنىڭ قىرىنى سالمايدىكەن (42-بەت).

ھەي، دوستۇم، مەن ساڭا ئېيتاي، مەھەللىدە بولسا، ئاغزىڭ قېنى دېسە، مانا دەپ بۇرنىمىزنى كۆرسىتىدىغان گالۋاڭلاردىن ئىدۇق... (46-بەت).

— چۈھ، ئېگىسىز — ، دەپ ئېتىغا قاتتىغراق ۋاقىرىشىغا جانەم بېشىنى ئېرىقتىن ئېلىپ قاردى (67-بەت).

---

① مومىن ھەمرايېۋ. «ئېغىر كۈنلەردە» ئالمۇتا. 1961-يىل.

www.uyghurkitap.com

ــ ھەي، ھارامتاماق! ــ دەپ ئۇمەرجان چىپىسنى قويۇپ، ئاتقا قاراپ يۈگرەپ چىقىپ كەتتى (84 ــ بەت).

سەن لاۋزىنى سوز بىلەن يېڭىپ بولمايدۇ! (106 ــ بەت).

ــ ۋاي، ساراڭـەي!...بول چاپسان جانەمنى ئېلىپ بېرىڭىز، كىمنى بولار ئىدى؟! ــ دەپ كوتۇلداپ، غالۋاراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى (108 ــ ــ بەت).

ــ ھەي، سورەلمە، بولساڭچۇ، كەچ كىردىغۇ! (108 ــ بەت).

ئۇلار موشۇ توڭغۇز بايلارغا ئوخشاش ئىچكىرىسىدىكى بايلارنىڭ ئازاپ ــ زۇلمىدا ئۇلۇپ، قىرىلىپ تۇگىدى (119 ــ بەت). راست، قاچانغىچە ئېزىلىمىز قانخورلارنىڭ قولىدا. بۇ دويۇزلەر باركىن، بىزگە كۈن يوق. بىرە تولا يوقتىش كېرەك، ھىمىت چاپاقنى ئۇلتۇر! گايىت يوغان قوساقنى، ــ دەپ ئاردىن بىرى سەكرەپ، پىچىغىنى چىقىرىپ، مېھمانخانىغا يۈگرىدى (120 ــ بەت).

## 29. دىئالېكتالىق لېكسىكا

ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتولوگىيىسى ئىلگىرى ــ كېيىن ھەقىقى ئىلمىي ئاساستا مەخسۇس تەكشۈرۈلگەن ئەمەس. شۇڭلاشقا تاكى ئاخىرقى يىللارغىچە ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل دىئالېكتلار بارمۇ ياكى يوقمۇ، ئەگەر بار بولسا، ئۇلار قايسىلار دىگەن سۇئاللارغا ھەرخىل پىكىرلەر ئېيتىلىپ كەلدى. مەسىلەن، ن. ئا. باسكاكوۋ «ئۇيغۇرچە ــ رۇسچە لۇغەت»تە① ئۇيغۇر تىلىدا قەشقەر، ئىلى، ئاقسۇ، خوتەن،

① ن. ئا. باسكاكوۋ ۋە ۋ. م. ناسىلوۋ «ئۇيغۇرچە ــ رۇسچە لۇغەت» موسكۋا. 1939 ــ يىل. 173 ــ بەت.

تۇرپان ۋە لوپنۇر دىئالېكتلىرىنىڭ بارلىقىنى كورسىتىدۇ. مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم س. يې. مالوۋ ئاشۇ دىئالېكتلارغا قۇمۇل ۋە كۇچار دىئالېكتلىرىنى قوشىدۇ①. لېكىن 1956 ـ، 1957 ـ يىللاردا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىشلار شۇنى كورسەتتىكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دىئالېكت سۈپىتىدە پەقەت خوتەنلىك ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىلىنىلا كورسىتىشكە بولىدۇ.② ئىلگىرى دىئالېكت دەپ كەلگەن قەشقەر، يەكەن، ئىلى، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى ئۆزئارا بەزىبىر فونېتىكىلىق پەرقلەر بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، گىرامماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتلىرىدىن ئېيتارلىق ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىدا مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن ۋە لوپنۇر دىئالېكتلىرى بولۇپ ئۈچ دىئالېكت بار. ئەمدى قەشقەر، يەكەن، ئىلى، قۇمۇل، ئاقسۇ، تۇرپان ۋە باشقا يەرلەرگە خاس تىل ئۆزگىچىلىكلىرى مەركىزىي دىئالېكتنىڭ تەركىۋىگە كىرىدىغان مۇناسىۋەتلىك شىۋىلەرنى تەشكىل قىلىدۇ دەپ ئېيتىش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلسە كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى مەركىزىي دىئالېكتقا ئاساسلانغان. ئەمما بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىلى شىۋىسىنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ خۇسۇسەن ئىلى ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژورنال ۋە ھەرخىل كىتابلارنىڭ باشقا يەرلەرگە نىسبەتەن يېتەرلىك تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

---

① س. يې، مالوۋ «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋىلىرىگە دائىر ماتېرىياللار» «سېرگى فېدوروۋىچ ئولدېنبورگقا بېغىشلانغان توپلام» لېنىنگراد. 1934 ـ يىل. 311 ـ بەت.

② ئە. ن. نەجىپ. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» موسكۋا. 1960 ـ يىل. 9 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھازىر ئەدەبىي تىل بىلەن دىئالېكتلار ۋە شېۋىلەر ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئۆزئارا تەسىر قىلىش جەريانى كۈچلۈك ھالدا كېتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بارغانسېرى رەسمىي تۈس ئېلىپ، مەتبۇئات، رادىئو ۋە باشقا مەدەنىي ئالاقە-ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك خاراكتېرغا ئىگە بولۇش مۇناسىۋىتى نەتىجىسىدە ئەدەبىي تىل بىلەن دىئالېكتلار ۋە شېۋىلەر ئارىسىدىكى پەرق پەيدىن-پەي تۈگەپ كېتىۋاتماقتا.

ئەلۋەتتە، دىئالېكتلىق ۋە يەرلىك خاراكتېرغا ئىگە بولغان سوزلەر ئەدەبىي تىلغا خاس لېكسىكىنى بېيىتىشتىكى مۇھىم مەنبە-لەردىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھازىرقى كۈندىكى تېخى شەكىللىنىش دەۋرىدە، يەنى ئايرىم سوز قاتلاملىرىنىڭ ئەدەبىي تىلغا ياكى بىرەر دىئالېكتقا تەئەللۇق ئىكەن-لىگىنى ئېنىقلاش قىيىن بولغان بىر شارائىتتا ئەدەبىي تىل لېكسىكى-سىنىڭ دىئالېكتىزىملار ھېساۋىغا بېيىشى چوقۇم نەرسە. ھەرھالدا دىئالېكتلىق خۇسۇسىيىتى ئوچۇق سېزىلىپ تۇرغان سوزلەرنى ئەدەبىي تىلغا ئېلىپ كىرىشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. مەسىلەن: "جوزا، ئويماق، خوتەك، موما، گوشۇنە" دېگەن سوزلەر ئەدەبىي تىلغا خاس سوزلەردۇر. ئەمما ئايرىم جايلاردا بۇ سوزلەر "شىرە (جوزا)، شاخسىنەك (ئويماق)، تەخەي (خوتەك)، ئانىكا (موما)، پورەك (گوشۇنە)" دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى جايلاشقان ئايرىم جايلاردىلا ئىشلىتىلىدىغان مۇشۇ دىئالېكتىزىملار ئەدەبىي تىلدا تامامەن ئىشلىتىلمەيدۇ دېسىمۇ بولىدۇ.

راست، مەلۇم بىر جايدا پەيدا بولۇپ، كېيىن ئومۇمى كوپچىلىك-نىڭ مەنپەئەتىگە سازاۋەر بولغان نەرسىنى ئىپادىلىگۈچى سوزمۇ بارا-بارا ئەدەبىي تىلنىڭ لېكسىكىسىغا قوشۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇ سوزنىڭ ئەدەبىي تىلدا تەڭدىشى مەۋجۇت بولسا، ئۇنى پاراللېل

قوللىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

دېمەك، شۇڭگە مەنسۇپ سوزلەر بەزىدە يازغۇچىلار تەرىپىدىن بەلگىلىك جايىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى بېرىش ئۈچۈن، پېرسوناژ-لارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ كورسىتىش مەقسىدى بىلەن قوللىنىلىدۇ.

*　　　*　　　*

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە ئاكتىپ ۋە پاسسىپ قوللىنىلىدىغان سوزلەرنىڭ بارلىغى مەلۇم. ئاكتىپ سوزلەر ئالاقىلىشىش ئېھتىيا-جىغا مۇۋاپىق تۇرمۇشتا كوپ قوللىنىلىدىغان ئادەتتىكى سوزلەردىن ۋە قوللىنىلىش دائىرىسى چەكلەنگەن ئاتالغۇ، مۇتەخەسسىسلىككە ئائىت سوزلەردىن ئىبارەت. تار دائىرىدە ياكى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدىغانلىغىدىن قەتئىنەزەر، بۇ تۈركۈمگە ياتىدىغان ئېكسىكى-لىق قاتلامدىن كونىرىغانلىقىنىڭ ياكى يېڭىلىقىنىڭ بەلگىسى تۇيۇل-مايدۇ. مەسىلەن، تىلشۇناسلىقتا دائىر كوپلىگەن ئاتالغۇلارنى، شۇنداقلا شائىر ۋە يازغۇچىلار ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك ھىسسىياتلىق لېكسىكىنى خىمىيە مۇتەخەسسىسى ئوز ئىشىدا قوللانمايدۇ ياكى، بۇنىڭ ئەكسىچە، خىمىيىگە ئائىت ئاتالغۇلار تىلچىلار تەرىپىدىن قول-لىنىلماسلىغى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭدىن ئىلىم-پەننىڭ ھەر ساھە-سىگە ئائىت ئاتالغۇلار، شۇنداقلا تەسىرلىك ۋە ھىسسىياتلىق لېك-سىكا ۋە شۇنىڭدەك ئىشلىتىلىش دائىرىسى چەكلەنگەن سوزلەر تىلدا ئاكتىپ بولۇش سۈپىتىنى يوقاتمايدۇ.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن چىقىپ كەتكەن ياكى چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان سوزلەر (كونىرىغان سوزلەر) شۇنىڭدەك، يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلىش دەرىجىسىگە كوتىرىلمىگەن سوزلەر (نېئولوگىزىملار) پاسسىپ سوزلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 30. كونىرىغان سۆزلەر

مەلۇم بىر سۆزنىڭ كونىراپ تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن تامامەن چىقىپ كېتىشى بەش-ئون يىلنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت كېرەك: ئاۋال سۆز مەلۇم سەۋەپ بىلەن ئاكتىپ زاپاستىن ئاستا-ئاستا پاسسىپ زاپاسقا ئۆتىدۇ. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۇنتۇلۇپ، ئىشلىتىلىشتىن تامامەن قالىدۇ.

پاسسىپ زاپاستىكى سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلدا قانچىلىك دەرىجىدە كونىرىغانلىقىغا قاراپ ھەر خىل خاراكتېرغا ئىگە. ئۇيغۇر تىلىنى تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئايرىم سۆزلەر ھازىر قوللىنىلىشتىن تامامەن چىقىپ قالغان. بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىگى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن: "بايات (خۇدا)، بالىق (شەھەر)، بۇدۇن (خەلق)، چىغاي (كەمبەغەل)، قابان (تەخسە)" ۋە باشقىلار. كەلتۈرۈلگەن بۇ مىساللار قەدىمقى يازما يادىكارلىقلاردا ئادەتتىكىچە ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇچرىمايدۇ.

كونىرىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىلا يۇقۇرىدىكىدەك تامامەن ئۇنتۇلۇپ كېتىشى، ئەلۋەتتە، شەرت ئەمەس. ئايرىم كونىرىغان سۆزلەر بىرەن-سېرەن ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىلدا مۇستەقىل قوللىنىلىش خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ، بەزىبىر مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىلا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، "ئاغىنە" مەنىسىدىكى "ئۆڭگە" سۆزى "ئاغىنە-ئۆڭگە" دىگەن قوش سۆزنىڭ ۋە "مېلىڭ مىڭغا يەتكىچە، ئۆڭگەڭ مىڭغا يەتسۇن" دىگەن ماقالنىڭ تەركىۋىدە ئۇچرايدۇ. "ئاچچىق-

چۈچۈك، بالا ـ جاقا، قارىمۇچ" دىگەن سوزلەرنىڭ تەركىۋىدىكى چۈچۈك (ئەسلى چۈچۈك ـ تاتلىق)، جاقا (بالا)، مۇچ (لازا) سوزلىرى ھەققىدىمۇ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

كونىرىغان سوزلەرنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن تامامەن چىقىپ قالدى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: "زاكات، پىتىر، قۇربانلىق، ئەۋرەز، مورا ئوچاق، چورۇق، ياساۋۇل، ئىشان" ۋە باشقىلار. بۇ خىل سوزلەر بۇنىڭدىن 30 ـ 40 يىل ئىلگىرى ئادەتتىكى سوزلەردەك تۇرمۇشتا پات ـ پاتلا قوللىنىلغان. لېكىن جەمىيەت ھاياتىنىڭ ئوزگىرىپ ئوسۇشىگە ئەگىشىپ بۇگۇنكى تىل ئەمەلىيىتىدە ئاز قوللىنىلىدۇ. مەزكۇر سوزلەر ئوتكەن دەۋلەرنىڭ ماھىيىتىنى روشەن گەۋدىلەندۇرۇش ئۇچۇن ئايرىم ئىلمىي (تارىخ، ئېتنوگرافىيە پەنلىرىگە ئائىت) ۋە بەدىئىي ئەسەرلەردە ئۇچرىشى مۇمكىن.

تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى مەلۇم سوزلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا كونىراپ، ئۇلارنىڭ پاسسىپ زاپاسقا ئايلىنىشىغا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەپلەرگە ئاساسەن، كونىرىغان سوزلەر ئىككىگە بولۇنىدۇ: 1) تارىخىي سوزلەر، 2) ئارخائىزىملار.

## 31. تارىخىي سوزلەر

تەبىئىكى، ئىلگىرى بىر چاغلاردا كەڭ تۇردە قوللىنىلغان ئايرىم ئەسىرلەر، تۇرلۇك ئۇقۇم ۋە چۇشەنچىلەر زامانىنىڭ ئوتۇشى بىلەن كېيىنكى دەۋرنىڭ تەلىۋىگە جاۋاپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئادەتتە تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، تېخنىكىنىڭ ئەڭ قالاق دەۋرىدە كىشىلەر ئوز تۇرمۇشىدا "ساپان"، "بوقۇسا" ۋە "ئوقيا"غا ئوخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شاش سادده قورالاردىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمما، كېيىنرەك قورال ــ سايمانىنىڭ خىلى مۇكەممەل تۈرلىرى كەشپ قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر قوراللار تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشتىن قالدى. مانا خۇددى مۇشۇ نەرسىلەر ئەملىيەتتە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ (دېمەك، مۇناسىۋەتلىك سوز-لەرمۇ) بارا ــ بارا تۇرمۇشتا پاسسىپ ئىشلىتىلىدىغان سوزلەرگە ئايلى-نىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر ئاللىقاچان كونىراپ، تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ئىپادىلىگۈچى مۇناسىۋەتلىك سوزلەر تىلدا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىدۇ. مەسى-لەن، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئاۋالقى "بولۇس، قازى، ئاقساقال، ئونبېشى، ئەللىكبېشى، يۈز بېشى، مىڭبېشى، ياساۋۇل، پوماش، پرىستوپ (пристип)، ستارشىن"غا ئوخشاش مەمۇرىي خىزمەتلەر سوۋېت ھوكۇمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەنلا توگىدى. شۇڭلاشقا ھازىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرىمايدىغان يۇقۇرىدىكىدەك ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەش كېرەك بولغان چاغدا ئاتالغان سوزلەرنى قوللىنىشقا مەج-بۇر بولىمىز.

30 ــ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىجات ئەتكەن ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇ-چىلىرى ئومەر مۇھەممەدى، نۇر ئىسرائىلوۋ، مومىن ھەمرايېۋلار ئوزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئاۋالقى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بەدىئىي يوسۇندا تەسۋىر-لەپ كورسەتكەندە، شۇ دەۋرگە خاس نورغۇنلىغان سوزلەرنى قوللان-غان ئىدى. مەسىلەن: "پۇرۇم چورۇق، بەگ، قازى، ئاقساقال (مەنسەپ ئېتى)، پادىشا، بولۇس، ئەللىكبېشى، ئويياز، باتراق، ھەزرەت، گۇبېرناتور، تورە، كىنەز، باي، بايۋەچچە، خانزادە، ئايىم، قوشناچ" ۋە باشقىلار.

## 32. ئارخائىزىملار

ئارخائىزىملار تارىخىي سۆزلەردىن بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. ئەگەر تارىخىي سۆزلەرنىڭ، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تېگىشلىك سىنونىملىرى يوق بولسا، ئارخائىزىملارنىڭ سىنونىملىرى بار. ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاكتىپ قوللىنىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تارىخىي سۆزلەر ئۆزلىرى ئىپادىلىگەن نەرسىنىڭ، چۈشەنچە ۋە ئۇقۇمنىڭ كونىرىشى بىلەن بىللە ئاستا-ئاستا پاسسىپ زاپاسقا ئايلانسا، ئارخائىزىملار مۇناسىۋەتلىك نەرسىنىڭ ياكى چۈشەنچە، ئۇقۇمنىڭ كونىرىشىغا باغلىق ئەمەس. تىل تارىخىنىڭ بىر دەۋرىدە ھازىرقى تۇرمۇشتا بار ئۇقۇم باشقىچە ئاتالغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە باشقىچە ئاتىلىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ياكى ئۇقۇمنىڭ بۇرۇنقى ئېتى ئارخائىزىمغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان ئاي ئاتلىرى: "ھېمال، سۆيۈر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەت، سۈنبۈلە، مىزان، ئەقراپ، قەۋس، جەدى، دەلۋە، ھوت" قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى، يەنى "ھېمال، سۆيۈر، جەۋزا" — باھار ئايلىرى (مارت، ئاپرېل، ماي ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ)؛ "سەرەتان، ئەسەت، سۈنبۈلە" — ياز ئايلىرى (ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ)؛ "مىزان، ئەقراپ، قەۋس" — كۈز ئايلىرى (سېنتەبىر، ئۆكتەبىر، نويابىر ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ)؛ "جەدى، دەلۋە، ھوت" — قىش ئايلىرى (دېكابىر، يانۋار، فېۋرال ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ).

مەزكۇر ئاي ئاتلىرى ھازىر ئەمەلىيەتتە قوللىنىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىغا رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان "يانۋار، فېۋرال، مارت، ئاپرېل، ماي، ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر، ئۆكتەبىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نويابىر، دېكابىر" دېگەن ئاي ئاتلىرى ئىشلىتىلىدۇ. فولكلورماتېرىي-ياللىرىدا كونا ئاي ئاتلىرىنىڭ بىرەن-سىرەن ئۇچرايدىغانلىقىنى كورىمىز. مەسىلەن: "هوت كەتمەي سىپىنى تۇت" (هوت — فېۋرال ئېيى. "ئەتىياز كېلىپ قالدى، دېخانچىلىق ئىشلىرىغا تەييارلان" دېگەن مەنىدىكى ماقال)؛ "كىشىنىڭ ئىشىغا سەرىتاندا قول تونۇپتۇ" (سەرىتان — ئىيۇن ئېيى). "ئەسەت" دېگەن كىشى ئېتى بىلەن "مىزانگۇل" دېگەن گۇل ئاتلىرىمۇ چوقۇم يۇقۇرىدىكى ئاي ئاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئارخائىزىمغا ئايلانغان سوزلەرنى ئۇلارنىڭ بەزىبىر لېكسىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئۇزئارا بىر نەچچە قىسىمغا بولۇشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئايرىم ئارخائىزىم سوزلەر ئۇزلىرىنىڭ پۇتكۇل تاۋۇش يىغىندىسى بىلەن بىللە تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن تامامەن چىقىپ قېلىپ، ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. هازىر بۇنداق سوزلەرنىڭ ئورنىدا مۇتلەق باشقا سوزلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: "ئىش ياكى ئىس (يولداش)، نوم (قانۇن)، ئۆد (ۋاقىت)، ئۆگ (ئانا)، ئۆگسىز (يېتىم)، چىغاي (كەمبەغەل)، بەركە (قامچا)، بىچىن (مايمۇن)، بىتىكچى (خەتچى)، بورلۇق (ئۇزۇملۇك)، بۆگدە (خەنجەر)، بۇ سانىچ (قايغۇ-هەسرەت)".

ئىككىنچىدىن، بەزى ئارخائىزىملارنىڭ تومۇرى هازىر قوللىنىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ تومۇرغا مۇناسىۋەتلىك سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن شەكلى هازىرقى زامان تىلى ئۇچۇن كونا هىساپلىنىدۇ. مەسىلەن: "بىلىگ ياكى بىلگە — بىلىم، بىلىگلىگ — بىلىملىك، قاچۇغلۇغ — قاچقۇن، قاراغۇ — قاراۋۇل، ئىچرەكى — ئىچىدىكى، ئالىمچى — ئالغۇچى، ئەمىگ — ئەمچەك، ياڭلۇق — يېڭىلاش".

بۇلاردىن باشقا فونېتىكىلىق ئارخائىزىملارمۇ بار، يەنى سۆزنىڭ تومۇرى، ئومۇمەن ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى كونا ئەمەس، پەقەت تاۋۇش يىغىندىسى كونىرىغان. مەسىلەن: ”كەدىم (كىيىم)، كەرگەك (كېرەك)، توققۇز ئون (توخسان)، تورتۇنچ (تورتىنچى)، تۇشەك (تۆشەك)، ئۆد (ئۆي)، ئودىرەك (ئۆدەك)، ئۆگرەنمەك ياكى ئورگەنمەك (ئۆگىنىش)، قاداش (قاياش-قېرىنداش مەنىسىدە)، قۇدرۇق (قۇيرۇق)“ ۋە باشقىلار. مانا بۇنىڭدەك سۆزلەر زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق تەركىۋىنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى تىلىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرگە نىسبەتەن كونا شەكىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىدا سېمانتىكىلىق ئارخائىزىملارمۇ پات-پات ئۇچرايدۇ. بۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان كونا سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاكتىپ قوللىنىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىگە قارىغاندا، تامامەن باشقا مەنىنى ئاڭلىتىدۇ، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۇنتۇلۇپ (ئارخائىزمغا ئايلىنىپ)، يېڭى مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر سېمانتىكىلىق ئارخائىزىملارنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ”ئەمگەك، تەڭرى، باي، بايۋەچچە، ئاقساقال“ دىگەن سۆزلەرنى ئالايلى. بۇ سۆزلەر ھازىرقى تىلىمىزدا ”ئىش-ئوقەت (ئەمگەك)، خۇدا (تەڭرى)، ھاللىق (باي)“ مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنى يۇقىرى تۇتىدىغان، سىلىق-سىپايە ئادەملەرنى شاڭخو قىلىپ ”بايۋەچچە“ دەپ ئاتايدۇ. مويسىپىت، ھورمەتلىك كىشىنى ”ئاقساقال“ دىيىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر تىل تەرەققىياتىنىڭ ئۆتكەن بىر دەۋرلىرىدە ھازىرقىغا نىسبەتەن تامامەن ئۆزگىچە بىر مەنىدە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن: ”ئەمگەك — ئەزگۈ، ئازاپ، ئىغىرچىلىق؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەڭرى ــ ئاسمان؛ باي ــ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئاۋالقى بايلىق ئىگىسى، مال ـ مۈلكى كوپ ئادەم؛ بايۋەچچە ــ باي ۋە بەگلەرنىڭ باللىسى؛ ئاقساقال ــ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى مەنسەپنىڭ ئېتى ياكى شۇ مەنسەپتىكى ئادەم. دىمەك، "ئەمگەك"، "تەڭرى" دىگەن سوزلەرنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرى هازىر ئۇنتۇلۇپ، يېڭى مەنىدە قوللىنىلغان؛ "باي"، "بايۋەچچە"، "ئاقساقال" دىگەن سوز-لەرمۇ هازىر يېڭى مەنىدە ئىشلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى مەنىلىرى تارىخىي سوزلەرگە ئايلانغان.

كونىرىغان سوزلەرنىڭ، بولۇپمۇ، تارىخىي سوزلەرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ، تارىخىي رومان، پوۋېست، پوئېما، ئوچېرىك-لاردا پات ـ پاتلا ئۇچرايدىغانلىغىغا بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەيلى: "يېزىدىكى قازى، ئاقساقال، ئەللىكبېشىلىرى بولسا، ئىززەتلىك، ئابرويلۇق كىشىلەر بىلەن ئۇلۇقنى قارشى ئېلىشقا مەهەللە چېتىدە چاجاك قىلىپ، ئون ـ ئونبەش ئاتلىق بولۇپ ئالدىغا كەتتى"، "بەگ-لىرىم، ئاخۇنلىرىم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پادىشا هەزرەتلىرى بىزنىڭ پۇخرايىمىزدىن خىزمەتكە كىشى سورىمىغان ئىدى". "ئۇ جۇۋانلار ساكا ئوخشاش بايۋەچچە، خانزادىلەرگە لايىق" (مومىن ھەمرايېۋ. «ئېغىر كۈنلەردە» 16 ـ، 19 ـ، 66 ـ، 81 ـ بەتلەر).

كونىرىغان سوزلەر بۈگۈنكى هاياتىمىزنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدىبىي ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدۇ دىسىمۇ بولىدۇ.

## 33. نېئولوگىزىملار*

زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلدا ئايرىم سوزلەرنىڭ كونىراپ

* نېئولوگىزىم ــ يېڭى سوزلەر.

قالدۇقلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە، يۈرگۈزۈلمى-
غان سۆزلەر لۇغەت تەركىۋىگە يېڭىدىن قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق
يېڭى سۆزلەر تىلدا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ
جەريان لېكسىكىنىڭ پەيدىن-پەي تەرەققى قىلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.
لۇغەت تەركىۋىگە يېڭى سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇش جەريانى ئومۇمەن
لېكسىكىدىكى ئىككىنچى بىر پاسسىپ قاتلامنى — نېئولوگىزىملارنى
بارلىققا كەلتۈرىدۇ. نېئولوگىزىملار تىلدا يېڭىدىن پەيدا بولۇپ،
تېخى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ۋە مۇشۇ
سەۋەپكە بىنائەن پاسسىپ زاپاسقا ياتىدىغان سۆزلەردۇر. دېمەك،
يېڭى پەيدا بولغان سۆز مەلۇم نەرسە، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىنىڭ
رەسمىي ئېتى سۈپىتىدە كوپچىلىك تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن
كېيىن ھەم ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيگەندىن كېيىن
ئۇزىنىڭ نېئولوگىزىملىق سۈپىتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلى
تەرەققىياتىنىڭ بىر دەۋرىدە نېئولوگىزىم بولغان سۆز كوپ ئۆتمەس-
تىنلا ئادەتتىكى ئاكتىپ سۆزلەر قاتارىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:
"سۈنئى ھەمرا، تېلېۋىزور، ئىلغار، چوپان"غا ئوخشاش سۆزلەر
بۈنىڭدىن 5-6 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىدا نېئولوگىزىملاردىن
ھىساپلىناتتى. لېكىن ھازىر بۇ سۆزلەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تۈردە
تارقىلىپ، ئاكتىپ قوللىنىلغاچقا، نېئولوگىزىم قاتارىغا كىرمەيدۇ.
مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىغا سوۋېت دەۋرىدە
رۇس تىلى ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن "كولخوز، سوۋخوز، پار-
تىيە، سوتسىيالىزىم، سوۋېت، زاۋۇد، ماتور، ماشىنا، ئېلېكتىر،
توك، رادىئو، تېلېفون، ئاكادېمىك، تىياتىر، پەلتو، پاپكا، پارتا،
بىرىگادا، تىراكتور"غا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان سۆز ۋە ئاتالغۇلار
ياكى بولمىسا، تىلىمىزنىڭ ئۆز ئىچكى ۋاستىلىرىگە ئاساسەن پەيدا
بولغان "بەش يىللىق، ئىشلەپچىقىرىش، يېقىلغۇ، سوتسىيالىستىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورىسى

مۇسابىقە، تىراكتورچى، لىمىنچى، يەتتە يىللىق“ قا ئوخشاش سۆز-لەرمۇ ھازىر نېئولوگىزىملار ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىلدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئايرىم سۆزلەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلىش دەرىجىسىگە كۆتىرىلەلمىگەن پېتىچىلا تارىخىي سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ”سوپيوز قوشچى، كۆك كوينەكلەر، كالتە چاپان، ياچېيكا، ناركومات“قا ئوخشاش سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىرمىنچى يىللاردا پەيدا بولۇپ، خەلق ئارىسىغا سىڭەر-سىڭمەس-تىنلا، ئاز ۋاقىت ئىچىدە تارىخىي سۆزلەر قاتارىغا ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى بۇ خىل سۆزلەر جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ قىسقا بىر دەۋرىدىكى ۋاقىتلىق ھادىسىلەرنى ئىپادە قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى نېئولوگىزىملار تىلىمىزنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا بىرقانچە ئۇسۇللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبا-رەت:

1. ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز ياساش ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا، بىرىنچىدىن، ھەر خىل قوشۇمچىلار-نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن پەيدا بولغان سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: ”ئۇچ-قۇچى (лётчик)، قوشۇلما (сплав)، قېزىلما (ископаемое)، ئىگىلىك (хозяйство)، تەشكىلاتچى (организатор)، پوچتىد-كەش (почтальон)، باشقارما (управление)، يامغۇرلۇق (плащ)“.

مۇھىمكى، ئايرىم قوشۇمچىلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ رەسمىيلەشكەن ئۆز سۆز ياساش قانۇنلىرىغا ئاساسەن چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرگە ئۇلىنىپمۇ يېڭى سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق قوشۇمە-چىلارنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇكلىرى سۈپىتىدە ”-لىق، -لىك، -لۇق، -

لۇك، ـچى، ـلا، ـلاشتۇر، ـلەشتۇر“ قوشۇمچىلىرىنى ئاتاپ ئۇتۇش
مۇمكىن. مەسىلەن: ”ئاگېنتلىق (агенство)، مىنىسترلىك
(министерство)، ئاكادېمىيەلىك (академический)، مورفولو-
گىيەلىك (морфологический)، كوستيۇملۇق (كوستيۇمغا لايىق
مال)، موسكۋالىق (москвич)، ئوبزورچى (обозреватель)،
مىچۇرىنچى (мичуринец)، ياش گۋاردىيەچى (молодо-
гвардеец)، فۇتبولچى (Ф у т б о л и с т)، ئاسفالتلىماق
(асфальтировать)، مېخانىكىلاشتۇرماق (механизировать)،
رادىئولاشتۇرۇش (радиофикация)“.

2. ئۇيغۇر تىلىدا بۇرۇندىن بار سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەلەپكە
لايىق كېڭەيتىپ، باشقىچە، يېڭى بىر مەنىدە ئىشلىتىپ قوللىنىشمۇ
نېئولوگىزىملارنى ھاسىل قىلىشنىڭ ئاساسى يولىدۇر. مەسىلەن:
”بىر، ئىككى، ئۇچ، توت، بەش“ سوزلىرى ئىلگىرى پەقەت ساناق
سانلارنىلا ئاڭلاتقان بولسا، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپ
ھاياتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى باھالاشتا قوللىنىلىدىغان ئول-
چەم مەنىلىرىنىمۇ بىلدۇرىدۇ: ”بىر — ناھايىتى ناچار، ئىككى — ناچار،
ئۇچ — ئوتتۇرا، توت — ياخشى، بەش — ناھايىتى ياخشى“. ”ئىگە،
خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى، ئىسىم، سۇپەت، سان، كېلىش،
قوشۇمچە، ھالەت، رەۋىش، ئالماش، تومۇر، ئاساس، تاۋۇش،
بوغۇم“غا ئوخشاش سوزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە
بۇرۇندىن بار سوزلەردۇر. لېكىن بۇ سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنى كېڭەيى-
تىپ، ھازىر تىل ئاتالغۇلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىمىز. دىمەك، ئۇلار-
نىڭ كېيىنكى مەنىلىرى يېڭى بولغانلىقتىن مۇناسىۋەتلىك سوزلەرمۇ
يېڭى ھىساپلىنىدۇ.

3. نېئولوگىزىملارنى ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم بىر يولى باشقا
تىللاردىن سوز قوبۇل قىلىش يولىدۇر. تۇرمۇشتا يېڭىدىن بارلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەن شەيئى ۋە ئۇقۇملارنىڭ بىر قاتارى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان سوزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئىشكاف، ئېلېكتىر، گاز، سېيىف، كارتوتېكا، تېلېفون، ترامۋاي، ترالليېبۇس، ئاسفالت، رومان، ژۇرنال، رىداكسىيە، كومباين، زۋېنو، فېرما، ئىنستىتۇت، كافېدرا، فاكۇلتېت، ماشىنكا، پوچتا" ۋە باشقىلار. ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەر ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك كىرىپ ئوزلەشكەن ۋە ئوزلىشىۋاتقان بۇنداق سوزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كوپ. ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ھازىر ئومۇمى خەلقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولۇش بىلەن پاسسىپ زاپاستىن ئاكتىپ زاپاسقا ئايلاندى.

سوۋېت ھوكۇمىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئايرىم تىلچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى سوز ھاسىل قىلىش توغرىسىدىكى ئارتۇقچە ھەۋەسلىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات يونۇلۇشىنى ئېتىبارغا ئالمىغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار ئىجات قىلغان بەزىبىر سوزلەرنى (مەسىلەن: "گۇلدۇرقوش-تراكتور، گۇلدۇرقۇش — سامالىيوت (ئايروپىلان)، قىزىل مىلىق — پومىدور، يەردومىلىغى — كارتوفېل (ياڭيۇ)" ۋە باشقىلار) خەلق قوبۇل قىلمىدى.

## 34. مۇتەخەسسىسلىككە ئائىت سوزلەر بىلەن ئاتالغۇلار

كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ ھەر بىر ساھەسى ئۆزىگە خاس مەخسۇس سۆزلەرگە، ئاتالغۇلارغا ئىگە. بۇنداق سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار شۇ ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان تۇرلۇك نەرسە، قورال-سايمان ۋە باشقا كوپلىگەن ئۇقۇملارنىڭ ئېتىنى بىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: "سۇلاق، باش سۇ، ئاياق

سۇ، توغاي، ئۆرەك، شاڭ، ئاختاما، ئۇسا" غا ئوخشاش سۆزلەر دېخانچىلىق ئىشلىرىدا ئاشلىق سۇغىرىشقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردۇر. ياكى بولمىسا، "جۈملە، ئىبارە، سۆز، بوغۇم، تاۋۇش، گىراممائىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، فونېتىكا، ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، سان، پېئىل، رەۋىش" كە ئوخشاش سۆزلەر تىل ئاتالغۇلىرىدۇر.

مۇتەخەسسىسلىككە ئائىت سۆزلەر بىلەن ئاتالغۇلار قوللىنىلىش دائىرىسىگە قاراپ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇتەخەسسىسلىككە ئائىت سۆزلەر، بولۇپمۇ، كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە، تار دائىرىدىكى كەسىپكە خاس سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ ۋە بۇلېكسىكىلىق قاتلام بەزىدە يەرلىك خاراكتېرغا ئىگە بولغان سۆزلەر بىلەن چېگرىداش بولۇپ كېلىدۇ. مەلۇم بىر جاينىڭ ئېھتىياجىغا، شارائىتىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىققا كەلگەن كەسىپ ئۇيغۇرلار جايلاشقان ئىككىنچى بىر يەردە بولماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، ئاشۇ كەسىپكە ئائىت سۆزلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تۇردە تارقالماي، شۇ كەسىپ ئورنى جايلاشقان يەردىلا ئىشلىتىلىشى تەبىئىي نەرسە. مەسىلەن، ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان يېزىلاردا (ئاقسۇ، دولاتا، سەككىزون، ئاۋات ۋە باشقا يېزىلاردا) تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار قىش-ياز تاغدىن ئاساسەن قارىغاي ئوتۇن ئەكىلىدۇ. مانا شۇ تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىش كەسىپىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا پەيدا بولغان "بالقۇش، سويما، شىرشىم، ياتمان، قاراقوزاق، سوتۇنگە، تومار، يېرىندا، سورەتمە، بىريان، ئولىغۇر"غا ئوخشاش سۆزلەر يۇقۇرىدا ئاتالغان يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىشى مۇمكىن. ئەمدى ياركەنت، چېلەك رايونلىرىدىكى ۋە ئالمۇتا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغانلىقى سەۋەبىدىن يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر ئۇلارغا نامەلۇم. شۇنداقلا تۇرپان تەۋەسىدە كارىز كولاپ سۇ چىقىرىش كەسىپىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرمۇ ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىسىز تورى

ئارىسىدا ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلمايدىغانلىقى تەبىئىيدۇر. مۇتەخەسسىسلىكتە، كەسپكە ئائىت سۆزلەرگە خاس ئۆزگىچىلىكلەر ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

ئاتالغۇلارمۇ كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ مەلۇم ساھەلىرى ئەتراپىدا چەكلىنىدۇ. دېمەك، ئىلىم-پەن، تېخنىكا، يېزا ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسىسىغا تەئەللۇق مەخسۇس ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، تېخنىكىلىق ئاتالغۇلار: ”ماشىنا، موتور، ستانوك، مېخانىزم، ئېكسكاۋاتور، رېلس، پويىز، رول، كومبايىن“؛ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئاتالغۇلار: ”تەڭلىك، ئازادلىق، پارتىيە، كوممۇنىزم، سايلام، ھاكىمىيەت، تېنچلىق، تەننەرق، دولەت“؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت ئاتالغۇلار: ”كۋادرات-ئۇۋا ئۇسۇلى، كوممە قوناق، تېرىم، تىك يەر، سورەم، تىرنا، سوقا، ئاختاما“؛ جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇلار: ”كول، دېڭىز، دەريا، رايون، ئوبلاست، بوغاز، قولتۇق، يانار تاغ“؛ ئاناتومىيەلىك ئاتالغۇلار: ”ئاشقازان، تال، بېغىر، بورەك، ئوپكە، قىزىل ئۆڭگەچ“؛ ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى: ”رومان، پوئېما، ھېكايە، قاپىيە، تۇراق، مۇبالىغە، مىسرا، كۇبلېت، تەرجىمان“؛ زوئولوگىيە ئاتالغۇلىرى: ”سۈت ئەمگۈچىلەر، قوش تۇياقلىقلار، ئومۇرتقىلىقلار، ئۆدەك تۇمشۇق، توشقان، كەپتەر، كەسلەنچۈك“ ماتېماتىكا ئاتالغۇلىرى: ”بولگۈچ، بولۇنگۈچ، تۈت ئەمەل، مەخرەج، سۈرەت، كەسىر، كۋادرات“ ۋە باشقىلار.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئاتالغۇلار مەلۇم ئىلىم-پەن ساھەسىگە خاس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىم-پەن مۇتەخەسسىسلىرى قوللىنىدىغان بولسىمۇ، بۇ ئاتالغۇلار ئومۇمىي كۆپچىلىك ئۈچۈن بىردەك خىزمەت قىلىدۇ. يەنى ئۇلاردا تار دائىرىدىكى كەسپكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىكىگە ئوخشاش يەرلىك ئۆزگىچىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش خۇسۇسىيىتى يوق. ئاتالغۇلار ئادەتتە مۇناسىۋەتلىك

دۆلەت ئورگانلىرىدا رەسمىي تەستىقلەنگەندىن كېيىنلا ھەممىنىڭ بىردەك ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىشىنى تەمىن قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتالغۇلار مەسىلىسى تىلشۇناسلىقتىكى چوڭ دۆلەتلىك ئەھمىيىتى بار مەسىلىلەردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئاتالغۇغا خاس ئاساسىي بىر خۇسۇسىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئادەتتىكى سۆزلەردەك كۆپ مەنىلىك بولماي، بەلكى مەلۇم ئىلىم ساھەسىدە ئاساسەن بىرلا مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ. لېكىن تىلدىكى ئايرىم ئاتالغۇلار ئىلىمنىڭ ھەر ساھەسىدە ئۆز ئالدىغا بىر-بىردىن مەنە ئاڭلىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ”تومۇر“ دېگەن سۆز تىلشۇناسلىق ئىلمىدە بىر مەنە (سۆزنىڭ تومۇرى)، بوتانىكىدا بىر مەنە (ئۆسۈملۈك تومۇرى)، ئاناتومىيەدە بىر مەنە (قان تومۇرى) ئاڭلىتىدۇ. ياكى بولمىسا، ”پارتىيە“ سۆزى ھەم سىياسىي ئاتالغۇ (مەسىلەن، كوممۇ-نىستلار پارتىيىسى)، ھەم شاخمات ئويۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ (مەسىلەن، بىر پارتىيە شاخمات ئوينىماق)، ھەم تۈركۈم، گۇرۇپپا مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ (مەسىلەن، بىز بىرىنچى پارتىيە بولۇپ كەتتۇق) بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما بىر ئاتالغۇنىڭ مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسىدە ئىككى مەنە ئاڭلىتىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ھەرخىل ساھەلىرىگە ئائىت ئاتالغۇلار ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇلار، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز سۆز بايلىقى ئاساسىدا ئىجات قىلىنسا، ئىككىنچىدىن، تېگىشلىك ئۇقۇمنى تولۇق ۋە ئېنىق ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان ھالەتتە، باشقا تىللاردىن، ئەڭ ئالدى بىلەن رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 35. تەسىرلىك لېكسىكا ۋە ھېسسىياتلىق لېكسىكا

تىلدا كوتىرەڭگۇ روھ بىلەن جاراڭلىق ئىپتىلىدىغان ياكى كىشىلەر-نىڭ بىرەر ئەھۋالغا بولغان مۇناسىۋىتىنى، كوزقارىشىنى ئېنىق ۋە قىزغىن ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سوزلەر تەسىرلىك لېكسىكا قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. تەسىرلىك مەنىدىكى سوزلەر كوپرەك بەدىئىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىپ، تەسۋىرلىنىۋاتقان نەرسە ياكى ۋە-قەگە ئالاھىدە تەنتەنىلىك ۋە گۈزەل رەڭ بېرىدۇ. مەسىلەن: "پار-لاق، موجىزە، دىلدار، شېرىن، مەستانە، مەرت، مەھبۇبە، قەلب، رىشتە، ئىچىرە، ھوسۇن، جامال، لەززەت، كارامەت، مىسلىسىز، ئاجايىپ، مۇھەببەت، خۇمار كوز، سۇمبۇل چاچ، قىيىلغان قاش، شىر-غۇرالەك، چەكسىز دالا، مىليونلارچە، لالە، قۇياش، ئەرشى-ئەلا، ئەپلاتۇن، تۇمەن تۇرلۇك، ئاپىرىن" ۋە باشقىلار.

تەسىرلىك لېكسىكا گەپنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىنى كۆچەيتىدى-غان بولسا، ھېسسىياتلىق لېكسىكا كىشىلەرنىڭ ئىچكى سېزىمى بىلەن كەيپىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھېسسىياتلىق لېكسىكا، بىرىنچىدىن، شەخسنىڭ ئوز ئىچكى سېزىمىنى بىلدۇرىدۇ؛ ئىككىنچى-دىن، شەخسنىڭ بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىگە بولغان ئىجابىي ياكى سەلبىي كوزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل سوزلەر مەنىسى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئانتونىملىق جۈپ سوزلەردىن تەشكىل تېپىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ياخشى-يامان، چىرايلىق-سەت، نەپىس-قوپال، ئاچچىق-تاتلىق" ۋە باشقىلار. كىشىلەرنىڭ ياخشى كورۇش ياكى يامان كورۇش سېزىمىنى ئەزەلدىن ئىپادە قىلىشقا قابىل سوزلەر بىلەن بىللە (مەسىلەن: "نەپرەت، غەزەپ، ئاچچىق، خوش كەيپ،

قورقۇنچ، خوشاللىق، ئەركىلەش، مەغرۇرلۇق، نازۇكلۇق، غەم، قايغۇ، بىچارە، ئوبدان، خۇش خۇي“ ۋە باشقىلار)، پەقەت كونتېكستتىلا ھېسسىياتلىق خاراكتېرغا ئىگە بولىدىغان سۆزلەر بار. مەسىلەن، ”باي“ دېگەن سۆزنىڭ مۈلۈكدار، بەدۆلەت، فېئودال ۋەكىللىرىگە نىسبەتەن ئېيتىلىشى بىلەن (باي بايغا باقار، سۇ سايغا) ھازىرقى ۋاقىتتىكى (بىزنىڭ كولخوز باي كولخوز) قوللىنىلىشىدا خېلى پەرق بار. بىرىنچىسىدە ”باي“ سۆزى سىنىپىي كۆزقاراشتا مۇناسىۋەتلىك سەلبىي مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچىسىدە خەلقنىڭ ھاللىق، پاراۋان تۇرمۇشىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئىجابىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۆزدە ھېسسىياتلىق تۈس ھەر خىل كىچىكلىتىش، ئەركىلىتىش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىقمۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇنداق سۇبيېكتىپ باھانى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ـ چاق، ـ چەك، ـ چۇق، ـ چە — قوزىچاق، كولچەك، بالىچۇق، باغچا، ئالمىچە ۋە باشقىلار.

2) ـ جان — بالىجان، ئاكىجان، ئۇكىجان، يارىجان، ئىمىنجان، ئىسمايىلجان، يۇسۇپجان ۋە باشقىلار.

3) ـ غىنا، ـ گىنە، ـ قىنا، ـ كىنە — ئازغىنا، ئاققىنا، كۆككىنە، جىنىمغىنا، كىچىككىنە، تىرىككىنە ۋە باشقىلار.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ھېسسىياتلىق مەنە ئىستىلىلىق ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ھەركىمنىڭ سۆز قوللىنىش مەقسىدىگە ئاساسەن پەيدا بولىدۇ. دېمەك، ھېسسىياتلىق مەنىسى يوق ئادەتتىكى سۆز كونتېكستتا كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىپ، شەخسنىڭ بىرەر نەرسە ياكى چۈشەنچىگە بولغان ئىجابىي ياكى سەلبىي كۆزقارىشىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ٧. فرازېئولوگىيە

## 36. فرازېئولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

فرازېئولوگىيە تىلشۇناسلىقتا ئىككى تۈرلۈك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇ ھەر بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى ئوبرازلىق ئىبارە، ئىدىئوم ۋە باشقا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ يىغىندىسىنى بىلدۈرسە، ئىككىنچىدىن، شۇ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى تەكشۈردىغان تىل ئىلمىنىڭ، جۈملىدىن لېكسىكولوگىيىنىڭ مەخسۇس بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

فرازېئولوگىيە پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا پەن سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە ئىلمىي جەھەتتىن ئاز ئىشلەنگەن ساھەنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

سوۋېت تىلشۇناسلىقىدا فرازېئولوگىيىگە ئىلمىي ئورۇن بېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋنىڭ ئىسمى بىلەن باغلىق. ئالىم ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە① رۇس تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن ئالاھىدە ئورۇن

---

① ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ. «تىلشۇناسلىقنىڭ بىر ساھەسى سۈپىتىدىكى رۇس فرازېئولوگىيىسى ھەققىدە ئاساسىي چۈشەنچىلەر» (يىللىق ئىلمىي يىغىن ئەسەرلىرى. لېنىنگراد دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى. لېنىنگراد. 1946 ـ يىل)؛ «رۇس تىلىدىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى توغرىسىدا» (ئا. ئا. شاخماتوۋغا بېغىشلانغان توپلام. موسكۋا ـ لېنىنگراد. 1946 ـ يىل)؛ «رۇس تىلىدىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى» (رۇس تىلى. موسكۋا. مائارىپ نەشرىياتى. 1947 ـ يىل).

ئۆتىدۇ. مەسىلەن: "бить баклуши" (ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە)، "заморить червячка" (تاماق يەۋالماق)، "клевать носом" (ئۈگدىمەك)، "у черта на куличках" (يىراقتا، زېمىنەمنىڭ تورىدە)، "деньги куры не клюют" (نۇرغۇن ئاقچا)غا ئوخشاش تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىنى فرازېئولوگىيە كاتېگورىيىسى دەپ تونۇپ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ چىققىدۇ.

تىلىمىزدىكى سوزلەر ئۇزلىرىنىڭ ئالاقىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە مۇۋاپىق دائىم بىر-بىرى بىلەن باغلانغان ھالدا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ. شۇ يوسۇندا بولغان خىلمۇ-خىل سوز بىرىكمىلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىگە ۋە ئىپادە قىلىدىغان مەنىسىنىڭ ئالاھىدىلىگىگە دەسلەپ كوڭۈل بولگەن رۇس ئالىملىرىدىن ئا. ئا. شاخماتوۋ ئۇلارنىڭ چوڭ ئىككى گۇرۇپپىدىن: ئەركىن (ئاددىي) ۋە تۇراقلىق (فرازېئولوگىيىلىك) سوز بىرىكمىلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى ئېنىقلىغان بولسا، ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ فرازېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان سوز بىرىكمىلىرىنى تەپسىلى رەۋىشتە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق دەسلەپ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ تىلشۇناسلىقتا فرازېئولوگىيىنى ئالاھىدە يەن سۇپىتىدە تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى قويۇلدى.

ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى سوۋېت تىلشۇناسلىرىنىڭ، بولۇپمۇ، تۈركولوگلارنىڭ ھەر بىر كونكرېت تىلنىڭ فرازېئولوگىيە ماتېرىيالىنى توپلاشقا ۋە ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈشكە تولۇق ئىمكانىيەت بەردى. پەقەت كېيىنكى يىللارنىڭ ئۆزىدىلا بىرقانچە تۈركى تىللارنىڭ فرازېئولو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گىيىسى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلە بويىچە يېزىلىۋاتقان ئەمگەكلەر①، تۈزۈلۈۋاتقان لۇغەتلەر② ھەر بىر تىلنىڭ فرازېئولوگىيىلىك بايلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئەمما بۇنىڭدىن تۈركى تىللارنىڭ فرازېئولوگىيىسى تولۇق تەكشۈ-رۈلۈپ بولدى دېگەن پىكىر تۇغۇلماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، تىلشۇ-ناسلىقنىڭ بۈگۈنكى دەرىجىسىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ھېلى بولسىمۇ فرازېئولوگىيە كەنجە ساھەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فرازېئولوگى-يىنىڭ لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلى-لىرىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئېتتۈرگەن ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ ۋە ئىزچىل، تەپسىلى كلاسسىفىكاتسىيىسىنىڭ يوقلۇغى، ھەتتا فرازېئولو-گىيە كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر تۈرلۈك تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە نىسبەتەن قوللىنىۋاتقان ئاتالغۇلاردىكى قالايمىقانچىلىق

---

① س. ك. كېڭېسبايېۋ. «قازاق تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارە بىرلىكلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە» «قاز س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەر-لىرى» № 135، فىلولوگىيە ۋە سەنئەتشۇناسلىق قىسمى. 1 ـ، 2 ـ نەشرى، 1954 ـ يىل. 6 ـ، 27 ـ بەتلەر؛ شۇ ئاپتور «قازاق تىلىدىكى فرازىلىق قوش سۆزلەر» «قا ز س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى»82 №، تىلشۇناسلىق قىسمى. 6 ـ نەشرى، 1950 ـ يىل. 3 ـ، 12 ـ بەتلەر؛ چ، گ. سەيفۇللىن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى» (فىلولوگىيە پەنلىرى ئۇچۇن كاندىداتلىق ئىلمىي دەرىجىسىنى تەلەپ قىلىش دىسسېر-تاتسىيىسىنىڭ قىسقىچە نۇسخىسى) لېنىنگراد. 1953 ـ يىل. 21 ـ بەت ۋە باشقىلار.

② ن. ب. بۇرھانوۋا، ل. ت. ماھمۇتوۋا «رۇسچە ـ تاتارچە فرازېئولو-گىيىلىك سۆزلۈك» قازان. 1959 ـ يىل. 178 ـ بەت ۋە باشقىلار.

بۇ مەسىلە بويىچە مۇشۇ كەمگىچە ئالىملاردا پىكىر بىرلىكىنىڭ بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تىلشۇناسلىق ئەسەرلەردە: «фразеологические единицы», «фразелогические сочетания», «фразеологические сращения», «устойчивые словосочетания», «неразложимые словосочетания»,«идиоматические выражения»,«лексикализованные словосочетания», «фразеологизмы», «фразы», «фраземы» ۋە باشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرنىڭ ئورنىغا ئىككىنچىسى ئىشلىتىلىدىغان، ئىلمىي ئاساستا تېخى ئاجرىتىلىپ چىقمىغان ئاممىباب ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال، ئەلۋەتتە، فرازېئولوگىيە ھەققىدىكى ئۇقۇمنىڭ تېخى ئىلمىي ئاساستا تولۇق ئېنىقلانمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تەقدىم قىلىنىۋاتقان ئەمگەك فرازېئولوگىيە ھەققىدىكى مەخسۇس تەكشۈرۈشلەردىن بولمىغانلىقتىن، ئۇ فرازېئولوگىيە ساھەسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش مەقسىتىنى ئالدىغا قويماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا مەزكۇر كاتېگورىيە ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## 37. ئاددىي ۋە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزلەر (سۆز شەكىللىرى) ئۆزئارا لېكسىكا-سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرۇشى ئاساسىدا بىرلا ئومۇمىي مەنە ئىپادىلەيدىغان بولسا، ئۇلارنى ئادەتتە "سۆز بىرىكمىلىرى" دەپ ئاتايدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرى ھەر بىر تىلنىڭ گرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، بولۇپمۇ، تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە بىنائەن ھەرخىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بەزى سوز بىرىكمىلىرى جۈملىنىڭ ئايرىم بولىكى سۈپىتىدە پەقەت سىنتاگما* بولۇپ كەلسە، بەزىبىرلىرى سېمانتىكىلىق بىرلىككە ئىگە سىنتاكسىسلىق گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، گراماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيۇشۇپ، بىر-بىرى بىلەن ماسلىشىپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك مەنىۋى ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا قاراپ، ئاددى سوز بىرىكمىلىرى ۋە تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى دەپ چوڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بولۇنىدۇ.

ئاددى سوز بىرىكمىلىرى مۇستەقىل سوزلەرنىڭ گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق بىرلىگى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئۇلار ھەر تۈرلۈك گراماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ، ئۇيۇشۇپ كەلگەن ھالەتتىلا ئايرىم مەنىنى ياكى مەنە قىسمىنى ئىپادە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئاددى سوز بىرىكمىلىرى گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ كەلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق تەبىئىتى باشقىچە. ئاددى سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مۇستەقىللىغىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جۈملە تەركىۋىدىكى ئارىلىق قاتنىشى ۋە چېگرىسى روشەن كورۇنۇپ تۇرىدۇ. سوزلەرنىڭ بۇنداق بىرلىشىشى كوپىنچە، نۇتۇق پەيتىنىڭ ئۆزىدە، يەنى سوزلەش، يېزىش، جەر-

---

* سىنتاگما ــ بىر ياكى بىرنەچچە سوزدىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق مەنە بىرلىگى.

يانىدا پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ”بىز ھەممىمىز شۇنداق ئەتىگەن تۇرۇۋېلىپ، كۈننىڭ سالقىنىدا ئۇيىقۇ ئارىلاش ئوغاقلىرىمىزنى كۆتىرىپ ئومىغا كەتتۇق.“ مانا بۇ جۈملىنى: ”بىز ھەممىمىز // شۇنداق ئەتىگەن // ئەتىگەن تۇرۇۋېلىپ // كۈننىڭ سالقىنىدا // ئۇيقۇ ئارىلاش // ئوغاقلىرىمىزنى كۆتىرىپ // ئومىغا كەتتۇق“ دېگەن بىر نەچچە سىنتاك- سىسلىق بۆلەكلەرگە — ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرىگە — ئايرىشقا بولىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىمۇ، ئىشلىتىلىشىمۇ، مۇشۇ كونكرېت جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە باغلىق. بۇ جۈملىدىن باشقا ئۇلار ھېچبىر ئاياقلاشقان مەنىنى ئاڭلاتمايدۇ. شۇڭا بۇ تەقلىتتىكى سۆز بىرىكمىلىرى ئاساسەن سىنتاكسىسنىڭ بىۋاستە تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش ئايرىم مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ (بەزىدە ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق) ئۆزئارا گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكا-سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرۇپ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. لېكىن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان سېمانتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق مۇناسىۋەت ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرى- دىكى مۇناسىۋەتكە قارىغاندا، ئۆزىنىڭ تۇراقلىق بولۇپ كېلىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ.

تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش نۇتۇق پەيتىنىڭ ئۆزىدە ياكى سۆزلەش، يېزىش جەريانىدا تەشكىل تاپماي، بەلكى تىلدىكى ئىستىمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان تەييار ماتېرى- يال ۋە بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق ئېلېمېنت سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق ئېلېمېنتقا ئايلىنىشى ۋە تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى ئەڭ ئالدى بىلەن تەركىۋىدىكى سۆزلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ بىر مەنە تەركىۋىگە بېقىنىشىغا، ياكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ، بىرلا ئومۇمىي مەنىنى ئىپادە قىلىشىغا باغلىق. مەسىلەن: "ھاكىمۇۋنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى" ("كوممۇنىزم تۇغى" 62 — 4) دېگەن جۈملىنى ئالساق، ئۇنىڭ خەۋىرى بىر خىل ۋە مەنىداش ئىككى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. بۇ سۆز بىرىكمىلىرى (گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ۋە ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك) ئۆزلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىۋىي قىسمىنىڭ ساندىن قەتئىينەزەر، بىرلا "ئىنتايىن خوشال بولۇش" دېگەن مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ. بۇلار مەنە بىرلىكىنى تەشكىل قىلىش نەتىجىسىدە گراممatikىلىق بىرلىككە ئىگە بولۇپ، بىرلا گراممatikىلىق ئېلېمېنت سۈپىتىدە جۈملىنىڭ بىر خىل خەۋىرى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. شۇڭا بۇ تەقلىتتىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى گراممatikىلىق جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنى ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش سىنتاگمىلىق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ قارىماستىن، ئەكسىچە، مەنە پۈتۈنلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىبارىنى تولۇق ئېلىپ قاراش لازىم.

بۇنىڭدىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەقەت ئۆزلىرىنىڭ گراممatikىلىق تۈزۈلۈشى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان مەلۇم سېمانتىكا ـ گراممatikىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىقمۇ پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى، گراممatikىلىق تۈزۈلۈشى ۋە سېمانتىكىلىق تەبىئىتى جەھەتتىن خىلمۇ-خىل بولۇپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، "فرازېئولوگىيە" دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتاشقا بولىدۇ. لېكىن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەممىسى فرازېئولوگىيە بولۇشى شەرت ئەمەس. بىرىنچىدىن، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىن فرازېئولوگىيىلىك

ئىبارىلەرگە ۋە تولۇق جۈملىگە باراۋەر بولۇپ كېلىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار مەنىۋىي خۇسۇسىيەتلىرىگە بىنائەن a) تۇراقلىق مەنىدىكى ۋە b) كۆچمە مەنىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. تۇراقلىق مەنىدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە، مەسىلەن: "ئەمگەك قىزىل تۇغ ئوردېنى"، "ك پ س س مەركىزىي كومىتېتى"، "س س س ر ئالىي سوۋېتى"گە ئوخشاش چۈشەنچىلەر كىرسە، كۆچمە مەنىدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى فرازېئولوگىيە كاتېگورىيىسىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، فرازېئولوگىيە تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ كۆچمە مەنىدىكى، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك-ھېسسىياتلىق پەرقلىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن فرازېئولوگىيىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىستىكىسى بىلەن تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ ئېلىش لازىم.

## 38. فرازېئولوگىيىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تۈرلىرى

فرازېئولوگىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ ئېيتماقچى بولغان ھەر تۈرلۈك ئوي-پىكىرلىرىمىزنى روشەن ۋە دەل، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك رەۋىشتە ئىپادىلەش ئۈچۈن كېرەك بولغان ئاكتىپ لېكسىكىلىق كاتېگورىيىدىن، مۇھىم تىل ۋاسىتىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلىمىز فرازېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا قانچىلىك باي بولسا، ئۇ شۇنچىلىك ئەۋرىشىم بولۇپ كېلىدۇ. ھەرقانداق مۇرەككەپ ئوي-پىكىرنى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتلىق-تەسىرلىك پەرق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لىرنى، ئىنچىكە تەرەپلىرى بىلەن ئەستەرلىك ياقلىرىنى بىز پەقەت فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەر ئارقىلىق بېرەلەيمىز.

تىل ئەمەلىيىتىدە فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلمايدىغان ساھەسى يوق دېسەمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىلمىي - سىياسىي ئەدەبىياتلارغا قارىغاندا جانلىق تىل بىلەن گۈزەل ئەدەبىيات ساھەسىدە تولاراق ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

فرازېئولوگىيىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى دېگەندە بىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇنۇ بەلگىلىرىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم: a) فرازېئولوگىيە تىل تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كېلىپ، كۆپچىلىك قوللىنىدىغان ۋە ئاڭغا چۈشىنىشلىك تەييار لېكسىكىلىق ماتېرىياللاردىن ھېسابلىنىدۇ؛ b) ئۇلارنىڭ تەركىۋى قىسىملىرى ئۆزىنىڭ تەركىۋى ۋە سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن كۆپىنچە تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە؛ c) فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەر تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ سانىدىن قەتئىينەزەر، بىرلا ئومۇمىي مەنىنى ياكى مەنىۋى بىرلىكنى ئىپادە قىلىدۇ؛ ئۇ مەنىۋى بىرلىكنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي مەنىسىدىن تامامەن يىراقلاپ كېتىشى ياكى مەھرۇم بولۇشى ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ؛ d) فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ، ئىدىئوملار بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلىنمايدۇ — تىل ئەمەلىيىتىدە ئۇلارنى مەنىۋى تەرجىمە قىلىشقا ياكى شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان سۆزلەر بىلەن بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، رۇس تىلىدىكى: 1. как две капли воды; 2. разделать под орех; 3. и в ус себе не дует; 4. была не былаغا ئوخشاش فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلساق، ھېچكىمگە چۈشىنىشلىك بولمىغان بولار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىدىكى مەنىداش ياكى مەنىسى

يېقىن تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ: "1. سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك؛ 2. پايپىخىنىنى چىقارماق؛ 3. پىسەنتمۇ قىلىپ قويمايدۇ؛ 4. كېتەر جاھاننىڭ كارى" ۋە باشقىلار. e) تۇزۇلۇشى جەھەتتىن بىر قاتار فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەر ئايرىم سوزگە ياكى سوز بىرىكمىلىرىگە، ھەتتا جۈملىگە ئورۇنباسارلىق قىلىشى مۇمكىن؛ f) ئۇلار جۈملىدە بىرلا مۇچە خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، فرازېئولوگىيە، بىر تەرەپتىن، لېكسىكىنىڭ، ئىككىنچى تەرەپتىن، گىراممانكىنىڭ تەكشۇرۇش ئوبيېكتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

فرازېئولوگىيىگە خاس بۇ ئېيتىلغان خۇسۇسىيەتلەر فرازېئولوگىيە كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك بولۇشى، ئەلۋەتتە، شەرت ئەمەس.

ئەكسىچە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىلىك ماتېرىيالىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل شۇنى كورسىتىدۇكى، فرازېئولوگىيە كاتېگورىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى سوز بىرىكمىلىرى ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئومۇمى خاراكتېرغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنى گىرامماتىكىلىق شەكلى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ لېكسىكىلىق تەركىۋى ۋە سېمانتىكىلىق تەبىئىتىگە ئاساسەن بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بولۇپ قاراشقا بولىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئوتۇش كېرەككى، فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنى توپلارغا ئايرىش مەسىلىسىدە، تۇرلەرگە ئاجرىتىش پرىنسىپىدا مۇشۇ كۇنگىچە ئالىملىرىمىزنىڭ بىر پىكىرگە كەلمىگەنلىكىنى كورىمىز. مەسىلەن، بەزى ئەمگەكلەردە فرازېئولوگىيە قاتارىغا پەقەت لېكسىكىلىق تەركىۋى جەھەتتىن ئاجرىتىلمايدىغان، ئومۇمى مەنىسى تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ كونكرېت مەنىسىدىن كېلىپ چىقمايى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىغان ۋە باشقا تىللارغا سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە قىلىنمايدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى كىرگۈزسە، ئەمدى بىر قاتار ئاتالمىلار ماقال ۋە تەمسىللەرنى، بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ياسالغان چەتئەل فرازېئولوگىزمىلىرىنى، كەسپلەشكەن، ئەدىبىي ۋە ئىلمىي ھېكمەتلىك سۆزلەر شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى "قاناتلىق سۆزلەر" بىلەن سىتاتىلارنى، مۇرەككەپ ئاتالغۇلار بىلەن قوش ۋە تەكرار سۆزلەرنى فرازېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق ئېلېمېنت دەپ ھىساپلايدۇ.

مەسىلەن، ئۇيغۇر فرازېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈشكە بېغىشلانغان ئەمگەكلەرنىڭ بىرىدە① "تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى" دېگەن ئاتالغۇ فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكنى، ماقال ۋە تەمسىللەرنى، تېپىشماق ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى، سىتاتىلارنى، قوش سۆزلەر بىلەن مۇرەككەپ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن پىكىر قۇۋۋەتلەنسە، بەزىبىر ئاپتورلارنىڭ فرازېئولوگىيە ساھەسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئاشۇ ئاتالغۇلارنى ھەر خىل مەنىدە ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ ئىدىئوم ئاتالغۇسىنى تەركىۋى قىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن مەھرۇم بولۇش نەتىجىسىدە بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىككە ئايلانغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە نىسبەتەن ئىشلەتسە، ئايرىم ئەمگەكلەردە② ئۇ بارلىق فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرگە ياكى فرازېئولوگىيىنىڭ قىسمەن بىر تۈرىگە، ھەتتا ئايرىم سۆزلەرگە

① چ. گ. سەيفۇللىن. ئاشۇ ئەمگەكنىڭ 6-بېتىگە قاراڭ.

② «ھازىرقى قازاق تىلى» (لېكسىكا، فونېتىكا، گىراماتىكا) ئالمۇتا. 1954-يىل. 81-بەت.

نىسبەتەن① قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

فرازېئولوگىيىلىك سوز بىرىكمىلىرىنى توپلارغا ئايرىش ۋە تۈرلەرگە ئاجرىتىش مەسىلىسى بويىچە ئەنە شۇنداق پىكىر بىرلىكىنىڭ بولماي كېلىۋاتقانلىقى، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنى توپ-توپقا بولۇشتىمۇ مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى.

بۇ ساھەدىكى قولىمىزدا بار بىرەر-يېرىم ئەمگەكلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىسى بىر سىستېمىغا كەلتۈرۈلدى ياكى ئىزچىل ۋە پۇختا تەكشۈرۈلدى دەپ ئېيتىش تەس. شۇڭا بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ فرازېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنى توپلارغا بولۇشتە ئىلمىي ئەدەبىياتنىڭ كۆپچىلىكىدە ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان دەستۇر بويىچە ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان پىرىنسىپلارغا ئاساسلانماقچىمىز. بۇ پىرىنسىپ بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىنى "فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر ۋە فرازېئولوگىيىلىك تۈركۈملەر" دەپ چوڭ ئىككى توپقا بولۇپ قاراشقا بولىدۇ.②. بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر.

## 39. فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوپ

---

①«ھازىرقى زامان ئوزبەك تىلى» تاشكەنت. 1957-يىل. 171-ۋە 175-بەتلەر.

② فرازېئولوگىيە ساھەسىدىكى بەزى ئاتالغۇلار دەسلەپ قەدەمدە ئىشلىتىلىۋاتقانلىقتىن شەرتلىك رەۋىشتە قوللىنىلغان (تەھرىر بولۇم).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوزلەرنىڭ (سوز شەكىللىرىنىڭ) ئۆزئارا باغلىنىپ، تىل تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدە مەلۇم بىر مەنە ئەتراپىدا قېلىپلىشىپ، تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولغان ھەر خىل سوز بىرىكمىلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: "ئوقۇۋرى ئىگىز، چاشقان بۇرنىنى قاناتمىغان، ئاغزى يامان، ئاتام زامانىدا، يىپسىز باغلىماق، بىكار تەلەپ، يىگىتنىڭ گۈلى، يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە، يۈرىگى قازاندەك، زۇۋۇلىسى چوڭ، قوۋۇرغامىنى ئەگمە، قۇلىغى ئېغىر، بىلىگى توم (ئادەم)، دەزمال سالمىغان (گەپ)، سوزنىڭ تۇتامى يوق، كوسەي بىلەن ئۇرسىمۇ، بېيىشكە كىرمەيدىغان" ۋە باشقىلار.

بۇ مىساللاردىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنى بىر خىل، بىر-بىرىگە ئوخشاش دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇلار مەنىۋىي خىلمۇ-خىللىققا ئىگە بولسا، ئىككىنچىدىن، ھەر تۇرلۇك گىراماتىكىلىق شەكىلدىكى ئىبارىلەرنى تەشكىل قىلماقتا. بۇ پەرقنى ئىككىلا تەركىۋى قىسىمدىن تۈزۈلگەن "كوسەي بىلەن ئۇرسىمۇ، بېيىشكە كىرمەيدىغان" دىگەن بىرىكمىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمە سىنتاكسىسلىق تەركىۋى ھەر خىل بولسىمۇ، مەلۇم بىر ئۇقۇمنى ئىپادە قىلىشى جەھەتتىن بىر قاتارغا قويۇلۇشى مۇمكىن.

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر، ئۇزلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سوزلەرنىڭ سانىدىن قەتئىينەزەر، بىرلا ئومۇمى مەنىنى ئىپادە قىلىدۇ ۋە ئۇ مەنە شۇ تەركىۋى قىسىملارنىڭ ئۆزئارا جىپسىلىشىپ تۇرۇشى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئەمما فرازېئولوگىيە تەركىۋىدىكى بۇ سوزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق باغلىنىش دەرىجىسى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بىردەك ئەمەس. مەسىلەن، بەزى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر تەركىۋى قىسىملىرىنى ئاجرىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق

مۇناسىۋىتىنى دەلىللەپ بېرىشكە مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بىرىكىپ، جىپسىلىشىپ كەتسە، بەزىبىرلىرىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى تۇراقلىق خاراكتېرغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ئالاقىسى ئۈچۈق كورۇنۇپ تۇرىدۇ؛ ئەمدى بىر قاتار فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەر تەركىبىدىكى سوزلەرنىڭ ئوزگىرىپ، ئالمىشىپ تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك نىسبىي تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ ئوزىنىڭ سېمانتىكىلىق بىرلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالىدۇ.

مانا مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى كوزدە تۇتۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنى تۈۋەندىكى 3 تۇرگە بولۇپ قاراشقا بولىدۇ: 1. فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلار؛ 2. فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەر؛ 3. فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلار.

A. فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلار (ئىدىئومىلار)

تەركىبىي قىسىملىرىنى باشقا سوزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا ياكى ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىۋىنى يوتكەشكە بولىۋەرمەيدىغان، شۇنداقلا ئومۇمىي مەنىسى تەركىبىدىكى سوزلەرنىڭ كونكرېت مەنىسىدىن كېلىپ چىقمايدىغان تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرىنى ”فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلار“ ياكى ”ئىدىئوملار“ دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: ”قېرىنىدا چىشى بار، ئاغزىنىڭ ئىشتانبېغى يوق، ئىچىدە توڭغۇز قاترايدىغان، بورى جۇۋىسىنى كەيگەن، چويلىدا تۇرمايدىغان، ئۇچىغا چىققان، ئايدىڭدا قېتىق ئىچمىگەن، مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدىغان، پۇشقىخىغا پىت چۇشمەك، قەنتىنى چاقماق، چوچۇرىنى يوغان تۇگمەك، ئىتنىڭ بېلىگە تەپمەك، ساقال تاشلىماق، كونا خامانىنى سورۇماق، كوزىگە چوپ سالماق، تاقسلاپ كەتمەك، بېشىغا كوك ئىشتىنىنى كىيىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقماق، توغرا كۆرۈكتە سۆزلەشمەك، مۇمىننى كورمەك، قۇلاق قېقىشماق» ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاكىتلىرىغا قارىغاندا، ئىدىئوملار ياكى فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلار ئاساسەن تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ:

1. ئىدىئوملار ئۇزلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ سان جەھەتتىن ئىككى، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىرلا ئومۇمىي مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «ئاغزىنى ياغلىماق، چوچۇرىنى خام سانىماق، يەر بىلەن يەكسەن قىلماق» ۋە باشقىلار.

2. ئىدىئوملارنىڭ مەنىسى تەركىۋىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن كېلىپ چىقماي، بەلكى ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق بىرلىكى ئاساسىدا گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا ئومۇمىي مەنە بىلەن ئىدىئوملارنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقىي، سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنى، باغلىنىشنى ئېنىقلاش بىرىش تەس. مەسىلەن، پايدىلىق ئىش بىلەن شۇغۇللانماستىن يەر چىقىداپ يۈرگەن ھورۇن، بىكار تەلەپ ئادەملەرگە نىسبەتەن «ئۇ چوشقا تاقلاپ يۈرىدۇ» دېيىش مۇمكىن. بۇ ئىدىئومنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم «بىكار، بوش يۈرۈش» چۈشەنچىسى بىلەن «چوشقا تاقلاپ يۈرمەك»نىڭ ئۆزئارا مەنتىقىي-سېمانتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى مۇشۇ ئىبارە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسى ئاساسىدا دەلىللەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا «چوشقا تاقلاش» ئادىتى يوق؛ ئىككىنچىدىن، مەزكۇر ئىدىئومنىڭ مەنىسى ئۇزىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كوچمە مەنىسى

ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكتىن، ئۇ تامامەن ئابستراكتلىشىپ يىراقلاپ كەتكەن.

3. ئىدىئوملار سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئۇزىنىڭ سېمانتىكىلىق تەبىئىتى ئارقىلىقلا ئاجرىتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ”بېشىنى قايتۇرماق، توت پۇتى ئورە قالماق، چىشىغا تەگمەك“كە ئوخشاش ئىدىئوملار بار. ئۇلارنى ئايرىم كونتېكستلاردا (پىچاقنىڭ بېشىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ؛ كالا كارىزغا چۈشۈپ كېتىپ، توت پۇتى ئورە قاپتۇ؛ تاش كېلىپ باۋدۇننىڭ چىشىغا تەگدى) كەلگەندە، ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىدىئوملارنىڭ بۇنداق ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئومۇمىي سۇپىتىدە كېلىشى ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتە ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4. سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىدىئوملۇق مەنىگە ئىگە بولۇشى، يەنى سېمانتىكىلىق بىرلىككە ئايلىنىشى، بەزىدە ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسىنىڭ ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كىتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. مەسىلەن: ”ئىش قىلىپ قىن-قىنىغا پاتماي“ (خۇشال بولدى)، ”تەيپىنەمنىڭ زامانىدا“غا ئوخشاش ئىدىئوملارنى ئالساق، ئۇلار ھەر تۈرلۈك شەكىللەردە تۇرسىمۇ، جۈملە تەركىۋىدە بىرلا رەۋىشنىڭ مەنىسىنى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ.

5. ئىدىئوملارنىڭ تەركىۋىدە بەزىدە ئۆز ئالدىغا مەنە ئاڭلاتمايدىغان ۋە ئاللىقاچان ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەر ياكى سۆز شەكىللىرى (گىراماتىكىلىق ئارخائىزىملار) ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئېتىمولوگىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ يۈز بېرىشى، بىرىنچىدىن، ئىدىئوملارنىڭ تارىخىي كاتېگورىيە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسە، ئىككىنچىدىن، بۇ

ئېلېمېنتلار ئىدىئوم تەركىۋىدىكى سوزلەرنى بىر-بىرى بىلەن مەھكەم باغلاپ دائىمى سېمانتىكىلىق بىرلىكتە بولۇشنى تەمىنلەيدىغان تىل ئامىللىرىدىن ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئالەمنى مالەم قىلماق، شا بولماق، قاڭغىر قاخشىماق، پۈخانى قانماق، توقسىنى تولماق، مۈدۈي قوپماق، ھوكرەك تاشلىماق، ئانىي تاپماق، جېنىدىن جاق تويماق، ئاتام زاماندا" ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى ئاستى چېكىتلىك سوزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن سۇسلاشقان. مەلۇم بىر ۋاقىتلاردا كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادە قىلىپ كەلگەن بۇ سوزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن سۇسلىشىشى ھەر بىر تىلنىڭ تەرەققىياتىغا خاس تەبىئى ھادىسىلەردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئېتىمولوگىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئۇنتۇلغان ياكى سۇسلاشقان مەنىلىرىنى تارىخىي-سېلىشتۇرۇش مېتودىغا ئاساسلانغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئەكسىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، "زەڭ قويماق" (زەڭ قويۇپ تىڭشىماق) دىگەن ئىبارىدىكى "زەڭ" سوزى تىلىمىزدا ئۆز ئالدىغا تۇرۇپ كونكرېت مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەمما بۇ سوزنىڭ تەبىئىتىگە سىنچىلاپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن "زېھىن" (زېھىن قويماق) سوزىنىڭ فونېتىكىلىق شەكىل سوزگىرىشىگە ئۇچراپ ئۆزگەرگەن تۈرى ئىكەنلىكىنى كورىمىز. دىمەك، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش، بىرىنچىدىن، بۇ سوزنىڭ لېكسىكىلىق مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قىلسا، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ تىلدىكى ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئاشۇ ئىدىئوم دائىرىسىدە چەكلەپ قويغانلىقىنى كورىمىز.

6. فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلار (ئىدىئوملار) سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشكە ۋە بىر پۈتۈن سېمانتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەش خۇسۇس-

بەتلىرىسگە ئاساسەن بىر قاتار تىلشۇناسلىق ئەمگەكلەردە ئايرىم سوز بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئىلمىي دەستۇرغا ئايلانغان، لېكىن ھەر بىر تىلنىڭ كونكرېت ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تېخىمۇ تەكشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان تالاش پىكىر.

راست، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىئوملار مەلۇم جۇملە تەركىۋىدە ئايرىم سوزلەرنىڭ سىنونىملىق جۇپى سۇپىتىدە خىزمەت قىلىشى ۋە لازىم بولغان ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ”پاختا ئاتماق، تاقلاپ كەتمەك، خورىگى چوڭ“ دىگەنگە ئوخشاش ئىدىئوملارنى گەپنىڭ ئورانىغا قاراپ، ”يالغان ئېيتماق، ئالدىماق، ھاكاۋۇر“ تەقلىتىدىكى ئايرىم سوزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئەمما بۇنىڭغا قاراپ ئىدىئوملار بىلەن ئايرىم سوزلەر ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسىنى قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىر نەچچە تەركىۋىي قىسىمدىن ئىبارەت ئىدىئوملار ئايرىم سوزلەرگە سېمانتىكا يېقىدىن تەڭكەش كەلگىنى بىلەن، گىراماتىكىلىق شەكلى جەھەتتىن، ئەلۋەتتە، بىر سوز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاكادېمىك ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ ئىدىئوملار بىلەن ئايرىم سوزلەرنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېيتىپ كېلىپ: ”... گىراماتىكا نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، мелкая сошка (ئاجىز)، железная дорога (تومۇريول)، втереть очки (كوز بويىماق) دىگەنىدەك ئىبارىلەرنى دىگەنىدەك ئىدىئوملارنى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى سوز دىيىشكە بولمايدۇ...“① دەپ ئەسكەرتىدۇ. دىمەك، ئىدىئوملارنى ئاددى

① ۋ. ۋ. ۋىنوگرادوۋ. «سوز ياسىلىش ۋە ئۇنىڭ گىراماتىكا ھەم لېكسكولوگىيىگە بولغان مۇناسىۋىتى» (توپلام «تىل نەزەرىيىسى ۋە تارىخى ھەققىدىكى مەسىلىلەر...») 1952 ـ يىل. 141 ـ بەت.

سۆزلەرگە ئۇرۇنباسارلىق قىلالايدۇ دېگەندە، بىز ئۇلارنىڭ پەقەت سېمانتىكىلىق بىرلىكىنى، بىرنەچچە تەركىۋىي قىسمىدىن تۈزۈلۈشكە قارىماستىن ئومۇمىي بىرلا مەنە ئەتراپىدا ئۇيغۇنلىشىپ كېلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. ئىدىئومىلارنىڭ بەزىبىرلىرى ھېسسىياتلىق ـ تەسىرلىك ئۆزگىچىلىكلەرگە باي مۇرەككەپ ئوي ـ پىكىرنى ئىپادە قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ۋە ئۇلار بەزىدە شەخسسىز جۈملە شەكلىدە تۇرىدۇ: ”كوتەر قاسقىنىڭنى! خەپشۇك!“ ۋە باشقىلار.

7. ماقال ۋە تەمسىللەرگە قارىغاندا، ئىدىئوملۇق ئىبارىلەرنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ئاساسىدا تەلەپپۇز قىلىش تىندىنسىيىسى ھامان ئۈستۈنرەك بولۇپ كېلىدۇ. بەزى ئالىملىرىمىزنىڭ پىكرىچە① ئىدىئوملار كۆپىنچە بىرلا فرازىلىق ئۇرغۇغا، بەزىدە ئىككى تەڭ رېتىملىق ئۇرغۇغا بېقىنىپ تۇرىدۇ.

8. ئىدىئوملارغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى — ئۇلار باشقا تىلغا (بولۇپمۇ، باشقا سىستېمىلىق تىلغا) سوزمۇ ـ سوز تەرجىمە قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، ”چوچىگىنى چورۇمەك“ دېگەن ئىدىئومنى رۇس تىلىغا выносить сор из избы دەپ مەنە جەھەتتىن تەرجىمە قىلىشنىڭ ئورنىغا، “метать деревянную чашку” دېسەك، ھېچقانداق مەنىنى ئاڭلاتمىغان بولاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش “делить шкуру не убитого медведя” رۇس تىلىدىكى دېگەن ئىدىئومنى ”ئولمىگەن ئېيىقنىڭ تېرىسىنى بولۇشمەك“ دەپ

① س. ك. كېڭېسباييۇ. «قازاق تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارە بىرلىكلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە». «قا ز س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خەۋەرلىرى» فىلولوگىيە ۋە سەنئەتشۇناسلىق قىسمى. 1 ـ، 2 ـ نەشرى. 1954 ـ يىل. 8 ـ بەت.

تەرجىمە قىلساق، ئۇ كوپچىلىككە چۈشىنىشلىك بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇنى خەلقىنىڭ ئاڭ-ئۇقۇمىغا سىڭىشىپ، ياد بولۇپ كەتكەن تىلىمىزدىكى "ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەك" ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

راست، رۇس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بەزىدە لېكسىكا-سېمانتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئوخشاش فرازېئولوگىزىملار ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بەزى ۋاقىتلاردا ئىنسان تارىخىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئوخشاشلىقتا، مەنتىقىي ئويلاش جەريانىنىڭ بىردەك بولۇپ كېلىشىگە باغلىق بولسا، ئايرىم شارائىتلاردا ئەينەن تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، مۇنۇ فرازېئولوگىزىملارنى سېلىشتۇرۇپ كورۈڭلار:
В Мгновенье ока — كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە؛ Берень как Зенцу
— كوزنىڭ قارچۇغىدەك ساقلىماق؛ Показатв Кузькину мать —
ئانىسىنى كورسەتمەك؛ Пушечное мясо — توپ يېمى؛ Не пикнет —
غىرىڭمۇ قىلمايدۇ. ياكى: Когда на горе рак свиснет —
قۇم چېچەكلىگەندە (توگىنىڭ قۇيرۇغى يەرگە، ئوچكىنىڭ قۇيرۇغى
ئاسمانغا يەتكەندە)؛ Либо пан, либо пропал — يا ئۆلۈم، يا
كورۈم ۋە باشقىلار.

### ه. فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەر

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر تۈرى فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەردۇر.

فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرمۇ ئىدىئوملارغا ئوخشاش گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۇراقلىق بولۇپ كېلىدۇ ۋە بىرلا ئومۇمىي مەنىنى ياكى مۇرەككەپ چۈشەنچىنى ئىپادە قىلىش خۇسۇسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىتىگە ئىگە.

فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرنىڭ تەبىئىتى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ئادەتتە ئىدىئومىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرگەندىلا روشەن كورۈنۈشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار بەزىبىر خۇسۇسىيەت بەلگىلىرى بويىچە ئۆزئارا ئوخشاش بولۇپ كەلسىمۇ، بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاكىتلىرىغا قارىغاندا، ئىدىئومىلار بىلەن فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەر سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشى ۋە تەركىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىدىن ئانچىلا پەرقلەنمەسلىكى مۇمكىن. فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرمۇ ئىدىئومىلارغا ئوخشاش شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى كونكرېت كورسىتىشتە ئەمەس، بەلكى كىنايە ۋە ئوبرازلىق رەۋىشتە ئىپادە قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇ جەرياندا ئۇلار تىلنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەسىرلىك-ھېسسىياتلىق ۋاستىلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئەمدى ئىدىئومىلار بىلەن فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرنىڭ پەرقى نىمىدە دېگەن سوئالغا، ئىبارىنىڭ ئىدىئوملىشىش دەرىجىسىدە دەپ بىر سوز بىلەن جاۋاپ بېرىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بىز بىلىمىزكى، ھاياتلىقتىكى ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەرنى تىل ئەمەلىيىتىدە ئاددىي رەۋىشتىمۇ، ئوبرازلىق رەۋىشتىمۇ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. ئاددىي رەۋىشتە تەسۋىرلىگەندە بىز، ئادەتتە، ئايرىم سوزلەرنىڭ ياكى سوز بىرىكمىلىرىنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىلىرىگە ئاساسلىنىمىز. مەسىلەن، ”ئەخمەتجان مەھەللىگە بېرىپ مومىسىنى كوردى“ دېگەن مىسالنى تەھلىل قىلايلى. بۇ جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر ۋە سوز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىلدىكى ئاددىي ئەسلى مەنىسىدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا ”مومىسىنى كوردى“ دېگەن سوز بىرىكمىسى پەقەت ئەخمەتجاننىڭ مەھەللىدە تۇرىدىغان مومىسىنى كورۇپ

كەلگەنلىكى ھەققىدىكى پاكىتنىلا ئاڭلىتىۋاتىدۇ.

لېكىن بۇ سوز بىرىكمىسىنى گەپنىڭ ئورنىغا قاراپ تامامەن باشقا مەنىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى "موممىسىنى كورمەك" ئىبارىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوزىنىڭ ئۇدۇل مەنىسىدىن تاشقىرى "قىينالماق، ئازاپ چەكمەك" دىگەن كوچمە مەنىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا مەزكور ئىبارە تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ كونكىرىت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئوزىنىڭ سېمانتىكىلىق ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، تامامەن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كورىمىز. ھەقىقەتەن مەلۇم بىر كىشىنىڭ "موممىسىنى كورۈش"ى بىلەن "قىيىنچىلىق كورۈش"نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتىنى دەل مۇشۇ ئىبارىنىڭ مەنىسى ئاساسىدا ئىسپاتلاپ بېرىش تەس ئىش.

شۇنىڭغا ئوخشاش جانلىق تىلدا "كەت، چىقىپ كەت" دىيىشنىڭ ئورنىغا "كەشىڭنى توغرىلا"، "كوتەر قاسقىنىڭنى" دەپمۇ ئېيتىدۇ. بۇ يەردىمۇ "كەشىنى توغرىلاش"، "قاسقانىنى كوتىرىش" بىلەن "چىقىپ كېتىش"نىڭ ھىچ ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكى تالاش تۇغدۇرماسلىغى كېرەك.

دىمەك، بۇ خىلدىكى ئىبارىلەر تىلىمىزدا مەلۇم بىر پاكىتنى ۋە ھادىسىنى ئاددى رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى ئوبرازلىق، ئەستەرلىك ۋە كىنايىلىق رەۋىشتە ئىپادىلەش مەقسىدى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. ئېيتماقچى بولغان پىكرىمىزنى ئەنە شۇنداق ئوبرازلىق رەۋىشتە تەسۋىرلەش مەقسىدىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن تىلىمىزدىكى تۈرلۈك-تۈمەن فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تەبىئىتىگە قارىساق، ئۇلارنىڭ ناھايىتى خىلمۇ-خىل ئىكەنلىكىنى كورىمىز. مەسىلەن، بەزىدە فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىنىڭ ئىپادە قىلىدىغان ئومۇمى مەنىسى شۇ ئىبارىنى تەشكىل قىلغۇچى ئايرىم سوزلەرنىڭ كونكىرىت لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

سىمانتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى بىر قاتار ساقلاپ قالسا، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئارىسى شۇنچىلىك يىراقلاپ كېتىدۇكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاز-تولا مەنتىقىي ئالاقىنىڭ ئۈزىنى ئېنىقلاشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەردە بۇ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى، بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئىدىئوملىشىشى، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئابستىراكتلىشىش دەرىجىسىگە باغلىق دەپ قاراش لازىم. بۇ بولسا، فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرنى ئىدىئوملاردىن (فرازېئولوگىيىلىك ئۇيۇشمىلاردىن) ئاجرىتىشتىكى ئاساسىي ئۆلچەم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىدىئوملارنىڭ ئومۇمىي مەنىلىرى بىلەن تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنى، مەنتىقىي باغلىنىشنى بىردىن ئېيتىپ بېرىش ناھايىتى تەس. بۇ، ئەلۋەتتە، ئىدىئوملاردىكى ئابستىراكتسىيە جەريانىنىڭ كۈچلۈك تەرەققىياتقا دۇچار بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەردە بولسا، ئومۇمىي مەنە بىلەن تەركىبىي قىسىملار مەنىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە مۇتلەق ئۈزۈلۈپ كەتمەي، بەلكى ئۇلارنى ئېنىقلاپ بېرىشكە ئاساس بولالايدىغان بەزى مەنتىقىي ئېلېمېنتلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

پىكرىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مىساللارغا مۇراجىئەت قىلايلى. مەسىلەن، ئۇياتسىز، بەتقىلىق، نومۇسسىز ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىدا ”يۈزى ئابدۇخالىقنىڭ چەمىدەك“، ”يۈزى لەڭپۇڭ“ شۇنداقلا ”يۈزى يوق“، ”يۈزى قېلىن“ دېگەنگە ئوخشاش فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەر ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ دەسلەپكى ئىككىسىنى بىز ئىدىئوملار، كېيىنكى ئىككىسىنى فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەر دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇلار كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلى-

شنگە قاراپ ئوخشاش بولسمۇ، لېكىن سىمانتىكىلىق تەبىئىتى بىردەك ئەمەس، يەنى ئابستراكتلىششش دەرىجىسى ھەر تۈرلۈك بولۇپ كەلگەن.

ئەگەر بىز ئابستراكتسىيە دېگەندە ھەر بىر سوزنىڭ ياكى ئىبارە-نىڭ ئۆزىگە خاس كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىسىدىن تامامەن يىراقلىشىپ، كوچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلىشىنى كوزدە تۇتىدىغان بولساق ۋە بۇ ھادىسىنى ھەرقانداق ئىككى نەرسىنى سېلىشتۇرۇش، ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلەش، شۇنداقلا بىر ئوبراز (ۋەقە، ھادىسە، پاكىت)نى ئىككىنچى بىر ئوبراز ئارقىلىق كورسى-تىش تىندىنسىيىسىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن تىل ۋاستىلىرىدىن دەپ قارايدىغان بولساق، يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللار فرازېئولو-گىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ئىككى تۈرىنى تەشكىل قىلىدىغانلىغىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمىز.

بىز ئالدى بىلەن "ئۇياتسىز" دېگەن ئۇقۇمىنى نىمە سەۋەپلىك "يۈزى يوق" ۋە "يۈزى قېلىن" دېگەن ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادى-لەشنىڭ سەۋەۋىنى قاراپ كورەيلى. مەسىلەن، ئادەمنىڭ بىرەر نەر-سىدىن ئۇيۇلۇشى، ئادەتتە، ئۇنىڭ رەڭگى-رويىدا ئەكس ئېتىشى مۇمكىن. ئۇيالغاندا ئادەمنىڭ يۈزلىرى (مەڭزى) قىزىرىپ كېتىشى خەلق ئۇقۇمىدا "يۈز" بىلەن "ئۇيات" ئارىسىدا مەلۇم بىر تەبىئىي مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرۈشى ئېھتىمال، ئۇياتنىڭ يۈزدە ئەكس ئېتىشىگە ئاساسەن "ئۇيات يوق"، "ئۇياتسىز" دېگەن مەنىنى ئوخ-شىتىش قانۇنى بويىچە "يۈزى يوق"، "يۈزسىز" دەپمۇ ئىپادىلىگەن. نا توغرا، بەتقىلىق ھەركەتلىرى ئۈچۈن ئۇيالمايدىغان، ئۇنىڭغا پۇشايمان يىمەيدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن "يۈزى قېلىن" دېيىشنىڭ سەۋەۋى شۇ ئادەمنىڭ يۈزدە ئۇيۇلۇشنىڭ مەلۇم بەلگىسى (مەڭزىنىڭ قىزىرىشىغا ئوخشاش بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ) بولمايدىغانلىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھغا باغلىق دەپ قاراش لازىم.
دېمەك، مەزكۇر ئىبارىلەرنىڭ ئومۇمى مەنىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر-بىرىدىن يىراق بولسىمۇ، مەلۇم بىر مەنتىقى سېمانتىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى بايقاشقا، كۆزئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.
ئەمدى "يۈزى لەگلەك"، "يۈزى ئابدۇخالىقنىڭ چەمىدەك" دېگەن ئىدىئوملارنى ئالساق، بۇلار سېمانتىكىلىق تەبىئىتى جەھەتتىن بىرقەدەر پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىبارىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ كونكرېت ئېكسىكىلىق مەنىلىرى بىلەن ئومۇمى ئىدىئوماتىك مەنە ئوتتۇرىسىدىكى مەنتىقى-سېمانتىكىلىق باغلىنىش ناھايىتى سۇسلاشقان، ئۇلارنى بىردىن ئىنقىلاپ بېرىش تەس. تەبىئىكى، خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن "لەگلەك"نىڭ ۋە "ئابدۇخالىق" دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىپتىلىغان (شۇ كىشىنىڭ ئەيىلىگەن ياكى سودا قىلغان) چەمىنىڭ يۈز بىلەن ئۇياتسىز دېگەن سۆزلەرگە قانچىلىك مۇناسىۋەتى بارلىقىنى مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرگە، خەلق ھاياتىدىكى تارىخي-ئېتنوگرافىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانماستىن تۇرۇپ، ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمىز. بۇ ئىبارىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ناھايىتى يىراق ئۆبرازلىق ئوخشىتىشلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.
ئەمدى مۇشۇ ئۆبرازلىق ئوخشىتىشقا بىر تەرەپتىن "ئابدۇخالىق چەمى"نىڭ ئالاھىدە قېلىنلىقى ۋە "لەگلەك"نىڭ قويۇقلۇقى ئاساس بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۇياتسىز ئادەمنىڭ يۈزى قېلىن (شۈكلاشقەمۇ قىزىرىش يۈزىدىن بايقالمايدىغان) بولىدۇ دېگەن ئۇقۇم ئاساس بولغان دەپ تەخمىن قىلالايمىز.
بۇ كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن بىز فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنىڭ ئىدىئومغا ئايلىنىش جەريانىدىكى ئىككى خىل دەرىجىسىنى بايى-

قايىمىز. مەسىلەن، ”يۈزى يوق“، ”يۈزى قېلىن“ دېگەن ئىبارىلەرنى
ئالساق، ئۇلارنىڭ ئىپادە قىلىدىغان ئومۇمىي مەنىسى بىلەن تەركىۋى-
دىكى بۆلەكلەرنىڭ سېمانتىكىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر باغلىنىشنىڭ
بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەھۋال مەزكۇر ئىبارىلەرنىڭ تولۇق ئىدىئوما-
لىشىپ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بىز ”يۈزى ئابدۇخالىق-
نىڭ چەمىدەك“، ”يۈزى لەڭپۇڭ“ دېگەن ۋە شۇنداقلا ”پاختا ئاتماق“
(ئالدىماق)، ”تۆگمەننىڭ نورىدىن پۈتۈن چۈشىدىغان“ (قۇۋ، ئەپ-
چىل ئادەم توغرىسىدا)، ”موللا مۈشۈك بولماق“ (مۇغەمبەرلىك،
ھەييارلىق قىلماق)، ”ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك“ (ناھايىتى خوشال بول-
ماق) كە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تولۇق ئىدىئوما-
لىشىش دەرىجىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى بۇلارنىڭ
ئىپادە قىلىدىغان ئومۇمىي مەنىسى بىلەن تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى سېمانتىكىلىق ئالاقىنى ئېنىقلاپ بېرىش ناھايىتى
تەس، ئىبارە تۈزگۈچى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا رېئال مەنتىقىي-سېمان-
تىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق باغلىنىشى مەلۇم دەرىجىدە سۇسلاشقان.

ئېيتماقچى بولغان ئوي-پىكىرلىرىمىزنى ئوبرازلىق رەۋىشتە ئىپا-
دىلەيدىغان، مەلۇم ئىستىللىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان فرازېئولوگى-
يىلىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرىنى ”فرازېئولوگىيىلىك بىرلىك“ دەيمىز.
ئۇلار ئىدىئومىلارغا ئوخشاش تۇراقلىق ۋە سېمانتىكىلىق تۇتاشلىق
خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ
ئابستراكتلىشىش ۋە ئىدىئوملىشىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ.

فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرنىڭ بېرىدىغان ئومۇمىي مەنىسى،
ئادەتتە، تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنە بېرىش مۇمكىنچى-
لىكىگە مۇۋاپىق تىل ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سېمانتىكىلىق دائى-
رىسى ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ. ئىبارە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەم-
مىسى ياكى مەلۇم قىسمى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۇ خۇسۇ-

ەن ئوخشىتىش، سىلىشتۇرۇش، مېتافورا ئاساسىدا ۋە ئوبراز سۈپە-
ىدە مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، "كوزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە"، "ھاي-
ۇي دىگىچە" دىگەنگە ئوخشاش "ناھايىتى چاپسان" دىگەن ئۇقۇمنى
ئاڭلىتىدىغان فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكنىڭ مەنىسىنى ئېلىپ قارساق،
ۇلار مەلۇم ھەركەتنى ئوبرازلىق رەۋىشتە ھىس قىلىش ئارقىلىق
ەسۋىرلەش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىگىنى كورىمىز. شۇنىڭغا
وخشاش: "ئىڭنىگى ئاجرىغان" (يىغلاڭغۇ بالىغا نىسبەتەن)، "ساماند-
چىنىڭ يولى" (млечный путь مەنىسىدە)، "قۇيرۇغىنى خادا
قىلماق" (قېچىپ كېتىپ بارغان كالىغا نىسبەتەن)، "چىشىنى قېرىش-
تۇرماق" (تېرىكتۇرمەك، جىلى قىلماق مەنىسىدە)، "ئاغزى ئوچۇق
قالماق" (بىر نەرسىگە ھەيران قېلىش مەنىسىدە) تەقلىتىدىكى فرازېـ-
ئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ كوچمە مەنىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئوخ-
شىتىش ۋە سىلىشتۇرۇش ئاساسىدا گەۋدىلەنگەنلىگىنى كورىمىز. شۇ
جۇملىدىن فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ قاتارىدا مېتافورا-
سىلىشتۇرۇش جەريانىدا ياسىلىپ، تىلىمىزدا كوچمە مەنىدە ئىشلىتى-
لىدىغان: "يۇرىگى قازاندەك" (باتۇر، يۇرەكلىك)، "ئىستىنىڭ قۇرۇ-
تىدەك" (ناھايىتى نۇرغۇن، كوپ)، "ئوتتۇرا قولدەك" (دىگەندەك،
يارامىلىق؛ سېمىز)، "قويىنىڭ قوزىسىدەك" (يۇۋاش، مومىن ئادەمگە
نىسبەتەن)، "پوكاندەك قىزارماق" (ئويۇلۇپ كەتمەك)، "يىڭنە
يىگەن ئىتتەك" (ئورۇق، جانسىز)، "مۇشۇك يالىغاندەك"
قىلماق (تاپ-تازا قىلماق)، "تاڭگا چىشلىۋالغاندەك" (ئۇنچىقـ-
مايدىغان ئادەمگە نىسبەتەن)، "توگىنى چوچەكتە سۇغارغاندەك"
(ئاز بەرگەنلىكنى بىلدۇرىدۇ)، "بەردىن يامبۇ تېپىۋالغاندەك"
(خوشال بولۇش مەنىسىدە) ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەرنىمۇ
كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

بۇ تەقلىتتىكى مېتافورا-سىلىشتۇرما ئىبارىلەر بىرەر نەرسىنىڭ

سۇپىتىنى، شەكلىنى سان ـ ساپاسىنى، ھەركىتىنى ۋە باشقا ھادىسىلەرنى ئوبرازلىق رەۋىشتە تەسۋىرلەشنىڭ تىلدىكى ۋاستىلىرىدىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ ئىبارىلەر تىل ئەمىلىيىتىدە ئايرىم سوزنىڭ، ھەتتا مۇرەككەپ ئۇقۇمنىڭ تەڭدىشى (ئېكۋىۋالېنتى) سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "بۇ باتۇر، قورقماس يىگىت ئىكەن" دىگەن جۈملىدىكى "باتۇر"، "قورقماس" سوزلىرىنى "يۈرىگى قازاندەك" دىگەن ئىبارە بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئېيتىشقا بولىدۇ: "بۇ يۈرىگى قازاندەك يىگىت ئىكەن". ئېيتىپ كىتىش كىرەككى، فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش مەزكۇر مېتافورالىشتۇرما ئىبارىلەرمۇ كوچمە مەنىسى ئارقىلىق شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ سان ـ ساپاسىنى، ھالەت ـ ھەركىتىنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ كوچمە مەنە ئايرىم تەركىۋى قىسىمنىڭ سېمانتىكىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئومۇمەن ئىبارىنىڭ مەزمۇنىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

## B. فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلار

ئىبارىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئومۇمىي مەنىنىڭ ئىبارە تەركىۋى قىسىملىرىنىڭ كونكرېت لېكسىكا ـ گراماتىكىلىق مەنىلىرىگە مۇناسىۋىتى بارلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەردە بىردەك بولمايدىغانلىغى ھەققىدە بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر تۈرىنى ــ فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنى ــ ئاجرىتىشقا بولىدۇ.

فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلار تىلدىكى خىزمىتى، بولۇپمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋەزىپىسى جەھەتتىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سېمانتىكا ـ گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىدىئوملار بىلەن فرازېئولوگىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىك بىرلىكلەرگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. ئۇلار فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنىڭ باشقا تۈرلىرىدەك تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى سۈپىتىدە قېلىپلىشىپ، تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرلا مەنىلىك مەركەزگە يىغىلىشى ئارقىلىق ئۇيۇشىدۇ.

لېكىن فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلاردا، ئىدىئوم ۋە فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەرگە قارىغاندا، تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ ئابستىراكتلىشىش دەرىجىسى ناھايىتى سۇس بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىبارىلەردە ئابستىراكتسىيە جەريانى پۈتۈنلەي ئىبارىنىڭ كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلىشىگە ئېلىپ كەلسە، فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلاردا ئۇ پەقەت ئۇنىڭ بىرلا بۆلىكى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبارىنىڭ ئومۇمىي مەنىسى تەركىبىدىكى بىرلا سۆزنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشىگە بىۋاستە باغلىق بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: "ئېغىر سۆز، ئېغىر ئاياق، قولىغى ئېغىر (ئادەم)، كۆزى ئوچۇق، قولى ئوچۇق (ئادەم)، قولى قىڭغىر، تارىخنىڭ چاقى، يىگىتنىڭ گۈلى، تاش يۈرەك، تىلى ئاچچىق، تىلى ياغلىق، ئۇششاق سۆز، دىدى-دىدى پاراڭ" تەقلىدىكى قوشمىلارنى ئېلىپ قارىساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن ۋە ئۇ مەنە تەركىبىدىكى "ئېغىر، ئوچۇق، قىڭغىر، چاق، گۈل، تاش، ئاچچىق، ياغلىق، ئۇششاق، دىدى-دىدى" گە ئوخشاش ئايرىم سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرىگە ئاساسەن ئىپادىلەنمەكتە. ئۇنى شۇ سۆزلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۆز مەنىسىدە تۇرۇپ تۈزۈلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى، مەسىلەن: "ئېغىر تاش، ئوچۇق كۈن، قىڭغىر تاياق، ھارۋىنىڭ چاقى، باغنىڭ گۈلى، تاش ئۆي" بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

بىز بىلىمىزكى، تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ تولىسى كۆپ مەنىلىك بولۇپ كېلىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئايرىم مەنىلىرى شۇ سۆز-

نىڭ ئالاھىدە تۈزۈشىدىن ئاڭلانسا، بەزى مەنىلىرى سوز بىرىكمە-
لىرىنىڭ تەركىۋىدە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇنداق مەلۇم
ئىبارە تەركىۋىدە تۇرۇپ ھاسىل بولىدىغان سوزنىڭ كوچمە مەنىسىنى
"باغلىنىشلىق فرازېئولوگىيىلىك مەنە" دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن:
"ياڭاق مېغىزى، ئادەمنىڭ كوزى، كالىنىڭ تىلى، رۇس تىلى"
دىگەن سوز بىرىكمىلىرىدىكى "مېغىز، كوز، تىل" سوزلىرىنى ئالساق،
ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئۇدۇل مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. ئەمدى مۇشۇ
سوزلەرنىڭ كوچمە مەنىسىنى قارايدىغان بولساق، ئۇلار مۇنۇ تووەن-
دىكى ئىبارىلەردە روشەن كورۇنىدۇ: "گەپنىڭ مېغىزى، پىكىرنىڭ
مېغىزى، ئىشنىڭ كوزىنى بىلمەك، بايلىقنىڭ كوزى، ئىشنىڭ
تىلىنى بىلمەك، تىل سالماق" ۋە باشقىلار. بۇمىساللاردىكى "مېغىز،
كوز، تىل" دىگەن سوزلەر ئاشۇ سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدە
تۇرۇپ، ئوزلىرىنىڭ ئۇدۇل لېكسىكىلىق مەنىسىدىن بىرقەدەر
يىراقلىشىپ، كوچمە مەنىسىدە ئىشلىتىلمەكتە. لېكىن بۇ سوزلەرنىڭ
ئۇدۇل مەنىسىمۇ، كوچمە مەنىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا سوزلىگۇچىلەرنىڭ
ھەممىسىگە ئېنىق ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا مەسىلەن، "گەپنىڭ" ياكى
"پىكىرنىڭ مېغىزى" دىگەندە، ھەركىم ئۇرۇكنىڭ ياكى ياڭاقنىڭ
مېغىزى (ئۇرۇغى)نى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇش ئارقىلىق پىكىرنىڭ
ياكى گەپنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسي مەسىلىسى ھەققىدە ئېيتىلى-
ۋاتقان ئوبرازلىق سېلىشتۇرۇش دەپ چۇشىنىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ كېتىش كېرەككى، سوزلەرنىڭ باغلىنىشلىق
فرازېئولوگىيىلىك مەنىلىرى، بىرىنچىدىن، فرازېئولوگىيىلىك قوشمى-
لارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولسا، ئىككىنچىدىن، شۇ قوشمىلارنىڭ
سېمانتىكىلىق بىرلىكىنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

سوزلەرنىڭ باغلىنىشلىق فرازېئولوگىيىلىك مەنىسى ئاساسىدا
تۈزۈلگەن ئاشۇ فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى تەركىۋىي قىسىملارنىڭ بىرى كوچما مەنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن سىمانتىكىلىق مەنبە بولۇپ، خىزمەت قىلسا، قالغان تەركىۋىي قىسىملىرى شۇ مەنىنىڭ رېياللىشىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان شارائىتنى يارىتىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن، "كوز بويىماق" ئىبارىسىدىكى كوچما مەنىدە ئىشلىتىلىۋاتقان تەركىۋىي قىسىم — "بويىماق". ئەمما ئۇنىڭ "ئالدىماق" ۋە "پاكىتنى توغرا كورسەتمەسلىك" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشى، "كۆز" سوزىگىمۇ باغلىق: كوچما مەنىنىڭ مەركىزى "بويىماق" سوزىدە بولسىمۇ، پۈتۈن ئىبارىنىڭ ئابىستىراكىت چۈشەنچىگە ئايلىنىشى پەقەت "كوز" سوزىنىڭ مەنىسىگە باغلىق. چۈنكى "قاش بويىماق" ياكى "قول بويىماق" دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ.

دېمەك، تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ بىرى كوچما مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان، قالغانلىرى شۇ مەنىنىڭ رېياللىشىشىنى تەمىنلەپ تۇرىدىغان سوز بىرىكمىلىرىنى "فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلار" دەپ ئاتايمىز.

كورۇپ تۇرۇۋېتىمىزكى، فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنىڭ سىمانتىكىسى ھەققىدە سوز قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئايرىم تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ مەنىسىنى بولۇۋېلىپ، ئالاھىدە قاراشقا زادى بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئىبارىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى گەپ ياكى جۈملە تەركىۋىدە تولۇق گەۋدىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "كامالىنىڭ ئىچى ئاغرىپ بۇگۈن دوختۇرغا كەتتى"، "بىچارە ئانامنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىيدۇ" دېگەن جۈملىلەردىكى "ئىچى ئاغرىماق" ئىبارىسىنىڭ بىرىنچىسى — ئاددىي سوز بىرىكمىسى، ئىككىنچىسى — فرازېئولوگىيىلىك قوشما ئىكەنلىكى مۇشۇ كونتېكىستلاردىن روشەن كورۇنىدۇ.

بۇنىڭدىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، باشقا فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرگە ئوخشاش فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنى تەكشۇرگەندە

تەتقىق قىلىش ئوبېكتى ئايرىم سۆز ئەمەس، بەلكى سۆزلەر بىرىكمىسى بولۇشى شەرت. ئەمما فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىۋى قىسىملارنىڭ ئىدىئومىلارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەرگە ئوخشاش بىر-بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ، بىر پۈتۈن سىمانتىكىلىق بىرلىككە ئايلانمىغانلىقىنى كورىمىز. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنى ئاددى سۆز بىرىكمىلىرىدىن ھەقىقى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر قاتارىغا ئۆتۈش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئىبارىلەر دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ.

دېمەك، فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنى ئاددى سۆز بىرىكمىلىرىدىن پەرق قىلىدىغان ئاساسىي بەلگە ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ كوچمە مەنىگە ئالمىشىشىدىن ئىبارەت. شۇ ئاساستا تىلىمىزدىكى: "ئىش قىلماق، قول كوتەرمەك، بېلىنى ئەگمەك، تېرە ئەيلىمەك، قاراپ باقماق، نان چاينىماق، مىلتىق ئاتماق"قا ئوخشاش ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ ئاددى بىرىكمىلىرىدىن مۇنۇ شەكىلدىكى فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنى ئاجرىتىپ قاراشقا بولىدۇ: "بۇرنىنى كوتەرمەك، كوردىن ياش ئەگمەك، زوق ئەيلىمەك، تەشنا بولماق، تىلىنى چاينىماق، تىلىنى تەككۈزمەك، قاش ئاتماق، ئارام بېغىشلىماق، ئورنى ئىسسىماسلىق، يۈرىكى ئېزىلمەك، كوزى يورۇماق، نونى تىكلىۋەتمەك، باش تارتماق، كوكۈلگە توقۇماق" ۋە باشقىلار.

فرازېئولوگىيىلىك قوشمىلارنىڭ قاتارىغا تولۇۋاتقان ئېنىقلىغۇچى+ئېنىقلانغۇچى ۋە باشقا شەكىلدە تۈرۈپ تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىلىرىمۇ كىرىدۇ. مەسىلەن: "قۇرۇق گەپ، قاتتىق گەپ، يۈرەك پەردىسى، توشقان يۈرەك، باش سوز، ئىنجىق ئاغرىق، يىنى يامان، قولى يېنىك، يولى ئېغىر" ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# VI. لېكسىكوگرافىيە

## 40. لېكسىكوگرافىيە ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

لېكسىكوگرافىيە گرېكچە lexikos (لۇغەت، لېكسىكا) ۋە grapho (يازىمەن) دىگەن ئىككى سوزدىن ئىبارەت بولۇپ، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلغۇچى سوز ۋە ئىبارىلەرنى جەملەش ۋە مەلۇم بىر سىستېمىغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا ھەر خىل لۇغەتلەرنى تۈزۈش دىگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

لېكسىكوگرافىيە پەيدىن-پەي تەرەققى قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىلشۇناسلىقتىكى دائىرىسىنى بىرقەدەر كېڭەيتكەنلىكىنى كورىمىز. ھازىرقى ۋاقىتتا لېكسىكوگرافىيە ئاتالغۇسى تىلنىڭ ئەمەلىي مەقسەت-تەلەپلىرىگە بىنائەن ھەر خىل لۇغەتلەر تۈزۈش دىگەن ئۇقۇمنىلا ئىپادىلىمەستىن، بەلكى لۇغەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش پىرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرىنى بەلگىلەيدىغان، ئۇلارنى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغان تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

لۇغەت ئىشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە ئۇنىڭ پەيدىن-پەي راۋاجلىنىشىنى، ئەلۋەتتە، ھەر بىر تىلنىڭ ئەمەلىي تەلەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراش لازىم. چۈنكى جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئالاقىسى ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك تىلدا سوزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۈچۈن تىلنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى مۇكەممەل بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇمكىنقەدەر تولۇق پايدىلىنىش لازىم بولىدۇ. بۇ ئېھتىياجنى پەقەت ھەر تۈرلۈك

لۇغەتلەرنى تۈزۈش ئارقىلىقلا ئادا قىلىش مۇمكىن.

لۇغەتنىڭ قايسى تۈرى بولمىسۇن، ئۇلار مەلۇم بىر مەقسەت، ئەمەلىي تەلەپلەرگە ئاساسەن ئىشلىنىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا ئۇلار كوپچىلىكنىڭ ئېھتىياجىنى ئوتەيدىغان، تىلنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىدىن، جۈملىدىن تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى، ھەر خىل زىل ۋە مۇرەككەپ ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ بېرىشتىكى تىلنىڭ لېكسىكا-سېمانتىكىلىق مۇمكىنچىلىكىدىن تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان ئومۇمى قوللىنىش قورال سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

لۇغەتلەرگە بولغان مۇشۇ ئېھتىياج لۇغەت ئىشىنىڭ دائىم مۇكەممەللىشىپ تۇرۇشىنى، شۇنداقلا لۇغەت تۈزگۈچى تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىككى تىللىق لۇغەتلەرنى (جۈملىدىن ئۇيغۇرچە-رۇسچە ياكى رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتلەرنى) يارىتىش ئۈچۈن لۇغەت تۈزگۈچى مۇتەخەسسىسنىڭ ھەر ئىككى تىلنى پۇختا بىلىشى شەرت. لۇغەت تۈزگۈچىلەر ھەر ئىككى تىلنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى، فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى مۇكەممەل بىلگەن ھالەتتىلا تەلەپكە جاۋاب بېرەلەيدىغان لۇغەتلەر يارىتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئاشۇ تىللاردا سوزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئوتىشى مۇمكىن.

لۇغەت ئىشلىرى دېگەندە بىز كونكرېت تىلنىڭ (ياكى ئىككى، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن كوپ تىللارنىڭ) لېكسىكىلىق بايلىقىنى تولۇق (ياكى تەلەپكە مۇۋاپىق ئۇنىڭ مەخسۇس قىسىملىرىنىلا، جۈملىدىن سىنونىملىرىنى، فرازېئولوگىيىسىنى، مۇتەخەسسىسلىككە دائىر لېكسىكىسىنى ۋە باشقىلارنى) كورسىتىش، ئۇلارنى جەمىلەپ، مەلۇم بىر سىستېمىغا سېلىش، سوزلەرنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن مەنە ۋە مەنىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇسلىرىنى ئىپادىسلەش، ئېتىمولوگىيىسىنى (كېلىپ چىقىشىنى) ئېنىقلاش، سوزلەرگە ئىلمىي ئىزاھ بېرىش ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى كوزدە تۇتىمىز.

ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئوتۇش لازىمكى، بۇ خىلدىكى لېكسىكوگرافىيىلىك ئىشلار مەلۇم بىر دەستۇر-قائىدىگە، ئىزچىل ئىلمىي پرىنسىپقا ئاساسلانغان ھالەتتىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما تىل ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ خىلدىكى لېكسىكوگرافىيىلىك ئىشلار بارلىق تىللارغا ئورتاق، ئومۇمى يۈزلۈك خاراكتېرغا ئىگە بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پەقەت مەلۇم بىر دەستۇر-قائىدىگە ۋە ئىزچىل ئىلمىي پرىنسىپقا ئاساسلانغان ھالەتتىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئىكەن. ئەگەر لۇغەت تۈزگۈچى ئىككى تىلنى ياخشى بىلىپ، ئۇلار بويىچە باي لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنى توپلاپ، لېكىن ئۇ ماتېرىياللارنى مەلۇم بىر قائىدە-پرىنسىپ بويىچە سىستېمىلاشتۇرماي ئوز خاھىشى بويىچە، ئوز ئۇسۇلى بويىچە جەملەپ لۇغەت تۈزۈپ قويسا، بۇنداق لۇغەتتىن پايدىلىنىشمۇ قىيىن بولغان بولار ئىدى.

شۇڭا بۇ ئەھۋال تىلشۇناس-لۇغەتچىلەردىن ھەرقانداق تىلنىڭ ئوتمۇشتىكى باي تەجرىبىلىرىگە تايانغان ھالدا لېكسىكوگرافىيىنىڭ ئومۇمى نەزەرىيىلىك ئاساسلىرىنى ئىشلەپ چىقىشنى، ھەر تۈرلۈك لۇغەتلەرنىڭ ئوزلىرىگە خاس بەلگىلىرى بىلەن تۈزۈلۈش پرىنسىپلىرىنى ئېنىقلاشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە لېكسىكوگرافىيىنىڭ ئەمەلىي تەرەپلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭ نەزەرىيىلىك مەسىلىلىرىمۇ خېلى تەرەققى قىلغانلىقىنى كورىمىز. ھازىرقى سوۋېت تىلشۇناسلىقىدا لېكسىكوگرافىيىنىڭ بۇ ئىككى تەرىپى بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە ۋە بىللە قارىلىدۇ.

كوپ مىللەتلىك بىزنىڭ سوۋېت ۋەتىنىمىزدە لېكسىكوگرافىيىلىك

ئىشلارغا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. چۈنكى ھەر خىل لۇغەتلەر، بولۇپمۇ، ئىككى تىللىق لۇغەتلەرنى تۈزۈش س س س ر خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ھاياتىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى ئالاقىلىشىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ راۋاجلىنىشىنى تەمىنلەيدۇ.

لۇغەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەھمىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ قانداق مەقسەتلەر بىلەن ۋە تىل ئەمەلىيىتىدە قانداق ئېھتىياجنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەر بىر لۇغەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشىمىز لازىم.

مەلۇمكى، جەمئىيەت ئەزالىرى، ئادەتتە، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ ۋە پىكىر ئېلىشىدۇ. ئەمما بىر تىلدا سۆزلىگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ تىلنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى بىر خىل دەرىجىدە بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ، بىرىنچىدىن، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سەۋىيىسىگە، بىلىم دەرىجىسى بىلەن مۇتەخەسسىسلىكىگە، ھايات تەجرىبىسى بىلەن يېشىغا ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىگە باغلىق بولسا، ئىككىنچىدىن، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاكتىپ لېكسىكىلىق قىسمى بىلەن بىر قاتاردا ناھايىتى كەم ئىشلىتىلىدىغان پاسسىپ سۆزلەرنىڭمۇ، جۈملىدىن كونىرىغان، تارىخىي سۆزلەر ۋە ئارخائىزملار، مەلۇم رايون ۋە ئېتنىك گۇرۇپپا تىلىدىلا ئىشلىتىلىدىغان، ئايرىم شېۋە ۋە دىئالېكتلاردا، شۇنداقلا مۇتەخەسسىسلىك ساھەسىدىلا ئۇچرايدىغان تار دائىرىدىكى مەخسۇس سۆزلەرنىڭمۇ بولۇشىغا باغلىق دەپ قاراش لازىم.

تىل بايلىقىنى تەشكىل قىلغۇچى بۇ لېكسىكىلىق قاتلاملارنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدە ئۆزىگە لايىق ئورنى ۋە ئورۇنلايدىغان ۋەزىپىسى بار.

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەمئىيەت ئەزالىرى يادىدا ساقلىشى شەرت ئەمەس ۋە بۇ مۇمكىنمۇ ئەمەس. ھەتتا ئۇلارنى ئانا تىلنى شۇنچىلىك مۇكەممەل ئىگەللىۋالغان سۆزگە باي، گەپكە ئۇستا ناتىقلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تولۇق بىلىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن.

دېمەك، لۇغەت تۈزۈشتىكى بىرىنچى مەقسەت ئومۇمەن خەلق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى ھېساپقا ئېلىشتىن، ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسى بىلەن ئۇنىڭ ھەر بىر ساھەسىگە خاس مەخسۇس لېكسىكىلىق قاتلاملارنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت.

تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى دائىم تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان كاتېگورىيە. بۇ تەرەققىياتنى ھەر تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ قاراشقا بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ دائىم مەنە جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشىنى لېكسىكا ساھەسىدىكى ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر دەپ قارىغاندا، تۈرلۈك-تۈمەن يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىنى، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشنى لېكسىكىنى سان جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئاساسىي يوللار دەپ قاراش لازىم. لېكسىكا تەركىۋىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەڭ ئالدى بىلەن ھەر خىل لۇغەتلەردە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ، يەنى لۇغەتلەردە ھەر بىر سۆزنىڭ بېرىدىغان مەنە ۋە مەنە پەرقلىرى مۇمكىنقەدەر تولۇق ۋە ئايرىم-ئايرىم ئىپادىلىنىدۇ؛ ھەر بىر چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆز تولۇق ھېساپقا ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلغۇچى تىلدىكى بېرىدىغان مەنىلىرى سېمانتىكىلىق ئىزاھلار بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئايرىم لۇغەتلەردە ئاكتىپ قاتلامدىن پاسسىپ قاتلامغا ئۆتكەن سۆزلەر ئالاھىدە ئىزاھلانسا، ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرىدە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار بېرىلىدۇ.

لۇغەتلەرگە قويۇلىدىغان بۇ تەلەپلەر ھەر بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ سان ۋە ساپا جەھەتتىن قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىشكە بېغىشلىنىدۇ. دېمەك، لۇغەت تۈزۈشتىكى

ئىككىنچى بىر مەقسەت — ئانا تىلىمىزنىڭ لېكسىكىسى ساھەسىدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ھىساپقا ئېلىشتىن ئىبارەت.

يەر يۈزىدىكى خەلقلەر دائىم ئۆزئارا تارىخىي، مەدىنىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت ئاساسەن شۇ خەلقلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق، يەنى، شۇ تىللارنىڭ لېكسىكىلىق ئىلمىي ئېھتىياجىنى ئۆزىدە ئەكس ئېتتىدىغان ئىككى تىللىق، ئۈچ تىللىق ۋە كوپ تىللىق تەرجىمە لۇغەتلەر ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ لۇغەتلەرنى تۈزۈشتىكى ئاساسىي مەقسەت — بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا تەرجىمە قىلىش، باشقا مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاشۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش-ھاياتى بىلەن، مەدىنىيىتى ۋە ئىقتىسادى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشتىن ئىبارەت. شۇ يوسۇندا تەرجىمە لۇغەتلەر خەلق ئارىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوتەيدۇ.

كورۇپ تۇرۇپتىمىزكى، لۇغەتلەرنىڭ قايسى تۈرىنى ئالمايلى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىلنىڭ ئەمىلىي تەلەپلىرىگە ئاساسەن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنلا قىلىپلىشىپ، تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىللىرى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك لۇغەتلەر تۈزۈش بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى لۇغەت ئىشلىرى تىلنىڭ لېكسىكا-سېمانتىكىلىق مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئېچىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ بايلىغىنى ھىساپقا ئېلىش بىلەن بىر قاتاردا، ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، ئومۇمەن تىل مەدىنىيىتىنى كوتىرىشتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن تاشقىرى، لېكسىكوگرافىيە ئۆزىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات دەرىجىسىدە تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم ۋە ياردەمچى قىسمىغا ئايلاندى. ئۇ بىزنى ھەر بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققى قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باي لېكسىكىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

لېكسىكوگرافىيە، جۈملىدىن لۇغەت تۈزۈش ئىشلىرى، بەزى خەلقلەرنىڭ تىلىدا يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا قولغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم. ئۇ دەسلەپ خەلقنىڭ چۈشىنىشىگە تەس بولغان كونا سۆزلەرگە ياكى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى لېكسىكىلىق ئېلېمېنتلارغا ئىزاھ بېرىش مەقسىدى بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، بارا-بارا بىر تىلنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ ئىككى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ھەتتا تارىخىي-ئېتنوگرافىيىلىك دېرەكلەرگە، ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىدىغان مۇرەككەپ خاراكتېرغا ئىگە بولدى.

## 41. رۇس ۋە تۈركى تىللارنىڭ لېكسىكوگرافىيىسى تارىخىدىن

ھەر بىر خەلقنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىگە، ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ لېكسىكوگرافىيىلىك ئىشلىرىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. بەزى تىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بولسا، بەزىلىرىدە ئۇ مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشقان ئىلمىي دەستۇرگە ئىگە ساھەلەردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئېھتىياجلىرىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن رۇس تىلشۇناسلىقى ۋە تۈركى تىللار بويىچە ئىشلەنگەن لۇغەتلەر ھەققىدە ۋە شۇ تىللارنىڭ لېكسىكوگرافىيىسى تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

رۇسىيىدە لۇغەتچىلىك ئىشلىرى قەدىمىي زامانلاردىن باشلىنىپ،

پەيدىن-پەي تەرەققى قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. رۇس تىلى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مەخسۇس ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىدە① كونا سلاۋيان ۋە گرېك سۆزلىرىگە ئىزاھ سۈپىتىدە بېرىلگەن بىرىنچى رۇسچە لۇغەت («Азбуковник» دەپ ئاتالغان) 8-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ خىلدىكى لۇغەتلەر تاكى 7-8-ئەسىرلەرگىچە خېلى تەرەققى قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن رۇس تىلىدىكى مەنىسى چۈشىنىكسىز بولغان كونا سۆزلەرگە، شۇنداقلا گرېك، يەھۇدىي ۋە لاتىن تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىش بىلەن چەكلەنگەن.

8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس تىلىدا دەسلەپكى تەرجىمە لۇغەتلەر چىقىشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، 1704-يىلى فېدور پولىكارپوۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «رۇسچە-لاتىنچە-گرېكچە لۇغەت» نەشر قىلىنىدۇ. بۇ لۇغەتتە (يەنى رۇسچە سۆزلەر لاتىن ۋە گرېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ تىللىق لۇغەتتە) سلاۋيان سۆزلىرىنىڭ لاتىنچە ۋە گرېكچە تەرجىمىسى بېرىلىدۇ. بۇ لۇغەت خۇسۇسەن تەرجىمە ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، شۇ دەۋردىكى رۇس لېكسىكوگرافىيىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

رۇس تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن ئاتالغۇلارنىڭ لۇغىتىنى تۈزۈش دەسلەپ پېتىر I دەۋرىدىلا قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ ساھەدە بىر

---

① ي. م. گالكىنا-فېدورۇك «ھازىرقى زامان رۇس تىلى لېكسىكىسى» (لېكسىيىلەر توپلىمى) 1954-يىل. موسكۋا. 174-ۋە 202-بەتلەر؛ ل. ۋ. شېربا «لېكسىكولوگىيە ئومۇمىي نەزىرىيىسىنىڭ تەجرىبىسى». «س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خەۋەرلىرى» تىل ۋە ئەدەبىيات بولۇمى، 1940-يىل، 3-سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتار لۇغەتلەر (مەسىلەن: «چەتتىن كەلگەن يېڭى سوزلەرنىڭ ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلگەن لۇغىتى»، پ. ئا. ئالېكسىيېۋنىڭ «چېركاۋ لۇغىتى» دەپ ئاتىلىدىغان لۇغەتلىرى) تۈزۈلدى.

رۇس ئەدىبىي تىلىنىڭ قېلىپلاشقان لۇغىتىنى تۈزۈشنى دەسلەپ قولغا ئالغانلارنىڭ بىرى — ئۇلۇق رۇس ئالىمى ۋ. م. لومونوسوۋدۇر. ۋ. م. لومونوسوۋ، كوندراتېۋ ۋە تائۇبېرت تەرىپىدىن توپلانغان لېكسىكىلىق ماتېرىياللار 1789 — 1794 - يىللىرى نەشر قىلىنغان «رۇسىيە ئاكادېمىيىسىنىڭ لۇغىتى»گە ئاساس بولدى. بۇ لۇغەتنىڭ تولۇقلانغان ئىككىنچى نەشرى 1806 — 1822 - يىللىرى مەيدانغا كېلدى. بۇ لۇغەتنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا رۇس تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقى دەسلەپ تولۇق ئەكس ئېتىلدى. ئۇنىڭ 6 تومدىن ئىبارەت ئىككىنچى نەشرى 51 مىڭ 388 سوزنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. لۇغەتكە پەقەت ئەدىبىي تىلغا خاس سوزلەرلا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، چەتئەل سوزلىرىگە ناھايىتى ئاز ئورۇن بېرىلدى. مەسىلەن، لۇغەتتە گرېكچە سوزدىن 342نى، لاتىنچە سوزدىن 107نى، فرانسۇزچە سوزدىن 92نى ۋە نېمىسچە سوزدىن 74نى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. لۇغەتنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى تەكىتلىگەن ن. ك. كارامزىن "رۇسىيە دىققەتلىك چەتئەللىكلەرنى ھەيران قالدۇرماقتا" دەپ كورسەتكەن ئىدى. ئاكادېمىيىلىك لۇغەتنى تۈزۈشكە شۇ دەۋردىكى مەشھۇر رۇس يازغۇچىلىرىدىن فونۋىزىن، دېرژاۋىن، بوگدانوۋىچ، كنياژنىن ۋە باشقىلار ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ لۇغەت بەزى كەمچىلىكلىرىگە قارىماستىن، رۇس لېكسىكوگرافىيىسى تارىخىدىكى چوڭ ئىلمىي ئىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رۇس لېكسىكوگرافىيىسى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالىدىغان لۇغەتلەرنىڭ بىرى ۋ. ئى. دال تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جانلىق

ۋېلىكورۇس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»①دۇر. بۇ لۇغەت دەسلەپ 1863 — 1866 - يىللىرى نەشر قىلىندى. ئۇ تۆت تومدىن ئىبارەت بولۇپ، تەخمىنەن 200 مىڭ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر لۇغەت رۇس خەلقىنىڭ جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قويغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن رۇس تىلىنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىگە خاس تار دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ لۇغەت رۇس ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلاشقان لۇغەتلىرى قاتارىغا قوشۇلمايدۇ. بۇ — لۇغەتنىڭ بىرىنچى كەمچىلىكى، ئەمدى ئىككىنچى كەمچىلىكى بولسا، ئاپتور چەتئەل سۆزلىرىدىن ۋازكېچىپ ئۇلارنى ئۆزى ياسىغان سۈنئىي سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويغان: автомат — живуля, гимнастика — ловкосилие, психология—душесловие, термометр — тепломер ۋە باشقىلار.

ئەمما دالنىڭ لۇغىتى بۇ كەمچىلىكلىرىگە قارىماستىن رۇس تىلىنىڭ باي خەزىنىسى، 19 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان رۇس خەلقى ھاياتىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئەمگەكنى ۋ. ئى. لېنىنمۇ ناھايىتى يۇقۇرى باھالىدى. ئۇ، "دالنىڭ لۇغىتى — ھەقىقى خەلقنى سۆيگۈچى ئادەمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشىدۇر" دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە رۇس تىلى بويىچە بىر قاتار لۇغەتلەر تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. ئۇلار رۇس لېكسىكوگرافىيىسىنىڭ چوڭ دەستۇرىغا ۋە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتقا ئىگە ئىكەن-

---

① بۇ لۇغەت (ۋ. ئى. دال- Толковый словарь живого великорусского языка) 1960 - يىلى فوتومېخانىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تۆتىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

لىگىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ئەمما لۇغەت ئىشلىرىنىڭ ھەقىقى راۋاجلىنىشى سوۋېت دەۋرىگە مەنسۇپتۇر. مەدەنىي ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كەڭ قانات يېيىشى، بولۇپمۇ، رۇس تىلىنىڭ سوۋېت خەلقلىرى ئۈچۈن ئورتاق مىللەتلەر ئارا تىلغا ئايلىنىشى، ئۇنىڭ خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى، رۇس ئەدەبىي تىلىنىڭ زامانىۋى تەلەپلەرگە مۇۋاپىق لۇغەتلەرنى يارىتىش مەسىلىسىنى ئالغا سۈردى. بۇ ئىشقا ھوكۇمەت ۋە پارتىيە تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. مەسىلەن، 1929 ـ يىلى كوپچىلىكنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن لۇغەت تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش پىلانى تۈزۈلدى. بۇ پىلان بويىچە، رۇس لېكسىكوگرافىيىسىنىڭ ئالدىغا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ مۇشۇ كۈنگىچە بولۇۋاتقان رۇس تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان رۇسچە ئىزاھلىق قېلىپلاشقان لۇغەت تۈزۈش ۋەزىپىسى قويۇلدى. بۇ ۋ. ئى. لېنىننىڭ پىكرى بويىچە بولغان ئىدى. ۋ. ئى. لېنىن ئا. ۋ. لۇناچارسكىغا يازغان خېتىدە دالنىڭ لۇغىتى ئۈستىدە ئىشلەش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق يازىدۇ: ”ناھايىتى ياخشى نەرسە، ئەمما بۇ يەرلىك لۇغەتتۇ ۋە كونىراپ قالدىغۇ. ئەمدى ھەقىقى رۇس تىلىنىڭ، ئالايلى ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە پۇشكىندىن گوركىغىچە بولغان كلاسسىكلارمۇ ئىشلەتكەن سوزلەرنىڭ لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىش ۋاقتى يەتكەندۇر.“①

ۋ. ئى. لېنىننىڭ مۇشۇ كورسەتمىسىگە ئاساسەن، رۇس ئەدەبىي تىلىنىڭ سوۋېت دەۋرىدىكى دەسلەپكى قېلىپلاشقان لۇغىتى 1935 ـ 1940 ـ يىللىرى پروفېسسور د. ن. ئۇشاكوۋ تەھرىرلىگىدە تۈزۈلۈپ، 85 مىڭ 289 سوزنى ئوز ئىچىگە ئالغان توت تومدىن ئىبارەت

① «ۋ. ئى. لېنىن ئەسەرلىرى» 35 ـ توم. 369 ـ بەت.

«رۇس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى. 1949 ـ يىلى ئاكادىمىك س. پ. ئوبنورسكى تەھرىرلىگەندە س. ئى. ئوژېگوۋنىڭ 50 مىڭ سوزلۇك «رۇس تىلىنىڭ لۇغىتى» نەشىر قىلىندى. ھازىرقى ۋاقىتتا رۇس ئەدىبىي تىلىنىڭ بىرنەچچە توملۇق قېلىپلاشقان لۇغىتى نەشر قىلىنماقتا.

مانا بۇلار ۋە بۇلاردىن باشقا كېيىنكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي، دىئالېكتولوگىيلىك، سىنونىملىق، فرازېئولوگىيىلىك، ئاتالغۇلار، ئوبلۇسلۇق، ئېنسىكلوپېدىيىلىك ۋە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن لۇغەتلەر، شۇنداقلا لېكسىكوگرافىيە نەزىرىيىسىگە دائىر ئەمگەكلەر① ئومۇمەن رۇس لېكسىكوگرافىيىسىنىڭ چوڭ ئىلمىي دەستۇرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ سوۋېت دەۋرىدە چوڭ تەرەققىيات يولىغا چۈشكەنلىكىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

رۇس لېكسىكوگرافىيىسىگە ئوخشاش تۈركى تىللار ساھەسىدىمۇ لۇغەتچىلىك ئىشلىرى مەلۇم تارىخىي دەستۇرگە ئىگە.

شەرق خەلقلىرى، شۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركى تىللىرىدا سوزلەشكۈچى (ئۇيغۇر، ئوزبەك، ئەزەربەيجان ۋە باشقا) خەلقلەر ئوزىنىڭ ئوتمۇشتىكى تارىخىدا چوڭ مەدىنىي بايلىقنى ياراتقانلىقى مەلۇم. بۇ خەلقلەر ئوزلىرىنىڭ مىللى يېزىغىنى يارىتىشىغا ياكى باشقا تىل ـ يېزىقلارنى مۇكەممەل ئوزلەشتۈرۈشكە ئەگىشىپ ئوز ئانا تىللىرىدا ھەر تۈرلۈك ئەدىبىي ۋە دىنىي، قانۇنىي ۋە مەمۇرى، ئىلمىي ۋە پەلسەپىلىك ئەسەرلەرنى يارىتىشقا مۇيەسسەر بولدى. شۇنداق يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدە تۈركى تىللارغا مۇناسىۋەتلىك لېكسىكوگرا ـ

---

① ل. ۋ. شېربا. «لېكسىكوگرافىيە ئومۇمىي نەزىرىيىسىنىڭ تەجرىبىسى». «س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خەۋەرلىرى» تىل ۋە ئەدەبىيات بولۇمى. 1940 ـ يىل. 3 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىيىنلىك ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇلارنىڭ بىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك».

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» («تۈركى تىللار دىۋانى») 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا (1072 ـــ 1074 ـ يىللاردا) مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تىلچى مەھمۇت قەشقەرى (تولۇق ئىسمى ـــ مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەدۇلكاشغەرى) تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ پەلسەپىلىك ئەمگەك.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقەلەردىن بولۇپ، تىلشۇناسلىق تارىخىدا يېڭى سەھىپىلەرنى ئاچتى. چۈنكى مەھمۇت قەشقەرى ياشىغان دەۋر كۆپلىگەن ئەدىبىي، ئىلمىي ۋە پەلسەپىلىك ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن تۈركى تىلشۇناسلىقىدا، بولۇپمۇ، مەخسۇس لېكسىكوگرافىيە ساھەسىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئاساس سالغۇچى ئەسەرلەر ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى. سەۋەبى، تۈركى خەلقلىرىدىن چىققان ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكلىرىنى (مەسىلەن، ئابۇ ئىبراھىم ئەلفارابى «دىۋانۇل ئەدەب» ناملىق ئەسىرىنى 850 ـ يىلى يازغان ۋە باشقىلار) ئەرەب تىلى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىپ كەلدى.

شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن ھېسابلانغان بۇخارا، قەشقەر، باغدات شەھەرلىرىدە ئوقۇپ، پەلسەپىلىك ئالىي بىلىم ئالغان چوڭ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئەمگىكىنى يارىتىشتا ئىككى مەقسەتنى ئالدىغا قويغان ئىدى.

يۇقۇرقى چىندىن تارتىپ پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر، خارەزىم، پەرغانە ۋە بۇخاراغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ياشايدىغان تۈركى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا 11 ـ ئەسىردە مەدەنىي ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەر بىر قەدەر كۈچەيگەن بولسىمۇ، ئەمما تىل جەھەتتىكى خىلمۇ ـ خىللىق

خېلى ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. مەھمۇت قەشقەرى پۈتۈن تۈركى قەبىلىلەر تىللىرىدىكى سۆزلەرنى توپلاپ، ئۇلارنى سىستېمىغا كەلتۈ-رۈش ئارقىلىقئا شۇ تىللارنى مەلۇم بىر يېزىق-ئىملا نورمىسىغا سېلىش، تىل ساھەسىدىكى مەۋجۇت بولغان بۇ ئەھۋالنى ھەل قىلىش مەقسىدىنى ئالدىغا قويىدى.

ئىككىنچىدىن، ئاپتور بۇ ئەمگەكنى يېزىشتا تۈركى سىستېمىدىكى تىللارنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى، گىراماتىكا، فونېتىكا ۋە سېمانتىكا ساھەسىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە مۇمكىنچىلىكلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، تۈركى تىللارنىڭ شەرق ئالىمىدە كەڭ تارقالغان ”مۇقەددەس“ ئەرەپ تىلىدىن ھېچبىر كەم چۈشمەيدىغان مۇكەممەل، ئەۋرىشىم، باي تىللار-دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

بۇ ئالىجاناپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەقسەتنىڭ ھوددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن مەھمۇت قەشقەرى ئۇزاق يىللار داۋامىدا ناھايىتى چوڭ لېكسىكوگرافىيىلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ قولىغا ئالغان ئەمگەكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەپ فىلولوگىيىسىنىڭ تەجرىبىسىدىن كەڭ رەۋىشتە پايدىلىنىش بىلەن بىر قاتاردا، تۈركى تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىنى مۇمكىنقەدەر تولۇق قىلىپ توپلاشنى لازىم دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ كۆپ يىللار داۋامىدا تۈركى قەبىلىلىرىنى ئۆزى ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ تىللىرىنى سىنچىلاپ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ھەر بىر سۆزنىڭ قايسى قەبىلە تىلىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى ۋە شەكىللىك خۇسۇ-سىيەتلىرىنى، ئۇزئارا ئوخشاشلىقى بىلەن پەرقلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ئېنىقلاپ چىقىپ، مەلۇم بىر ئىزچىل سىستېمىغا كەلتۈرىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئىشلىرى ھەققىدە بۇنداق دەپ يازىدۇ. ”ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن-ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە

www.uyghurkitap.com

قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى.» (1 ـ توم. مۇقەددىمە. 9 ـ بەت).

مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلىرىدا پەقەت تىل ماتېرىياللىرىنىلا توپلاش بىلەن چەكلەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆزى ئارىلاپ چىققان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتى، رەسىم ـ قائىدىسى، ھۈنەر ـ كەسىپلىرى ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن تارىخىي ـ ئېتنوگرافىيىلىك مەلۇماتلار توپلىدى.

مانا شۇنداق كۆپ يىللىق ئەمگەك نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن باي ۋە خىلمۇ ـ خىل ماتېرىياللار ئاساسىدا 1074 ـ يىلى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ بولدى.

لۇغەت تۈزۈش مەقسىدىدە يېزىلغان ئاشۇ ماتېرىياللار شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر قاتاردا، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى، شۇنداقلا دىئالېكتلىق پەرقلىرىنى مۇمكىن قەدەر ئېنىقلاش ۋە ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 11 ئەسىردىكى فىلولوگىيە پېنىنىڭ دەرىجىسىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن، چوڭ ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاساس سالغۇچى ئەسەر. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئەمگەكنى يارىتىشتا ئۆز زامانىسىدىكى تىلشۇناسلىق پېنىنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ، لۇغەت تۈزۈشتە ئالدىغا قويغان مەقسىدىنى ئورۇنلىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاپتورنىڭ لۇغەت تۈزۈشتىكى ئۇسۇلى، تىل پاكىتلىرىنى كەلتۈرۈشتىكى ئىلمىي ئىزچىللىق، ئېيتىلغان پىكىرنىڭ پۇختىلىقى، ماتېرىيالنىڭ بايلىقى ۋە باشقىلار — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ چوڭ، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە مەش-

ھۆر ئالىم، تالانتلىق تىلچى ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەشھۇر شەرقشۇناس ئا. ن. سامويلوۋىچنىڭ "مەھمۇت قەشقەرى — 11 ئەسىرنىڭ رادلوۋىدۇر" دىگەن پىكرى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئېيتىلغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلۈش پىرىنسىپلىرى جەھەتتىن ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئىككى تىللىق لۇغەتلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدا باش سۆز سۈپىتىدىكى تۈركى سۆزلىرى ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە مەنە پەرقلىرىنى ئېچىپ بېرىش مەقسىدى بىلەن كەلتۈرۈلگەن ھەرقانداق ئەدەبىي ۋە فولكلور ماتېرىياللىرىغا، شۇنداقلا دىئالېكتلىق پەرقلەرگە، ھەتتا بەزى مورفولوگىيىلىك، سىنتاكسىسلىق، فونېتىكىلىق ھادىسىلەرگە مەخسۇس ئىزاھلار ۋە چۈشەنچىلەر بېرىلگەن.

لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرەيلى: مەسىلەن، "اكري əgri" دىگەن باش سۆزگە ئەرەپچە "ھەر بىر ئەگرى ۋە قىيسىق نەرسە" دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن "yïlan kəndü əgrisin bilməs ‹təvi boynïn əgri tər — يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس، تۆگە بويىنىنى ئەگرى دەر" دىگەن مىسال كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا "بۇ ماقال ئۆزىدە ئەيىپ تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن كۈلىدىغان غەيۋەتچىلەرگە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ" دەپ ئەرەپچە ئىزاھ بېرىلىدۇ، ياكى "اكر ügür" دىگەن باش سۆزنىڭ "ئۈيۈر، توپ. قوي، كېيىك، تۆگە قاتارلىق توت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ، چىل ۋە كەكلىك قاتارلىق قۇشلارنىڭ توپى"نى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ (1-تومغا قاراڭ).

لۇغەتتە ھەر تۈرلۈك شەكىلدە ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ سەۋەپلىرى كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن: "اغز aƣuz ئوغۇز. ئىنەك ياكى قوي تۇغقاندىن كېيىن چىقىدىغان يېڭى سۈت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بۇ سوزنىڭ ئاخىرقى ھەرپى ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى ”ژ“ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ بۇنى ”ز — z“ بىلەن يازسىمۇ بولىدۇ“ (1 ـ تومغا قاراڭ) دەپ بىر سوزنىڭ ئىككى تۈرلۈك يېزىلىشىنى كورسىتىپ ئوتىدۇ.

لۇغەتتە شۇە پەرقلىرىمۇ ئوز ئەكسىنى تاپقان، بولۇپمۇ، قايسى سوزنىڭ قايسى قەبىلە تىلىغا مۇناسىپ ئىكەنلىكى كورسىتىلىپ، ئۇلارنىڭ پاراللىل ۋارىيانتلىرى قىياس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ائلش ulux — يېزا، قىشلاق. (چىگىلچە)؛ بالاساغۇن بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئارغۇ شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى خەلقلەر تىلىدا ”ئۇلۇش“ شەھەر دىمەكتۇر. شۇڭا بالاساغۇن شەھىرى ”قوز اولوش kuz ulux“مۇ دىيىلىدۇ» (1 ـ تومغا قاراڭ) ياكى لۇغەتنىڭ «شۇىلەردىكى پەرقلەر توغرىسىدا» دىگەن مەخسۇس قىسمىدا ئايرىم تىل ۋە شۇىلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەر تەھلىل قىلىنىدۇ. ئوغۇز، قىپچاق ۋە سۇۋار-لارنىڭ سوز بېشىدىكى ”م“ ھەرپىنى ”ب“غا ئوزگەرتىپ ئېيتىشىغا توختىلىپ، ئالىماشىنىڭ ”من mən“ ۋە ”بن bən“ ۋارىيانتلىرىنى مىسالغا ئالىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى ئوزىنىڭ بۇ ئەمگىكىدە تۈركى تىللارنىڭ پەقەت لېكسىكىلىق بايلىقىنىلا كورسىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىگىمۇ تولۇق باھا بېرىدۇ. تۈركى تىللارنىڭ تۈزۈلۈشىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر گىرامما-تىكىلىق قائىدە سۈپىتىدە، ئاساسەن لۇغەتنىڭ ئىككىنچى تومىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلاردا خۇسۇسەن مورفولوگىيىلىك شەكىللەر، سوز ھاسىل قىلغۇچى ھەرقانداق قوشۇمچىلار ھەققىدە تولۇق ۋە ئىنچىكە مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن، سوز ياسىغۇچى ”qi -“ قوشۇمچىسى ھەققىدە بۇنداق چۈشەنچە بېرىلگەن: ”جى [qi -] (قوشۇمچىسىنى) قوشۇپ، ھۈنەر ئىگىسى ئىسىملىرىنى ھاسىل قىلىش بارلىق قەبىلىلەر

ئۈچۈن ئورتاق، بۇ بويىچە پەرقلەنمەيدۇ." بۇنىڭغا "ötükqi"، "tarihqi" دېگەن سۆزلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، "ئۇلاردا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە "چ" بىلەن "ى" يەنى "چى" qi ـ "ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر" دەپ ئىزاھ بېرىدۇ (2 ـ تومغا قاراڭ).

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كىتابى ئاساسەن فىلولوگىيىلىك لۇغەت سۈپىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بەزى بەلگىلىرى بويىچە ئېنسىكلوپېدىيىلىك خاراكتېرغىمۇ ئىگە. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ مەلۇم قىسمىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتىدا ئۇچرايدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە، ئۇلارنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن چۈشەنچىلەرگە، شۇنداقلا قەبىلە ئىسىملىرىغا، ھەر خىل تامغىلارغا، شەھەرلەرگە ۋە باشقىلارغا ئىزاھلار بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: "بالاساغۇن، ساپىران، چۈرچان، پەرغانە، بارساغان، سەمەرقەند"كە ئوخشاش قەدىمقى شەھەرلەر ھەققىدە، "ئىغراق، چىگىل، توقسۇ، ئارغۇ، تۈرك، ئوغۇز، تاتار، باسمىل، قىپچاق، قىرغىز، قارلۇق" ئوخشاش قەبىلە ـ خەلق ناملىرى توغرىسىدا بىرقەدەر مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش «دىۋان»نىڭ 43 يېرىدە "ئۇيغۇر" سۆزى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، كېلىپ چىقىشى، ئورۇن ـ جاي ھەققىدە بىر قاتار مەلۇماتلار بېرىلگەن (1 ـ توم. 3 ـ، 28 ـ، 143 ـ؛ 2 ـ توم. 140 ـ، 240 ـ ۋە باشقا بەتلەرگە قاراڭ). «دىۋان»دا كەشمىر دېگەن شەھەرگە بۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: "كشمير (kəxmir) تۈرك ئەللىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەرنى تەڭرى يارلىقىغۇچى سۇلايمان پەيغەمبەر سالدۇرغان" (1 ـ تومغا قاراڭ). ئوغۇزلار ھەققىدە: "اغز oquz ئوغۇز. تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا

**قاراپ تونۇيدۇ" دېمەك بارلىق تامغىلارنىڭ قانداق شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.**

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈزۈلۈش پرىنسىپى جەھەتتىن ھەم فىلولوگىيىلىك ھەم ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەرگە خاس خاراكتېرغا ئىگە.

بۇ ئەسەر تۈركىي تىللار بويىچە يازىلغان دەسلەپكى لېكسىكوگرافىيىلىك ئەمگەك بولغانلىقىدىن ئومۇمەن تۈركىي تىللارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە مەنبەلەردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا تۈركولوگلار بۇ ئەسەرنى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بولمەكتە. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئەسلى نۇسخىسى بويىچە بىرىنچى قېتىم ئەخمەت رىفات تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ①، ئايرىم تۈركىي تىللارغا ھازىرمۇ تەرجىمە قىلىنماقتا. مەسىلەن، ئۇ دەسلەپ بېسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئوسمان تۈركلىرىنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1941 ـ يىلى ئەنقەرەدە بېسىلىپ چىقتى②. ھازىرقى ۋاقىتتا «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ئۆزبەك③،

---

① ئەخمەت (كىلىسلى) رىفات. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئىستانبۇل. 1 ـ توم 1333 ـ (1915 ـ) يىل، 2 ـ توم 1333 ـ (1915 ـ) يىل، 3 ـ توم 1335 ـ (1917 ـ) يىل.

② بېسىم ئاتالاي. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تەرجىمىسى. ئەنقەرە. 1 ـ توم. 1939 ـ يىل، 2 ـ توم. 1940 ـ يىل، 3 ـ توم. 1941 ـ يىل.

③ ئۆزبەك تىلىدا لۇغەتنىڭ ئىككى تومى نەشر قىلىندى. مەھمۇت قەشقەرى. «تۈركىي سۆزلەر دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك) ئۈچ توملۇق. 1 ـ توم 1960 ـ يىل، 2 ـ توم 1961 ـ يىل. تاشكەنت (تەرجىمان ۋە نەشرگە تەييارلىغۇچى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى مۇتەللىپوۋ).

ئەزەربەيجان①، قازاق، ئۇيغۇر② ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنماقتا. بۇ ئەسەر بويىچە ئىلىپ بېرىلغان چەتئەل ۋە ۋەتەن تۈركولوگلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىدىن قەتئىينەزەر، كېيىنكى يىللاردا بىر قاتار تارىخىي-لېكسىكوگرافىيىلىك ئىشلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئاتاپ كېتىشكە بولىدۇ③. بۇ ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىلىنىڭ ھازىرقى زامان جانلىق تىللىرىغا بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت ئاكتۇئال مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان.

تۈركى تىللارغا مۇناسىۋەتلىك لېكسىكوگرافىيىلىك ئەمگەكلەرنىڭ بىرى — بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى، يەنى 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، 14-ئەسىرنىڭ بېشىدا مەيدانغا كەلگەن قىپچاق تۈركلىرىنىڭ يېزىق

---

① قاراڭ: ئە. ۋ. سېۋورتيان. «س س س ردىكى تۈركى تىللار تارىخىي تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئۇنىڭدىكى بەزى مەسىلىلەر» (توپلام. «تۈركى تىللار تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرىغا دائىر مەسىلىلەر». ئاشخاباد. 1961-يىل. 112-بەت).

② قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالىملىرى تەرىپىدىن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» كېيىنكى يىللاردا قازاق ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنماقتا.

③ س. م. مۇتەللىپوۋ. "11 ئەسىردىكى فىلولوگ مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاراڭ: "1957-يىلى 4-ئىيۇلدىن — 11-ئىيۇلغىچە تاشكەنتتە ئوتكۇزۇلگەن بىرىنچى نوۋەتلىك پۈتۈن ئىتتىپاق شەرقشۇناسلار ئىلمىي كونفېرىنسىيىسىنىڭ ماتېرىياللىرى". تاشكەنت، 1958-يىل. س. ئاخاللى. «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ سوزلۇگى ۋە تۈركمەن تىلى» ئاشخاباد، 1958-يىل ۋە باشقىلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يادىكارلىقى «كودېكس كۇمانىكۇس» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ①.
«كودېكس كۇمانىكۇس» لاتىنچە «كومانلارنىڭ كىتاۋى» دېگەن سۆز.
تارىختىن مەلۇمكى، 10 — 14 - ئەسىرلەردە قرىم ۋە كافكازنىڭ
"دەشتى - قىپچاق" دەپ ئاتالغان پايانسىز چۆل - دالىلىرىدا بىر قاتار
تۈركى قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن. بۇ قەبىلىلەر ئومۇمەن "قىپچاقلار"
دەپ ئاتالغان. «كودېكس كومانىكۇس» ئەنە شۇ قىپچاقلار تىلىدا
يېزىلىپ، ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۈركى تىللار لېكسىكوگرافىيىسىنىڭ
قەدىمىي يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر. قىپچاق دۆلىتىنىڭ قارمىقىدا
بولۇپ كەلگەن خەلقلەرنى رۇس يىلنامىلىرىدا "پولوۋېتسلار"، غەر-
بىي ياۋرۇپا ئالىملىرى "كۇمانلار" دەپ ئاتىغان. شۇڭا ئىتالىيىلىكلەر
بۇ ئەسەرگە «كۇمانلارنىڭ كىتاۋى» دەپ نام بەرگەن.

«كودېكس كۇمانىكۇس»نىڭ قاچان، قەيەردە يېزىلغانلىقى ۋە
ئاپتورى ھەققىدە مۇشۇ كەمگىچە ھېچبىر تارىخىي مەلۇمات يوق. ئەمما
بەزى ئالىملار «كودېكس كۇمانىكۇس»نى 10 — 14 - ئەسىرلەردە "دەش-
تى - قىپچاق" دالىلىرىدا ياشىغان تۈركلەرنى خىرىستىيان دىنىغا كىر-
گۈزۈشكە ھەركەت قىلغان ياۋروپا مىسسىئونېرلىرى يازغان دەپ پەرەز
قىلسا، بەزىبىر ئالىملار شۇ دەۋردە قرىم - كافكاز دالىلىرىدىكى
خەلقلەر ئۈستىدىن ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئىتالىيە ھوكۇمىتىنىڭ
رەسمىي ئادەملىرى يېزىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ. شۇنىڭغا
ئوخشاش بەزىبىر مەلۇماتلار بويىچە «كودېكس كۇمانىكۇس»نىڭ
كوچىرىلگەن ۋە تولۇقلانغان ئاخىرقى ئەسلى نۇسخىسى 1303 - يىلى

---

① «كودېكس كۇمانىكۇس»ھەققىدە مونۇ ئەمگەكلەردىن پايدىلاندۇق: ن.
ساۋرانبايېۋ، ئە. قۇرىشجانوۋ «قەدىمقى تۈركى تىللارنىڭ بەزىبىر يېزىق
نۇسخىلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار» قازاق تىلى ۋە ئەدەبىياتى. 1958 - يىل. 7 -
سان 30 - 39 - بەتلەر ۋە باشقىلار.

ئالاھىدە بىر كىتاپ سۈپىتىدە تۈپلەنگەنلىكى ئېنىقلانغان.

ھەر ھالدا قىپچاقلارنى، بولۇپمۇ، كۇمان تىلىنى قارا خىتاي يېرىدىن رۇسىيىنىڭ جەنۇبىي چېگرىلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىندا بىلمەيدىغان بىرمۇ قەبىلە بولمىغانلىقى ھەققىدە تارىخ سەھىپىلىرىدە كوپ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، رۇس ئالىمى ۋ. ئا. موشكوۋ: ”ياۋروپانى ئارىلىماقچى بولغان يولوچىغا 18-ئەسىردە فرانسۇز تىلى قانداق ھاجەت بولغان بولسا، شەرق ئەللىرىگە سەپەر قىلغان ھەر بىر ساياھەتچىگە 10—14-ئەسىرلەردە كۇمان تىلىنى بىلىشمۇ شۇنداق ھاجەت بولغان ئىدى“ دەپ كورسىتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە، كۇمان (قىپچاق) تىلىنىڭ ئۆز دەۋرىدە تەرەققى تىللاردىن بولغانلىقىنى ۋە قىپچاقلارنىڭ خوشنا خەلقلەر بىلەن ئالاقە قىلىشىدا ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغانلىقىنى كورسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، «كودېكس كۇمانكۇس» ئەسىرىنى يېزىشتا ئاپتورنىڭ كۇمان تىلى پاكىتلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشمۇ ئەنە شۇ سەۋەپكە باغلىق.

«كودېكس كۇمانكۇس» ھازىرقى زامان تۈركى سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ، بولۇپمۇ، قىپچاق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدىغان قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق، تاتار، نوغاي، باشقىرت، قارا چاي، بالقار، قۇمىق تىللىرىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە لېكسىكوگرافىيىلىك ئەمگەك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

«كودېكس كۇمانكۇس»نى لېكسىكوگرافىيىلىك ئەمگەك دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى مەشھۇر ئىتالىيان شائىرى فرانتسىسكو پېتراركىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن بۇ ئەسەرنىڭ گوت يېزىغىدىكى بىردىن-بىر ئەسلى نۇسخىسى ئىككى قىسىمدىن (بىرنەچچە دەپتەردىن) ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى (ئۈچ تىللىق) لاتىنچە-پارسچە-كۇمانچە لۇغەتنى تەشكىل قىلىدۇ.

لۇغەتتىكى تىل ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئۇ چەتتىن كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كىشىنىڭ بەرلىك (كۇمان) تىلىنى بىلىدىغان ئىككىنچى بىر كىشىگە بەرگەن ("مۇنۇ نىمە؟ ئۇنى نىمە دەيدۇ؟ مۇنۇ نەرسىنىڭ ئېتى نىمە؟ ئۇ قانداق نەرسە؟"دىگەنگە ئوخشاش) سوئاللىرىغا جاۋاپ تەرىقىسىدە يېزىۋالغان سوزلەر بىلەن ئىبارىلەرنىڭ تىزىمى ئاساسىدا تۈزۈلگەن. سوزلەر ئۇزلىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئاساسەن (جۈملىدىن مەلۇم بىر مۇتەخەسسىسلىككە، ھايۋانلارنىڭ تۈرىگە، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، ئۆي جاھازلىرىغا، سودا-سېتىق كەسپلىرىگە، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا، رەسىم-قائىدىگە ۋە باشقا شەيئى-ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك)توپلانغان. بۇ سوزلەرنىڭ مەنىسى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى ھازىرقى زامان تۈركى تىللىرىدىكى، بولۇپمۇ، قازاق، قىرغىز، تاتار تىللىرىدىكى سوزلەرگە ناھايىتى ئوخشاش. مەسىلەن: "تېمىرشى (تومۇرچى)، دوڭگېلېك (دۈگىلەك)، تەتلى (تاتلىق)، نوقتا (نوقتا)، ئادىنا (ئاينا)، ئومىلدىرىك (ئومۇلدۇرۇك)"ۋە باشقىلار.

لۇغەتنىڭ ئۈچىنچى قاتارىدا بېرىلگەن كۇمان سوزلىرى دەسلەپكى ئىككى قاتاردىكى لاتىن ۋە پارس سوزلىرىنىڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە كەلسىمۇ، ئۇ كۇمان تىلىنىڭ ئېكسىكىلىق بايلىقىنى (1600 سوز) بىر-قەدەر ئوز ئىچىگە ئالغان.

«كودېكس كۇمانىكۇس»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ھەرقانداق تېكىستلار بېرىلگەن. قارا سوز، شېئىر شەكلىدە بېرىلگەن بۇ تېكىستلارنىڭ ئىچىدە كۇمان تىلىدىن كەلتۈرۈلگەن بىرقانچە جۈملىلەرنىڭ نېمىسچە، ئىتالىيانچە تەرجىمىسىمۇ ئورۇن ئالغان. تېكىستنىڭ ئىچىدە ئەللىكچە تېپىشماق بېرىلگەن. مەسىلەن: Ak üy, awɜï jok(ol — jumïrtka); Tap, tap, tamïzdïk, tamïp turoɪan tamïzdïk kølek asap, küyetuoɪïn tamïzdïk (ol — købelek) ۋە باشقىلار.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرىدىن كېيىنكى ئىلىم-پەن دۇنياسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان «كودېكس كۇمانىكۇس» ھازىرغىچە 5

قېتىم نەشر قىلىندى. مەسىلەن، 1882-يىلى فرانسوز ئالىمى مەشھۇر جۇڭگوشۇناس يۇ. كلاپروت «كودېكس»نىڭ لۇغەت قىسمىنى («كۇمانچە-فرانسۇزچە لۇغەت» سۈپىتىدە) نەشر قىلدى. ئۇنىڭدا ئۇ كۇمان سۆزلىرىنى ئوسمان تۈركلىرى ۋە سىبىرىيەدىكى تۈركى تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. 1880-يىلى ۋېنگىر ئالىمى گ. كيون تەرىپىدىن «كودېكس»نىڭ I ۋە II قىسمى بوداپېشت شەھىرىدە نەشر قىلىندى. ئۇ كومانچە-لاتىنچە لۇغەتكە قوشۇمچە قىلىپ «كودېكس» ماتېرىياللىرى ئاساسىدا پارسچە-لاتىنچە ۋە نېمىسچە-لاتىنچە لۇغەتلەرنى باستۇردى. بۇ نەشرىدىمۇ كۇمان سۆزلىرى باشقا تۈركى تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇلغان.

بۇلاردىن كېيىن «كودېكس كۇمانىكۇس» بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ بىرى — ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوۋ. ئۇ 1884-يىلى كۇمان تىللىرى ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، فونېتىكىسى بويىچە كىتاب يازدى؛ 1887-يىلى پېتربۇرگدا «كودېكس»نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى نەشر قىلدۇردى. 1936-يىلى دانىيە ئالىمى ك. گرېنبېك «كودېكس كۇمانىكۇس»نىڭ قوليازمىسىنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن (1942-يىلى) ئۇ مەزكۇر ئەسەر ئاساسىدا كۇمانچە-نېمىسچە لۇغەت تۈزۈپ چىققان. ھازىرقى ۋاقىتتا قازاق تىلشۇناسلىرى «كودېكس كۇمانىكۇس» يادىكارلىقى بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ئۇلار بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر قاتاردا، ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق ئىزاھلار بىلەن تەمىنلەنگەن رۇس تىلىدىكى تەرجىمىسىنى نەشرگە تەييارلاشقا قەتئىي ھەركەت قىلماقتا.

تۈركى تىللار لېكسىكوگرافىيىسى تارىخىدا "چىغاتاي تىلى" ئاساسىدا (14 — 19 ئەسىرلەر داۋامىدا) تۈزۈلگەن بىرقانچە لۇغەتلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇلارنىڭ بىرى — تالى ئىمانى ھىراتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «بەدائى ئەل لۇغەت»دۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«بەدائىي ئەل لۇغەت» («سوز ئاسلىلىرى») تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھىرات شەھىرىدە تىمور ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان ھۈسەيىننىڭ پادىشالىق قىلىپ تۇرغان زامانىدا (1438 — 1506) تۈزۈلگەن. بۇ ئاشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن چىغاتاي-پارس تىلىدىكى لۇغەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ①.

لۇغەتنىڭ مۇقەددىمىسىدە تالى ھىراتنىڭ ئاپتور ئىكەنلىگى كور- سىتىلگەن ۋە بۇ لۇغەت سۇلتان ھوسەيىننىڭ شەخسەن تاپشۇرىغى بويىچە ئەلىشىر ناۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىكى سوزلەرگە ئىزاھ بېرىپ چىقىش مەقسىدى بىلەن تۈزۈلگەنلىگى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن.

لۇغەت تۈزۈلۇش پىرىنسىپى ۋە سىستېمىسى جەھەتتىن ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى، بولۇپمۇ، "چىغاتاي تىلى" ئاساسىدا تۈزۈلگەن بارلىق لۇغەتلەرگە خاس دەستۇر ۋە خۇسۇسىيەت- لەرنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن.

مەسىلەن، لۇغەتتىكى باش سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەپ ئېلىپبە- سىنىڭ تەرتىۋى بىلەن بېرىلىپ، ئۇلار پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىن- غان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بارلىق سوزلەر شۇ ۋاقىتتىكى دەستۇر بويىچە "فەتھە"، "زەممە"، "كەسرە" بىلەن يېزىلىشىغا ئاساسەن، ئۇزئارا بىرقانچە باپلارغا بولۇنگەن؛ ھەر بىر سوزگە فونېتىكىلىق ئىزاھ بېرىلىپ، سوز تەركىۋىدىكى ھەرپلەرنىڭ (تاۋۇشلارنىڭ)

---

① «بەدائىي ئەل لۇغەت» لېنىنگرادتىكى م. ئې. سالتىكوۋشېدرىن نامىدىكى دولەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما بويىچە پروفېسسور ئا. ك. بورروۋكوۋ ئاپتورلىغىدا ئالاھىدە كىتاپ بولۇپ چىقتى. بۇ ھەقتە بىز ئاشۇ كىتاپتىن، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىدە بېرىلگەن تەپسىلىي مەلۇماتتىن پايدىلاندۇق.

قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى كورسىتىلگەن. مەسىلەن: "ئاكا" (ئاكا، ھەدە مەنىسىدە)، "ئاداش"، "ئاچۇن" (دۇنيا، ئالەم، جاھان)غا ئوخشاش سوزلەر سوزۇق تاۋۇش "ا" (ئېلىف) بىلەن يېزىلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ. «بەدائىي ئەل لۇغەت»تە ئىسىملارنىڭ ھەممىسى باش كېلىش بىرلىك ساندا بېرىلسە، پېئىللار مەستەر شەكلىدە (يەنى mak // mək شەكلىدە) بېرىلگەن. مەسىلەن: ئۇچۇق uquk (ئۇچىرىغان ۋە ئۇياتسىز، بىزەك مەنىسىدە)؛ قورقۇتماق korkutmak، يالبارماق yalbarmak (يالۋۇرماق) ۋە باشقىلار. لۇغەتتىكى سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئېچىش مەقسىدى بىلەن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە»، «چاردىۋان» ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلىرىدىن مىسال سۈپىتىدە شېئىرلار بېرىپ، ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت خۇسۇسىدىمۇ سوز قىلىدۇ.

ئاپتور لۇغەتتە كەلتۈرۈلگەن سوزلەرگە فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئىزاھ ۋە چۈشەنچە بەرگەندە، شۇ سوزلەرنىڭ رۇم ۋە ئىراقتا ياشايدىغان ئوسمان تۈركلىرى بىلەن ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىش نورمىلىرىنى نەزەردە تۇتىدۇ. مەسىلەن: "ئاتاغلىق" ئەمەس "ئاداغلىق"، "تۇپ" ئەمەس "دىب"؛ شۇنداقلا ئات — "ئاد"، تار — "دار"، تاڭ — "داڭ"، كەزمەك — "گېزمەك"، تۇمان — "دۇمان"، تىرسەك — "دىرسەك" ۋە باشقىلار.

بۇ پاكىت ئاپتورنىڭ جەنۇبىي تۈركى تىللار ۋەكىللىرىدىن ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. ئەمما ئاساسىي لېكسىكىلىق ماتېرىيال، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى (مەسىلەن، بارلىق پېئىللارنىڭ mək // mak شەكلىدە كېلىشى) ئەلىشىر ناۋايى تىلىنىڭ جەنۇبىي تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىغا ئەمەس، بەلكى ئوزبەك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىشى 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ «بەدائىي ئەل لۇغەت»كە ئوخشاش بىر تىللىق، ئىككى تىللىق لۇغەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. بۇ تىپتىكى لۇغەتلەر ئادەتتە ”چىغاتاي تىلى“دىكى شەرقىي لۇغەتلەر دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم قىسمى قولىيازما سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەل- سە، يەنە بىرمۇنچىلىرىنىڭ 2 ـ 3 قېتىمدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى كورىمىز. مەسىلەن، ئاپتورى نامەلۇم بولغان، بىرىنچى باش سۆز بىلەن ئاتىلىپ كەتكەن «ابوشقا»① ناملىق «چىغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت» دەسلەپ (1862 ـ يىلى) گ. ۋامبېرى تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن (1868 ـ يىلى) ۋ. ۋېلىيا مىنوۋ ـ زېرنوۋ تەرىپىدىن تولۇق رەۋىشتە نەشر قىلىندى. شۇنداقلا فەزلۇللاخان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «چىغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت» 1825 ـ يىلى كالكوتتا شەھە- رىدە، شەيخ سۇلايمان بۇخارىنىڭ (1880 ـ يىلى ئىستامبۇلدا چىققان) «چىغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت»ى ئىنى. كۇنوش تەرىپىدىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ②، تولۇقلانغان رەۋىشتە 1902 ـ يىلى بۇداپېشتتا نەشر قىلىندى.

بۇلاردىن تاشقىرى مىرزا مەھدىخان تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن «چىغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت» («ساڭلاھ») تىسىنكېرنىڭ ئۈچ تىللىق لۇغىتىگە③، ئۇنىڭ كېيىنكى تۈزىتىلگەن نۇسخىسى (خۇلاسەئى ئابىبا-

① «ابوشقا» چىغاتاي تىلىدا ”ئەر“ (муж, супруг) مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

② Jgnas Kunos. Sejx Sulejman Efendi's cagataj – osmanisches Wöterbuch. Verkürzte und mit deutscher Übersetzung verchene Ausgabe, Budapest, 1902.

③ J. Th. Jenker. Dictionnaire turc-arab-persen. Leipzig, 1862 — 1867.

سى) پاۋې دې كۇرتېيلىنىڭ لۇغىتىگە① ئاساس بولغانلىغى مەلۇم. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى تۈركى تىللار لېكسىكوگرافىيە-يىسىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا چوڭ ھەسسە قوشقان رۇس تۈركولوگ-لىرى لېكسىكا تارىخى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك لۇغەتلىرىنى يارىتىشتىمۇ ”چىغاتاي“ تىلىنىڭ مەزكۇر لۇغەتلىرىدىن كەڭ رەۋىشتە پايدىلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ل. بوداگوۋ② ئۆزىنىڭ «تۈرك - تاتار شىۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى»دە «ابوشقا» بىلەن فەزلۇللاخاننىڭ كالكوتتىدا چىققان لۇغىتىدىن پايدىلانسا، ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوۋ③ «تۈركى شىۋىلەرىنىڭ لۇغەت تەجرىبىسى» دېگەن مەلۇم ئەمگىكىنى يېزىشتا ئۆزىدىن بۇرۇن چىققان بارلىق ”چىغاتاي“ تىلى لۇغەتلىرىگە ئاساسلانغان؛

ئۇيغۇر تىلىغا مۇناسىۋەتلىك لېكسىكوگرافىيىلىك ئەمگەكلەردىن 1957 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن بېسىلىپ چىققان بەش تىللىق «مانجۇچە - تىبەتچە - موڭغۇلچە - ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»④نى

---

① Pavet de Courteille. Dictionnaire turc-oriental, paris, 1870.

① ل. بۇداگوۋ. «تۈرك - تاتار شىۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى». спб، I — II توم. 1869 — 1871 - يىللار (بۇ لۇغەت 1962 - يىلى فوتومېخانىكىلىق ئۇسۇل بىلەن يېڭىۋاشتىن نەشر قىلىندى).

② ۋ. ۋ. رادلوۋ. «تۈركى شىۋىلەرىنىڭ تەجرىبە لۇغىتى» спб، I — IV توم. 1888 — 1891 - يىللار.

③ لۇغەتنىڭ رەسمى ئىسمى ”清文鉴“ بولۇپ، ئۇ ئاشۇ تىپتىكى ”清文“، ”满文“ غا ئوخشاش ھەرپ تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلگەن لۇغەتلەردىن سۆزلەرنى مەنىسى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ بېرىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. لۇغەتنىڭ مۇقاۋىسىغا مانجۇ، تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» دەپ يېزىلغان. بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1957 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئاتاپ ئوتتۇشكە بولىدۇ.

بۇ لۇغەت بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ مۇزېيىدا ساقلىنىپ كەلگەن كونا قولىيازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بويىچە نەشر قىلىنغان. قولىيازما، نەشرىياتنىڭ تەھلىلى بويىچە، ”شۇەنزى“ ناملىق قەغەزگە موي قەلەم بىلەن يېزىلغان؛ ئۇ 36 قىسىم، 2563 بەتتىن ئىبارەت بولۇپ، 6 مۇقاۋىنىڭ ئىچىگە سېلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ-چوڭ ئۈچ تومغا بولۇنۇپ نەشر قىلىنغان.

بەش تىللىق لۇغەتنىڭ جىڭىياڭ سارىيىدا ساقلىنىپ كەلگەن ئىككىنچى نۇسخىسى ھازىر گۇگۇڭ مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان. لۇغەتنىڭ ئۈچىنچى نۇسخىسى ھازىرقى ۋاقىتتا لوندوندىكى بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

لۇغەتنى نەشرگە تەييارلىغان جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ (جۇملىدىن خۇاڭ مىڭشىننىڭ) پىكرىچە لۇغەتنىڭ ئاپتورى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئەمما خۇاڭ مىڭشىن مۇشۇ خىلدىكى كوپ تىللىق مانجۇچە لۇغەتلەرنى قىياس قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر بەش تىللىق لۇغەت جۇڭگودا ھوكۇم سۇرگەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن ئۈچ، توت تىللىق مانجۇچە لۇغەتلەرگە بەشىنچى تىل سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىلىنى قوشۇش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ تەخمىن قىلىدۇ. بۇنداق خۇلاسىگە كېلىشنىڭ ئىككىنچى بىر سەۋىۋى بەش تىللىق لۇغەتنىڭ سوزلۇگى بۇرۇنقى چىققان لۇغەتلەرگە، بولۇپمۇ، چەنلۇڭ خان دەۋرىدە (1771) نەشر قىلىنغان «ئىككى تىللىق مانجۇچە-خەنزۇچە لۇغەت» نىڭ سوزلۇگى بىلەن بىردەك بولۇپ كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت باشقا لۇغەتلەرگە ئوخشاش تىل ئەمەلىيىتىدىكى ئېھتىياجلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، بولۇپمۇ، خاننىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تەرجىمە قىلىش، چېگرا رايونلاردىكى خەلقلەر-

نىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە شۇ ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك ئالۋاڭ-ياساق، سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ياخشىلاش مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىدا كەلتۈرۈلگەن لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىللىقى، ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق گۇرۇپپىلارغا دەل ۋە توغرا بولۇنۇشى، ئىملا نورمىسىنىڭ ئىزچىل ئىپادىلىنىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى لۇغەت تۈزگۈچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ساۋاتلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەمدى لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن تۈزۈلۈش پىرىنسىپلىرى ھەققىدە بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتەيلى.

ھەر بىر بەتتىكى لۇغەتلىك سۆزلەم ئۇزۇنىسىغا تۆت قاتاردىن تىكىگە سەككىز قاتاردىن يېزىلغان ۋە ئۇلار سولدىن-ئوڭغا، يۇقۇرىدىن-تۆۋەنگە قاراپ ئوقۇلىدۇ. بىرىنچى تىك رەتتە موڭغۇللاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرگەن مانجۇ يېزىقىدا مانجۇ سۆزلىرى بېرىلگەن؛ ئىككىنچى رەتتە تىبەت يېزىقىدا بېرىلگەن تىبەت سۆزلىرى؛ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەتلەردە مەزكۇر تىبەت سۆزلىرىنىڭ بوغۇملۇق ۋە تاۋۇشلۇق ترانسكرىپسىيىسى بېرىلگەن؛ بەشىنچى رەتتە ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان موڭغۇل يېزىقىدا موڭغۇل سۆزلىرى بېرىلگەن؛ ئالتىنچى رەتتە ئەرەب يېزىقىدا بېرىلگەن ئۇيغۇر سۆزلىرى؛ يەتتىنچى رەتتە ئۇيغۇر سۆزلىرىنىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىسى بېرىلگەن؛ سەككىزىنچى رەتتە ئىېروگلىف بىلەن يېزىلغان خەنزۇ سۆزلىرى بېرىلگەن.

بەش تىللىق لۇغەتتىكى لېكسىكىلىق ماتېرىياللار بىر-بىرىنىڭ ئۆز ئارا تەرجىمىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى مۇۋاپىق تىلنىڭ 18-ئەسىردىكى لېكسىكا ساھەسىدىكى تەرەققى قىلىش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكىس ئەتتۈرۈشتە بىردىن-بىر ئىشەنچلىك مەنبە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇ جۈملىدىن 18 مىڭ سۆز ۋە ئىبارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ماتېرىيالدۇر.

بەش تىللىق لۇغەتنىڭ بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «بەدائى ئەل لۇغەت» ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى، ئۈچ تىللىق لۇغەتلەردىن يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ لۇغەتتىكى سۆز ۋە ئىبارىلەر ئايرىم ئۇقۇم-چۈشەنچىلەرنىڭ ياكى مەلۇم بىر شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەتراپىدا توپلانغان بولۇپ، ئېھتىياجلىق سۆزلەرنى چاپسان تېپىۋېلىشنىڭ "ئاچقۇچ"ى سۈپىتىدە 52 بولۇم، 276 قىسىم ۋە 522 باپنىڭ مۇندەرىجىسى بېرىلگەن. مەسىلەن، «ياساقنىڭ سەرجەمئى» ناملىق بولۇمنى ئالايلى. بۇ بولۇم مەمۇرىيەت ساھەسىدىكى ھەر تۈرلۈك ئاتالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان 13 قىسىمدىن ئىبارەت: 1. "ياساقنىڭ قىسمى" (مەمۇرى قىسىم)؛ 2. "ساقلايدۇرغان، مارايدۇرغان قىسمى" (كۈزەتچىلىك، ساقچىلىق ۋە مارايدىغان قىسمى)؛ 3. ئىش كۈچىنىڭ قىسمى" (خىزمەت بېجىرىش قىسمى)؛ 4. "ئۇشاق مۇشەققەتنىڭ قىسمى" (ئۇششاق-چۈشەك ئىشلار قىسمى)؛ 5. "ئىش قىلادۇرغان قىسمى"؛ 6. "ئالبان ئىبەرگەن قىسمى" (ئالۋاڭ-ياساق ئىشلىرى)؛ 7. "نوبەتلەيدۇرغان، يۈرەدۇرغان قىسمى" (نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان قىسمى)؛ 8. "ئۇرۇشۇپ تالاشادۇرغان قىسمى" (ئۇرۇش-تالاش قىسمى)؛ 9. "دەۋا قىلىپ قىستايدۇرغان قىسمى" (شىكايەت، سوت ئىشلىرى)؛ 10. "قىيىن قىستاقنىڭ قىسمى" (جىنايىتى ئۈچۈن جازا بېرىش)؛ 11. ئۇرادۇرغان سوقادۇرغان قىسمى" (ئۇرۇپ-سوقۇپ تەرگو قىلىش)؛ 12. ئەيۇ قىلىپ كەچۈرەدۇرغان قىسمى" (كەچۈرۈم بېرىش)؛ 13. سىيلاپ نەسھەت قىلادۇرغان قىسمى".

بۇ خىلدىكى ھەر بىر قىسىم بىرنەچچە باپتىن، ھەر بىر باپ بىرنەچچە سۆزدىن تەركىپ تېپىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ئاسماننىڭ قىسمى"، يەنى ئاسترونومىيە قىسمىنى ئالساق، ئۇ تۆۋەندىكى يەتتە باپتىن ۋە ھەر بىر باپ مەنە دائىرىسىگە قاراپ، بىرنەچچە سۆز ۋە ئىبارىلەردىن تەركىپ تاپقان: **1-باپ:** "ئاسمان"، "كۆك ئاسمان"، "سۈزۈك ئاسمان"، "قاراڭغۇ-ماراڭغۇ"، "گۈگۈم"، "سامانچى يولى"، "شولا"، "سايە"، "كۈن ئورلىدى"، "چىڭ چۈش"، "كۈن قوتانلىدى" ۋە باشقىلار. **2-باپ:** "يۇلدۇز"، "خەربىن يۇلدۇز"، "يورۇق يۇلدۇز"، "يەتتە يۇلدۇز"، "توپراق يۇلدۇز"، "چولپان"، "سەندۇ يۇلدۇز"، "ئاق يۇلدۇز" "ئاي يولداش يۇلدۇز" ۋە باشقىلار. **3-باپ:** "كالا يۇلدۇز"، "كىشى يۇلدۇز"، روشەن يۇلدۇز" ۋە باشقىلار. **4-باپ:** "بۇلۇت"، "شەپەق"، "بۇلۇت ئۇلاشمادى"، "تۇمان"، "تۇمانلادى"، "چېقىلغان" ۋە باشقىلار. **5-باپ:** "يامغۇر"، "تابلىق يامغۇر"، "تامچى"، "سىر كىرەپ ياغادۇ"، "تۇتۇق كۈن"، "قوش قوزا چىقتى" ۋە باشقىلار. **6-باپ:** "ئاق شەبنەم"، "قىراۋ"، "قار"، "لىپ لىپ قار" ۋە باشقىلار. **7-باپ:** "مانان"، "قۇيۇن"، "شامال قوپتى"، "سۇرۇن شامال"، پەس شامال"، "بوران" "قارا بوران" ۋە باشقىلار.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» باشتىن-ئاياق مانا مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە تۈزۈلگەن. سۆزلەرگە فونېتىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئىزاھ بېرىلمىگەن. ئەمما لۇغەتتىكى باي لېكسىكىلىق ماتېرىيال پەقەت ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى بىلەن ئېتنوگرافلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك تارىخىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ①.

---

① بۇ ھەقتە مۇنۇ ماقالىغا قاراڭ: ئا. ت. قايداروۋ. «كەم ئۇچرايدىغان لېكسىكوگرافىيىلىك ئەمگەك». «قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خەۋىرى» 2-سان. 1960-يىل. 109—111-بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئېيتقانلىرىمىزدىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، تۈركى تىللارمۇ باشقا تەرەققىي قىلغان ھىندۇ ياۋروپا تىللىرىغا ئوخشاش چوڭ لېكسى-كوگرافىيىلىك دەستۇرگە ئىگە. بۇ دەستۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ياراتقان «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئاساس سالغۇچى ئەمگەك بىلەن باشلىنىپ، ئەسىردىن-ئەسىرگە داۋام قىلىش جەريا-نىدا تۈركى تىللارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇنلىغان چوڭ-چوڭ لۇغەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

## 42. لۇغەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

لېكسىكوگرافىيە ئۆزىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدىكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن بېيىش بىلەن بىر قاتاردا شەكلى جەھەتتىنمۇ دائىم مۇكەممەللىشىپ، بولۇنۇشكە ئۇچراپ كەلدى؛ شۇنىڭ نەتىجىسىدە لۇغەتنىڭ ھەرقانداق تۈرلىرى (تىپلى-رى) مەيدانغا كەلدى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا قويغان مەقسەت ۋە پىرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق لېكسىكىلىق بايلىقنى مەلۇم نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ھازىرقى ۋاقىتتا سوۋېت تىلشۇناسلىقىنىڭ لېكسىكوگرافىيە ساھەسى، بولۇپمۇ، لۇغەتچىلىك ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مەدىنىي تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن تەلەپلىرىگە بىنائەن لۇغەتنىڭ خىلمۇ-خىل تۈرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە.

تىل ئەمەلىيىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بارلىق لۇغەتلەرنى مەزمۇنى ۋە تۈزۈلۈش پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ئېنسىكلوپېدىيىلىك ۋە فىلولوگىيى-لىك (تىلشۇناسلىق) لۇغەتلەر دەپ، چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈپ قاراشقا

بولىدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەرمۇ، فىلولوگىيىلىك لۇغەتلەرمۇ ھەر بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. ئەمما ئۇلار شۇ سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈشتە، ئۇلارغا ئىزاھ بېرىشتە ئىككى تۈرلۈك نوقتىئىنەزەردىن قارىشىغا ۋە ئىككى تۈرلۈك پىرىنسىپقا ئاساسلىنىشىغا قاراپ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەردە بارلىقتىكى كونكرېت شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ، يەر-سۇ ئاتالغۇلىرىنىڭ، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى مەخسۇس ئاتالغۇلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەزمۇنى، ئەھمىيىتى، كېلىپ چىقىش تارىخى ھەر تەرەپلىمە بايان قىلىنىدۇ، ئۇلار ھەققىدە تولۇق ئىلمىي مەلۇمات بېرىلىدۇ. فىلولوگىيىلىك لۇغەتلەر بولسا، ئۇلاردا پەقەت سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ تىلدىكى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل مەنىلىرى ۋە مەنە پەرقلىرى، بەزىدە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، دىئالېكتلىق خۇسۇسىيەتلىرى، ئىملا نورمىلىرى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئېتىلىدۇ. دېمەك، ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تېمىسى جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ ۋە خىلمۇخىل بولۇپ كېلىشىگە قاراپ فىلولوگىيىلىك لۇغەتلەردىن پەرقلىنىدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر ماتېرىيالىنىڭ ھەجمىگە، بېرىلىدىغان ئىلمىي ئىزاھىنىڭ تولۇق ياكى قىسقا بولۇشىغا، مەلۇم بىر ئىلىم-پەن ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ كېلىشىگە قاراپ ھەر تۈرلۈك سۈپەتكە ۋە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىزنىڭ ئېلىمىزدە چىققان ۋە چىقىۋاتقان ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەردىن بىر قاتارىنى ئاتاپ كېتىشكە بولىدۇ: «چوڭ سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «سوۋېت تارىخ ئېنسىكلوپېدىيىسى» (12 توم)، «پەلسەپە ئېنسىكلوپېدىيىسى» (4 توم)، «فىزىكا ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت» (4 توم)، «خىمىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېنسىكلوپېدىيىسى» (4 توم)، «قىسقىچە جۇغراپىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» (4 توم)، «پېداگوگىكا ئېنسىكلوپېدىيىسى» (3 توم)، «قىسقىچە ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيىسى» (6 توم)، «ئېنسىكلوپېدىيىلىك كىنو لۇغىتى»، «چوڭ مېدىتسىنا ئېنسىكلوپېدىيىسى» (35 توم) ۋە باشقىلار. ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم، شائىر-يازغۇچى ۋە سىياسى-مائارىپ ئەربابلىرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان مەخسۇس تەرجىمىھاللىق لۇغەتلەرنىمۇ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر مانا مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ لېكسىكوگرافىيىنىڭ بىۋاستە تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولالمايدۇ.

لېكسىكوگرافىيىنىڭ ئاساسى ئوبيېكتى — ئۇ فىلولوگىيىلىك، يەنى تىلشۇناسلىق لۇغەتلىرىدۇر. ئۇلار قايسى ۋە قانچە تىلنىڭ لېكسىكىلىق ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈزۈلۈشكە ئالاقىدار "بىر تىللىق"، "ئىككى تىللىق" ۋە "كۆپ تىللىق" لۇغەتلەر بولۇپ، شۇنداقلا تۈزۈلۈش پرىنسىپىدىكى ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىگە، مەزمۇن ۋە مەقسەتلىرىگە بىنائەن: ئەدەبىي تىل لۇغىتى، دىئالېكتولوگىيىلىك ۋە فرازېئولوگىيىلىك، تارىخىي ۋە ئېتىمولوگىيىلىك، مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى ۋە ئىملا لۇغىتى، ئىزاھلىق لۇغەت ۋە چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى، ئايرىم شائىر-يازغۇچىلار ۋە كلاسسىكلىق ئەدەبىي سۆزلەر لۇغىتى بولۇپ بىرنەچچە تۈرگە ۋە تىپقا بولۇنۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

## A. بىر تىللىق لۇغەتلەر

لۇغەتلەرنىڭ بۇ تۈرىگە بىرلا تىلنىڭ سۆز بايلىقى ئاساسىدا

تۈزۈلگەن ئىزاھلىق ۋە ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەر، چەت تىل سوزلىرىنىڭ لۇغىتى، ئىملا لۇغەتلىرى، مەنىداش سوزلەر لۇغىتى ۋە فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەر، دىئالېكتولوگىيىلىك ۋە باشقا لۇغەتلەر كىرىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتلەر. ئىزاھلىق لۇغەتلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئانا تىلىدىكى سوزلەرنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىرنەچچە تۈرگە بولۇنىدۇ. مەسىلەن، تولۇق ئىزاھلىق لۇغەتلەر تىلنىڭ پۈتۈنلەي لېكسىكىلىق بايلىقىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە قاراپ "Thesaurs" ("سوز غەزنىسى") دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدەك ئىزاھلىق لۇغەتلەرنىڭ قاتارىغا، مەسىلەن، ۋ. دالنىڭ 4 توملۇق «جانلىق ۋېلىكورۇس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى پەقەت ئەدەبىي تىلنىڭلا سوز بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇنىڭغا د. ن. ئۇشاكوۋ تەھرىرلىگەندىكى «رۇس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، س. ئى. ئوژېگوۋنىڭ «رۇس تىلى لۇغىتى»، شۇنىداقلا تۈركى سىستېمىدىكى تىللار بويىچە دەسلەپ تۈزۈلگەن ئىككى توملۇق «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى①» ۋە باشقىلار مىسال بولالايدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتلەرنىڭ ئايرىم قىسمى مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان مەشھۇر شائىر-يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنىڭ تىل بايلىقى ئاساسىدىمۇ تۈزۈلۈپ، ئۇلار، مەسىلەن، «پۇشكىن تىلىنىڭ لۇغىتى»، «ئاباي تىلىنىڭ لۇغىتى»

---

① «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1-توم ئا-ك، 1959-يىل، 2-توم ك-يا، 1961-يىل. ئالمۇتا (مەسئۇل مۇھەررىرى ك. كېڭېسبايېۋ).

دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتلەردە باش سوزلەر ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان بارلىق مەنىسىگە ئىككىنچى بىر سوز ياكى سىنونىم ئارقىلىق ئىزاھ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە "قۇ" دېگەن سوزنىڭ توت تۇرلۇك مەنىسىگە توۋەندىكىدەك ئىزاھ بېرىلگەن①.

"قۇ I" — بويى ئېگىز، بوينى ئەگىر، سۇدا ياشايدىغان يوغان قۇش؛

"قۇ II" — ھىلىگەر، ئالدامچى، زالىم؛

"قۇ III" — قۇرۇق؛ ئازغىن، جۇدەك؛

"قۇ IV" — چاقماق چېقىپ ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۇچۇن لازىم بولغان نەرسە، تۇترۇق، قو.

بۇ سوزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ۋە باشقا مەنە پەرقلىرىنى تەستىقلاش مەقسىدىدە ھازىرقى زامان قازاق تىلىدىكى گوزەل ئەدەبىياتتىن ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن بىرنەچچە مىساللار كەلتۇرۇلگەن.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەر. سوزلەرنىڭ دەسلەپكى مەنىلىرىنى، گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئېنىقلاش، ئۇلارنى ئەكسىگە كەلتۇرۇش ئېتىمولوگىيە پېنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھىساپلانسا، ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەردە ئېتىمولوگىيىسى ئۇزۇل-كېسىل ياكى تەخمىنى رەۋىشتە ئېنىقلانغان بەزى سوزلەر جەملىنىدۇ. دېمەك، ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەردە تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئايرىم قىسمىلا ئەكس ئېتىلىدۇ.

---

① ئاشۇ لۇغەتنىڭ 77 ـ بېتىگە قاراڭ.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈش تىل ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى تەس، ئۇ كۆپ ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتكە كىرگەن سۆزلەرنىڭ ھەر بىرى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى، تارىخى ئېنىق بولۇشى، تىلشۇناسلىق جەھەتتىن توغرا تەبىر بېرىلگەن بولۇشى شەرت. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ئېتىمولوگىيە غەزنىسىدىكى بارلىق (لېكسىكا ـ سېمانتىكىلىق، فونېتىكا ـ مورفولوگىيىلىك) ئۇسۇللارغا ھەم تارىخىي ـ ئېتنوگرافىيىلىك پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىشى ۋە ئۇلاردىن ئۇڭۇشلۇق پايدىلىنىشى لازىم. شەكىل ۋە مەنىلىرى سۇسلاشقان، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ھازىرقى ۋاقىتتا لۇغەت تەركىبىنىڭ پاسسىپ زاپىسىغا ئايلانغان ۋە باشقا شۇ خىلدىكى "جانسىز" سۆزلەرگە ئېتىمولوگىيىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئانا تىلى پاكىتلىرى بىلەن بىر قاتاردا بىر سىستېمىدىكى قېرىنداش تىللارنىڭ، ھەتتا سۆز قوبۇل قىلىنغان چەت تىللارنىڭمۇ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى، تىل پاكىتلىرىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم.

مانا شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈش تىلشۇناسلىق ئىلمىدە ئارقىدا قالغان ساھەلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ دەسلەپ كېلىپ چىققان ۋەتىنى گرېتسىيە (جۇملىدىن گرېك ستوئىكلىرى ــ قەدىمقى گرېتسىيە ۋە رىمدا راتسىئونالىلىق پەلسەپە تەلىماتىنىڭ تەرەپدارلىرى) بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساستا تەرەققىي قىلىشى 18 ـ ئەسىردە، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، دەسلەپكى ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمما ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈش بارلىق تىللاردا بىردەك ئەۋج ئالمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ساھەدە ياۋروپا

تىلشۇناسلىرىنىڭ بىر قاتار ئەمگەكلىرى كوزگە چېلىقىدۇ①. رۇس تىلى بويىچە ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەر تۈزۈش ئىشى بىلەن ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى، مەسىلەن، ن. ۋ. گورياييۋ، ئا. گ. پرېئوبراژېنسكى، ف. شىمكېۋىچ، ف. رېيفلار، سوۋېت دەۋرىدە ن. م. شانسكى، ۋ. ۋ. ئىۋانوۋ، ت. ۋ. شانسكايالار② شۇغۇللىنىپ كەلدى. تۈركى تىللار بويىچە چىققان مەخسۇس ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەر تېخى يوق③.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەر كۆپىنچە تىلنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا تايىنىش ياكى بىرنەچچە تىل ماتېرىياللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ئۇلار «تارىخىي ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت» ياكى «سېلىشتۇرما ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت»لەرگە بولۇنۇشىمۇ مۇمكىن. شۇلارنىڭ بىرىنچىسىگە، مەسىلەن، ۋ. ئى. ئابايېۋنىڭ «ئوسېتىن تىلىنىڭ تارىخىي ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» ناملىق ئەمگىكىنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ④.

---

① ن. كاراشېۋا. «ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت تۈزۈشتە چەتئەل تىلشۇناسلىقىنىڭ تەجرىبىلىرى» توپلام. «قازاق تىلى تارىخى ۋە دىئالېكتولوگىيىسىنىڭ مەسىلىلىرى» 4 ـ نەشرى. ئالمۇتا. 1962 ـ يىل. 142 ــ 156 ـ بەتلەر.

② ن. م. شانسكى، ۋ. ۋ. ئىۋانوۋ، ت. ۋ. شانسكايا. «رۇس تىلىنىڭ قىسقىچە ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» موسكۋا. 1961 ـ يىل.

③ تۈركى تىللارنىڭ سېلىشتۇرما ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتىنى تۈزۈش ئىشى س س س ر تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى تۈركى تىللار سېكتورىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى تەرىپىدىن 1961 ـ يىلدىن باشلاپ قولغا ئېلىنىندى.

④ بۇ لۇغەتنىڭ بىرىنچى تومى 1958 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنىدى (ئەسلى ئىزاھى رۇس تىلىدا).

چەت تىل سوزلىرىنىڭ لۇغىتى. كوپ تارقالغان ۋە مەلۇم ئىلمىي دەستۇرگە ئىگە بىر تىللىق لۇغەتلەرنىڭ قاتارىغا چەت تىل سوزلىرىدىنىڭ لۇغەتلىرى كىرىدۇ.

چەت تىل سوزلىرىنىڭ لۇغىتىنى تۇزۇشتە تىلنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجلىرى بىلەن نەزىرىيىلىك مەسىلىلىرى ماسلىشىپ كېلىدۇ. چۇنكى ئۇ، بىرىنچىدىن، تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلىشىپ، ئۆز سوزىمىزدەك بولۇپ كەتكەن چەتئەل سوزلىرى بىلەن تار ئىلمىي دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى چۇشەندۇرۇش مەقسىدىنى ئالدىغا قويسا، ئىككىنچىدىن، شۇ سوزلەرنىڭ قايسى تىلدىن كىرگەنلىكىنى ۋە قانداق سوز ياكى شەكىللەردىن تۇزۇلگەنلىكىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى ئوتەيدۇ. بۇ مەسىلە، ئەلۋەتتە، تىلنىڭ نەزىرىيىسىگە، بولۇپمۇ، ئېتىمولوگىيىسىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

چەت تىل سوزلىرىنىڭ لۇغىتىگە كىرگەن سوزلەر ئادەتتە ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ قايسى تىلغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى، شۇ تىلدىكى ئىپادىلەيدىغان مەنىسى ۋە دەسلەپكى شەكلى (تەركىۋى قىسىملىرى، سوز تومۇرى ۋە سوز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە، قوشۇمچە، ئوتتۇرا قوشۇمچە) كورسىتىلىدۇ. مەسىلەن، بىرىنەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان رۇس تىلىدىكى چەت تىل سوزلىرىنىڭ لۇغىتىدىن① ئىككى-ئۇچ مىسال كەلتۇرەيلى:

KOHCEPBATOPИЯ [ит·conserva—مەكتۇۋى ئالىي مۇزىكا torio] KOCMOHABTNKA [rp·kosmos] كائىنات+nautike [دېڭىزدە ئۇزۇش — سەييارىلار ئارا ئۇچۇش ھەققىدىكى پەن.

① «چەتئەل سوزلىرى لۇغىتى» ئى. ۋ. لېخىن ۋە پروفېسسور پېترووۋ تەھرىرلىگىدە. تۇزىتىلگەن ۋە تولۇقلانغان توتىنچى نەشرى. موسكۋا، 1954 - يىل.

www.uyghurkitap.com

КАЛАМ [ар. qalam<гр. kalamos قۇمۇچ] — شەرقتە خەت يېزىش ئۈچۈن قەلەم ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان قۇمۇچ تاياقچە.

АРГАМАК [тюрк.] — شەرقتە مىنىش ئاتلىرىنىڭ يۈگرۈك ۋە چىداملىق خىلى.

ئىملا لۇغەتلىرى. ئىملا لۇغەتلىرى كونكرېت تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ؛ ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە رەتلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئىملا قائىدىلىرى بويىچە بىر خىل توغرا يېزىلىش نورمىلىرىنى بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىملا لۇغەتلىرى ھەر بىر تىلنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە ۋە يېزىقىغا (ھەرپ شەكىللىرىگە) ئاساسلىنىپ، ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىنىڭ يېزىق ساۋادىنى، ئومۇمەن تىل مەدەنىيىتىنى كۆتىرىش يولىدىكى ئەھمىيەتلىك چارە-تەدبىرلەردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

شۇڭلاشقا مىللىي يېزىقا ئىگە بولغان ھەر بىر تىل ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى قەدەمى دەسلەپكى سۈپىتىدە ئىملا قائىدىلىرى بىلەن ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈشنى كۈن تەرتىۋىگە قويىدۇ.

ئىملا لۇغەتلىرىدە ھەر بىر سۆزنىڭ يېزىق نورمىسى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىش ھالىتىدىكى ھەر-قانداق شەكىللىرى ئېنىق ئەكس ئېتىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە قوشۇمچە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ تىزىمىدا يېزىلىشى قىيىنچىلىق كەلتۈرىدىغان قىسمەن سۆزلەر تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئىزاھلانغان①: "ئەۋلات،

① «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى». 80-بەت. تۈزگۈچى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى غ. سەدۋاقاسوۋ. ئالمۇتا. 1961-يىل. قازاقستان دۆلەتلىك پېداگوگىكا نەشرىياتى.

(ئەۋلادى)؛ ئەيىنە (ئەنە ئەمەس)؛ ئەسقاتىماق (ئەسقېتىش)، بلانك (بلانكىغا، بلانكىسى)؛ بېسۋالدى (قوغۇن)؛ گۆزۈچ (گۆرۈ-چىنى، گۆرۈشچى)؛ گىمىن (گىمىنغا، گىمىنى)؛ گرامم (گراممغا، گراممۇ)؛ گوھەر (گەۋھەر ئەمەس)؛ گۇنا (گۇنايىم، گۇنايىڭ، گۇنايى)؛ غورۇ (مال غورۇسى)؛ جەمى (جەمىسى)؛ يايىل (يايىلى)" ۋە باشقىلار.

بۇ تەقلىتنىكى ئىزاھلار سوزلەرنى خاتا يېزىشنى ساقلاندۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق يېزىق مەدەنىيىتىنى كوتىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بەزى لۇغەتلەردە، خۇسۇسەن ئۇرغۇ سوز مەنىسىنى ئېنىقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان تىللاردا، ھەر بىر سوزگە ياكى ئېھتىياجلىق سوزلەرگە ئۇرغۇ بەلگىسى قويۇلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى تۈركى تىللار ئىملا لۇغىتىدىمۇ كورۇشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆزبەك تىلى ئىملا لۇغىتىدە ئۇرغۇ پەقەت تەلەپپۇز قىلىنىشى ئېنىق بولمىغان بەزى رۇس سوزلىرىگىلا قويۇلغانلىغىنى كورىمىز①.

مەسىلەن: аммо́ний, ана́рхия, ано́д, кефи́р, ма́монт, ма́сса, масси́в, ма́трица, матро́с

ۋە باشقىلار.

شۇنى ئەسكەرتىپ كېتىش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ ھەممىسى رەسمىي قوبۇل قىلىنغان ئىملا قائىدىسىنىڭ ئاساسىدا، يەنى ئۇنىڭ فونېتىكا-مورفولوگىيىلىك پرىنسىپى بويىچىلا يېزىلىشى شەرت ئەمەس. لېكىن تەركىۋىدىكى بىر قاتار سوزلەر ئۆزىنىڭ تىلدىكى قېلىپلاشقان شەكلىنى ساقلاپ يېزىشنى، يەنى دىففېرېنسىئال ياكى تارىخىي-دەستۇرىي پرىنسىپلار ئاساسىدا يېزىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: "بۇگۇن (بۇل كۈن)،

---

① س. ئىبراھىموۋ ۋە م. رەخمانوۋ. «ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى». تاشكەنت. 1956 - يىل.

www.uyghurkitap.com

كورۈك (كوپرۈك)، بىلەيزۈك (بىلەك ئۈزۈك)، ئېمىشكە (ئىشمە ئىشقا)، تاغاق (تارغاق)" ۋە باشقىلار.

تىلىمىزدىكى ھەر تۈرلۈك مورفولوگىيىلىك شەكىللەرگە ئىگە، لېكىن مەنىسى يېقىن ئىككىنچى نۇسخا سۆزلەرنى رەتلەش، مەلۇم بىر نورمىغا سېلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئىملا لۇغەتلىرى ئادا قىلالىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىككىنچى نۇسخا سۆزلەر بىرلا مەنىنى ئىپادە قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان ۋە گىراماتىكىلىق نورمىغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرى كۆرسىتىلىپ، باشقا ۋارىيانتلىرى ئېتىۋارغا ئېلىنماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئاۋارىچىلىق (ئاۋارىگەرچىلىك ئەمەس)، ئەگەر (مىنگەر، گەر ئەمەس)، ئەكسىنچە (ئەكسىنچە ئەمەس)، باغۋەن (باغۋەتچى ئەمەس)، بانە (باھانە ئەمەس)، يالاڭئاچ (يالىڭاچ ئەمەس)، شەلدەم (شەبنەم ئەمەس)، چومۇلماق (چومۇلمەك ئەمەس)، ئۇيالماق (ئۇياتماق ئەمەس)، ئوخاتماق (ئويغاتماق، ئۇخاتماق ئەمەس)" ۋە باشقىلار. ئەمما بەزى ئىككىنچى نۇسخا سۆزلەر تىلدىكى مەنە ـ ئىستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ قاتار ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىملا لۇغىتىدە ئەكس ئېتىلىدۇ: "سوغ ــ سوغاق، يالۋۇرماق ــ يېلىنماق، ئەتە ــ ئەتىلىككە، بايا ــ ئەبايا، ھېمىشە ــ ھېمىشەم، بىنوموس ــ نومۇسسىز، بىھوش ــ ھوشسىز، داۋۇز ــ دەرۋازا، جوشقىماق ــ جوش ئۇرماق، يېنىك ــ يېگىل، كالتە ــ كالتەك، قويۇن ــ قويۇنتاز، كەچ ــ كېچە، قورقاق ـ قورقانچاق، مەنتاڭ ـ تاكەن، مىنىگدىن ــ مەندىن" ۋە باشقىلار.

ئىملا لۇغەتلىرى لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنىڭ ھەجمىگە قاراپ

تولۇق① ۋە قىسقىچە لۇغەتلەرگە بولۇنىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇنمۇ ئالاھىدە چىقىرىلىشى مۇمكىن.

مەنىداش سوزلەر لۇغەتلىرى. بىر تىللىق لۇغەتلەرنىڭ يەنە بىر تۇرى — مەنىداش سوزلەر لۇغىتى. مەنىداش سوزلەر لۇغىتى لۇغەت تەركىۋىدىكى مەنىداش سوزلەرنىڭ ئاساسىدا تۇزۇلۇپ، تىلنىڭ لىكسىكا-سىمانتىكىلىق بايلىغىنى، ئۇسلۇبى مۇمكىنچىلىگىنى كورسىتىش مەقسىدىنى كوزدە تۇتىدۇ.

مەنىداش سوزلەر لۇغەتلىرىدىكى مەنىداش سوزلەر مەلۇم سىمانتىكىلىق ئۇگىلارغا توپلانغان ھالدا ئاساسىي سوزلەرنىڭ ئىلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلىدۇ.

ئەگەر لۇغەتلەرنىڭ باشقا تۇرلىرىدە باش سوز سۇپىتىدە بىرلا سوز (ياكى سوز بىرىكمىلىرى) بېرىلىدىغان بولسا، مەنىداش سوزلەر لۇغەتلىرىدە ئۇ بىرنەچچە (ئىككىدىن ئون-ئون بەشكىچە) مەنىداش سوزلەردىن تەشكىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، قازاق تىلى بويىچە تۇزۇلگەن مەنىداش سوزلەر لۇغىتىدىن② مىسال كەلتۇرەيلى:

**ابايلاۋ**، بايىقاۋ، بايىپتاۋ، پارىقتاۋ، اڭداۋ، اڭغارۋ.

**بالا**، پەرزەنت، ئىبايى، نارەستە، بوبەك، بوپە، ۋلان، شيكى وكيە.

**ٴبىر**، جالغىز، سىڭار، جالقى.

**جالغاسۋ**، ۋلاسۋ، ۋشتاسۋ، شەكتەسۋ، استاسۋ ۋە باشقىلار.

مەنىداش سوزلەر لۇغەتلىرىمۇ تىل ئەمەلىيىتىدە چوڭ ئەھمىيەتكە

---

① ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تولۇق ئىملا لۇغىتى ئە. ئەلىيېۋ ۋە غ. سەدۋاقاسوۋ يولداشلار تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، نەشىرگە بېرىلدى.

② ئە. بولغانبايېۋ. «قازاق تىلىدىكى مەنىداش سوزلەر لۇغىتى» ئالمۇتا. قازاقستان دولەتلىك مائارىپ نەشرىياتى. 1962 - يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگە. ئۇلار ئوقۇغۇچى، ياش يازغۇچى، شائىر ۋە مەتبۇئات خادىملىرى ئۈچۈن كېرەكلىك قوللانما بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر لۇغەتلىرى ئادەتتە ئەدەبىي تىلنىڭ لېكسىكىلىق نورمىسىغا ئاساسلىنىدۇ. ئەمما ئۇ تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئۇسلۇبىي تەلەپلىرىگە قاراپ، بەزىدە تىلنىڭ شىۋىلىك پەرقلىرىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئايرىم شىۋىلەردە ئىپادىلەيدىغان مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئۆزىدە ئەكس ئېتىشى مۇمكىن.

<u>فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەر.</u> فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەر تىلدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، بولۇپمۇ ئىدىئوم ۋە باشقا فرازىلىق ئىبارىلەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ.

مەلۇمكى، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ ئېيتماقچى بولغان پىكرىنى تەسۋىرلىك، ئوبرازلىق رەۋىشتە دەل ۋە روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن دائىم لۇغەت تەركىۋىدىكى فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلاردىن مۇمكىن قەدەر تولۇق ۋە ئۇتۇقلۇق پايدىلىنىش ھەركىمنىڭ تىلنى مۇكەممەل بىلىشىگە، سۆز مەدەنىيىتىگە، بىلىم ۋە ئاڭ-سەۋىيىسىگە باغلىق بولىدۇ.

ئەمما تىلدىكى فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىلەرنىڭ بايلىقى، خىلمۇ-خىللىقى بۇ مۇمكىنچىلىكتىن ھەممىنىڭ بىردەك مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىشىغا يار بەرمەسلىكى، پايدىلانغان ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق ۋە توغرا ئىشلىتىلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال تىلشۇناسلاردىن فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشتىكى ئىككىنچى مەقسەت، بىر تىلدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئىككىنچى تىلغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى بىر تىلدىكى ماقال ۋە تەمسىللەرنى، ھەر خىل ئىدىئوملۇق ئىبارىلەرنى ئىككىنچى تىلغا سۆزمۇ-سۆز تەرجىمە

قىلىشقا بولىۋەرمەيدۇ. بىز ئۇلارنى پەقەت تەڭداش مەنىلىك ئىبارىلەر ئارقىلىق، يەنى مۇۋاپىق ماقال ۋە تەمسىل، ئىدىئوملىق ئىبارىلەر ئارقىلىق تەرجىمە قىلالايمىز.

مانا شۇ مەقسەتلەرگە بىنائەن بىر تىللىق، بەزىدە ئىككى تىللىق① فرازېئولوگىيىلىك ۋە ئىدىئوملىق لۇغەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ. فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە تۈركى تىللار تېخى چوڭ ئىلمىي دەستۇرگە ئىگە ئەمەس. بەزىبىر تىللار بويىچە تۈزۈلگەن ۋە تۈزۈلۈۋاتقان فرازېئولوگىيىلىك ۋە ئىدىئوملىق لۇغەتلەر پىرىنسىپ جەھەتتىن رۇس ۋە ياۋروپا تىللىرىدىكى ئايرىم ئەمگەكلەرگە ئوخشاش. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە ھەر تۈرلۈك فرازېئولوگىزىملار، ئىدىئوملار باش سوز سۇپىتىدە ئېلىپبە تەرتىۋى بىلەن بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى ئىزاھلىنىدۇ:

**قارا باستۇرۇۋالماق** — قوساقنى توقلىماق، غىزا يەۋالماق.

**قاپىقىدىن قار ياغماق** — قاپىقىنى ئۈشۈرماق؛ بىر نەرسىگە ئاچچىق قىلىپ قاپىقىنى تۈرمەك.

**يېپىدىن يىڭنىسىگىچە قارىماق** — بىر نەرسىنى سىنچىلاپ، زىر-زەۋىرىگىچە قاراپ چىقماق.

**يىتىشىنى يىتماق** (قاراڭ: ياقىسىنى يىتماق).

**ياقىسىنى يىتماق** پايپىتەك بولماق؛ ياخشى كورۈنمەك، يالاقچىلىق قىلماق.

بەزى فرازېئولوگىيىلىك لۇغەتلەردە بۇ تەقلىتىكى ئىدىئوملىق ئىبارىلەرنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، گۈزەل ئەدەبىياتتىن ۋە دائىملىق مەتبۇئاتتىن ئېلىنغان كونكرېت

---

① ن. ب. بۇرھانوۋا، ل. ت. مەھمۇتوۋا. «رۇسچە-تاتارچە فرازېئولوگىيىلىك سوزلۇك» قازان. 1959-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىساللار ئارقىلىق تەستىقلىنىدۇ. مىساللارنىڭ ئېلىنغان مەنبەلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

لازىم بولغان فرازېئولوگىيىلىك ئىبارىسىنى چاپسان تېپىۋېلىش مەقسىدى بىلەن بەزىدە لۇغەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەر بىر ئىبارىنىڭ بىرىنچى سوزى تىزىلغان كورسەتكۈچ — ئىندېكس بېرىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە فرازېئولوگىيىلىك لۇغەت تېخى تۈزۈلمىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان نۇۋەتتىكى ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

دىئالېكتولوگىيىلىك لۇغەتلەر. دىئالېكتولوگىيىلىك لۇغەتلەر مەخسۇس دىئالېكتولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۇنىڭدا دىئالېكت ۋە شىۋىلەردىكى لېكسىكىلىق پەرقلەر ئەكس ئېتىلىدۇ؛ ئۇلار ئاساسەن ئەدەبىي تىلنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى تىل مۇتەخەسسىسلىرىگە بېغىشلىنىدۇ.

ئۇلار تۈزۈلۈش جەھەتتىن باشقا لۇغەتلەردىن ئانچە پەرق قىلمىسىمۇ، بەزى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلگەن باش سوزلەرنى كونكرېت دىئالېكت ياكى شىۋىگە خاس سوزلەر تەشكىل قىلىپ، ئۇلار دائىم ئەدەبىي تىلدىكى ياكى باشقا شىۋىلەردىكى سوزلەر بىلەن قىياس قىلىنىدۇ. ئۇ سوزلەر، ئادەتتە، دىئالېكتوگرافىيىلىك مىساللار ئارقىلىق تەستىقلىنىپ، مەنىلىرى ئىزاھلىنىدۇ.

بەزى دىئالېكتولوگىيىلىك لۇغەتلەردە ئايرىم دىئالېكت سوزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، قېرىنداش تىللاردا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئارخائىك شەكىللىرى، ئۇلارنىڭ تەرەققى قىلىش جەريانىدا ئۇچرىغان فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى كورسىتىلىشى مۇمكىن.

دىئالېكتولوگىيىلىك لۇغەتلەر ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە بېرىش

ئۈچۈن تۈركىي سىستېمىلىق تىللارنىڭ ئىچىدىن دىئالېكتولوگىيىلىك لۇغەتلەرنى تۈزۈشتە بىرقەدەر ئالدىدا كېلىۋاتقان قازاق تىلشۇناسلىرىنىڭ دىئالېكتولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن مىسال كەلتۈرەيلى (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى):

**دولى**[1] ئىدىش (تېرىدىن ياسالغان ئىدىش)، قاپ (قاپقا ئوخشاش ئىدىش)؛ قۇدۇقنىڭ پاتقاق لېيىنى دولى بىلەن تارتىپ چىقاردى (دېڭىز، ئىرغىز، چالقار، يېڭى قورغان رايونلىرىدا). غەربىي قازاقستاندا — دولىق، **دولىق تارتىۋ** دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. بەزىبىر تۈركىي تىللاردا دول — تېرىدىن ياكى مېتالدىن ئىشلەنگەن چېلەك («ئەزەربەيجانچە - رۇسچە لۇغەت»، 1941 - يىل).

**دولى**[2] مولدۇر، قاتتىق بوران؛ **دولى جاۋدى** (مولدۇر ياغدى). ەگىندى **دولى** ۇرعان جوق — ئاشلىقنى مولدۇر ئۇرمىدى. (تۇلكىباس، چۇ رايونلىرى. ئوڭۇم — جەنۇبىي قازاقستان ئوبلۇسى ماتېرىياللىرىدىن). بۇ سۆز بەزى تۈركىي تىللاردىمۇ (ئەزەربەيجان، تۈركمەن ۋە باشقىلار) مولدۇر مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.①

دىئالېكت، شېۋە پەرقلىرىنى كۆرسىتىدىغان قىسقىچە دىئالېكتولوگىيىلىك لۇغەتلەر بەزى شارائىتلاردا ماتېرىيال سۈپىتىدە مەخسۇس دىئالېكتولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ كەينىدىن بېرىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى بويىچە يېزىلغان

---

① ج. دوسقارايېۋ. «قازاق تىلىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى» (لېكسىكا)، II قىسىم. ئالمۇتا. 1955 - يىل. 45 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

س. ئې. مالوۋنىڭ① ۋە باشقا ئالىملارنىڭ ئەمگەكلىرى تولۇق مىسال بولالايدۇ. ئەمما بۇ خىلدىكى لۇغەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلاردىكى شىۋىلىك پەرق ئالاھىدە كۆرسە-تىلمەيدۇ ۋە ئومۇمى ئەدەبىي تىل نورمىسى بىلەن قىياس قىلىنمايدۇ. ئەمگەك رۇس تىلىدا يېزىلغانلىقتىن دىئالېكتوگرافىيىلىك ماتېرىيال-نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن.

## ھ. ئىككى تىللىق لۇغەتلەر

ئىككى تىللىق لۇغەتلەر تۈزۈش لېكسىكوگرافىيىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە چوڭ دەستۇرگە ئىگە ساھەلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىلدىكى لۇغەتلەر چەت تىل سۆزلىرىنى ئانا تىلغا ۋە ئەكسىچە، ئانا تىلىدىكى سۆزلەرنى چەت تىلغا تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلۈپ، چەت تىلدا چىققان ئەدەبىياتنى ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىش ياكى چەت تىل سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش مەقسىدىنى، شۇنداقلا ئانا تىلىمىز ئارقىلىق چەت تىل ۋەكىللىرىگە ئۆز پىكرىمىزنى ئىپادە قىلىش مەقسىدىنى كۆزدە تۇتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككى تىللىق تەرجىمە لۇغەتلەر ئىككى تىلدا سۆزلىگۈچى خەلقلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ۋاستىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

ئىككى تىللىق لۇغەتلەرنى تۈزۈشتىكى ئاساسىي مەسىلىنىڭ بىرى

---

① س. ئې. مالوۋ. «ئۇيغۇر تىلى. قومۇل شىۋىسى. تېكىستلار، تەر-جىملەر ۋە سۆزلۈك». موسكۋا — لېنىنگراد. 1954 — يىل. 135 — 198 — بەتلەر («سۆزلۈك»). شۇ ئاپتور. «لوپنۇر تىلى. تېكىستلار، تەرجىملەر ۋە سۆزلۈك» فرونزې. 1956 — يىل. 79 — 195 — بەتلەر («لوپنۇرچە — رۇسچە سۆزلۈك»).

تەرجىمە قىلىنىشقا تېگىشلىك باش سۆزلەرنىڭ ھەجمى ۋە تەركىۋىنى ئېنىقلىۋېلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئىككى تىللىق لۇغەتلەرنىڭ ھەر دائىم تىلنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىشى شەرت ئەمەس. ئەملىي تەلەپلەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ئەدەبىي تىلنىڭلا لېكسىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، بەزىلىرى لېكسىكىنىڭ ئايرىم ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىشى مۇمكىن.

تەرجىمە لۇغەتلەرگە قويۇلىدىغان ئىككىنچى بىر تەلەپ — تەرجىمە قىلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ مەنە ۋە مەنىۋىي پەرقلىرى ئىككىنچى تىلغا تولۇق ۋە دەل تەرجىمە قىلىنىشى لازىم. ئەمما بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەملىيەتتە بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئېلىنغان ئىككى تىلنىڭ لېكسىكا - سېمانتىكىلىق مۇمكىنچىلىكى بىردەك ياكى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى شەرت ئەمەس. بىر تىلدا بار بولغان ئۇقۇم - چۈشەنچە (دېمەك، سۆز) ئىككىنچى تىلدا بولماسلىقى مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ”سىنچاي، سامسا، ساپان، سالتى- رىق، ساپايە، لوقما، پايپاسلىماق، لاپاسلىماق، زوڭزايماق، گېدەي- مەك، كاپشايماق“ دېگەن سۆزلەرنى رۇس تىلىغا بىر سۆز بىلەن دەل تەرجىمە قىلالمايمىز. شۇنداقلا رۇس تىلىدىكى ”обомлеть“ (ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپ قالماق، ھەيرانلا قالماق)، ”прорывать“ (يار ئېلىپ كەتمەك)، ”затесаться“ (قىسىلىپ كىرىۋالماق، زورلۇق بىلەن كىرىۋالماق)، ”заслушиваться“ (ئىخلاس بىلەن تىڭشىماق)، ”заповедник“ (ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنى ساقلاش ئۈچۈن قورشالغان يەر)، ”запеканка“ (مەشتە ئۈستىنى ساپ - سېرىق قىلىپ پىشۇرۇلغان تاماق)غا ئوخشاش سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئورنىغا (ئىسكوپكا ئىچىدە كۆرسىتىلگەندەك) بىر- نەچچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش قىيىنچىلىقلارنى فرازېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىشتىمۇ روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ماقال، تەمسىل ۋە ئىدىئوملارنىڭ رۇس تىلىدىن مۇۋاپىق فرازېئولوگىيىلىك تەڭدىشى تېپىلسىمۇ (غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق — сытый голодного не разумеет; يىغلىمىغان بالىغا ئەمچەك بەرمەيدۇ — пока дитя не плачет, мать не разумеет; ئەرۋايىم ئۈچۈپ كەتتى — душа в пятку ушла)، بەزىبىرلىرىگە تەڭداش ئىبارە تېپىش تەس. بۇنداق شارائىتتا لۇغەت تۈزگۈچىلەر ئىزاھ بېرىش ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ، يەنى تۇراقلىق ئىبارىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئاددىي سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق بېرىشكە تىرىشىدۇ. مەسىلەن: “битый час — تولۇق بىر سائەت؛ бешеные цены — ناھايىتى قىممەت باھا؛ вогнать в гроб — قىيىن-قىستاقتا ئالماق؛ лезть из кожи вон — جېنىنىڭ بارىچە تىرىشماق”.

تەرجىمە قىلىنىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنىڭ ئىستىللىق ۋە سۆزمۇ-سۆز ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق ئەكس ئېتىلمەسلىگى مۇمكىن. چۈنكى سۆزلەرنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ۋە ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر بىر سۆزنىڭ تىلدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن تىل ماتېرىيالى جەلپ قىلىنىشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە، لۇغەتنىڭ ھەجمىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئاشۇرۇۋەتكەن بولار ئىدى.

ئەگەر ئىككى تىللىق لۇغەتلەر تىل بايلىقىنى تولۇق كۆرسىتىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ پەقەت ئەدەبىي تىل نورمىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئومۇم خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىكى سۆز غەزىنىسىدىنمۇ پايدىلىنىشى لازىم. ئۇلاردا لېكسىكىنىڭ ھەر تۈرلۈك (قارا سۆز ۋە شېئىرىيەتنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىستىلىغا

خاس) قاتلاملىرى بىلەن بىر قاتاردا ئومۇمەن خەلق تىلىدىكى ئايرىم كەسپكە ئائىت ئىبكسىكا، ئىلمىي ئاتالغۇلار، كونىرىغان ۋە تارىخىي سوزلەر بىلەن مەخسۇس ئاتالغۇلارمۇ ئوز ئەكسىنى تىپىشى چوقۇم.

ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەتلەر. سوۋېت دەۋرىدىكى «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت»① ن. ئا. باسكاكوۋ بىلەن ۋ. م. ناسلوۋ تەرىپىدىن تۇزۇلۇپ، 1939 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. قەدىمقى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا خرىستوماتىيىلىك تېكستلار ئاساسىدا تۇزۇلگەن ئىككى تىللىق قىسقىچە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان لۇغەتلەرنى② ھىساپقا ئالمىغاندا، مەزكۇر لۇغەت 30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى بىرقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۇرىدىغان دەسلەپكى ئىككى تىللىق لۇغەتلەردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

لۇغەت 12 مىڭ سوزدىن ئىبارەت بولۇپ، سوۋېت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى لېكسىكىلىق بايلىقنى ئوز ئىچىگە ئالغان. سوۋېت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پايدىلانغان يېزىغىنى كوزدە تۇتۇپ، ئاپتورلار ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنى لاتىن ئېلىپبەسى بىلەن ۋە ئۇيغۇر سوزلىرىنىڭ ئەرەپ ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان تىزىمىنى بەرگەن؛ لۇغەتنىڭ ئاخىرىدا ن. ئا. باسكاكوۋ يازغان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ قىسقىچە ئوچېرىگى بېرىلگەن.

---

① ن. ئا. باسكاكوۋ، ۋ. م. ناسلوۋ. «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت» موسكۋا. 1939 ـ يىل. 384 ـ بەت.

② مەسىلەن، ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرى» (لېنىنگراد. 1928 ـ يىل) ناملىق ئەمگىكىنى، س. يې. مالوۋنىڭ «قەدىمقى تۇركى يېزىق يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىگە بەرگەن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان لۇغەتلىرىنى، شۇنداقلا ك. ك. يۇداخىننىڭ «ئۇيغۇر تىلى خرىستوماتىيىسى» (1940 ـ يىل) ۋە ئە. نەجىپنىڭ «ئۇيغۇر تىلى» (1951 ـ يىل)غا بەرگەن قىسقىچە ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەتلىرىنى ئاتاپ ئوتۇشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇغەت ئۇيغۇر تىلى لېكسىكوگرافىيىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ساھەدىكى ئىشلارنىڭ كەلگۈسىدە تەرەققى قىلىشىغا دەۋەت قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، ھېرىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇگۇشلۇق شارائىت تۇغدۇرسا، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رۇس تىلىنى ئۆگىنىشى، رۇس تۈركولوگلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك رول ئوينىدى.

مەلۇمكى، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تەرەققى قىلىشقا مايىل كاتېگورىيىلەردىن ھىساپلىنىدۇ. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى مەزكۇر لۇغەت چىققاندىن كېيىنكى 30 يىل داۋامىدا چوڭ تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. خۇسۇسەن ئۇنىڭ لۇغەت تەركىۋى پەيدىن-پەي بېيىپ، راۋاجلانماقتا. ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى ۋاقىتتا پەقەت گۈزەل ئەدەبىيات تىلىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ سىياسىي، تېخنىكا، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ناھايىتى مۇرەككەپ چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەش دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ئەۋرىشىم، باي ۋە مۇكەممەل تىللاردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ ئەھۋال، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىككى تىللىق لۇغەتلەر تۈزۈشنى كۈنتەرتىپكە يېڭىۋاشتىن قويغان ئىدى.

مۇشۇ تەلەپلەرگە بىنائەن 1961-يىلى قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىككىنچى «ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەت»① نەشر قىلىندى.

---

① «ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەت». ش. كىبىروۋ ۋە يۇ. سۇنئازا تەھرىرلىگى ئاستىدا. 16 مىڭ سۆز. ئا. ھەيدەروۋ تەرىپىدىن «تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە گىرامماتىكىلىق ئوچېرىكى» بېرىلگەن. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى. ئالمۇتا. 1961-يىل 328-بەت

لۇغەتنىڭ 16 مىڭ سوزدىن ئىبارەت ئۇيغۇرچە قىسمى رۇس گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈزۈلۈپ، ئاساسەن سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن لۇغەتنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۈزۈلۈش پرىنسىپى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ تىزىمى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە گراماتىكىلىق ئوچېرىكى بېرىلگەن.

لۇغەتنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلگەن ئۇيغۇر سوزلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر باش سوز سۇپىتىدە بېرىلگەن سوز چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسا، ئۇنىڭ قايسى تىلغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى (ئىسكوپكا ئىچىدە "a — ئەرەبچە، ир — ئىرانچە، кит — خەنزۇچە" گە ئوخشاش شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق①) كورسىتىلىدۇ مەسىلەن: "ئاساس (a)، ئاستا (ир)، بالاخور (a–ир)، بىمەن (ир–a)، ئاشخانە (у — ир)، ئاشپۇزۇل (у–кит)، بولاۋالماق (кит–у)، گاڭ (кит)، گاڭگۇڭ (кит)" ۋە باشقىلار.

بۇلاردىن باشقا باش سوزلەرنىڭ قايسى ساھەدە (مەسىلەن МАТ. — матеамтика, ВОЕН. — военное, ГЕОГР. — география, ЗООЛ. — зоология, МЕД. — медицина, КУЛИН. — кулинария, МУЗ. — музыка, ПОЛИТ. — политическое ۋە باشقىلار) ئىشلىتىلىدىغانلىغى، ئىستىللىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تەسىرلىك-ھىسسىياتلىق ئۆزگىچىلىكلىرى (ИРОН. — ироническое, БРАН — бранное, ПОЭТ. — поэтическое,

---

① ئەگەر چەتتىن كىرگەن سوزلەر ئۇيغۇر سوزلىرى ياكى سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن تۇرۇپ يېڭى سوز ياسىسا، شۇ سوزنىڭ تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر سوزلىرىمۇ ۋە سوز ياسىغۇچى مورفېمىلارمۇ (у — ئۇيغۇرچە بەلگىسى ئارقىلىق) كورسىتىلىدۇ.

ПРЕЗ. — презрителное, ПРОСТОРЕЧ. — просторечие, РАЗГ. — разговорное, ШУТ. — шутливое), گراماتىكىلىق شەكىللىرى (ПОНУД. — понудительное, СТРАД — страдательное) قايسى سۆز بىرىكمىلىرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى (МЕЖД. — междометия, И.Д — имя действия) كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن: ”بورەك (анат)، گۈناۋاز (бот)، دوغا II (ист)، موخۇ (мед.)، مۇداپىئە (воен)، مەرىگۈچ (зоол.)، سوللۇق (полит.)، سوپى (а.рел.)، بولگۈچى (мат.)، تون (муз.) بەختىيار (ир.поэт.)، تولۇن (поэт.)، مەدەك (разг.) زاكونچى (разг.)، ۋاكشىق (разг.)، مىرتاق: مىرتاق چىقىپ كەتمەك (просторечь.шут)؛ قايتقۇزماق (понуд.от قايتماق)، سۈۋالماق (страд.от سۈۋىماق)، چىچەكلەش (и.д.от چىچەكلىمەك)، خەپ! (межд)“ ۋە باشقىلار.

لۇغەت تەركىۋىدىكى بەزى كونىرىغان (уст. — устарелое)، تارىخىي چۈشەنچىنى ئىپادىلىگۈچى (ист. — историческое) ۋە ئېتمولوگىيە جەھەتتىن بىرقەدەر سۇسلىشىپ، مەلۇم ئىبارە تەركىۋىدىلا ئىشلىتىلىدىغان ئايرىم سوزلەر (قوش چېكىت ئارقىلىق)، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا تولاراق ئۇچرايدىغان (СИН. — синьцзянское) سوزلەر لۇغەتتىن ئۆز ئەكسىنى تاپقان. مەسىلەن: ”دىندار (уст.)، چەن (уст.)، زېمىن (а, уст.)، ئاقساقال (ист.). ئونبېشى (ист.)، چولا: چولام تەگمىدى мне некогда было, у меня руки не дошли; بىكارنىڭ چولىسى يوق (погов)у лентяя федорки всегда отговорки (букв. у бездельника нет времени) چوماق: كوزگە ئىلىنغان پۈتقا چوماق (погов.) мал золотник, да дорог; مۇستەملىكىچى (син.)، مۇختار (а, син.)، مەمۇر (а, син.)“ ۋە

باشقىلار.

شەكىلداش سوزلەر لۇغەتتە باش سوز سۇپىتىدە بېرىلىپ، بىر-بىرىدىن رىم رەقەملىرى ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ:

**سورۇماق I** просит; спрашивать,

**سورۇماق II** веять؛ بۇغداي سورۇماق

веять пшеницу;

كونا خاماننى سورۇماق

напо минать старые обиды.

باش سوزنىڭ بىر ئەمەس، بەلكى بىرقانچە مەنىسى بولسا، ئۇلار ئوزئارا ئەرەپ رەقەملىرى بىلەن ئاجرىتىلىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن هازىرقى ۋاقىتتا كوپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇدۇل مەنىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن كوچمە مەنىسى بېرىلىدۇ. باش سوزنىڭ هەر بىر ئۇدۇل ۋە كوچمە مەنىسى مىساللار ئارقىلىق تەستىقلىنىپ، رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

**تاپان** 1. стопа, ступня;

2. подошва; تاش تاپان

بەتىنكە ботинка на

кожаной подошве.

**تېتىك** 1. живой, ловкий, подвижный;

поворотливый;

تېتىك بالا живой мальчик;

2. бодрый неутомимый;

تېتىك ۋە ئىشلەمچان ئادەم

бодрый и трудолюбивый человек

**جىلق** кит. чистый, настоящий, неподд ельный;

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىلىك ئالتۇن чистое золото;
جىلىك يىگىت перен. разп.
настоящий парень

تارلىق узость; كوچىنىڭ تارلىغى
تارلىق قىلماق 1) оказаться узким;
بۇ شىم ماڭا تار كېلىدۇ
эти брюки мне узки; 2) перен. завидовать.

ئىدىئوم ۋە باشقا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى لۇغەتلىك ماقالىدا (◇) بەلگىسىدىن كېيىن بېرىلىدۇ؛ ماقال ۋە تەمسىللەردىن كېيىن погов, посл. غا ئوخشاش بەلگىلەر قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۆكۈلمەك ◇ ئابرويى تۆكۈلمەك потерять
авторитет.

ياراتماق ◇ ئاتنى بەيگىگە ياراتماق
натренировать лошадь для
участия в скачках.

ئۆتنە ◇ долг, заем ئۆتنىسىنى بېرىۋەتمەك
отдать долг;
ئۆتنە ئالماق взять взаймы;
ئۆتنىگە لاپقۇت погов. за
добро платит добром.

مەنىداش ۋە دۇبلېت سۆزلەرنىڭ ھەممىسى لۇغەتتىن تېگىشلىك ئورۇن ئالىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تىلدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان بىرىلا تەرجىمە قىلىنىپ، قالغانلىرى ئۇنىڭ سىنونىمىكا ـ لېكسىكىلىق جۈپتى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ:

دەس см. دەسسىدە
دەقىقە а. уст. см. مىنۇت

**كارىز** см. خەندەك

ئەگەر باش سوز ئىسىم، رەۋىش، پېئىل، ئالماش، سانلاردىن بولۇپ كەلسە، باش كېلىش شەكلىدە (كىشى، نېپىز، بىز، ئون، ئاستا)، پېئىللاردىن بولسا، -ماق // -مەك (بارماق، كەلمەك) ياكى ھەركەتنام شەكلىدە (سۇركەش، تالاش) بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى مورفولوگىيىلىك تەركىۋى ۋە سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن قوش سوز، تەكرار سوز، بىرىككەن سوز بولۇپمۇ كېلىشى مۇمكىن:

**بالا - قازا** а несчастье, несчастный случай, беда, напасть;

**باپ - توگۈلەك** بالىنى باپ - توگۈلەك قىلماق: посадить ребенка на плечи;

**بىت - چىت** چىنىنى بىت - چىت قىلىپ: سۇندۇرماق разбить чашку вдребезги;

**بوك - بوك** بوك - بوك قوڭغۇز: майский жук;

**بويۇنتۇرۇق** ярмо

**لەگمەنتاقتاق** зоол. тушканчик;

**دەسمااللۇەتمەك** вытереть со стола.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، سوزلەردىكى بەزى تاۋۇشلار تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ھادىسىمۇ لۇغەتتە كورسىتىلدۇ. مەسىلەن، ل، ر، ت ھەرپلىرى ئىسكوپكا ئىچىگە ئېلىندۇ:

**كە (ل) مەك** приходить;

**ئو(ل) تا (ر) ماق** сидеть;

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىكا (ر) напрасно;
قەس (ت) недруг.

ئۇيغۇرچە-رۇسچە لۇغەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت. لېكىن بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى باشقا تۈركى تىللاردىكى ئىككى تىللىق* لۇغەتلەردىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ.

رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتلەر. بىرىنچى «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت①» دەسلەپ 1955-يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىندى. بۇ لۇغەتنى تۈزگۈچىلەر: ئە. ئىلىيېۋ، ش. كىبىروۋ، ك. مۇھەممەدوۋ، م. روزىيېۋ، يۇ. سۇنئۇازو، ئا. شەمىيېۋا. لۇغەت 21 مىڭ سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدىنىي ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئىككىنچى «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»② ئە. ئىلىيېۋ، ش. كىبىروۋ، م. روزىيېۋ ۋە يۇ. سونئۇازولار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، (ت. ر. رەھىموۋ تەھرىرلىگەن) 1956-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىندى ۋە ئۇ 1955-يىلى چىققان ئاشۇ «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»نىڭ تولۇقلانغان ۋارىيانتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ ئىككى لۇغەتنىڭ ئۆزئارا پەرقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: a) ئەگەر بىرىنچى لۇغەت 21 مىڭ سۆزدىن ئىبارەت بولسا، ئىككىنچىسى 30 مىڭ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ b) بىرىنچىسى پەقەت شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا بېغىشلانغان بولسا، ئىككىنچىسى ئۇيغۇر

① «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت». يۇ. سونئۇازو ۋە ئا. شەمىيېۋا تەھرىرلىگەن. 21 مىڭ سۆز. «يېڭى ھايات» ژورنىلى نەشرىياتى. 1955-يىل. 800 بەت.

② «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت». تۈزگۈچىلەر: ئە. ئىلىيېۋ، ش. كىبىروۋ، م. روزىيېۋ ۋە يۇ. سونئۇازو. تۇرسۇن رەھىموۋ تەھرىرلىگەن. 30 مىڭ سۆز. موسكۋا. 1956-يىل. 1474 بەت.

خەلقىنىڭ ھەر ئىككى قىسمىنىڭ، يەنى سوۋېت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجلىرىنى بىردەك كوزدە تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرىپى ئەرەپ يېزىغى ۋە رۇس ھەرپى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن بېرىلگەن؛ c) جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارنىڭ تىزىمى ھەر ئىككى لۇغەتتە تەكرارلانغان، لېكىن رۇس تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ۋە ئىملاسى ھەققىدە مەلۇمات ئىككىنچى لۇغەتتە بېرىلمىگەن؛ d) بىرىنچى «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئۇچۇن تۈزۈلگەنلىكتىن شۇلارنىڭ تىلىدىكى بەزى لېكسىكا-سېمانتىكىلىق ۋە ئىملا قائىدىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بىر-قەدەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، ئىككىنچىسىدە، ئەكسىچە، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

| رۇسچە سوزلەر | بىرىنچى «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» بويىچە | ئىككىنچى «رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت» بويىچە |
|---|---|---|
| балагур | قىزىقچى، شاگخوچى | چاقچاقچى، مەسخىرىۋاز پاراڭچى. |
| барсук | قاشقا ئوغلاق | بورسۇق |
| иллюzия | ئىللىيۇزىيە، خىيال | خام خىيال |
| лебедь | ئاققۇش | ئاققۇش |
| лебедка | لېبودكا | چىغىر |
| пирог | پورە | سامبۇسا، گوشنان، قاتلىما. |
| зыбь | ئۇپقۇن | جىمىرلاش |
| житница | ساڭ، ئامبار | ئاشلىق كانى، ئاشلىققا باي |
| бедняк | كەمبەغەل | كەمبەغەل |
| кадык | ھەلقۇم | ھەلقەم |
| белена | بەڭگى دىۋانە | بەڭگە دىۋانە |
| иней | قۇرو | قىرو |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئىككى لۇغەتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، بىز ئايرىم سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدا ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىمۇ بىرقەدەر پەرقلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆردىمىز.

بۇ كەلتۈرگەن مىساللار ئۇيغۇر تىلى بويىچە لۇغەت تۈزۈش ئىشىنىڭ، بولۇپمۇ رۇسچە-ئۇيغۇرچە لوغەتلەرنى تۈزۈشنىڭ تېخى چوڭ دەستۈرگە ئايلانمىغانلىقىنى، ھېلى بولسىمۇ ئەدەبىي تىل نورمىسىنىڭ قېلىپلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1956-يىلى نەشر قىلىنغان رۇسچە-ئۇيغۇرچە لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلۈش پىرىنسىپلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر مىسال كەلتۈرەيلى:

огòнь м 1. ئوت от; развести огонь ئوت ياقماق от яқмақ; 2. (свет) يورۇق йорук; يورۇغى چىراقنىڭ чирақниң йоруғи (лампы); 3. (стрельба) ئوت от; ئوق оқ; открыть огонь ئوت ئاچماق от ачмақ; ◇ между двух огней ئىككى بالانىڭ ئوتتۇرىسىدا икки баланиң оттурисида; из огня да в полымя погов. بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭدىنمۇ يامان بىر بالاغا تۇتۇلماق бир балаәин қутулуп, униңдинму яман бир балаға тутулмақ; пройти огонь и воду разг. كۆپ ۋەقەنى بېشىدىن كەچۈرمەك көп вәқәни бешидин кәчурмәк; нет дыма без огня погов. شامال چىقمىسا دەرەخ ئىغىنمايدۇ. шамал чқимиса, дәрәх лиқшимайду; бояться как огня ناھايىتى قورقماق наһайити қорқмақ (729б).

ئاتالغۇلار لۇغىتى. ئەدەبىي تىل لېكسىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا مايىل قاتلاملىرىنىڭ بىرى ئاتالغۇلار بولۇپ ھېساپ-

لىنىدۇ. پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتنىڭ پەيدىن-پەي تەرەققىي قىلىشى يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان يېڭى ئۇقۇملارنى، شۇنىڭغا مۇۋاپىق كۆپلىگەن يېڭى سۆزلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە. پەن ۋە تېخنىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئىلغارلىق ماھىيىتىگە چۈشىنىش ئۈچۈن ھەر بىر خەلق ۋۇجۇتقا كېلىۋاتقان يېڭى ئاتالغۇ ۋە تېرمىنلارنى ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئۇلاردىن ئۈگۈنۈشلۈق پايدىلىنىشى لازىم.

بۇ ئەھۋال ھەر بىر مىللىي تىلنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق ھەر تۈرلۈك ئاتالغۇلار لۇغەتلىرى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى كۈنتەرتىپكە قويىدۇ. ئاتالغۇلار لۇغىتى ئىلىم-پەننىڭ ھەر بىر ساھەسىدىن (بىئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكا، گېئولوگىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، سىياسىي-ئىقتىسات، جۇغراپىيە، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق، مۇزىكا، تەنتەربىيە ۋە باشقىلار) ئالدىغا قويغان مەقسەتلىرىگە ئاساسەن ئىككى، ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تىلدا تۈزۈلۈشى مۇمكىن. سوۋېت خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا تۈزۈلگەن ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى رۇس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، رۇسچە-مىللىي تىلدىكى لۇغەتلەرنىڭ چوڭ بىر ساھەسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىدە ئىلىم-پەننىڭ مەلۇم ساھەسىدىكى رۇس تىلىدا ياسىلىپ قېلىپلاشقان ئاتالغۇلار مىللىي تىلغا شۇ تىلدىكى مۇۋاپىق (بۇرۇندىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ياكى يېڭىدىن ياسالغان) ئاتالغۇلار ئارقىلىق تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئەگەر مىللىي تىلدا يېڭى چۈشەنچىنى دەل ۋە توغرا ئىپادىلەيدىغان سۆز بولمىغان ئەھۋالدا، رۇس تىلى ۋە باشقا تىللاردىكى ئاتالغۇنىڭ ئۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئاتالغۇ ئىجاتچىلىقىدىكى بۇ پىرىنسىپ بارلىق ئاتالغۇلار لۇغەتلىرى ئۈچۈن ئورتاق پىرىنسىپتۇر.

بەزى ئاتالغۇ لۇغەتلىرىدە رۇس ۋە خەلقئارا ئاتالغۇلىرىنى مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىلغا تەرجىمە قىلىش بىلەن بىر قاتاردا، شۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىلمىي ئېنىقلىمىسى بېرىلىدۇ. بۇ خىلدىكى لۇغەتلەرنى ”ئىزاھلىق ئاتالغۇلار لۇغىتى“ دەپ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىنىڭ تۈزۈلمىگەنلىكى، ئەلۋەتتە، بۇ ساھەدىكى ئىشنىڭ تەلەپتىن ئارقىدا قېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى تىللىق لۇغەتلەرنىڭ ھەممىسى تەرجىمە لۇغەتلىرىدىن بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس. بەزى ۋاقىتلاردا لۇغەتلەر بىر سىستېمىدىكى قېرىنداش ئىككى تىلنىڭ (مەسىلەن، رۇسچە - بېلو رۇسچە، ئۇيغۇرچە - ئۆزبەكچە، قىرغىزچە - قازاقچە) ماتېرىياللىرىنى قىياس قىلىش ئاساسىدىمۇ تۈزۈلۈشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى لۇغەتلەرنى تىلشۇناسلىقتا ئىككى تىللىق دىففېرېنسىئال لۇغەتلەر دەپ ئاتايدۇ.

## B. كۆپ تىللىق لۇغەتلەر

تىل ئەمەلىيىتىدە بىر تىللىق، ئىككى تىللىق لۇغەتلەر بىلەن بىر قاتاردا كۆپ تىللىق لۇغەتلەرنىڭمۇ تۈزۈلۈشى مۇمكىن. كۆپ تىللىق لۇغەتلەرگە ئۈچ، تۆت، بەش ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تىلنىڭ ماتېرىيالى ئاساسىدا تۈزۈلگەن لۇغەتلەر كىرىدۇ. ئۇلار، ئەلۋەتتە، بىر تىللىق، ئىككى تىللىق تەرجىمە لۇغەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. سەۋەبى، ھەجمىنىڭ چوڭ بولۇشىغا قاراپ كۆپ تىللىق لۇغەتلەردىن پايدىلىنىش مەلۇم دەرىجىدە قولايسىزلىق تۇغدۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، كۆپ تىللىق لۇغەتلەرنى يارىتىش ئەمەلىيەتتە تەس، مۇرەككەپ ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز كۆپ تىللىق لۇغەتلەرنىڭ دائىم تۈزۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ لېكسىكوگرا-

فىيه تارىخىدىن ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەلۇم ئورۇن ئىگىلەيدىـ
غانلىقىنى كورىمىز.
كوپ تىللىق لۇغەتلەر ئىككى تۇرلۇك مەقسەت بىلەن تۈزۈلۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تىلنىڭ ئەمەلىي تەلەپلىرىگە بىنائەن، يەنى مەلۇم تارىخىي شارائىتلارغا باغلىق بىرنەچچە خەلقىنىڭ ئۆزـ ئارا مەدەنىي ـ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە بولۇش جەريانىدىكى ئېھتىياجـ لىقىنى ئادا قىلىش مەقسىدى بىلەن تۈزۈلسە، بەزىلىرى تىلنىڭ نەزىرىيىلىك تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق، يەنى بىرنەچچە تىلنىڭ ماتېرىـ ياللىرىنى قىياس قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش مەقسىدى بىلەن تۈزۈلىدۇ.
تىلنىڭ ئەمەلى تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق تۈزۈلگەن كوپ تىللىق لۇغەتلەر كوپىنچە ھەر تۇرلۇك سىستېمىدىكى تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانسا، تىلنىڭ نەزىرىيىلىك تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق تۈزۈلگەن كوپ تىللىق لۇغەتلەر، خۇسۇسەن بىر سىستېمىدىكى قېرىنداش تىللارنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سوز ۋە ئىبارىلەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭمۇ بولۇشى چوقۇم.
تىلنىڭ ئەمەلىي تەلەپلىرىگە ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن كوپ تىللىق لۇغەتلەردىن، مەسىلەن، رۇس لېكسىكوگرافىيىسى بويىچە فىلىپپ رېيفنىڭ توت توملۇق (رۇسچە ـ فرانسوزچە ـ نېمىسچە ـ ئىنگلىزچە) لۇغىتىنى①، ئا. ۋە ۋ. پوپوۋلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يەتتە تىللىق (فرانسوزچە ـ نېمىسچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئىتالىيانچە ـ

---

① فىلىپپ رېيف. «رۇس، فرانسوز، نېمىس ۋە ئىنگلىز تىللىرىنىڭ يېڭى سېلىشتۇرما لۇغەتلىرى» (بىرىنچى نەشرى 1842 ـــ 1844 ـ يىللىرى، توتىنچى نەشرى 1898 ـ يىل)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى تارقىتىشى

ئىسپانچە ـ پورتۇگالچە ـ گوللاندچە ـ رۇسچە) لۇغەتنى① ۋە رۇسىيىنىڭ دېڭىز سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئون بىر توملۇق لۇغەتنى②، تۈركى تىللارغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمگەكلەردىن بەش تىللىق «مانجۇچە ـ تىبەتچە ـ موڭغۇلچە ـ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»③نى، بۇرھان شەھىدى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1952 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت»④نى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

مەزكۇر لۇغەتلەرنىڭ تىلنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە كېيىنكى ئىككى لۇغەتمۇ دەلىل بولالايدۇ. مەسىلەن، بەش تىللىق «مانجۇچە ـ تىبەتچە ـ موڭغۇلچە ـ ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى خاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى چېگرا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ (خەنزۇ، شىزاڭ،

① ئا. ۋە ۋ. پوپوۋلار. «يەتتە تىللىق لۇغەت» (فرانسۇزچە ـ نېمىسچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئىتالىيانچە ـ ئىسپانچە ـ پورتۇگالچە ـ گوللاندچە ـ رۇسچە) ۋارشاۋا. 1902 ـ يىل. (بۇ لۇغەت ئىككى تومدىن، 1036 بەتتىن ئىبارەت بولۇپ، 3 كولونكىغا بولۇپ بېسىلغان).

② «قىسقىچە رۇسچە ـ ئىنگلىزچە ـ فرانسۇزچە ـ نېمىسچە ـ ئىتالىيانچە ـ دانىيەچە ۋە نورۋېگچە ـ شۋېدچە ـ لاتىشچە دېڭىز لۇغىتى ھەمدە گوللاندىيە ۋە ئىسپان تىللىرىدىن قوشۇمچە... تاۋارشۇناسلىق بابىدا ۋە كوپلىگەن ئىزاھاتلار» 1881 ـ يىل. موسكۋا.

③ بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى.

④ بۇرھان شەھىدى. «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» مىللەتلەر نەشرىياتى. بېيجىڭ. («ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» دېگەن سۆز كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدا ئۇيغۇر ۋە رۇس تىلىدا، ئىچ مۇقاۋىسىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە رۇس تىلىدا يېزىلغان. لۇغەتنىڭ بىرىنچى كولونكىسىدىكى ئۇيغۇرچە قىسمى ئەرەپ يېزىغىدا، ئىككىنچى كولونكىسىدىكى خەنزۇچە قىسمى ئىروگلىف بىلەن، ئۈچىنچى كولونكىسىدىكى رۇسچە قىسمى رۇس يېزىغىدا بېرىلگەن).

موڭغۇل، ئۇيغۇر) تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش، شۇ ئارقىلىق مەمۇرىي باشقۇرۇشنى مەركەزلەشتۈرۈش، ھەر تۈرلۈك ئالۋاڭ-ياساق، سودا-سېتىق ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇشقا ئوخشاش مەقسەتلەرگە ئاساسەن ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسا، «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت» تىلنىڭ مەلۇم تەلەپلىرىگە جاۋابەن تۈزۈلگەن.

تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتلار تۈپەيلىدىن رۇس، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلسە، ھازىرقى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقى بىلەن، سوۋېت ئۇيغۇرلىرى بولسا، رۇسىيە خەلقلىرى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، يېڭى سوتسىيالىستىك ھايات قۇرماقتا. بۇ ئەھۋال، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر تەرەپتىن رۇس تىلىنى، ئىككىنچى تەرەپتىن خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشىگە ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتىنى، تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا دەۋەت قىلىشى چوقۇم.

ئاشۇ ئۈچ تىللىق «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-رۇسچە لۇغەت»نى مانا مۇشۇ تەلەپلەرگە مۇۋاپىق مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراش لازىم.

تىلنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تەلەپلىرىگە، بولۇپمۇ قېرىنداش تىللارنى قىياس قىلىش يولى بىلەن تەكشۈرۈش مەقسەتلىرىگە مۇۋاپىق مەيدانغا كەلگەن ئەمگەكلەردىن، رۇس تىلشۇناسلىغى بويىچە پروفېسسور ف. مىكلوشىچ تەھرىرلىگىدىكى ئالتە سلاۋيان (رۇس، بولغار، سېرب، چېخ ۋە پولەك) تىللىرى ئاساسىدا تۈزۈلۈپ، فرانسۇز ۋە نېمىس تىللىرىغا قوشۇمچە تەرجىمە قىلىنغان لۇغەتنى①، شۇن-

---

① «پروفېسسور ف. مىكلوشىچنىڭ تەھرىرلىگى ئاستىدا تۈزۈلگەن ئالتە سلاۋيان تىلىنىڭ (رۇس تىلى چېركاۋ سلاۋيان تىلى بىلەن بىرلىكتە، بولغار تىلى، سېربىيە تىلى، چېخ تىلى ۋە پولەك تىلى)، شۇنداقلا فرانسۇز ۋە نېمىس تىللىرىنىڭ قىسقىچە لۇغىتى» СПБ. ۋە موسكۋا، ۋېنا. 1885-يىل. 955-بەت.

داقلا تۈركى تىللار بويىچە بىزگە مەلۇم بولغان ل. بۇداگوۋنىڭ①، ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ② تۈزگەن لۇغەتلىرىنى كورسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ خىلدىكى كوپ تىللىق لۇغەتلەر بىرنەچچە تىلنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، مەلۇم لۇغەتلەر تىپىنى تەشكىل قىلىسمۇ. ئەمما ئۇلار مەقسىدى، تۈزۈلۈش پرىنسىپى جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەممىسىگە ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىش لېكسكوگرافىيە تارىخىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

① ل. بۇداگوۋ. «تۈرك-تاتار شىۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى» СПБ. 1-توم، 1869-يىل، 2-توم، 1871-يىل.

② ۋ. ۋ. رادلوۋ. «تۈركى شىۋىلەر لۇغىتىنىڭ تەجرىبىسى». спб. 1-، 4-توم. 1888 — 1891-يىللار.

# فونېتىكا

## I. فونېتىكا ۋە ئۇنىڭ نۇتۇق تاۋۇشلىرى

فونېتىكا① تىلنىڭ تاۋۇش تۈزۈمىنى تەكشۈرىدىغان تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسىي بۆلۈمىدىن ھېساپلىنىدۇ.

نۇتۇق تاۋۇشلىرى تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ماتېرىياللىق ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە بۇ ھادىسىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەردىن تەكشۈرىدىغان فونېتىكا جەمئىيەت ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

فونېتىكا تىلنىڭ گىرامماتىكا ۋە باشقا ساھەلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار. مەسىلەن، تىلنىڭ گىرامماتىكا ۋە لېكسىكا ساھەلىرى پەقەت سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ مەنىسىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولسا، فونېتىكا تىلنىڭ فىزىكىلىق تەبىئىتىنى (يەنى ئۇنىڭ تاۋۇش شەكلىنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما شۇنى چوقۇم ئەستە تۇتۇش كېرەككى، فونېتىكا فىزىكا ئىلمىغا ئوخشاش ھەرقانداق فىزىكىلىق تاۋۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇ تىلنىڭ ماتېرىياللىق ئاساسىنى

---

① فونېتىكا گىرېكچە Phone (تاۋۇش، ئۈن، جاراڭلاش) سۆزىدىن ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىل قىلىدىغان، يەنى تىلدا مەلۇم خىزمەت ئاتقۇرىدىغان نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى ئۆگىنىدىغان پەندۇر.

لۇغەتشۇناسلىق تىلدىكى تاۋۇشلارنى فىزىكىلىق، بىئولوگىيەلىك ۋە لۇغەتشۇناسلىق نەزەردىن ئېلىپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بولۇپمۇ تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ لوغەتشۇناسلىق خۇسۇسىيىتى ئاساسىي ۋە تەشكىلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. تاۋۇشلارنىڭ ئاكۇستىكا* ـ ئارتىكۇلىياتسىيەلىك** خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تىلدىكى ۋەزىپىسى فونېما دېگەن چۈشەنچىگە مۇناسىۋەتلىك قارىلىدۇ.

## 1. فونېتىكا ئوبيېكتى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى

تىلشۇناسلىق ئىلمى تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان گىرامماتىكىلىق تۈزۈم ۋە ئاساسىي لۇغەت فوندىنى تەكشۈرۈشى بىلەن بىللە، شۇنداقلا ئۇنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنىمۇ تەكشۈرىدۇ.

تىل پەقەت تاۋۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان بولغاچقا (ئەگەر ئۇز ئالدىغا ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بار ئىشارە تىلىنى سوز قىلمىغاندا) ئومۇمەن تىل سىستېمىسىدا فونېتىكا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

فونېتىكا سوزدە مەنە پەرقلەش ۋەزىپىسىگە ئىگە تاۋۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ــ تىلنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى، تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاكۇستىكا ـ ئارتىكۇلىيەتسىيەلىك بەلگىلىرىنى، بوغۇم ۋە ئۇنىڭ تۇرلىرىنى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا نوۋەتلىشىشى، ئەدەبىي تەلەپپۇز نورمىلىرى،

---

* ئاكۇستىكا ــ تاۋۇش ياخشى ئىشلىتىلىش شارائىتى.

** ئارتىكۇلىياتسىيە ــ نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ تاۋۇش چىقىرىپ سوزلىگەن ۋاقىتتىكى خاراكتېرى.

ئورغۇ، ئىنتوناتسىيە ۋ. ب. تىلشۇناسلىق ھادىسىلەرنى تەكشۈرىدۇ. شۇڭلاشقا تىل سىستېمىسىدا فونېتىكىنى ئۆگىنىشنىڭ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى چوڭ.

تىلنىڭ تاۋۇش تۈزۈمى ھەر خىل نەزەردىن تەكشۈرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، فونېتىكا تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: ئومۇمىي فونېتىكا، تارىخىي فونېتىكا، سېلىشتۇرما فونېتىكا، تەسۋىرىي فونېتىكا، ئېكسپېرىمېنتال* فونېتىكا.

**1. ئومۇمىي فونېتىكا** — پۈتكۈل ئىنسان تىلىدىكى تاۋۇش ۋاستىلىرىنىڭ قوللىنىلىشىغا خاس ئومۇمىي مەسىلىلەرنى تەكشۈرىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى مەۋجۇت شارائىتلىرىنى، يەنى تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمى جەريانىدا بايقىلىدىغان ئاكۇستىكىلىق پەرقلىرىنى ۋە تاۋۇشلارنىڭ نۇتۇق ئورگانلىرىدا ياسىلىشىغا ئائىت ئومۇمىي فىزىئولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى، ھەر خىل فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشلارنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرىدۇ. دېمەك، ئومۇمىي فونېتىكا ئايرىم تىللارغا ۋە ھەر خىل سېستىما دائىرىسىدىكى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي مەسىلىلەرنى جەملەيدۇ.

**2. تارىخىي فونېتىكا** — تىلدىكى تاۋۇشلار تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدىن-پەي باشتىن كەچۈرگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرىدۇ.

**3. سېلىشتۇرما فونېتىكا** — مەلۇم بىر سىستېما دائىرىسىدىكى تىللارنىڭ ۋە فونېتىكىلىق تۈزۈمى باشقا تىللارنىڭ تاۋۇش تۈزۈمىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىنى ئېنىقلايدۇ.

**4. تەسۋىرىي (ئىستاتىكىلىق) فونېتىكا ياكى فونولوگىيە** — تىل-

---

① تەجرىبىگە ئاساسلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكى تاۋۇشلار سىستېمىسىنى ئۇلارنىڭ هازىرقى هالىتى نەزىرىدىن ئېلىپ تەكشۈرىدۇ. ئەمما، تەسۋىرىي فونېتىكا تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئىچكى باغلىنىشى قانۇنلىرىنىڭ هازىرقى هالىتىنى تەكشۈرگىنىدە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئائىت مەسىلىلەرگىمۇ ئېتىۋار بېرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىر تىلنىڭ تاۋۇش تۈزۈمىنى ئېنىقلىغاندا، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى تىل تارىخىدا يۈز بەرگەن هەر خىل شارائىتلار نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ يوقلىپ كېتىش تارىخىنىمۇ سوزلەيدۇ.

5. **ئېكسپېرىمېنتال فونېتىكا** — تاۋۇشلارنى هەر خىل مەخسۇس ئەسۋاپلار بىلەن يېزىپ تەكشۈرىدۇ.

تاۋۇشلارنى هەر خىل مۇرەككەپ ئەسۋاپلار ياردىمى بىلەن تەكشۈرۈش مەسىلىسى بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەڭ ئەۋج ئالماقتا. هازىر نۇتۇق تاۋۇشلار ئاساسەن تۆۋەندىكى ئېكسپېرىمېنتال-فونېتىكىلىق ئۇسۇللار ياردىمى بىلەن تەكشۈرىدۇ:

ئا) رېنتگېنوگراما ئۇسۇلى بويىچە تاۋۇشلارنى ئېيتىش ۋاقتىدىكى تىلنىڭ، تاڭلاينىڭ، ئېڭەكلەرنىڭ، لەۋلەرنىڭ شەكىل ۋە هالىتى رېنتگېن پلېنكىسىغا چۈشۈرۈلىدۇ؛

ئە) پالاتوگراما ئۇسۇلى بويىچە بىرەر تاۋۇشنى سۈنئىي تاڭلاي بىلەن ئېيتقاندا، تاڭلايغا تىل ئۇچىنىڭ قايسى قىسمى بىلەن تېگىدىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ؛

ب) كىموگراما ئۇسۇلى بويىچە تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا ئۆپكىدىن چىققان هاۋا ئېقىمىنىڭ هەر خىل كۈچ بىلەن ئۆتۈشى نەتىجىسىدە مەخسۇس ئاپاراتقا ئۇرغۇنلىغان ئەگرى سىزىقلارنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدەك ئۇسۇل بىلەن تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇنلۇغى، ئېگىزلىكى، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىزلىغى، ئۇرغۇنىڭ كۈچى، بوغۇزدىكى دولقۇنىنىڭ سانى ۋە شۇنىڭدەك يەنىمۇ باشقا مۇهىم مەسىلىلەر ئېنىقلىنىدۇ؛

پ) ئېلېكتىر ـ ئاكۇستىكىلىق ئۇسۇللار ياردىمى بىلەن تاۋۇشلارنىڭ ئاكۇستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئائىت مەسىلىلەر تەكشۈرۈلىدۇ.

بۇلاردىن تاشقىرى، نۇتۇق تاۋۇشلارنى ئۆبيېكتىپ ئۇسۇللار بىلەن تەكشۈرۈشنىڭ يەنىمۇ باشقا يېڭى تۈرلىرى بار.

## 2. تاۋۇشلارنىڭ ئۈچ خىل تەبىئىتى

### A. تاۋۇشلارنىڭ فىزىكىلىق (ئاكۇستىكىلىق) تەبىئىتى

نۇتۇق تاۋۇشلىرى تەبىئەتتىكى ھەرقانداق تاۋۇشقا ئوخشاش قانداقتۇ بىر جىسىمنىڭ تارتىلغان نەرسىنىڭ تىترەپ، ھەركەتكە كېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تاۋۇش دولقۇنلىرىغا (مەسىلەن، چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ سىملىرى ياكى تارىلىرى) ئوخشاش شارائىتتا ياسىلىپ، قۇلاققا تاۋۇش شەكلىدە ئاڭلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا نۇتۇق تاۋۇشلىرى فىزىكا پېنىنىڭ ئاكۇستىكا① بۆلىمىدە تەكشۈرۈلىدىغان فىزىكىلىق ھادىسە سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى فىزىكىلىق ھادىسە نەزىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا، بىز ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تېمبىرى (سۈپىتى)، تاۋۇشلارنىڭ ئېگىزلىگى ۋە كۈچى، تاۋۇشلارنىڭ شاۋقۇن ياكى مۇزىكىلىق تونلار بىلەن ياسالغانلىقىنى سۆزلەيمىز.

تاۋۇشنىڭ تېمبىرى. تاۋۇش دولقۇنىنى پەيدا قىلىدىغان ھەركەتلەر ئادەتتە ئاساسىي ۋە بىرقانچە ياردەمچى تونلاردىن (ئوبېرتونلاردىن)② تەركىپ تاپقان بولىدۇ. ئوبېرتونلارنىڭ سانىغا ۋە

---

① ئاكۇستىكا ــ گرېكچە akustikos (ئاڭلاش) دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

② ئوبېرتون ــ نېمىسچە oberton (يۇقۇرى ئېيتىلىدىغان، ئېگىزتون) دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئاساسىي تونغا نىسبەتەن كۈچىنىڭ ۋە ئېگىزلىگىنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا قاراپ، تاۋۇشنىڭ تېمبىرى① ھەر خىل بولىدۇ. تاۋۇشنىڭ تېمبىرى دېگەن چۈشەنچە تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا باغلىق ئېيتىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدە تېمبىرغا (سۈپەتكە) ئىگە بولغان ھالدىلا بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

تاۋۇشنىڭ ئېگىزلىگى. تاۋۇشلارنىڭ ئېگىزلىگى تاۋۇش دولقۇنىنىڭ بىر سېكۇنتتىكى سانىغا باغلىق ئۆزگىرىدۇ: دولقۇن سانى قانچە نۇرغۇن بولسا، تاۋۇش شۇنچە كۆتىرىلىدۇ؟ ئەكسىچە، دولقۇن سانى قانچە ئاز بولسا، تاۋۇشمۇ شۇنچە تۆۋەنلەيدۇ. ئادەتتە قۇلاق بىر سېكۇنتتا ئەڭ كەم دېگەندە 16 رەت دولقۇنلىغان ۋە نۇرغۇن دېگەندە 20000 رەت دولقۇنلىغان دولقۇننى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە.

تەلەپپۇز جەريانىدا مەلۇم بىر ئىبارىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېيتىلىشىغا، ئۇنىڭ ھەر خىل ھىسسىياتلىق تۈس ئېلىشىغا باغلىق تاۋۇشلارنىڭ ئېگىزلىگىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ. تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئېگىزلىگىنىڭ بۇنىڭدەك ئۆزگىرىشى ئادەتتە ئىنتوناتسىيىنى ياكى نۇتۇق ئاھاڭىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تاۋۇشنىڭ كۈچى. تاۋۇشنىڭ كۈچى دولقۇن ئامپلىتۇدىسىنىڭ② ئېگىز-پەسلىگىگە باغلىق بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، دولقۇننىڭ پەسىيىشى ۋە ئۆرلەش چېكىنىڭ ئارىلىغى قانچە ئېگىز بولسا، تاۋۇشمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. تاۋۇشنىڭ كۈچى ئادەتتە تىلدىكى ئۇرغۇغا باغلىق قارىلىدۇ.

① تېمبىر — فرانسۇزچە timbre (قوڭغۇراقچە) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

② ئامپلىتۇدا — لاتىنچە amplitudo (كەڭلىك، بوشلۇق) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. فىزىكىدا ئامپلىتۇدا دېگەن سۆز نەرسىنىڭ تېچ ھالەتكە نىسبەتەن دولقۇنلىنىشىنىڭ چېكىنى بىلدۈرىدۇ.

## ә. тон ۋە شاۋقۇن

قۇلاققا ئاڭلانغان تاۋۇشلار ساپا جەھەتتىن بىر خىل ئەمەس. بەزى تاۋۇشلار قۇلاققا مۇزىكىلىق تون شەكلىدە ئاڭلانسا، ئۇلارنىڭ بەزىبىرلىرى شاۋقۇن شەكلىدە ئاڭلىنىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك ئىككى خىل ئاڭلىنىشى تاۋۇش تۇگۇچلىرى ئارقىلىق ئۆتىدىغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ دولقۇنلىنىش ھەركىتىگە باغلىق بولىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ رىتىملىق ھالدا، يەنى مەلۇم بىر ۋاقىت ئىچىدە بىر خىل تەكرارلىنىپ دولقۇنلىنىشى نەتىجىسىدە مۇزىكىلىق تونلار ياسىلىدۇ. ئەكسىچە، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تاۋۇش تۇگۇچلىرى ئارقىلىق دولقۇن ھاسىل قىلىپ ئۆتكەندە مەلۇم بىر ۋاقىتسىز، بىر خىل تەكرارلانمىغان ھالدا ئۆتىدىغان بولسا، شاۋقۇنلار ياسىلىدۇ.

تىلدىكى تون ۋە شاۋقۇن دېگەن ئىككى خىل چۈشەنچە سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارغا باغلىق ئېيتىلىدۇ. ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن تونلاردىن، ئۈزۈك تاۋۇشلار شاۋقۇنلاردىن تۈزۈلىدۇ.

## B. تاۋۇش ۋە فونېما

فونېتىكا تەبىئەتتىكى ھەرقانداق فىزىكىلىق تاۋۇشنى (مەسىلەن، كامپىرتون① ياكى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ ئۈنى ۋ. ب) ئەمەس، بەلكى پەقەت نۇتۇق جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان تاۋۇشلارنىلا تەكشۈرىدۇ. نۇتۇق تاۋۇشلىرى تاۋۇش سۈپىتىدە شەكىللىنىش جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا خىلى مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن بىرى.

① كامپىرتون — چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى سازلاش ئۈچۈن بىر رەۋىشتە ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇ ھاۋا دولقۇنىنىڭ ھەركىتى نەتىجىسىدە پەيدا بولۇشى (يەنى فىزىكىلىق تەبىئىتى)؛ نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى نەتىجىسىدە ياسىلىشى (يەنى فىزىئولوگىيىلىك تەبىئىتى)؛ قۇلاققا تاۋۇش شەكلىدە ئاڭلىنىشى (يەنى ئاكۇستىكىلىق خۇسۇسىيىتى)؛ كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سېزىمى ۋە ئەركىي بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ھەركەت (يەنى پسىخولوگىيىلىك ھادىسىلەرگە باغلىق) بولۇشى ۋە مۇناسىۋەت قورالى سۈپىتىدە تىلىنىڭ ئېلېمېنتى (يەنى تىلشۇناسلىق خىزمىتى) بولۇشى بىلەن مۇرەككەپتۇر. بۇ ئېيتىلغان خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نۇتۇق تاۋۇشىنىڭ تىلشۇناسلىق خىزمىتى ھەر ـ قانداق تىلنىڭ تاۋۇش تۈزۈمىنى ئۆگىنىشتە ئالاھىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ تىلدىكى تىلشۇناسلىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى ئۆگىنىش فونېتىكىلىق ئاساسىي ۋەزىپىلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ.

تىلدىكى فونېما ۋە فونېتىكىلىق قانۇنلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى تىلنىڭ فونولوگىيەلىك① سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. فونېما دىگەن چۈشەنچە ھەرقانداق فىزىكىلىق تاۋۇشقا نىسبەتەن قوللىنىلىدىغان "تاۋۇش" چۈشەنچىسىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن، ھەرقانداق تىلنىڭ فونېماتىكىلىق سىستېمىسى، ئادەتتە، 40 ـــ 50 فونېما دائىرىسىدە چەكلىنىدۇ. ئەمما، تىلدا لوغەتشۇناسلىق خىزمەت ئاتقۇرىدىغان مانا مۇشۇ ئاساسىي تاۋۇش تىپلىرىدىن تاشقىرى، تىلدا ھەر خىل شەرت ـ شارائىتلارغا قاراپ، بارلىققا كېلىدىغان يەنىمۇ باشقا نەچچە يۈزلىگەن ۋە مىڭلىغان تاۋۇشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىگى بەلگىلىك

---

① فونولوگىيە ــ گرېكچە Phone (تاۋۇش، ئۈن، جاراڭلاش) ۋە logos (تەلىمات، ئىلىم) سۆزلىرىدىن ئېلىنغان. فونىتىكىلىق سۆز ۋە مورفېمىلار مەنىسىنى پەرقلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان فونېملارنى تەكشۈرىدىغان بولۇمى.

لەرسە.

تەبىئىكى، ئۇز ئالدىغا يېزىغى بار ھەرقانداق تىل ئۇچۇن تىلدىكى بۇنىڭدەك ھەر خىل تاۋۇشلارنىڭ ھەرقايسىسىنى ئۇز ئالدىغا ئايرىم بەلگە بىلەن ئىپادىلەش ئەسلا شەرت ئەمەس. ئۇنداق بولغان ھالدا تىلنىڭ تاۋۇش تۇزۇمىنى ئۇگىنىش ئەمەلىيەتتە ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئېغىر بىر ئىشقا ئايلانغان بولار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، پەقەت ئايرىم تاۋۇش تىپلىرىلا تىلدا تىلشۇناسلىق خىزمەت ئاتقۇرۇش خوسۇسىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق تاۋۇش فونېمىغا ئوخشاش فىزىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىلدىكى خىزمىتى نەزىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا ئۇز ئالدىغا ئايرىم فونېما بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا فونېمىنى پەقەت ئارتىكۇلياتسىيەلىك (ياسىلىش ئۇسۇلى) ۋە ئاكۇستىكىلىق (قۇلاققا ئاڭلىنىش) تەبىئىتى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن ھەر خىل تاۋۇشلارنىڭ يىغىندىسىلا دەپ قارىماستىن، بەلكى سوز ۋە مورفېمىلارنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۇرىدىغان، بىرخىل سېمانتىكىلىق خىزمەت ئاتقۇرىدىغان تاۋۇشلار تىپى دىسمۇ بولىدۇ.

دېمەك، تاۋۇشلارنىڭ فىزىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك ۋ. ب. ياقلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ مۇناسىۋەت قورالى سۇپىتىدە قوللىنىلىدىغان لوغەتشۇناسلىق خىزمىتى ئاساسىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ لۇغەتشۇناسلىق خىزمىتىنى ئۇگىنىش فونېما توغرىسىدىكى ئىلىمنىڭ (يەنى فونولوگىيەنىڭ) تەكشۇرۇش ئوبيېكتىدۇر.

نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيە-فىزىئولوگىيىلىك ۋە فىزىكىلىق خاراكتېرىستىكىلىرىنى ئىناۋەتكە ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ كىشىلەر جەمئىيىتىدە مۇناسىۋەت قورالى خىزمىتىنى ئاتقۇرىدىغان لۇغەتشۇناسلىق ۋەزىپىسىنى ئېنىقلاش تىلدىكى ئايرىم فونېتىكىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ھادىسىلەرنى توغرا چۈشىنىشكە ئىمكان بېرىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم بىر فونېتىكىلىق شارائىتلارغا بېقىنـ ماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قوللىنىلىدىغان ”ئا، ئە، ئو“ سوزۇق تاۋۇشلىرى بار. تەركىۋىدە مانا مۇشۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بولۇشىغا بېقىپ ”ب، ش، ۋە ت، ر“ ئۇزۇك تاۋۇشلىرىدىن تەركىپ تاپقان ”باش، بەش، بوش“، ۋە ”تار، تەر، تور“ قاتارلىق سوزلەرنىڭ مەنىسى بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەزكۇر سوزلەر تەركىۋىدە كەلگەن ”ئا، ئە، ئو“ تاۋۇشلىرىنىڭ قېلىن ياكى ئىنچىكە، كەڭ ياكى تار، لەۋلەشكەن ياكى لەۋلەشمىگەنـ لىك بەلگىلىرى بۇ سوزلەردە مەنە پەرقلەش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقۇرىدىكى بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنى سوزنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيىلىرىدە (بېشىدا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا) ھەم ھەر خىل ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىللە ۋە ھەتتا ھەر خىل قوشۇمچىلار تەركىـ ۋىدە قوللىنىۋېرىش مۇمكىن. مانا شۇ سەۋەپتىن بىز ”ئا، ئە، ئو“ تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدى بىلەن سوزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەشكە مۇناسىـ ۋەتلىكلىگىنى ۋە مۇستەقىل تاۋۇش سۈپىتىدە ئۇلار بىرەر فونېتىكىـ لىق شەرت ـ شارائىتقا بېقىنمايدىغانلىق خاراكتېرىنى كوزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى ھەر خىل تاۋۇشلار سۈپىتىدە قارايمىز.

فونېمىنىڭ ئۆزى فونېتىكىلىق شارائىتقا بېقىنمىغىنى بىلەن، ئۇ نۇتۇق ئېقىمى جەريانىدا ئايرىم فونېتىكىلىق شەرت ـ شا ـ رائىتلارغا قاراپ بارلىققا كېلىدىغان ھەر خىل ئاھاڭلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. بۇنى بىز تۆۋەندىكى ئاددى مىساللاردىن قاراپ كورەيلى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىمۇ ـ قارشى قويۇلىدىغان ”ئا“ تاۋۇشى بار. لېكىن ”ئا“ تاۋۇشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئېيتىلاندىكى ساپاسىنى ئۇنىڭ ھەر خىل ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىللە ئېيتىلاندىكى ساپاسىغا تولۇق ئۇيغۇن

كېلىدۇ دەپ تەرسىلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق تاۋۇش نۇتۇق جەريانىدا بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەسىر قىلىپ، ھەر خىل ئاسسىمىلاتسىيە ئۆزگىرىشلىرىگە ئۇچرايدىغانلىغى تەبىئىدۇر. مەسىلەن: "باۋاق، ماماي، باۋاي" سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بوغۇمى تەركىۋىدىكى "ئا" تاۋۇشىنىڭ لەۋلەشكەن ئۈزۈك تاۋۇشلار دائىرىسىدە تۇرۇپ ئاز-تولا لەۋلىشىپ ئېيتىلىدىغانلىغى تالاشسىز مەسىلە. ئەمما "ئا" تاۋۇشىنىڭ بۇنىڭدەك ئايرىم فونېتىكىلىق شارائىتلار نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان لەۋلەشكەن ئاھاڭى ھەقىقەتتە ئايرىم ئېيتىلغاندىكى لەۋلەشكەن "ئو" تاۋۇشىنىڭ دەرىجىسىدە ئەمەس. يەنى، "ئا" تاۋۇشىنىڭ بۇنىڭدەك ھەر خىل پوزىيەلەرگە باغلىق پەيدا بولىدىغان ئاھاڭلىرى "باش، بەش، بوش" سۆزلىرىدە قوللىنىدىغان "ئا، ئە، ئو" تاۋۇشلىرى ئوخشاش سۆزدە مەنە پەرقلەنگۈدەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى "ئا" شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان تاۋۇش تىپىنىڭ ئىنچىكە، قېلىن ياكى لەۋلەشكەن ئاھاڭلىرى پەقەت نۇتۇق ئېقىمى جەريانىدا يۈز بېرىدىغان ھەر خىل شارائىتلار نەتىجىسىدىلا بارلىققا كېلىدۇ؛ "ئا" تاۋۇشىنىڭ بۇنىڭدەك ئاھاڭلىرى تىلدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تاۋۇش سۈپىتىدە ھېچقاچان قوللىنىلمايدىغانلىغى ئۈچۈن تىلدا ئايرىم سۆز ۋە مورفېمىلارنىڭ مەنىسىنى پەرق قىلىشتا ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق.

ھەرھالدا، "باۋاق، ماماي، باۋاي" سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بوغۇمى تەركىۋىدىكى "ئا" تاۋۇشىنىڭ ھازىرقىدەك "بوۋاق، موماي، بوۋاي" شەكلىدە يېزىلىشى "ئا" تاۋۇشىنىڭ مەلۇم پوزىتسىيىگە باغلىق لەۋلەشكەن ئاھاڭى بولىدىغانلىغىغا ياخشى ئىسپات بولالايدۇ.

دېمەك، نۇتۇق ئېقىمى (يەنى فوناتسىيە) جەريانىدا ئۆزئارا فىزىكىلىق جەھەتتىن ئاز-تولا پەرقلىنىدىغان تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مەنە ئىپادىلەپ، سۆز تەشكىل قىلالمايدۇ. تاۋۇشلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدەك ھەر خىل ئاھاڭلىرى پەقەت ئايرىم مەنىلىك سوزلەرنى تۈزۈشكە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىلا بولۇشى مۇمكىن.

تىلدىكى يەنىمۇ باشقا تاۋۇشلارغا قارىمۇ-قارشى قويۇلۇپ، تىلدا سوز ياكى مورفېملارنىڭ مەنىسىنى پەرقلەش خىزمىتىنى ئاتقۇرىدىغان بۇنىڭدەك تاۋۇش تىللىرى ئادەتتە فونېما دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمما، فونېما سوز ۋە مورفېملارنىڭ مەنىسىنى پەرقلەيدۇ دېگەندە بىز ئۇنىڭ كونكرېت مەنىگە بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمايدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەك. كونكرېت مەنىدىن ئابستراكتلاشقان تاۋۇش پەقەت سوز ۋە مورفېملارنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ قوللىنىلغان ھالدىلا مەنىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. سوز ۋە مورفېملاردىن خالى تۇرۇپ ئېيتىلغان ھەرقانداق تاۋۇش تەبىئەتتىكى ئاددى بىئولوگىيىلىك تاۋۇشقا ئوخشاش ھېچبىر مەنىگە ئىگە بولالمايدۇ.

فونېملارنىڭ بۇنىڭدەك ھەرخىل ئاھاڭلىرىنى، ئادەتتە، ئالاھىدە زەڭ قويۇپ تىڭشىغان ھالدىلا بىر-بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇلارنى بىز ئاڭ-سىزىمىمىزدە ”ئا“ شەكلىدىكى پەقەت بىرلا تاۋۇش تىپى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىمىز.

تاۋۇشلارنىڭ ھەرخىل فونېتىكىلىق شەرت-شارائىتلارغا باغلىق پەيدا بولغان ۋە مەلۇم ئارتىكۇلياتسىيە-ئاكۇستىكىلىق بەلگىلەر بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ، تىلشۇناسلىق ۋەزىپىلىرى نەزىرىدىن مەلۇم بىر تاۋۇش تىپى ئەتراپىغا توپلانغان تۈرلىرى فونېملارنىڭ ئاھاڭلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرقانداق تىلنىڭ فونېما تەركىۋى قەدىمدىن بېرى ھېچ ئۆزگىرىشسىز كېلىۋاتقان ھادىسە ئەمەس. ئەكسىچە، تىلدىكى فونېملار شۇتىلنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدا ئاز-تولا بولسىمۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئۆزگىرىش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر

تەرەپتىن نۇتۇق ئېقىمى جەريانىدىكى ھەر خىل سەۋەپلەر نەتىجىسىدە فونېمىلارنىڭ قانداقتۇ بىر يېڭى ئاھاڭلىرى پەيدا بولىدۇ ياكى يوقىلىدۇ؛ ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، تىلدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە تاۋۇشلارنىڭ ئايرىم ئاھاڭلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل فونېمىغىمۇ ئايلىنىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىدە تىلدىكى ئايرىم ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە بىر فونېمىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيىسى ئۆز ئارا يېقىن ئىككىنچى بىر فونېمىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيىسىگە قوشۇلۇپ، پەقەت بىرلا تاۋۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدا قىسمەن بۇنىڭدەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى بىر تارىخىي دەۋرلىرىدە پەيدىن-پەي ۋە ناھايىتى گىجىڭلىق بىلەن يۈز بەرگەن ھەر خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئارتىكۇلياتسىيەلىك تەبىئىتى بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن كېلىپ قېلىن ”بى“ (b) ۋە ئىنچىكە ”ئى“ (i) تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزئارا ئاستا-ئاستا يۇغۇرۇلۇشۇپ، بىرىكىش ئۆزگىرىشىگە ئۇچرىشى ھازىرقى قېلىن ھەم ئىنچىكە تومۇرلاردا بىردەك قوللىنىلىدىغان سۈس ”ئى“ تاۋۇشىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ئاھاڭداشلىق نەزىرىدىن بىر-بىرىگە جور كېلىپ ”بى“ ۋە ئىنچىكە ”ئى“ تاۋۇشلىرىنىڭ بۇنىڭدەك بىرىكىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان مەزكۇر ”خالىس“ (سۈس) سوزۇق تاۋۇش ئۆز نۆۋىتىدە تىلىنىڭ پۈتكۈل تاۋۇش سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك تەسىر قىلىپ، تىلدىكى فونېما ۋە فونېما ئاھاڭلىرىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىرىغا خېلى چوڭ تەسىر قىلماقتا.

ئۇيغۇر تىلىدا كېيىنكى بىر تارىخىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان ”ئې“ تاۋۇشىمۇ قىسمەن تىلدىكى مانا شۇنىڭدەك ھەر خىل ئۆزگىرىش-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

— دېمەك، تىلنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش ئۇنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈمىمۇ تىل تارىخىدا بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى مۇمكىن.

## II. نۇتۇق ئاپاراتى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتى

### 3. نۇتۇققا ماناسىۋەتلىك ئورگانلار ھەققىدە

بىئولوگىيىلىك نەزەردىن ئېلىپ قارىغاندا نۇتۇق تاۋۇشلىرى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە توغرىدىن-توغرا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن بىرىدۇر. بۇنىڭ مۇرەككەپلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قانداقتۇر بىر نۇتۇق تاۋۇشى پەيدا بولغاندا نېرۋا ئېنېرگىيىلىرى تاۋۇش سۈپىتىدە مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ۋە ئەكسىچە، تاۋۇش شەكلىدىكى بۇ مېخانىكىلىق ئېنېرگىيە تاۋۇش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇ يېڭىۋاشتىن نېرۋا ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، نېرۋا ئېنېرگىيىسىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن ۋە نۇتۇق ئاپاراتىنىڭ خىزمىتى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان نۇتۇق تاۋۇشىنىڭ ئەينى ئۆزى ئىككىنچى بىر ئاڭلىغۇچى كىشىنىڭ ئاڭ-سېزىمىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

نۇتۇق تاۋۇشىنىڭ قۇلاقتىكى نېرۋىلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەركەزگە قاراپ ھەرىكەتلىنىدىغان نېرۋا كاناللىرى ئارقىلىق باش مېڭىگە يېتىپ بېرىشى پەقەت قۇلاق ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. باش مېڭە ھەرىكىتىنىڭ مەركەزدىن ھەرىكەتلىنىدىغان نېرۋا

كانالlار ئارقىلىق سوزلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا كېلىپ، ئۇلارنى ھەرخىل ھەركەتلەندۇرۇشى نەتىجىسىدە نۇتۇق ئېلېمېنتى — ئايرىم تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئومۇمەن نۇتۇققا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئاڭلاش (يەنى تاۋۇش قوبۇل قىلىش) ئورگانلىرى ۋە تاۋۇش ھاسىل قىلىش ئورگانلىرى بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

ئادەتتە بۇلارنىڭ ئىچىدىن تاۋۇش ھاسىل قىلىدىغان ئورگانلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى پۇختا بىلىش چوڭ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى نۇتۇق ئاپاراتىنىڭ ئاناتومىيە-مېخانىكىلىق تەبىئىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، نۇتۇق ئاپاراتىنىڭ خىزمىتى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان تاۋۇشلارنىڭ ھەرخىل ئاكۇستىكىلىق پەرقلىرىنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

## 4. تاۋۇش ھاسىل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار

نۇتۇق جەريانىدا ئاتقۇرىدىغان خىزمىتىگە قاراپ تاۋۇش ھاسىل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك نۇتۇق ئورگانلار ئۈچكە بولۇنىدۇ: نەپەس ئورگانلىرى، بوغۇز ۋە تاۋۇش تۇگۇچلىرى، ئېغىز بوشلۇغى.

### A. نەپەس ئورگانلىرى

نەپەس ئورگانلىرى ئاساسەن نەپەس يوللىرى تراخېيا① ۋە

① تراخېيا — گىرېكچە tpacheloc (بوغۇز، تاماق، كانايى) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆپكىدىن ئىبارەتتۇر. تۇگمە شەكىلدىكى كومۇچەكلەردىن تۈزۈلگەن ئىچى بوش كاناي تراخېيا دەپ ئاتىلىدۇ. تراخېيادىن ئۆپكىنىڭ ئوڭ ھەم سول كانالىرىغا ئاچىلاشقان يوللار برونخىلار دەپ ئاتىلىدۇ. برونخىلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۆپكىگە خۇددى شاخ ئارىغان دەرەخ ئاچىلىرىغا ئوخشاش پارغانسىرى ئۇششاقلىشىدىغان ناھايىتى ئۇششاق تارماقلار-غا — چىش ئوقۇرى تاۋۇشلۇق يوللارغا بولۇنۇپ كېتىدۇ.

ئۆپكىنىڭ نورغۇنلىغان تۇرۇپكىلاردىن تۈزۈلۈشى ھاۋانىڭ ئۇنىڭدا ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشىغا قولايلىق شارائىت بېرىدۇ. ئۆپكىنىڭ ئاستىنقى قىسمى دىئافراگمىغا (يەنى ئۇچەي-قېرىنلاردىن ئۆپكىنى بولۇپ تۇرىدىغان پەردىگە)، ئەمدى ئۇنىڭ يانلىرى بولسا، قوۋۇر-غىلارغا تېگىپ تۇرىدۇ. نەپەس ئېلىش ۋە نەپەس چىقىرىش ۋاقتىدا دىئافراگما بىلەن قوۋۇرغىلارنى ئۈزلۈكسىز ھەركەتلەندۈرىدىغان بۇلجۇڭ گوشلەر بىردە قىسقىراپ، بىردە ئۇزىراپ، بىردە تارىيىپ ۋە بىردە كېڭىيىپ ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ.

نەپەس ئالغاندا ئۆپكىدىكى ھاۋانىڭ بېسىمى تاشقى ئاتموسفىرا




1 ـ رەسىم. نەپەس ئاپاراتى:
1 ـ قالقان شەكىلدىكى كومۇچەك؛
2 ـ ئويماق شەكىلدىكى كومۇچەك؛
3 ـ نەپەس يولى ياكى تراخېيا؛
4 ـ برونخىلار؛ 5 ـ برونخىلار تار-ماقلىرىنىڭ ئاخىرقى ئاچىلىرى؛
6 ـ ئۆپكىنىڭ يۇقۇرقى ئۇچلىرى؛
7 ـ ئۆپكىنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

بېسىمىدىن كۆچلۈكرەك بولۇپ، ئۇ كۆچ بىلەن سىرتقا تېپىدۇ. نەتىجىدە نەپەس چىقىرىدۇ. ئۆپكىدىن چىققان نەپەس ئېقىمى بوغۇزغا ۋە ئاندىن كېيىن ئېغىز بوشلۇغىغا كېلىپ، ھەر خىل شارائىتلارغا قاراپ مۇزىكىلىق تون (ئۇن) ياكى شاۋقۇن پەيدا قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، نەپەس ئاپاراتى نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ (ئۇن ياكى شاۋقۇننىڭ) پەيدا بولۇشىغا كېرەكلىك ھاۋانىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ شۇنداقلا ھاۋا ئېقىمىنى ئىچكىرىگە ياكى سىرتقا چىقىرىدىغان كۈۋرۈك خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ.

## ھ. بوغۇز ۋە تاۋۇش تۇگۇچلىرى

تراخېيانىڭ كېڭەيگەن يوقۇرقى قىسمى بوغۇز دەپ ئاتىلىدۇ. بوغۇز بىرنەچچە كومۇچەكلەردىن ئىبارەت. ئۇلار ئاساسەن مونۇلار: ئا) ئۈزۈك شەكلىدىكى كومۇچەك، ئە) قالقان شەكلىدىكى كومۇچەك، ب) چومۇچ شەكلىدىكى كومۇچەكلەر، ۋ) تاۋۇش تۇگۇچلىرى.

ئا) ئۈزۈك شەكلىدىكى كومۇچەك تراخېيانىڭ دەسلەپكى تۇگىسى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، بوغۇزنىڭ باشقا قىسىملىرىغا تىرەك ئاساس بولىدۇ.

ئە) قالقان شەكلىدىكى كومۇچەك تۆت بۇلۇڭ ئوخشاش كەلگەن ئىككى تېپىز كومۇچەكتىن تۈزۈلىدۇ. بۇ قىڭغىر تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى ئىككى كومۇچەك ئۆزئارا غاز قانات شەكلىدە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى كېكىرتەكنىڭ سىرتىدا تووۇق شەكلىدە چىقىپ تۇرغان ئىددىق دوگىنى ھاسىل قىلىدۇ.

قالقان شەكلىدىكى كومۇچەك ئارقىسىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە تووەن قاراپ تۇرغان ئىككى قىسقا ئۇچ ۋە ئۈستىنكى تەرىپىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقۇرى قارىغان ئىككى ئۇزۇن ئۇچ جايلاشقان. قىسقا ئۇچلار قالقان شەكىلدىكى ۋە ئۈيماق شەكىلدىكى كومۇچەكلەرنى بىر-بىرسى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. ئەمدى ئۇزۇن ئۇچلار بولسا، تىل ئاستىدىكى سوڭەك-لەرنىڭ ئىككى ئۇچىغا بىرىپ تۇتاشقان.

ب) چومۇچ شەكىلدىكى كومۇچەكلەر ئۈيماق شەكىلدىكى كومۇ-چەكلەرگە بىرنەچچە ئۇششاق مۇسكۇللار ئارقىلىق تۇتاشقان بولۇپ، ئۇلار نۇتۇق جەريانىدا ھەر خىل ھەركەتلەرگە كىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان مۇسكۇل ۋە تۇگۇچلەر بىلەن ئۆزئارا باغلانغان مانا مۇشۇ كومۇچەكلەر قوشۇلۇپ، خۇددى (ۋورونكا) ئوخشاش ئاغزى كەڭ تۇرۇپكا ھاسىل قىلىدۇ. بوغۇزنىڭ بۇ كەڭ ئاغزىدا بوغۇز قاپ-




2-رەسىم. بوغۇز كومۇچەكلىرى:
1-قالقان شەكىلدىكى كومۇچەك؛
2-بوغۇز قاپقىسى؛
3-ئۈيماق شەكىلدىكى كومۇچەك (ئالدىدىن قارىغاندا)؛
4-ئۈيماق شەكىلدىكى كومۇچەك (كەينىدىن قارىغاندا)؛
5-چومۇچ شەكىلدىكى كومۇچەكلەر.




3-رەسىم. بوغۇز:

ئا. بوغۇزنىڭ ئالدىدىن قارىغاندىكى كورۈنۈشى: 1 - قالقان شەكىلدىكى كومۇچەك؛ 2 - ئۈزۈك شەكىلدىكى كومۇچەك؛ 3 - تىل ئاستى سوڭەك؛ 4 - قالقان شەكىلدىكى كومۇچەكنى تىل ئاستى سوڭەككە باغلىغۇچى دانىكار؛ 5 - ئۈزۈك شەكىلدىكى كومۇچەكنى قالقان شەكىلدىكى كومۇچەككە باغلىغۇچى دانىكار؛ 6 - نەپەس يولى ياكى تراخىيا.

ب. بوغۇزنىڭ كەينىدىن قارىغاندىكى كورۈنۈشى: 1 - قالقان شەكىلدىكى كومۇچەك؛ 2 - ئۈزۈك شەكىلدىكى كومۇچەك؛ 3 - قالقان شەكىلدىكى كومۇچەكنىڭ يۇقۇرقى ئۇچلىرى؛ 4 - قالقان شەكىلدىكى كومۇچەكنىڭ تۆۋەنكى ئۇچلىرى؛ 5 - چۆمۈچ شەكىلدىكى كومۇچەكلەر؛ 6 - بوغۇز قاپقىسى؛ 7 - تراخىيانىڭ ئارقا قىسمى.

قىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ بۆلۈك شەكىلدىكى كومۇچەك جايلاشقان.

پ) نۇتۇق ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم قىسىم تاۋۇش تۇگۇچلىرىدۇر. چۈنكى ھەرقانداق تاۋۇش پەقەت تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ تىترىشى

تۇگۇچلىرى دەپ ئاتىلىدىغان گوشلۇك مۇسكۇل قاتلاملىرى جايلاشقان. ئادەتتە ئاۋاز پەيدا بولۇشىغا يالغان تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ توغرىدىن ـ توغرا مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاساسەن غىزا يۇتۇش جەريانىدىكى ھەركەتلەر ۋە غىزانىڭ ئۆپكىگە كەتمەسلىكىگە توسالغۇلۇق قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ.




4 ـ رەسىم. بوغۇزنىڭ ئۇزۇنىغا كېسىلگەندىكى كۆرۈنۈشى:

1 ـ ھەقىقى تاۋۇش تۇگۇچلىرى؛ 2 ـ تاۋۇش مۇسكۇلى؛ 3 ـ يالغان تاۋۇش تۇگۇچلىرى؛ 4 ـ قالقان شەكىلدىكى كومۇچەك؛ 5 ـ ئويماق شەكىلدىكى كومۇچەك؛ 6 ـ تراخىيانىڭ ئالدىنقى يېنى.

ئەمما ئايرىم ھاللاردا يالغان تاۋۇش تۇگۇچلىرى زەخىملەنگەن ھەقىقى تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئاتقۇرۇشى مۇمكىن.

نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. تاۋۇش تۇگۇچلىرى بىر-بىرىسىگە قارىمۇ-قارشى جايلاشقان ئىككى ئەۋرىشىم مۇسكۇلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بوغۇز ئۈستىگە توغرىسىغا تارتىلغان.

بوغۇزنىڭ ئىچى تەرىپىگە خۇددى ئوتتۇققاندەك پۈلتىيىپ چىقىپ تۇرغان بۇ ئىككى مۇسكۇلنىڭ قاتلاملىرى ھەقىقى تاۋۇش تۇگۇچلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋاز پەيدا بولۇشىدا تەشكىلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ھەقىقى تاۋۇش تۇگۇچلىرىدىن سەل ئۈستۈنرەكتە يالغان تاۋۇش مۇنداق شارائىتتا بوغۇزدا بوغۇق ۋە خىرىلدىغان ئاۋاز پەيدا بولىدۇ.

چومۇچ شەكىلدىكى كومۇچەكلەرنىڭ ھەركەتلىنىشىگە قاراپ ھەقىقى تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ ئارىلىغىدىكى تاۋۇش چىقىرىش ئارىلىغى دەپ ئاتىلىدىغان بوشلۇقمۇ ھەر خىل شەكىلدە ئۆزگىرىدۇ.




5 - رەسىم. بوغۇزنىڭ توغرىسىغا كېسىلگەندىكى كۆرۈنۈشى:

1 - قالقان شەكىلدىكى كومۇچەك؛
2 - چومۇچ شەكىلدىكى كومۇچەكلەر؛
3 - تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ يانلىرى؛
4 - تاۋۇش چىقىرىدىغان يوچۇق.

ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تەسىرى بىلەن تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ تىترىشى نەتىجىسىدە قانداقتۇر بىر تاۋۇشنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن ھاۋانىڭ بوغۇزدىن قىسىلىپ ئۆتۈشى ۋە تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ ئۆزئارا ئاز-تولا يېقىنلىشىشى ياكى يىراقلىشىشى شەرتتۇر. تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ بۇنىڭدەك ئۆزئارا يېقىنلىشىش ۋە يىراقلىشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەركىتى سوزلەش جەريانىدا ناھايىتى تېز ۋە چاپسانلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بوغۇزدىن ھاۋا ئېقىمى ئارقا-ئارقىدىن بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ چىقىۋاتقان تاۋۇش دولقۇنىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاۋازنىڭ ئېگىز (ئىنچىكە ۋە زىل) ياكى تۆۋەن (يوغان ۋە بوغۇق) بولۇشى قىسمەن تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ مانا شۇنداق ھەر خىل ھەركەتلىرىگە باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ يوغان ئاۋاز (ھەممىدىن تۆۋەن باس) ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ سېكۇنتىغا 81 قېتىم (ئايرىم ھاللاردا ھەتتا 72.5 قېتىم) تىترىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. ھەممىدىن ئىنچىكە ئاۋاز (ھەممىدىن ئېگىز) تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ تەخمىنەن سېكۇنتىغا 1034 قېتىم (ئايرىم ھاللاردا 1303 قېتىمغىچە) تىترىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.




6 ـ رەسىم. تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ ھەرخىل ھالىتى:
1 ـ يېپىق ھالەت؛ 2 ـ تاۋۇش چىقىرىش ھالىتى؛
3 ـ پىچىرلاپ تاۋۇش چىقىرىش ھالىتى؛
4 ـ نەپەس چىقىرىش ھالىتى؛ 5 ـ نەپەس ئېلىش ھالىتى.

ئەر كىشىلەر ئاۋازىنىڭ يوغان ۋە ئايال كىشىلەر ئاۋازىنىڭ ئىنچىكە بولۇشى ئاساسەن تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا باغلىق. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئادەتتە ئەر كىشىلەرنىڭ تاۋۇش تۇگۇچلىرى ئايال كىشىلەرنىڭ تاۋۇش تۇگۇچلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئۇزۇنراق بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تاۋۇش تۇگۇچلىرى بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ،

قىسىلغان بولسا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تاۋۇش تۇگۇچىلىرىنى رىتىم-
لىق ھالدا (يەنى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن) تەكرارلاپ تىترىشى
نەتىجىسىدە مۇزىكىلىق تون پەيدا بولىدۇ. تاۋۇش تۇگۇچىلىرى
بۇنىڭدەك رىتىملىق تىترىمىگەن ھالدا شاۋقۇن پەيدا بولىدۇ.
تىلشۇناسلىق ئىلمىدە قوللىنىلىدىغان مۇزىكىلىق تون ۋە شاۋقۇن
دېگەن چۈشەنچىلەر تىلدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دېگەن
چۈشەنچىلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ.
بوغۇزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۇتۇق جەريانىدا تاۋۇش ھاسىل
قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## B. ئېغىز بوشلۇغى

ئېغىز بوشلۇغى بوغۇز، ئېغىز ۋە بۇرۇن بوشلۇقلىرىدىن ئىبارەت-
تۇر. تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىدا بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئېغىز بوش-
لۇغى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، تاۋۇشلارغا ھەرخىل تۈس
بېرىپ رېزوناتور* شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كېلىدىغان تىل،
لەۋلەر، يۇمشاق تاڭلاي، ئاستىنقى ئېڭەك مانا مۇشۇ ئېغىز بوشلۇ-
غىدا جايلاشقان.
ئېغىز بوشلۇغى شەكلىنىڭ ۋە ھەجمىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشىدە
تىل ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. تىل يان ياققا تارالغان نۇرغۇنلىغان
بۇلجۇڭ گوشلەردىن تۈزۈلگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل
ماسسىسى بىلەن ياكى ئايرىم بىر قىسمى بىلەن تۈرلۈك ھالەت ۋە
ھەرىكەتكە كېلىدۇ.
تىلنىڭ بۇنىڭدەك ئەۋرىشىملىگى نەتىجىسىدە ئېغىز بوشلۇغىدا

---

* رېزوناتور — تاۋۇشنى كۈچەيتىپ بەرگۈچى ئەسۋاپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



7 ـ رەسىم. يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەن ساڭگىلىغان ھالدا باشنىڭ ماڭلايدىن قاق يېرىلغان ھالدىكى كۆرۈنۈشى:

I ـ ئېغىز بوشلۇغى؛ II ـ ھالقۇم ياكى فارىنكس؛ III ـ بۇرۇن بوشلۇغى؛ IV ـ بوغۇز. 1 ـ نەپەس يولى ۋە تاۋۇش تۇگۇچلىرى ئارىلىغىدىكى يوچۇق؛ 2 ـ ئۈيماق شەكلىدىكى كومۇچەك؛ 3 ـ قالقان شەكلىدىكى كومۇچەك؛ 4 ـ تىل ئاستى سوڭەك؛ 5 ـ بوغۇز قاپقىسى (نادگور تانىنىك)؛ 6 ـ تىل؛ 7 ـ ئاستىنقى چىش؛ 8 ـ ئاستىنقى لەۋ؛ 9 ـ ئۈستىنكى لەۋ؛ 10 ـ ئۈستىنكى چىش؛ 11 ـ قاتتىق تاڭلاي؛ 12 ـ يۇمشاق تاڭلاي؛ 13 ـ بادام شەكلىدىكى بەز؛ 14 ـ كىچىك تىل.

تاۋۇشلار ھەر خىل تۈس ئالىدۇ. ئېغىز بوشلۇغىدا تىل ئۆۋزىنىڭ ھەر خىل ھالىتى ۋە ھەر خىل ھەرىكىتى نەتىجىسىدە سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا قاتنىشىدۇ. ئېغىز بوشلۇغىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمى تىلنىڭ ۋەزىيىتىگە، لەۋلەر بىلەن ئاستىنقى ئىڭەكنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

**تىل.** ئادەتتە نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ئورنىغا قاراپ تىل ئۈچكە بولۇنىدۇ: 1) تىل ئۇچى (تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى)، 2) تىل ئوتتۇرىسى (تىلنىڭ ئوتتۇرىدىكى قىسمى)، 3) تىل كەينى (تىلنىڭ ئارقا قىسمى).

نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئالدىنقى چىشلارغا جىپسىلىشىپ تۇرۇشى ياكى ئۇنىڭغا جىپسىلاشماي، داجىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ھاۋا ئېقىمى تىلنىڭ چىشلارغا جىپسىلىشىشىنى يېرىپ ئوتۇشى نەتىجىسىدە پارتلىغۇچى تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ. تىل بىلەن چىشلار جىپسىلاشماي، ھاۋا ئېقىمى ئۇلارنىڭ ئارىلىغىدىن سىرىلىپ ئوتكەن ھالدا سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ.

**لەۋلەر.** ئېغىز بوشلۇغىنىڭ ئالدىنقى قىسمى يۇقۇرقى ۋە تۆۋەنكى لەۋلەر، ئاستىنقى ۋە ئۈستىنكى چىشلار بىلەن چەكلىنىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئېغىز بوشلۇغىدا ياسىلىشىدا لەۋلەر ۋەزىيىتىنىڭ ھەر خىل بولۇشى شۇنداقلا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئەگەر لەۋلەرنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى بولمىغان شارائىتتا تىلىمىزدىكى "ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ" ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋە "ب. پ. ۋ، م" ئوخشاش ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ياساش مۇمكىن بولمىغان بولار ئىدى.

**تاڭلاي.** تاڭلاي ئېغىز بوشلۇغىنىڭ ئۈستۈنكى چېكى بولۇپ، ئۇ ئىككى بوشلۇقنى — ئېغىز بوشلۇغى بىلەن بۇرۇن بوشلۇغىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. تاڭلاي ئالدىنقى ۋە ئارقا قىسىملاردىن ئىبارەت. تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمى قاتتىق تاڭلاي ۋە ئارقا قىسمى يۇمشاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



8 ـ رەسىم. يۇمشاق تاڭلاي يۇقۇرى كوتىرىلگەن هالىدا باشنىڭ ماڭلايدىن قاق يېرىلغاندىكى كورۇنۇشى:

ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلار: ل ــ لەۋلەر؛ ئا ــ تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى؛
م ــ تىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى؛ ر ــ تىلنىڭ ئارقا قىسمى؛
ي ــ تىلنىڭ تۇۋى؛ ئۇ ــ كىچىك تىل؛ ۋ ــ يۇمشاق تاڭلاي؛
غ ــ هالقۇمنىڭ ئارقا يېنى.

پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلار: د ــ يۇقۇرقى كۇرەك چىشلارنىڭ ئۇستىنكى قىسمى؛ ئې ــ يۇقۇرقى كۇرەك چىشلارنىڭ ئارقا قىسمى؛
ت ــ ئالۋېئوللار؛ گ ــ قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمى؛
خ ــ تاڭلاينىڭ ئوتتۇرىسى؛ ئى ــ يۇمشاق تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمى؛ ج ـ يۇمشاق تاڭلاينىڭ ئارقا قىسمى.

تاڭلاي دەپ ئاتىلىدۇ. قاتتىق تاڭلاي تەخمىنەن ئاخىرقى ئېغىز چىشلار بىلەن چەكلىنىدۇ. قاتتىق تاڭلايدىن كېيىن يۇمشاق تاڭلاي (ياكى تاڭلاي پەردىسى) جايلاشقان. يۇمشاق تاڭلاي بىرقانچە ئۇششاق بۇلجۇڭ گوشلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى كىچىك تىل بىلەن تۈگەيدۇ.

يۇمشاق تاڭلاينىڭ ھەر خىل ھەركەتلىرى نەتىجىسىدە تاۋۇشلار-نىڭ قىسمەن دىماق ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلىشى بارلىققا كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئېغىز بوشلۇقىدا جايلاشقان ھەممە ئورگانلار ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك خىزمەت ئاتقۇرىدۇ.

1) نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ ھەر خىل ھەركەتلىرى نەتىجىسىدە ئېغىز بوشلۇقىدا ھاۋا ئېقىمى بىرەر توسقۇنلۇققا دۇچار بولۇپ، شاۋقۇن پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار ياسىلىدۇ.

2) ھاۋا ئېقىمى ھېچبىر توسالغۇغا دۇچار بولماي، نۇتۇق ئور-گانلىرىنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ئېغىز بوشلۇقىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمى ئۆزگىرىپ، سوزۇق تاۋۇشلار ياسىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئېغىز بوشلۇقى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەر خىل تۈس ئېلىشىغا بىردىن-بىر مۇھىم رېزوناتور خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ.

**بۇرۇن بوشلۇقى.** بۇرۇن بوشلۇقى ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئۈستىدە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تاڭلاي ئارقىلىق بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ. يۇمشاق تاڭلاي تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرغاندا ھاۋا ئاساسەن ئېغىز بوشلۇقى ۋە قىسمەن بۇرۇن بوشلۇقى ئارقىلىق ئۆتىدۇ. تاۋۇش تۈگۈچلىرىنى تىترىتىپ ئۆتكەن ھاۋا ئېقىمى بۇرۇن بوشلۇقى ئار-قىلىق ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا تاۋۇشلار ئالاھىدە دىماق ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلىدۇ. نەتىجىدە ”م، ن، ڭ“ ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلار ياسىلىدۇ. بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ شەكلى ھەرقاچان بىر خىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ توغرىدىن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرا مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ پەقەت تاۋۇشلارنىڭ ئالاھىدە دىماق ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلىشىغا قاتنىشىدۇ.

**ئاستىنقى ئىڭەك.** ئېغىزنىڭ كەڭ ياكى تار ئېچىلىشى ئاستىنقى ئىڭەكنىڭ ھەركىتىگە باغلىق بولىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئېغىز كەڭ ئېچىلىدۇ، يەنى ئاستىنقى ئىڭەك تۆۋەن چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاستىنقى ئىڭەك تۆۋەن چۈشمەي، مەلۇم دەرىجىدە يۇقۇرى كۆتىرىلىدۇ.

## 5. ئاكتىپ ۋە پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلار

نۇتۇق ئورگانلار تاۋۇش ياساشتىكى خىزمىتىگە قاراپ ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئورگانلار بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە ھەركەتچان نۇتۇق ئورگانلار — تاۋۇش تۇگۇچلىرى، ھالقۇمنىڭ ئارقا قىسمى، كىچىك تىل، يۇمشاق تاڭلاي، تىلنىڭ ئالدىنقى، ئوتتۇرا ۋە ئارقا قىسىملىرى، ئاستىنقى ئىڭەك ۋە لەۋلەر ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلار تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا ھاجەتلىك ھەر خىل ھەركەتلەرنى ئاتقۇرىدىغان بولغاچقا، تىلدا ئۇلار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئايرىم نۇتۇق ئورگانلارنىڭ، جۈملىدىن ئۈستۈنكى ئىڭەك، قاتتىق تاڭلاي، ئالۋېئولىلار، چىشلار ۋە بۇرۇن بوشلۇغىنىڭ تاۋۇش ياسىلىشىغا كىرەكلىك بىرەر ھەركەت قىلىشقا ئېيتقىدەك چوڭ مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭدەك ھەمىشە بىر شەكىلدە ئۆزگەرمەيدىغان پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلار ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلارغا نىسبەتەن تىلدا پەقەت ياردەمچى رول ئاتقۇرىدۇ. مەسىلەن: ت ئۈزۈك تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى (يەنى ئاكتىپ نۇتۇق ئورگان)

ئۈستۈنكى كۆرەك چىشلار (يەنى پاسسىپ نۇتۇق ئورگان) بىلەن جىپسىلىشىپ، ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ياسىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ تاۋۇشنى ئىككىنچى بىر پاسسىپ نۇتۇق ئورگان — قاتتىق تاڭلايدا ئېيتىدىغان بولساق، "ت" تاۋۇشىدىن جىددى پەرقلىنىدىغان ئىككىنچى بىر تاۋۇش ياسالماي، ئەكسىچە، ئۇنىڭ پەقەت بىزگە "كەمتۈك" ئاڭلىنىدىغان ئىككىنچى بىر ئاھاڭلا ياسىلىدىغانلىغىنى بايقايمىز. تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىشىدا پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلار تىلدا پەقەت ياردەمچى خىزمەت ئاتقۇرىدۇ دەپ ئېيتىدىغان سەۋىۋىمىز مانا شۇنىڭدىن.

نۇتۇق ئورگانلىرىنى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ دەپ بۆلۈشنىڭ ئىككىگە بولۇپ قاراشنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئادەتتە تىلدىكى تاۋۇشلار پەقەت ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلارنىڭ نۇتۇق جەريانىدىكى خىزمىتى ئاساسىدىلا تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ.

## 6. سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئاكۇستىكا - ئارتىكۇلياتسىيەلىك پەرقلىرى

تىلدىكى تاۋۇشلار سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار بولۇپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى بۇنىڭدەك ئىككىگە بۆلۈش پىرىنسىپى ئۇلارنىڭ ئاكۇستىكا - ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلانغان بولىدۇ.

مەلۇمكى، پەقەت سوزۇق تاۋۇشلارنى ياكى پەقەت ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان "مەخسۇس" نۇتۇق ئورگانلار يوق. شۇنداقلا، پەقەت نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغىلا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس ئورگانلارمۇ يوق. شۇڭلاشقا نۇتۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاۋۇشلىرىنىڭ ياسىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئورگانلار كىشىلەر ھاياتىدا ھەر خىل فىزىئولوگىيەلىك خىزمەتلەرنى ئاتقۇرىدۇ (مەسىلەن، نەپەس ئېلىش، غىزا يۇتۇش ۋ. ب.). قىسقىسى، تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئاكتىپ ۋە پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلارنىڭ خىزمىتى ھەتتا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ بىر خىل ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. بۇنى بىز سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا تۆۋەندىكى ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلەر بىلەن پەرقلىنىشىدىن ئوچۇق كۆرىمىز.

سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئۇلارنىڭ فونېماتىكىلىق ۋەزىپىلىرى نەزىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا، سوزۇق تاۋۇشلار — بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇشلار، ئۈزۈك تاۋۇشلار — بوغۇم ھاسىل قىلمايدىغان تاۋۇشلار بولۇپ سانىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىرەر سوزۇق تاۋۇشنىڭ قاتنىشىشىسىز بوغۇم تۈزۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تىلدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا چېكىسىنى ئېنىقلاشنىڭ مەلۇم بىر ئاكۇستىكىلىق ئۆلچىمى يوق. ئەمما ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسەن مۇزىكىلىق تونلاردىن (ئاۋازدىن) تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۈزۈك تاۋۇشلار تەركىۋىدە مۇزىكىلىق تون تامامەن يوق ياكى يوقنىڭ ھېساۋىدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈزۈك تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشلارغا ئوخشاش مۇزىكىلىق توندىن ئەمەس، بەلكى شاۋقۇندىن ياسىلىدىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئارتىكۇلياتسىيەلىك بەلگىلىرى نەزىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا، سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار نۇتۇق ئاپاراتى خىزمىتىنىڭ قايسى قىسمى تولاراق ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى، يەنى ئۇنىڭ كۈچىنىش چېكىنىڭ ھەر خىل دەرىجىدە بولىدىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مانا مۇشۇ نەزەردىن ئېلىپ قارىغاندا، سوزۇق تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىدە ئۇلارنىڭ ياسىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇتۇق ئورگانلار

ھەممىدىن تولاراق كۆچىنىدۇ. ئەكسىچە، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ياسىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ كۆچىنىشى پەقەت تاۋۇش ئېغىز بوشلۇغىدا ياكى بوغۇزدا قانداقتۇ بىر توسالغۇلۇققا توقۇنۇشقان جايدىلا سېزىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىنىڭ، يەنى ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندىكى نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ بىر ــ بىرىگە يېقىنلىشىشى نەتىجىسىدە شاۋقۇن پەيدا بولىدىغان ئورنى ــــ جايى ئېنىق بولىدۇ. ئەكسىچە، سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئارتىكۇلياتسىيە ئاپاراتىنىڭ قايسى قىسمى مۇھىمراق ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ناھايىتى تەس. سوزۇق تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىدە ھەممە ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلار بىردەك كۆچىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىنىڭ مەلۇم بىر ئۆلچىمى بولمايدۇ.

فىزىئولوگىيەلىك جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، سوزۇق تاۋۇشلار ئېغىزنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش تۇگۇچلىرىنى تىترىتىپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئاۋاز ئېغىز بوشلۇغىدا ھېچبىر توسالغۇلۇققا دۇچار بولماي، ئەركىن چىقىدۇ. ئەكسىچە، ئۇزۇك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېغىز بوشلۇغىدا ياكى تاماقتا ھەرقانداق توسالغۇلۇقلارغا دۇچار بولىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن كەلگەن تاۋۇش چىقارغۇچى ھاۋا ئېقىمىنىڭ جىددىيلىگى (يەنى ئىتتىك، چاپسانلىق بىلەن ئۆتۈشى) ئۇزۇك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە قارىغاندا بىرقەدەر سۇس ۋە بىلىنەر ــ بىلىنمەس دەرىجىدە بولىدۇ.

سوزۇق ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەلىك ۋە ئاكۇستىكىلىق ئۆزئارا پەرقلىرى ئاساسەن مانا مۇشۇ ئومۇمى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## III. سوزۇق تاۋۇشلار (ۋوكالىزم)①

ھەرقانداق تىل ئۆزىگە خاس سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسىغا ئىگە. مەسىلەن، ھازىرقى ئۆزبەك تىلىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى 6 سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ تەقلىتتە ھازىرقى ئالتاي، قاراقالپاق، قىرغىز، قۇمۇق، تۈرك، شور، ياقۇت تىللىرى ـــ 8، ئەزەربەيجان، تۈركمەن ۋە چۇۋاش تىللىرى ـــ 9، باشقىرت، نوغاي ۋە تاتار تىللىرى ـــ 11، ئەمدى قازاق تىلى بولسا ـــ 12 سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان. ئەمما سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممە تىللار ئۈچۈن ئوخشاش ئومۇمىي بەلگىلىرى بار. ئۇ بەلگىلەر ئاساسەن مونۇلار:

ئا) ئاكۇستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، قايسى تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بولمىسۇن، ئۇلار ئاساسەن مۇزىكىلىق ئاۋازدىن ياسىلىدۇ.

ب) ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، سوزۇق تاۋۇشلار ھەممە تىللاردا ئېغىزنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بەزىدە "ئېغىز ئاچقۇچى تاۋۇشلار" دەپ ئاتىلىش سەۋەبى مانا شۇنىڭدىن.

تىلنىڭ پۈتكۈل سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسى (ئۇلارنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى) تىلشۇناسلىقتا ۋوكالىزم دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① ۋوكالىزم لاتىنچە vocalis (سوزۇق تاۋۇش) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

## 7. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈركۈملەرگە بولۇنۇشى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 8 سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇلار مونۇلار: ئا، ئە، ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ، ئې، ئى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، رۇس گىرامماتىكىسى ئاساسىدا ئېلىنغان ئىككى سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈچ گرافىما بار. ئۇلار مونۇلار: э ы ۋە ё، Ю، Я. شۇنداق قىلىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا* سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن ئون فونېما ۋە ئۈچ گرافېما قوللىنىلىدۇ*. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تۈركۈملەرگە بولۇنۇشى تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىدۇ:

ئا) تىل ئۇزىنىڭ ئالدىنقى قىسمى، ئوتتۇرا قىسمى ياكى ئارقا قىسمى بىلەن تاڭلايغا قاراپ ھەركەتلىنىشى نەزىرىدىن: تىلنىڭ گورىزونتال ياكى ۋېرتىكال ھالدا ھەركەتلىنىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. تىلنىڭ مانا بۇنىڭدەك ھەركەتلىرىگە قاراپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار: تىل ئالدى (ئالدىنقى قاتار، يۇمشاق ياكى ئىنچىكە) سوزۇق تاۋۇشلار — ئە، ئۆ، ئۈ؛ ئارىلىق (ئوتتۇرىلىق قاتار) سوزۇق تاۋۇشلار — ئې، ئى؛ تىل كەينى (ئارقا قاتار ياكى قېلىن) سوزۇق تاۋۇشلار — ئا، ئو، ئۇ بولۇپ بولۇنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئۇچى ئاستىنقى چىشلارنىڭ ئىچكىرىكى تەرىپىگە

---

* بۇ يەردە رۇس يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېگىپ، بىرئاز ئىلمەكلەنگەن هالدا قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ. ئەكسىچە، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل ئۇچى ئالدىنقى چىشلاردىن چېكىنىپ، تىلنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ.

تىلنىڭ تاڭلايغا قاراپ يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈش دەرىجىسىگە ياكى ئاستىنقى ئېڭەكنىڭ تۆۋەن چۈشۈشى نەتىجىسىدە ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىگە قاراپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار: تار (يېپىق) سوزۇق تاۋۇشلار ـــ ئى، ئۇ، ئۈ؛ ئارىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ـــ ئې، ئو، ئۆ؛ كەڭ (ئوچۇق) سوزۇق تاۋۇشلار ـــ ئا، ئە بولۇپ بولۇنىدۇ.

تار سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى تاڭلايغا قاراپ يۇقۇرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەكسىچە، كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى يۇقۇرى كۆتۈرۈلمەي، تىلنىڭ كەينى قىسمى بىرئاز پۈكلەنگەن هالدا بوغۇز تەرەپكە تارتىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئەمدى ئارىلىق سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇزىدا بولسا، تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى ئارقىغىراق ۋە ئالدىنقى قىسمى تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ.

ئە) لەۋلەرنىڭ ۋەزىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز جەريانىدىكى شەكلىگە قاراپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار: لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار ـــ ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ؛ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ـــ ئا، ئە، ئې، ئى بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋلەر دۈگىلەك شەكىلگە كېلىپ، بىرئاز ئىلگىرى سوزۇلىدۇ. ئەكسىچە، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋلەرنىڭ بۇنىڭدەك خىزمىتى تامامەن سېزىلمەيدۇ دېسىمۇ بولىدۇ.

ب) سوزۇق تاۋۇشلارنى تۈركۈملەرگە بولۇشتە ئۇلارنىڭ قېلىن-

ئۈنچىكە، لەۋلەشكەن ـ لەۋلەشمىگەن بولۇپ جۈپ ـ جۈپى بىلەن بولۇ-
نۇشىدىن تاشقىرى، سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىشتا كېرەكلىك
ۋاقىتنىڭ مىقدارىغا قاراپ ئۇلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرق قىلىنىشىمۇ
ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا سوزۇق تاۋۇشلار
ئادەتتە ئۇزۇن ۋە قىسقا بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇپ پەرقلىنىشى
ھازىرقى قىرغىز، ئالتاي، تۈركمەن، تۇۋا، شور، خاكاس ۋ. ب
تىللاردا سوزۇق تاۋۇشلارنى تۈركۈملەرگە بولۇشنىڭ ئاساسىي بەلگى-
لىرى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. چۈنكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا
بولۇپ پەرقلىنىشى بۇ تىللاردا فونېماتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى
تۆۋەندىكى مىساللاردىن ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن①.

## قىرغىز تىلىدا

| (قىسقا ئېيتىلىشى) | (ئۇزۇن ئېيتىلىشى) |
|---|---|
| مال ("مال ـ ۋاران" دېگەندىكى مال) | مائال (مەھەل) |
| ئېر (ئەر) | ئېئېر (ئېگەر) |
| بولۇك ("بولۇق، تولۇق" مەنىسىدە) | بوئولۇق ("بوپا، كىرمەك" مەنىسىدە) |
| كۆر (كۆر ــ بۇيرۇق پېئىل) | كۆئۆر ("كۆرەش مەنىسىدە") |
| توك ("ئاچ ـ توق" دېگەندىكى توق) | توئوك (توخۇ) |
| ئۆچ (ئۆچ ــ بۇيرۇق پېئىل) | ئۆ ئۆچ (ئوچ، ئۇۋۇچ) |
| بۇ (كورستىش ئالمىشى) | بۇئۇ (ھو، پار) |

① مىساللار ئى. ئا. باتمانوۋنىڭ «ھازىرقى زامان قىرغىز تىلى» (چ.
I، فونېتىكا، فرونزا، 1953) ئەسىرىدىن ئېلىندى.

## تۈركمەن تىلىدا①

ئال (ئال — بۇيرۇق پېئىل)　　ئائال (ھال)
ئات ("ئات ـ ئۇلاق" دىگەندىكى "ئات")　　ئائات (كىشىنىڭ ئىسمى، ئېتى)
گاز (قاز، كولا — بۇيرۇق پېئىل)　　گائاز (غاز)
گول (قول)　　گوئۇل (غول)
پىل (پىل)　　پىئىل (بەلگۈچەك)
گىز ("قىزماق" — مەنىسىدىكى بۇيرۇق پېئىل)　　گىئىز (قىز، قىزچاق)

## ياقۇت تىلىدا

تاس (تاشقىرى دىگەندىكى "تاش")　　تائاس (تاش)
بىل (بىل — بۇيرۇق پېئىل)　　بىئىل (بەل)
قىس ("يونۇماق" مەنىسىدىكى بۇيرۇق پېئىل)　　كىئىس (قىز)
كىر ("كېمىرىش، غاجىلاش" مەنىسىدىكى بۇيرۇق پېئىل)　　كىئىر ("كىرىش" مەنىسىدىكى كىر)
خاس (قانچە، نەچچە)　　خائاس (غاز، قاش)

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇپ بولۇنۇشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس. ئەمما تەلەپپۇزدا

① تۈركمەن ۋە ياقۇت تىلىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللار.

بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا قاراپ ئۇلاردىن ئىلگە-رىكى پوزىتسىيىدە تۇرغان سوزۇق تاۋۇشلار ئادەتتىكىدىن خېلى ئۇزۇن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: قالىق، ئەگىز، قاغا، ئوما، قۇرۇق، (ئەسلى — قارلىق، ئەرگىز، قارغا، ئورما، قۇيرۇق) ۋ. ب. تاۋۇشلار-نىڭ مەلۇم شارائىتلارغا باغلىق بۇنىڭدەك ئۇزۇن ئېيتىلىشى ئۇيغۇر تىلىدا سوزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلىگىدەك چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. باشقىچە ئېيتقاندا، مەزكۇر سوزلەر تەركىۋىدىكى "ئا، ئە، ئو، ئۇ" تاۋۇشلىرىنى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن سوزۇپ ئېيتىش بىلەن ئىككىنچى بىر مەنە بىلدۇرىدىغان سوز ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى تۇركۇملەرگە بولۇشتە ئۇلارنىڭ ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ياكى قىسقا ئېيتىلىشى ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ.

## 8. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى

**تار سوزۇق تاۋۇشلار.** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ تۇپقا ياتىدىغان ئۇچ سوزۇق تاۋۇش بار. ئۇلار مونۇلار: ئى، ئۇ، ئۈ.

ئى — لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى تار سوزۇق تاۋۇش. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئى" سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى قاتتىق تاڭلايىنىڭ چەتلىرىگە سەل تېگىپ تۇرغىدەك دەرىجىدە كوتىرىلىدۇ؛ تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى تىك تۇۋەنلىگەن بولۇپ، تىلنىڭ ئۇچى ئالدىنقى چىشلارنىڭ ئوقۇرلىرىغا بولار-بولماس دەرىجىدە تېگىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى ئىلگىرى سوزۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"ئى" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىزنىڭ ئېچىلىشى ۋە لەۋلەرنىڭ كۈچىنىش دەرىجىسى ناھايىتى سۇس.

ئۇيغۇر تىلىدا "ئى" تاۋۇشىنىڭ باشقا تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش فونېماتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە قېلىن جورىسى — ы (رۇس تىلىدىكى) سوزۇق تاۋۇشى يوق. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئى" ئاھاڭداشلىق نەزىرىدىن خالىس تاۋۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل كەينىدە ئېيتىلىدىغان "ق، غ، خ" ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ياندىشىپ كەلگەن شارائىتتا ы تاۋۇشىغا ئوخشاش بىرقەدەر قېلىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنىڭدەك شارائىتتا "ئى" تاۋۇشىنىڭ تىلىنىڭ ئارقىسىدا ئېيتىلىدىغان ئادەتتىكىدىن قېلىن ئاھاڭى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: زىغىر، قىش، خىش، قىلىق (تەلەپپۇزدا، تەخمىنەن: зығыр، кыш، хыш، қылық) ۋ. ب.

"ئى" تاۋۇشى ھەتتا قوشۇمچىلار تەركىبىدە يۇقىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ياندىشىپ كەلگەن شارائىتتىمۇ ئادەتتىكىدىن قېلىن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: بارغىن، بارلىق (تەلەپپۇزدا تەخمىنەن: барғын، барлық) ۋ. ب.

ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا يوچۇن ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە "ئى" تاۋۇشى كېڭىيىپ، ئوتتۇرىلىق كەڭ "ئى" ۋە ھەتتا بەزىدە كەڭ "ئە" سوزۇق تاۋۇشلىرىغا يېقىن ئاڭلىنىدىغانلىقى بايقىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەسلىدە | ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- |
| ئىھتىيات | ئېھتىيات — ئەتىيەت |
| ئىھتىمال | ئېھتىمال — ئەتىمالىم |
| مىھنەت | مېھنەت — مەينەت |

"ئى" تاۋۇشىنىڭ كەڭ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئاھاڭى كۆپىنچە

سوز ئاخىرىدا — ئۇرغۇ چۈشۈپ تۇرغان شارائىتتا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئېدى، كوردى (تەلەپپۇزدا، تەخمىنەن: ئىدې، كودې) ۋ. ب.

تەلەپپۇزدا ئۆزىدىن كېيىنكى پوزىتسىيىدە تۇرغان ئايرىم ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە "ئى" سوزۇق تاۋۇشى ساپا ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ، ئادەتتىكىدىن خېلى ئۇزۇن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: سىپاش، سىرىلماق (ئەسلى — سىيپاش، سىيرىلماق) ۋ. ب.

"ئى" تاۋۇشىنىڭ قىسقا ئاھاڭى كۆپىنچە پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇشلار ئارىلىغىدىكى پوزىتسىيىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىر، تىك، چىق، تىل (تەلەپپۇزدا، تەخمىنەن: T'l, q'k, T'k, b'p) ۋ. ب. بۇنىڭغا شۇنداقلا "ئى" تاۋۇشىنىڭ "غىز، رىن، رىق، چىر، قىر، كىل، ئىن" ۋ. ب. ئۇزۇك تاۋۇشلار ئارىلىغىدىكى ئۇرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدە ئاجىزلىشىپ، قىسقا ئېيتىلىدىغان تۇرىنىمۇ قوشۇش مۇمكىن. مەسىلەن: ئاغىز — ئاغزى، ئاغرىق — ئاغرىق، باغىر — باغرى ۋ. ب.

"ئۈ" — لەۋلەشكەن تىل ئالدى تار سوزۇق تاۋۇش. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۈ" ئالدىنقى ئارتىكۇلياتسىيە بازىسىدا ياسىلىدىغان ھەممىدىن تار سوزۇق تاۋۇشلاردىن بىرىدۇر. "ئۈ" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى "ئى" سوزۇق تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە ئوخشاش يۇقۇرى كۆتىرىلىدۇ. تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى تىك تۆۋەنلىگەن بولۇپ، تىل ئۇچى ئاستىنقى كۆرەك چىشلارغا تېگىپ تۇرىدۇ؛ تىل ئومۇمىي ماسسىسى بىلەن ئالغا سىلجىغان بولىدۇ.

"ئۈ" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋلەر ھەممىدىن تولاراق ئىلگىرى سوزۇلىدۇ. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە لەۋلەرنىڭ كۈچىنىش دەرىجىسىنىڭ خېلى كۆپىيىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ.

"ئۈ" سوزۇق تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن بولۇپ، تومۇر ۋە قوشۇمچىلار تەركىۋىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەتتىنكىدىن قىسقا ئېيتىلىدىغان ئاھاڭى يېپىق بىر بوغۇملۇق سوزلەر تەركىۋىدە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆت، ئۈچ، ئۆن، تۆك ۋ. ب.

ئۇرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدە (بولۇپمۇ ئۇنىلۇك ئۇزۇك تاۋۇشلار ئارىلىغىدىكى پوزىتسىيىدە) ”ئۈ“ تاۋۇشى كۈچلۈك ئاجىزلىشىپ ھەتتا ئاكۇستىكىلىق ساپاسى يوقاپ كەتكىچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: كۆرۈك — كۆر[ۈ]كى، ئۆرۈك — ئۆر[ۈ]كىدۇ. مۆلۈك — مۆل[ۈ]كىمىز، كۆكۈل — كۆك[ۈ]لدە.

تەلەپپۇزدا ”ر“ ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئىككى بوغۇملۇق سوزلەر ئاخىرىدا كەلگەن ”ئۈ“ تاۋۇشى ئادەتتىكىدىن ئۇچۇق ئېيتىلىدۇ، ئۇنىڭ كەڭ ئاھاڭى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا — تۆمۈ، كۆمۈ، مۆلدۈ (ئەسلى — تۆمۈر، كۆمۈر، مۆلدۈر) ۋ.ب.

”ئۈ“ سوزۇق تاۋۇشىنىڭ بەزىدە ئۇزۇن ئېيتىلىدىغان ئاھاڭى پەقەت تەلەپپۇزدا ئۇزىدىن كېيىنكى ئايرىم ئۇزۇك تاۋۇشلار چۈشۈپ قالغان شارائىتتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: سۈسەر، سۈرەت (ئەسلى — سۈۋسەر، سۈگرەت).

”ئۈ“ — لەۋلەشكەن تىل كەينى تار سوزۇق تاۋۇش. ”ئۈ“ تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئۇچى ئاستىنقى كۈرەك چىشلارنىڭ چىش ئۇقۇرلىرىدىن بىرئاز كېيىن چېكىنگەن بولىدۇ. تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى (”ئۈ“ تاۋۇشىنى ئېيتقاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا) تاڭلايغا قاراپ بىرقەدەر ئىگىزرەك كوتىرىلىدۇ ۋە تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى سەل كېيىن داجىيدۇ؛ لەۋلەر ”ئۈ“ تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە قارىغاندا ئىلگىرى تولاراق سوزۇلغان بولىدۇ. ”ئۈ“ — قېلىن سوزۇق تاۋۇشلار ئىچىدىكى ھەممىدىن تار سوزۇق تاۋۇشتۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا ”ئۈ“ تاۋۇشىنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيىلەرگە باغلىق پەيدا بولىدىغان تۆۋەندىكى ئاھاڭلىرى بار:

پارتىلغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئاياقلاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر
تەركىۋىدىكى ”ئۈ“ مەزكۇر تاۋۇشنىڭ قىسقا ئاھاڭىنى تەشكىل قىلىدۇ.
مەسىلەن: ئۈچ، قۇت، پۇت، ئۈق ۋ. ب. ”ئۈ“ تاۋۇشنىڭ بۇنىڭدەك
قىسقا ئاھاڭىغا شۇنداقلا ئۇنىڭ ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارىلىغىدىكى
ئۈزگۈسىز پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئاجىزلاشقان تۈرىنى قوشۇش مۇمكىن.
مەسىلەن: بۇرنۇم، ئوغلى، ئورنى (ئەسلى — بۇرۇنۇم، ئوغۇلى،
ئورۇنى).

تەلەپپۇزدا تولاراق ”ك، گ“ ۋە ”ي“ قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار
بىلەن ئىپتىلغان ”ئۈ“ مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن ئىنچىكە
ئاھاڭىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈكا، سۆيۈق، گۈگۈم ۋ.ب.

”ئۈ“ تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن كەڭ ئىپتىلىدىغان ئاھاڭى خۇددى
تار ”ئى، ئۈ“ تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش ئۈرغۇ چۈشكەن ئاخىرقى
ئوچۇق بوغۇم تەركىۋىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا —
چالغو، تونو، چەيدو، غورو؛ (ئەسلى - چالغۇ، چەيدۇ، غورۇ)
ۋ. ب.

”ئۈ“ تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئاھاڭى تەلەپپۇزدا بۇ
تاۋۇشتىن كېيىن كەلگەن ”ر، ل، ي، ۋ“ ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇش-
لارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇرىماق،
قۇرۇق، ھۇلاش (ئەسلى — بۇيرۇماق، قۇيرۇق، ھۇۋلاش) ۋ. ب.

**ئوتتۇرىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار.** ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ئې،
ئۆ، ئو“ ئوتتۇرىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار تۈپىنى تەشكىل قىلىدۇ.
مەزكۇر سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوتتۇرىلىق كەڭ دەپ ئالاھىدە بۆلۈنۈش
سەۋەبى ئۇلار ئاكۇستىكا - ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى
جەھەتتىن كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارغا بىرقەدەر يېقىن بولۇشىغا
ئاساسلانغان.

ئوتتۇرىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئەسلى ئۇيغۇر سوزلىرىنىڭ پەقەت بىرىنچى بوغۇمىدىلا كېلىدۇ. مۇرەككەپ سوزلەر ۋە چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سوزلەر تەركىۋىدە مەزكۇر تاۋۇشلار بىرىنچى بوغۇمدىن كېيىنكى پوزتسىيىلەردىمۇ كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: ئېيتتۇۋېتىدۇ، كومۇقوناق، ئات-چوڭ ۋ. ب.

"ئې" — لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى ئوتتۇرىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇش. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئې" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى ئىلگىرى سىلجىغان بولۇپ، ئېغىز بوشلۇغىنىڭ كەينى قىسمىدا خېلى چوڭ بوشلۇق ھاسىل بولىدۇ. تىلنىڭ ئۇچى ئاستىنقى كۇرەك چىشلارغا تىرەلگەن ۋە تىلنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى بىرئاز ئىلگىرىلىگەن بويىچە ئېگىلىپ، يۇقۇرى كوتىرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كوتىرىلىش دەرىجىسى "ئى" سوزۇق تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە قارىغاندا خېلى تۆۋەن. جاۋغايلار سەل كېيىن چېكىنگەن بولىدۇ. ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى "ئى" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا كەڭرەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئې" ھازىرقى قازاق، قاراقالپاق، قىرغىز تىللىرىدىكىگە ئوخشاش دىفتونگوئىست* شەكلىدە ئەمەس، تازا ئېيتىلىدۇ. "ئې" ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداشلىق ھادىسىسىگە نىسبەتەن "خالىس" سوزۇق تاۋۇشلاردىن بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قېلىن تومۇر تەركىۋىدە ئۇنىڭ ئادەتتىكىدىن قېلىن ئېيتىلىدىغان ئاھاڭى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: قېرى، قېتىق، غېرىپ، خېچىر ۋ. ب. ئەكسىچە، ئىنچىكە تومۇرلار تەركىۋىدە ئۇنىڭ ئىنچىكە ئېيتىلىدىغان ئاھاڭى پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: كېلىن، بېگىز، زېرەك ۋ. ب.

"ئۆ" — لەۋلەشكەن تىل ئالدى ئوتتۇرىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇش.

---

* دىفتونگوئىست — بىر بوغۇمدا ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ قاتار كېلىشى.

بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى سەل پۈكلەنگەن ھالدا تۆۋەن ئېگىلگەن بولىدۇ. تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى "ئې" سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە ئوخشاش ئىلگىرى سوزۇلىدۇ. تىل ئۇچى ئاستىنقى كۈرەك چىشلارنىڭ ئىچكىرىكى چېتىگە سەل تەككەن ھالدا بىرئاز كۆتۈرۈلىدۇ. لەۋلەر "ئو" سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرئاز ئىلگىرى سوزۇلۇپ، دۈگىلەك شەكىلگە كېلىدۇ.

پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم تەركىۋىدە ۋە ئۇرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدە "ئۆ" تاۋۇشىنىڭ ئادەتتىكىدىن قىسقا ئاھڭى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدەك شارائىتتا "ئۆ" تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ ئاكۇستىكىلىق ساپاسى تەلەپپۇزدا ھەتتا "ئۇ" تاۋۇشىغا بىرقەدەر يېقىن ئېيتىلىدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا — ئۇت، ئۇچ، ئۇم، تۇشۇك، مۇشۇك، چۇگۇن، ھۇكۇمەت (ئەسلى — ئۆت، ئۆچ، ئۆم، تۆشۈك، مۆشۈك، چۆگۈن، ھۆكۈمەت) ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئۆ" تاۋۇشىنىڭ ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئاھاڭى تەلەپپۇزدا بۇ تاۋۇشتىن كېيىنكى ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلار چۈشۈپ قالغان ھالدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: كۆرۈك، تۆرۈك، ئۆدەك، گۆ (ئەسلى — كۆپۈرۈك، تۆۋۈرۈك، ئۆردەك، گۆر) ۋ. ب.

"ئو" — لەۋلەشكەن تىل كەينى ئوتتۇرىلىق كەڭ سوزۇق تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ يۇقۇرى كۆتۈرۈلىدۇ. تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى كېيىن چېكىنگەن؛ تىلنىڭ ئۇچى ئاستىنقى كۈرەك چىشلارنىڭ تېگىدىن خېلى يىراق جايلاشقان بولىدۇ. تىل ئۇچى بىلەن ئالدىنقى چىشلار ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بوشلۇق تىل كەينى "ئا" سوزۇق تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرئاز كەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر مەنبەسى

لەۋلەر سەل ئىلگىرى سوزۇلۇپ، دۈگىلەكرەك شەكىلگە كېلىدۇ. "ئو" تاۋۇشىنى ئېيتقاندا لەۋلەرنىڭ كۆچمىنىشى ۋە ئىلگىرى سوزۇلۇش دەرىجىسى "ئۇ" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلىغاندىكىگە قارىغاندا خېلى سۇسراق بولىدۇ. "ئو" تاۋۇشىنىڭ قىسقا ئېيتىلىدىغان ئاھاڭى، خۇددى باشقا تاۋۇشلاردىكىگە ئوخشاش، تولاراق پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان بىر بوغۇملۇق سوزلەر تەركىۋىدە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئوچ، ئوق، توپ ۋ.ب. بۇنىڭغا شۇنداقلا "ئو" تاۋۇشىنىڭ سوزنىڭ باش پوزىتسىيىسىدە ئاجىزلىشىپ، تۇتۇق ئاڭلىنىدىغان تۈرىنى قوشۇش مۇمكىن. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا — ئۇچاق، تۇلتۇرۇش، ھۇسۇللۇق (ئەسلى — ئوچاق، تولتۇرۇش، ھوسۇللۇق) ۋ. ب.

"ئو" تاۋۇشىنىڭ ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئېيتىلىدىغان ئاھاڭى پەقەت ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشىغا باغلىق پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئوما، ئوغاق، ئولىدى (ئەسلى — ئورما، ئورغاق، ئوۋلىدى) ۋ. ب.

**كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار.** "ئا" — لەۋلەشمىگەن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئا" باشقا سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا ھەممىدىن كەڭ ۋە تىلنىڭ ھەممىدىن ئارقا قىسمىدا پەيدا بولىدىغان تاۋۇشتۇر. شۇڭلاشقا بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئالدىنقى رېزوناتورنىڭ ھەجمى باشقا تاۋۇشلارغا سېلىشتۇرغاندا كەڭرەك بولىدۇ.

"ئا" تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى كېيىن چېكىنگەن بولۇپ، تىلنىڭ ئۇچى ئالدىنقى كۈرەك چىشلار تېگىدىن بىرئاز داجىغان. تىل ئوتتۇرىسىنىڭ ئارقا ۋە ئوتتۇرىلىق قىسمى ياپىلاغراق شەكىلگە كېلىپ، تىل ئوتتۇرىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا سوزۇغراق ئويمان پەيدا بولىدۇ. تىل ئوتتۇرىسىنىڭ ھەممىدىن ئېگىز قىسمى يۇمشاق تاڭلاينىڭ قارشىسىدا جايلاشقان.

لەۋلەرنىڭ ھەركىتى بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغانــدا ناھايىتى سۇس.
ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى ھەممىدىن كەڭ.
پارتىلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقــلاشقان بىر بوغۇمــلۇق سوزلەر تەركىۋىدە "ئا" تاۋۇشــىنىڭ قىســقا ئاھاڭــى پەيــدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئات، داپ، تاق ۋ. ب. ئادەتــتە، ئۇرغۇســىز پوزىتسىيە‍ـ دىكى "ئا" ئۇيغۇر تىلىدا ئاجىزلىشىپ، ئاكۇستىكىــلىق ساپاسى سۇس "ئې" ۋە "ئى" تاۋۇشــلىرىغا بىرقەدەر يېقىن ئاڭلىنىــدىغان تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: ئالىملىق، بېغىمىز، بالىلار (ئەسلى ـــ ئالمالىق، باغىمىز، بالالار) ۋ. ب. تىل كەينىدە ئېيتىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارىلىقىدىكى پوزىتسىيىدە "ئا" تاۋۇشىنىڭ ھەممىــدىن قېلىن ئاھاڭى پەيدا بولىدۇ. مەســلەن: قاق، غار، خام ۋ. ب. ئەكســىچە، "ك، گ، ي" قاتارلىق "يۇمشاق" ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئېيتىلغاندا "ئا" تاۋۇشىنىڭ ئادەتتىكىدىن ئىنچىكە ئاھاڭى پەيــدا بولــدۇ. مەسىلەن: ئاي، ياش، گايىدا، كەم ۋ. ب.
تەلەپــپۇزدا "ر، ل، ي، ھ" ئوخــشــاش ئۈزۈك تاۋۇشــلارنىڭ چۈشۈپ قېلىــشى ھەسسىســگە ئوزگەرگەن "ئا" مەزكۇر تاۋۇشــنىڭ ئۇزۇن ئاھاڭىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسلەن: ئامۇت، قاغا، ئارا (ئەســلى ـــ ئالمۇرت، قارغا، ئايىر[ا]).
"ئە" ـــ لەۋلەشمىگەن تىل ئالدى كەڭ سوزۇق تاۋۇش؛ بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى ئالغا سىلــجىغان بولۇپ، تىل ئۇچى ئاستىنقى كۇرەك چىشــلارنىڭ ئۇچىــغا تېگــىدۇ. تىلــنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ سەل كوتىرىلىدۇ.
يېپىق بىر بوغۇمــلۇق سوزلەر تەركىۋىــدە "ئە" تاۋۇشنىڭ قىسقا ئاھاڭى پەيدا بولىدۇ. مەسلەن: كەچ، ئەس، چەت ۋ. ب.
ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە ئاجىزلــشىپ، "ئە" سۈپــەت ئوزگىرىشكە ئۇچراپ، ئاكۇستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى تار "ئې، ئى" تاۋۇشلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: چىچەك، كىچە، كىچىلىك (ئەسلى ــ چەچەك، كەچە، كەچەلىك) ۋ. ب.

چوڭقۇر تىل كەينىدە ئىيتىلىدىغان ”ق، غ، خ“ ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن كەلگەندە ”ئە“ تاۋۇشى ئادەتتىكىدىن قىلىن ئاھاڭغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: قەت، خەق (خەلق)، غەم، قەغەز، خەت ۋە باشقىلار.

تەلەپپۇزدا بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ھەسسىسىگە ئۆزگەرگەن ”ئە“ مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ئۇزۇن ئىيتىلىدىغان ئاھاڭىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا ــ ئەگىز، بەگىن، شەلىك، تەمەش (ئەسلى ــ ئەرگىز، بەرگىن، شەھەرلىك، تەرمەش) ۋ. ب.

# IV. ئۈزۈك تاۋۇشلار

## 9. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىيتقاندا، ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا ئېقىمى ئاكتىپ ئۇتۇق ئورگانلار تەرىپىدىن پەيدا بولغان قانداقتۇ بىر توسالغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە شاۋقۇن ھاسىل قىلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان تاۋۇشلۇق ھاۋانىڭ بۇنىڭدەك بىرەر توسالغۇلۇققا توقۇنۇشى ۋە ئۇنى يېرىپ ئۆتۈشى ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، تاۋۇشلۇق ھاۋا بىر-بىرىگە تېگىپ تۇرغان ئاكتىپ ئۇتۇق ئورگانلارنى بىردىن يېرىپ ئۆتۈشى ياكى بولمىسا، ئۇ بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ تۇرغان ئۇتۇق ئورگانلارنىڭ ئارىلىقىدا پەيدا بولغان تار قىستىلاڭ يوچۇقتىن سۈركە-

لىپ چىقىشى مۇمكىن.

ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئۆز يولىدىكى توسالغۇلۇقنى ھەر خىل يېرىپ ئۆتۈشىگە باغلىق، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئادەتتە ئاساسىي ۋە ياردەمچى ئارتىكۇلياتسىيەدىن تۈزۈلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلاردا شاۋقۇن ئاساسىي ئارتىكۇلياتسىيەنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، شاۋقۇنغا ئۇنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قېلىن ياكى يۇمشاق ئېيتىلىشى ئادەتتە ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ياردەمچى ئارتىكۇلياتسىيە سۈپىتىدە قارىلىدۇ. چۈنكى بۇ فاكتورلار (شاۋقۇنغا ئۇنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەتتىكىدىن قېلىن ياكى يۇمشاق ئېيتىلىشى) ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ شاۋقۇندىن ياسىلىدىغان ئاساسىي خۇسۇسىيىتىگە ئېيتقاندەك چوڭ تەسىر قىلالمايدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلار، ئادەتتە، تۆۋەندىكى بەلگىلەر ئاساسىدا تۈركۈملەرگە بولۇنىدۇ:

1) تاۋۇش تۇغۇچىلىرىنىڭ قاتنىشىشى ۋە ھالىتىگە (يەنى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ياسىلىشىدا ئۈننىڭ ۋە شاۋقۇننىڭ قاتنىشىشىغا) قاراپ؛

2) نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ قاتنىشىشىغا (يەنى شاۋقۇننىڭ پەيدا بولۇش ئورنىغا) قاراپ؛

3) ئارتىكۇلياتسىيە ئۇسۇلىغا (ياكى شاۋقۇننىڭ پەيدا بولۇش ئۇسۇلىغا) قاراپ.

ئەسلەتمە: ئۈزۈك تاۋۇشلار شۇنداقلا بىر - بىرىدىن يۇمشاق ۋە قېلىنلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۈركۈملەرگە بولۇشتە بۇ بەلگە ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى فونولوگىيىلىك نەزەردىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئايرىم ھاللاردا ئادەتتىكىدىن قېلىن ياكى يۇمشاق ئېيتىلىشى تۈركى تىللار ئۈچۈن پەقەت ئىختىيارىيلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ھادىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۈزۈك تاۋۇشلار شۇنداقلا بىر-بىرىدىن قىسقا ۋە ئۇزۇن ئېيتىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇنلۇك ۋە سىرىلىدىغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇزدا تولاراق بىر خىل سوزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇزۇن ئېيتىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار پېزىقتا قوش تاۋۇش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇششاق، كاللا، قىممەت، ئىسسىق ۋ. ب.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۈركۈملەرگە بۆلۈشتە ئېتىۋارغا ئېلىنىدىغان بۇ ئاساسىي بەلگىلەر قىسقىچە تۆۋەندىكىچە خاراكتېرلىنىدۇ.

1. تاۋۇش تۈگۈچلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاراپ. تاۋۇش تۈگۈچلىرىنىڭ ھەر خىل خىزمىتى نەتىجىسىدە بوغۇزدا ئۈن ياكى شاۋقۇن پەيدا بولىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئۈزۈك تاۋۇشلار ياسالغاندا ئۇلارنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسىگە ئۈن ياكى شاۋقۇننىڭ قاتنىشىش دەرىجىسىگە قاراپ ئۇلار ئۇنلۇك ۋە شاۋقۇنلۇقلار بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلارنى سوزۇق تاۋۇشلارغا بىرقەدەر يېقىن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شاۋقۇنلۇق ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەگە نىسبەتەن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىدە ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئاكتىپ نۇتۇق ئورگانلارغا سۈركىلىشى خېلى سۇس. شۇڭلاشقا ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلار تەركىۋىدە ئۈنگە قارىغاندا شاۋقۇن خېلى كەم بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئۈزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشلار ئارىلىقىدىكى "خالىس" تاۋۇشلار دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلار مۇنۇلار: م، ن، ڭ، ل، ر. ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆز نۆۋىتىدە: بۇرۇن ئۇنلۇكلىرى — م، ن، ڭ؛ تال ئۇنلۇكى — "ل"، تىترەك ئۇنلۇك — "ر" بولۇپ بۆلۈنىدۇ.

شاۋقۇنلۇق ئۈزۈك تاۋۇشلار پەقەت شاۋقۇندىن ياكى شاۋقۇنغا ئۈنىنىڭ ئارىلىشىپ ئېيتىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش ئارتىكۇلياتسىيەسىگە ئۈن ئارىلىشىپ ئېيتىلغان هالدا (يەنى ئاساسەن شاۋقۇندىن ياسالغان تاۋۇش ئارتىكۇلياتسىيەسىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۈن ئارىلىشىپ ئېيتىلىدىغان بولسا) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۈزۈك تاۋۇش ئارتىكۇلياتسىيەسىگە ئۈن ئارىلاشماي، ئەكسىچە، ئۇ پەقەت شاۋقۇندىن تەركىپ تاپقان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار پەيدا بولىدۇ.

ئادەتتە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق-جاراڭسىز بولۇپ جۈپ-جۈپى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈشى ئۇلارنىڭ تەركىۋىدە ئۈنىنىڭ بار ياكى يوقلۇغىغا ئاساسلانغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق-جاراڭسىز بولۇپ بۆلۈنۈشى ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندىكى ئارتىكۇلياتسىيەلىك پەرقلەرگە ئەمەس، بەلكى تاۋۇش ئۆگۈچلىرى خىزمىتىنىڭ (يەنى ئۈنىنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسىنىڭ) هەر خىل بولۇشىغا ئاساسلانغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئاددى تەجرىبىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئەگەر بىز هەر ئىككى قۇلغىمىزنى بارماقلار بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، ئۇزئارا جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇپ بۆلۈنىدىغان تاۋۇشلارنى بىرىدىن كېيىن بىرىنى ئېيتىدىغان بولساق، جاراڭلىق تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا قۇلاقتا ئۈن ئاڭلىنىدىغانلىغى بايقىلىدۇ. ئەكسىچە، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، قۇلاقتا ئۈنىنىڭ يوقلۇغى بىردىن سېزىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى شاۋقۇنلۇق ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار توپىغا: ب، ۋ، گ، غ، د، ج، ژ، ز، ي، ل، م، ن، ڭ، ر ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلار ياتىدۇ. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار توپىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى: ك، ق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پ، س، ت، ف، ھ، خ، چ، ش ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ياتىدۇ.
ئۇتۇق ئېقىمى جەريانىدا ھەر خىل فونېتىكىلىق شارائىتلارغا قاراپ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭسىز تاۋۇشلار بىلەن ۋە ئەكسىچە، جاراڭسىز تاۋۇشلار جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىلىشى مۇمكىن.

2. ئۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ قاتنىشىشىغا قاراپ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى بىر خىل ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۆپكىدىن چىققان تاۋۇشلۇق ھاۋا ئېقىمى ئاكتىپ ئۇتۇق ئورگانلارنىڭ ـ تىل ۋە ئاستىنقى لەۋلەرنىڭ بىرەر توسالغۇلۇقتا توقۇنۇشقان يېرىدە ھەرخىل ئۈزۈك تاۋۇشلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئاستىنقى لەۋ ۋە تىلنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى بىلەن ياسالغان ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۇزئارا لەۋ ۋە تىل ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

لەۋ ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئۆز نۆۋىتىدە لەۋ بىلەن لەۋ ۋە لەۋ بىلەن چىش ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

ئاستىنقى لەۋنىڭ ئۈستۈنكى لەۋگە بېرىپ تېگىشى ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشى نەتىجىسىدە لەۋ بىلەن لەۋ ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ياسىلىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: ب، پ، م.

ئاستىنقى لەۋنىڭ يۇقارقى كۆرەك چىشلارغا يېقىنلىشىشى ياكى ئۇلارغا بېرىپ تېگىشى نەتىجىسىدە لەۋ بىلەن چىش ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ياسىلىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: ۋ، ف.

تىل ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئالدىنقى، ئوتتۇرا ياكى ئارقا قىسمىنىڭ قايسىسى تولاراق قاتنىشىدىغانلىقىغا قاراپ ئۇلار: تىل ئالدى، تىل ئوتتۇرا، تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولۇپ ئۈچكە بولۇنىدۇ.

تىل ئالدى ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئاساسەن

تىلنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمى ھەركەتلىنىدۇ. نەتىجىدە: ت، د، س، ز، ش، ژ، ن، ر، ل، چ، ج ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلار ياسىلىدۇ.

تىل ئوتتۇرا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ كۆتىرىلىدۇ. نەتىجىدە تىل ئوتتۇرا (پالاتالىلاشقان) ”ي“ ئۈزۈك تاۋۇشى ياسىلىدۇ.

تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تىلنىڭ ئارقا قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا بېرىپ تېگىشى ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشى نەتىجىسىدە ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنى ئۆزئارا تىل كەينى ۋە چوڭقۇر تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار مۇنۇلار: تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلار: ك، گ، ڭ؛ چوڭقۇر تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلار: ق، غ، خ.

بۇلاردىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇزنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى بىلەن ياسىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش بار.

ئادەتتە بوغۇز ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تاۋۇش تۇگۇچلىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىشىشى ياكى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ھ“ مانا موشۇ بوغۇز ئۈزۈك تاۋۇشىغا ياتىدۇ.

3. ئارتىكۇلياتسىيە ئۇسۇلىغا قاراپ. ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىدە شاۋقۇن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پەيدا بولىدۇ. بۇ بەلگە ئاساسىدا ئۈزۈك تاۋۇشلار: پارتلىغۇچى، سىرلاڭغۇ (فرىكاتىۋ①) ياكى سپىرانتلار②) ۋە قوش تاۋۇشلۇقلار (ياكى ئاففرىكاتلار)

---

① فرىكاتىۋ — لاتىنچە fricaTe (سۈركىلىش) سۆزىدىن ئېلىنغان.
② سپىرانت — لاتىنچە spirans (پۈلىگۈچى) دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان. تىل ئىلمىدا فرىكاتىۋ ۋە سپىرانت دىگەن تېرمىنلار ئوخشاش ۋە تەڭ مەنىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بولۇپ ئۇچكە بولۇنىدۇ.

پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندا، ھەركەتلەنگۈچى ئاكتىپ نۇتۇق ئورگان ئۇزىنىڭ مەلۇم بىر يېرى بىلەن پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ بىرىگە بىرىپ تېگىپ، ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇغىدىن ئەركىن ئۆتۈشىگە توسالغۇلۇق قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا ئېقىمى بۇنىڭدەك بىر ـ بىرىگە جىپسىلىشىپ تۇرغان نۇتۇق ئورگانلارنى كۈچ بىلەن يىردىن يىرىپ ئۆتىدۇ.

بۇنىڭدەك پارتلىغۇچى نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ ھەر خىل يەرلىرىدە ـ ئاستىنقى ياكى ئۈستىنكى لەۋلەر، تىل ئۇچى بىلەن چىشلار، تىل ياكى قاتتىق ۋە يۇمشاق تاڭلايلار ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدا مانا بۇنىڭدەك پارتلاش ئۇسۇلى بىلەن: پ، ت، ك، ق، ب، د، گ، م، ن، ڭ، چ، ج ئوخشاش تاۋۇشلار ياسىلىدۇ.

ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارتىكۇلياتسىيەسىدە ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەگمەي، ئۇزئارا يېقىنلىشىپ تۇرغان قىستىلاڭ يوپۇق ئارقىلىق سۈركىلىپ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە سىرلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارغا خاس شاۋقۇن پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدەك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان تاۋۇشلار سىرلاڭغۇ ياكى فرىكاتىۋ ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى: ۋ، ف، ز، ژ، ش، ي، غ، خ، ھ ئوخشاش تاۋۇشلار مانا مۇشۇ سىرلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار توپىغا ياتىدۇ.

ئافرىكاتلار (ياكى قوش تاۋۇشلۇقلار) ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بىر تاۋۇش سۈپىتىدە قوشۇلۇپ ئېيتىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. ئادەتتە، پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن سىرلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى ئۇزئارا ھېچبىر چەك بىلەن بولۇنمەي، بىر تاۋۇش شەكلىدە قوشۇلۇپ ئېيتىلىشى نەتىجىسىدە ئافرىكاتلار پەيدا

| ئۈن (تون) ياكى شاۋقۇننىڭ قاتنىشىشىغا قاراپ | ئېيتىلىش ئۇسۇللىرىغا قاراپ | | جاراڭلىق - جاراڭسىزلىغىغا قاراپ | پەيدا بولۇش ئورنىغا قاراپ: لەۋ بىلەن لەۋ | لەۋ بىلەن چىش | تىل ئالدى | تىل ئوتتۇرا | تىل كەينى | چوڭقۇر تىل كەينى | بوغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شاۋقۇنلۇقلار | پارتلىغۇچى | | جاراڭلىق | ب | — | د | — | گ | — | — |
| | | | جاراڭسىز | پ | — | ت | — | ك | ق | — |
| | سىرلاڭغۇ (سپىرانتلار) | | جاراڭلىق | — | ۋ | ز، ژ | ي | — | غ | — |
| | | | جاراڭسىز | — | ف | س، ش | — | — | خ | ھ |
| | پارتلىغۇچى قوش تاۋۇشلۇق (ئاففرىكاتلار) | | جاراڭلىق | — | — | ج | — | — | — | |
| | | | جاراڭسىز | — | — | تس، چ | — | — | — | |
| ئۈنلۈكلەر (سونورلار) | پارتلىغۇچى | بۇرۇن | جاراڭلىق | م | — | ن | — | ڭ | — | — |
| | | | جاراڭسىز | — | — | — | — | — | — | — |
| | سىرلاڭغۇ | يان | جاراڭلىق | — | — | ل | — | — | — | — |
| | | | جاراڭسىز | — | — | — | — | — | — | — |
| | | تىترەك | جاراڭلىق | — | — | ر | — | — | — | — |
| | | | جاراڭسىز | — | — | — | — | — | — | — |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇر يېزىقىغا سلاۋيان يېزىقى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان ц (تس) تاۋۇشىنى ۋە شەرتلىك ھالدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ч (تش)، ж (دژ) تاۋۇشلىرىنى قوشۇش مۇمكىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يۇقۇرقى جەدۋەل ئارقىلىق كورسىتىش مۇمكىن.

## 10. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى

### A. پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار

”پ“ — لەپ بىلەن لەپ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇشنى ئېيتقاندا، ئوپكىدىن چىققان ھاۋا جىپسىلىشىپ تۇرغان لەۋلەرنى كۈچ بىلەن يېرىپ ئوتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ”پ“ تاۋۇشى سوزنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيىسىدە كېلىۋېرىدۇ. سوزنىڭ مۇتلەق بېشىدا كەلگەن ”پ“ تاۋۇشىنىڭ ساپاسى ھەرقاچان تۇراقلىق دىسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە بۇ تاۋۇش ئۇرغۇسىز ئىنتېرۋوكال① پوزىتسىيىدە ئوزگىرىش قىلىپ، تەلەپپۇزدا تولاراق ”ۋ“ تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاپتاپ-ئاپتۋى، مەكتەپ — مەكتۋىمىز، قاراپ ئىدى — قارۋىدى، تاشلاپ ئەت — تاشلۋەت ۋە باشقىلار.

ئەسلەتمە: ئايرىم بىر ۋە ئىككى بوغۇملۇق سوزلەر بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن: قاپ-قېپى، داپ-دېپىڭلار، تاپان-تاپىنى، قاپاق-قاپىقىڭلار ۋە باشقىلار.

---

① ئىنتېرۋوكال — لاتىنچە inter (ئارىلىق) ۋە vocalis سوزۇق تاۋۇش (يەنى ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارىلىغى) دېگەن سوزدىن ئېلىنغان.

”ب“ — لەپ بىلەن لەپ جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇشى. ئۇ ”پ“ تاۋۇشىدىن پەقەت جاراڭلىقلىغى ۋە بۇ تاۋۇشنى ئېيتقاندا لەۋلەرنىڭ بىرقەدەر سۇس كۈچىنىدىغانلىغى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ”ب“ ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، ئەسلى ئۇيغۇر سۆزلىرىدە سۆزنىڭ ئاخىرقى پوزىتسىيىسىدە كەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر تىلىدا چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە بۇ تاۋۇش ھەر خىل پوزىتسىيىدە كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن: تەبىرلىك، تەبىئەت، مىراب، يامبۇ، تۇمبەل، گاردىروب ۋ. ب. ئىنتىرۋوكال پوزىتسىيىدە ۋە ئايرىم ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئېيتىلغاندا ”ب“ ئۈزۈك تاۋۇشى ئۆزگىرىش قىلىپ، تولا راق ”ۋ“ تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: ھەمە باقى — ھەمەۋاقى، پاقا-باش — پاقۋاش، قاپاق باش — قاپاقۋاش ۋ. ب.

”ت“ — تىل ئالدى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى كۈرەك چىشلار ئارىلىغىدا پەيدا بولغان توسمىنى كۈچ بىلەن يېرىپ ئۆتىدۇ. مەزكۇر تاۋۇشنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: تاش، ئوتۇن، قانات ۋ. ب.

سۆزنىڭ باش پوزىتسىيىسىدىكى ”ت“ ئايرىم ھاللاردا ”د“ ۋە ”چ“ تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: توپە — دوپە (دوپا)، تولقۇن — دولقۇن، تىش — چىش، توشەك — چۈشەك ۋ. ب.

”د“ — تىل ئالدى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇش ”ت“ تاۋۇشىدىن پەقەت جاراڭلىقلىغى ۋە بىرقەدەر كۈچسىز ئېيتىلىدىغانلىغى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ”د“ تاۋۇشىنىڭ سۆزدە قوللىنىلىش پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، ئەسلى ئۇيغۇر سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدا كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر تەركىۋىدىكى ”د“ تەلەپپۇزدا ”ت“ بىلەن نۆۋەتلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ياد — ياتلىدى، ئەپەد — ئەبەت، زاۋۇد — زاۋۇت ۋ. ب. ئەمما "د" تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان بۇنىڭدەك سوزلەرگە سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا، مەزكۇر تاۋۇش ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ساپاسىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن: يادىمىدا، ئەبەدىي، زاۋۇدى ۋ. ب.

ئەسلەتمە: ئەدەبىي تەلەپپۇزدا ۋە ئايرىم شۋىلەردە مۇرەككەپ سوزلەرنىڭ "ئىدى" ياردەمچى سوزى تەركىۋىدە كەلگەن "د" تولاراق "ت" تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: بارار ئىدى — باراتتى، (بارىتتى)، ئالار ئىدۇق — ئالاتتۇق (ئالىتتۇق) ۋ. ب.

"ك" — تىل كەينى جاراڭسىز ئۆزۈك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ كەينى قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كوتىرىلىش نەتىجىسىدە توسما پەيدا بولۇپ، ئوپكىدىن كەلگەن ھاۋا ئۇنى يېرىپ ئوتىدۇ. "ك" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: كەپتەر، كەكلىك، ئىككى ۋ. ب.

"قېلىن" ۋە "ئىنچىكە" تومۇرلاردا قوللىنىلىشىغا قاراپ، "ك" تاۋۇشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىنچىكە ۋە قېلىن ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلىرى بار. مەسىلەن: كەمەر — كامار، ئەكە — ئاكا، بىكە — بىكا، كەڭ — كاڭ ۋ. ب. ئايرىم ئۆزۈك تاۋۇشلاردىن ئىلگىرىكى پوزىتسىيىدە (تولاراق "ش، ت، ل، م، ن، ر، ب" قاتارلىق تاۋۇشلاردىن ئىلگىرىكى پوزىتسىيىدە) كەلگەن "ك" تاۋۇشى ئۆزگىرىش ياساپ، رۇس تىلىدىكى پالاتاللاشقان "X" تاۋۇشىغا ئوخشاش ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا — كەخلىك، كوخلىدى، تەخلىماكان، بەخرى (يېزىقتا — كەكلىك، كوكلىدى، تەكلىماكان، بەكرى) ۋ. ب.

ئادەتتە، كوپ بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ئىنتېرۋوكال پوزىتسىيىسىدە كەلگەن "ك" تولاراق "گ" تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ.

مەسلەن: ئوتۇك — ئوتۇگى، تىلەك — تىلىگىم، كىچىك — كىچىگىدىن، ۋ. ب.

ئەسلەتمە: بۇنىڭدىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىۋىلەردە "ك" تاۋۇشى سۆزنىڭ باش پوزىتسىيىسىدە "چ" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىپتىلىدۇ. مەسلەن: كىم — چىم، كىرىڭلار — چىرىڭلار ۋ. ب. مۇھىمكى، تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك ئالمىشىشى ئەدەبىي تەلەپپۇزغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس.

تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك "ك // چ" شەكلىدە ئالمىشىشى تۈركى تىللار ئىچىدىن ھازىرقى ئەزەربەيجان تىلىنىڭ جەنۇبىي دىئالېكتىغا قوشۇلىدىغان ئايرىم شۋىلەر تەلەپپۇزىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكى بايقىلىدۇ. مەسلەن: چۇچە (كوچا)، چىچىخ (كىچىك)، چەند (كەنت)، چۇمۇش (كۇمۇچ) ۋ. ب ①.

"گ" — تىل كەينى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇش "ك" تاۋۇشىدىن جاراڭلىقلىغى ۋە بىرقەدەر كۈچسىز ئىپتىلىدىغانلىغى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا "گ" تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسلەن: گەز، گۈزگۈت، ئەگ ۋ. ب.

"گ" تاۋۇشى قېلىن ھەم ئىنچىكە تومۇرلاردا كېلىشىگە قاراپ، قېلىن ۋە ئىنچىكە ئاھاڭلاردىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. مەسلەن: سوگەل — زوگال، يۇگەن — يۇگان، توگە — توگا، تەڭگە — تاڭگا ۋ. ب.

ئايرىم ھاللاردا "گ" تاۋۇشى ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىر بىرىگە يېقىن "ڭ" تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىپ ئىپتىلىدۇ. "گ" تاۋۇشىنىڭ بۇنىڭدەك ئالمىشىشى بولۇپمۇ "م، ر" تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرىكى پوزىتسىيىدە تولاراق بايقىلىدۇ. مەسلەن: تۆڭمە — تۆگمە، تۆڭرەك — تۆگرەك، تۆڭمەن — تۆگمەن ۋ. ب.

---

① م. ش. شىرئەلىيېۋ. «ئەزەربەيجان مىللى ئەدەبى تىل دىئالېكتلىرىنىڭ ئاساسى توغرىسىدا»، «تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» I سان. 1958. 82-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

”ق“ — چوڭقۇر تىل كەينى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا كىچىك تىلنىڭ تۇۋەنلىشى نەتىجىسىدە تىلنىڭ ئارقا قىسمىدا پەيدا بولىدىغان توسمىنى يېرىپ ئۆتىدۇ.

سۆزدىكى قىلىن ۋە ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىللە قوللىنىلىشىغا قاراپ، ”ق“ تاۋۇشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتىكىدىن قېلىن ۋە ئىنچىكە ئاتىلىدىغان ئاھاڭلىرى بار. مەسىلەن: قەرەل — قارار، قەت — قات، قەدىر — قادىر ۋ. ب. ”ق“ تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى، چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: قار، باققال، قارسىلداق ۋ. ب. مەزكۇر تاۋۇش سۆزنىڭ باش ۋە ئاخىرقى پوزىتسىيىلىرىدە ئېيتقىدەك چوڭ ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىمايدۇ دېسەمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئارىلىق پوزىتسىيىدە، بولۇپمۇ ئۇنىلۇك ”م، ن، ل“ ھەم جاراڭسىز ”س، ت“ ۋە قوش تاۋۇشلۇق ”چ“ تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرىكى پوزىتسىيىدە پارتىلىغۇچى ساپاسىنى يوقىتىپ، ئۆزگىرىش ياسايدۇ. مەسىلەن: ئاق ساقال — ئاخساقال، توقماق — توخماق، ئاقلىق — ئاخلىق، ھولۇق نان — ھولۇخنان، ئاق تېرەك — ئاختېرەك ۋ. ب.

”ق“ تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە سوزۇق تاۋۇشتىن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا، ”ق“ تاۋۇشى جاراڭلىق ”غ“ بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: قۇلاق — قۇلىغىدا، سۇنۇق — سۇنۇغى، ئاياق — ئايىغىدا ۋ. ب.

## ە. سىرلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار

”ۋ“ — لەۋ بىلەن چىش جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ”ۋ“ تاۋۇشىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى مەلۇم دەرىجىدە رۇس تىلىدىكى ”B“ تاۋۇشىغا ئوخشاش. مەزكۇر تاۋۇشنى ئېيتقاندا،

ئوپكىدىن چىققان تاۋۇشلۇق ھاۋانىڭ ھەممىدىن تولاراق قىسىلىپ ئوتىدىغان يېرى ئاستىنقى لەۋنىڭ (ئۇستۈنكى كۇرەك چىشلارغا يېقىنلاشقان يېرىدە پەيدا بولىدۇ. ئوپكىدىن كەلگەن ھاۋا نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ بۇنىڭدەك ھالىتى نەتىجىسىدە ياسالغان تار قىستىلاڭ-دىن بىر خىل سۇركىلىپ چىقىدۇ.

سوزدە "ۋ" تاۋۇشىنىڭ پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، تولاراق باش ۋە ئوتتۇرا بوغۇملار تەركىۋىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ۋاقىت، ئاۋارە، تەۋرىنىش ۋ. ب. بۇ تاۋۇش سوزنىڭ مۇتلەق ئاخىرىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىرەۋ (بىرۋ). ئىنتېرۋوكال پوزىتسىيىدىكى "ۋ" بەزىدە جاراڭلىق "گ" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ھاگا — ھاۋا، دوگا — دوۋا، ئاگال — ئاۋال ۋە باشقىلار.

ئەسلەتمە: ئادەتتە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ "ۋ ∥ گ" شەكلىدە ئالمىشىشى كوپىنچە ئەدەبىي تەلەپپۇز نەزىرىدىن يەرلىك شۇۋلەرگە خاس خۇسۇسىيەت سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

"ف" — لەپ بىلەن چىقىش جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشى. مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى جاراڭلىق "ۋ" تاۋۇشىغا ئوخشاش دىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئاستىنقى لەۋ بىلەن ئۇستىنكى كۇرەك چىشلار ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان يوچۇق "ۋ" تاۋۇشىنى ئېيتقاندىكىگە قارىغاندا خېلى تار. شۇڭلاشقا ئوپكىدىن كەلگەن تاۋۇشلۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئۇنىڭغا سۇركىلىپ ئوتۇشى (يەنى شاۋقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى) شۇنداقلا "ۋ" تاۋۇشىغا نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇش رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئوزلەشكەن سوزلەردە، شۇنداقلا خەنزۇ سوزلىرىدە تولاراق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: فوتو تېلېگراف، ئاتموس-فېرا، فۇتىس، فۇڭ ۋ. ب. بۇنىڭدەك چەتتىن كىرىپ ئوزلەشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوزلەر تەركىۋىدە ئىشلىتىلىدىغان ”ف“ تەلەپپۇزدا تولاراق ”پ“ تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: پەقەت (فەقەت)، دەپتەر (دەفتەر)، پەن (فەن)، ئەپەندى (ئەفەندى) ۋ. ب.

”ز“ — تىل ئالدى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل ئۇچى ئاستىنقى چىشلارنىڭ ئۇچىدىن سەل تۆۋەن جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى چىشلار ئارىلىقىدىكى يوچۇقتىن بىرقەدەر ئەركىن سۈركىلىپ چىقىدۇ.

”ز“ تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. باش پوزىتسىيىدە كەلگەن ”ز“ تولاراق ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرىپ ئوزلەشكەن سوزلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: زوق، زىق، زېھىن، زەمىن ۋ. ب. ئايرىم ھاللاردا ئىنتېرۋوكال پوزىتسىيىدە كەلگەن ”ز“ تاۋۇشى ”ج“ بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈزۈم — ئۈجۈم، سىزاق — سىجاق ۋ. ب.

”س“ — تىل ئالدى جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش. ئۇيغۇر تىلىدىكى ”س“ تاۋۇشىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى مەلۇم دەرىجىدە ”ز“ تاۋۇشىغا ئوخشاش. بۇ ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا ئارتىكۇلياتسىيەلىك پەرقى ئاساسەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ”س“ تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇشلۇق ھاۋا ئېقىمى ئۈستۈنكى كۆرەك چىشلارغا تولاراق سۈركىلىپ ئوتىدۇ. بۇ ئۇز نوۋىتىدە ”س“ تاۋۇشىنىڭ مەركىزى ”ز“ تاۋۇشىغا قارىغاندا خېلى تار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ”س“ تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا سوزدىكى ھەممە پوزىتسىيىدە كېلىۋېرىدۇ. ئەمما، باشقا پوزىتسىيىلەرگە قارىغاندا سوز ئاخىرىدا كەم ئىشلىتىلىدۇ. باش ۋە ئارىلىق پوزىتسىيىدىكى ”س“ ئايرىم ھاللاردا ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىگە يېقىن ”ش“ ۋە ”چ“ تاۋۇشلىرى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: چاچ — ساچ، چاپسان — چاپچان، سوقۇشماق — شوقۇشماق، سىم — شىم ۋ. ب.

"ش" ــ تىل ئالدى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئۇچى تەرەپ تاڭلايغا قاراپ تىك كۆتىرىلىدۇ. نەتىجىدە ئېغىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا خېلى كەڭ يوچۇق ھاسىل بولىدۇ. تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى سەل ئارقىغىراق داجىغان بولۇپ، تىل ئۈزىنىڭ ئارقا قىسمى بىلەن يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە تىل ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ ئارقا قىسمىدا مەركۈر تاۋۇشقا خاس ئىككىنچى مەركەز پەيدا بولىدۇ. "ش، ژ" تاۋۇشلىرىنىڭ بەزىدە ئىككى مەركەزلىك ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىشىمۇ مانا شۇنىڭدىن.

"ش" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: شوق، ئاشلىق، باشلاش ۋ. ب. "ش" تاۋۇشى ئايرىم ھاللاردا قوشۇمچە تەركىۋىدىكى "س" تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى نەتىجىسىدە "س" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: بوشىسىز ــ بوسسىز، قوشسا ــ قوسسا ۋ. ب.

"ژ" ــ تىل ئالدى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. ئۇيغۇر تىلىدىكى "ژ" تاۋۇشىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى "ش" تاۋۇشىغا ئوخشاش دىسىمۇ بولىدۇ.

بۇ ئىككى تاۋۇشنىڭ ئاساسىي ئاتىكۇلياتسىيەلىك پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، "ژ" تاۋۇشنى ئېيتقاندا پەيدا بولىدىغان مەركىزى تىل ئوتتۇرىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى يۇمشاق تاڭلايغا كۆتىرىلگەن جايدا ياسىلىدۇ. بۇ تاۋۇشنىڭ بەزىدە يۇمشاق (ياكى پالاتاللاشقان) تاۋۇش دەپ ئاتىلىش سەۋىۋى مانا شۇنىڭدىن.

تىلدىكى باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇش ھەممىدىن كەم ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر سوزلىرىنىڭ باش پوزىتسىيىسىدە كېلىدىغان "ژ" تولا ۋاقىتلاردا "ي" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ژىل ــ يىل، ژۇرەك ــ يۇرەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ژۇقۇرى — يۇقۇرى، ژىگنە — يىگنە ۋ. ب.

"ژ" تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ژورنال، ئىنژېنېر، شارژ ۋ. ب.

ئىنتېرۋوكال پوزىتسىيىدە كەلگەن "ژ" تەلەپپۇزدا تولاراق قوش تاۋۇشلۇق "ژ" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈژۈم (ئۈزۈم) — ئۈجۈم، غۇژمەك — غۇجمەك، بۇژگەك — بۇجەك ۋ. ب.

ئايرىم ھاللاردا باش پوزىتسىيىدە كەلگەن "ژ" تاۋۇشىمۇ شۇنداقلا "ج" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: جۇرۇق — ژىرىق (ژۇرۇق)، جۇگۇ — ژۇگەر (ژۇگۇر) ۋ. ب.

"ي" — تىل ئوتتۇرا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ يۇقۇرى كۆتىرىلىدۇ ۋە تىلنىڭ ئۇچى توۋەنكى چىشلارنىڭ ئۇچىغا سەل تېگىپ تۇرىدۇ. تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى بىرقەدەر ئىلگىرى سۈرۈلگان بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقا قىسمى بىرئاز پەسەيگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا "ي" تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن. مەسىلەن: يەل، يىپىق، ئوي ۋ. ب. ئايرىم ھاللاردا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ھەممىدىن قىسقا ئېيتىلىدىغان تار "ئى، ئۇ" سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرىكى سۆزنىڭ باش پوزىتسىيىسىدە كەلگەن "ي" تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئىلپىز، ئىلدام، ئىپەك، ئىلقا (ئەسلى: يىلپىز، يىلدام، يىپەك (ژىپەك)، يىلقا) ۋ. ب.

ھازىرقى ئەزەربەيجان ۋە تۈرك تىللىرىنىڭ ئايرىم شۇۋىلىرىنى سۆز قىلغاندا، سۆزنىڭ مۇتلەق بېشىدا "ي" تاۋۇشىنىڭ بۇنىڭدەك چۈشۈپ قېلىشى باشقا تۈركى تىللار ئىچىدىن تولاراق ئۇيغۇر تىلىغا خاس خۇسۇسىيەت دىسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇرغۇسىز ئارىلىق پوزىتسىيىدە (تولاراق "يت، ير" شەكلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىرىك-

مىلىرىنىڭ ئالدىدا) كەلگەن "ي" تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئىت (ئىيىت)، قۇرۇق (قۇيرۇق)، مەرەم (مەيرەم)، ئارا (ئايىر) ۋ.ب.

سۆزنىڭ باش پوزىتسىيىسىدە كەلگەن "ي" بەزىدە "ش" ۋە "ھ" تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىيتىلىدۇ. مەسىلەن: يەش — شەش، يەشمەك — شەشمەك، يالاڭ — شالاڭ، يوتەل — ھوتەل، يىتىقاش — ھىتىقاش ۋ. ب.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، "ي" تاۋۇشى بەزىدە "ڭ" تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىيتىلىدۇ. ئەمما تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك ئالمىشىشى تەلەپپۇزدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: كويىنەك — كوڭلەك، سۇيەك — سوڭەك، مىيە — مىڭە ۋ. ب.

ئايرىم ھاللاردا، "ي" تاۋۇشى مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇلۇپ ئىيتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بارالايمەن — بارالىمەن، ئۇتەلەيمىز — ئۇتەلىمىز، چىقالايدۇ — چىقالىدۇ، جەمىيەت — جەمئەت ۋ.ب.

تومۇرنىڭ قىلىن ياكى ئىنچىكە ئىيتىلىشىغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدا "ي" تاۋۇشىنىڭ قىلىن ۋە ئىنچىكە ئاھاڭلىرى بار. مەسىلەن: يەر — يار، يەيلى — يايلى، مەي — ماي ۋ. ب.

"خ" — چوڭقۇر تىل كەينى ياراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى مەلۇم دەرىجىدە "ق" ۋە "غ" تاۋۇشلىرىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسىگە ئوخشاش دىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ "ق" تاۋۇشىدىن ئاساسىي پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، "خ" تاۋۇشىنى ئىيتقاندا، تىلنىڭ ئارقا قىسمىدا "ق" تاۋۇشىغا ئوخشاش توسما پەيدا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا "خ" تاۋۇشىنى ئىيتقاندا، خېلى كۈچسىز ۋە قىرىلىپ چىقىدۇ. ئەمما، "خ" تاۋۇشىنىڭ ئىيتىلىش كۈچى "غ" تاۋۇشىنى ئىيتقاندىكىگە سېلىشتۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غاندا بىر قەدەر كۈچلۈگرەك بولىدۇ.

"خ" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، تولاراق سوزنىڭ باش بوغۇمىدا، ئاندىن قالسا — ئارىلىق بوغۇمىدا كېلىدۇ. بۇ تاۋۇش تولاراق ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرىپ ئۇزلەشكەن سوزلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كولخوز، تېخنىكا، خەلق، بەخت، پۇخرا، رەخ ۋ. ب.

سوزدىكى پوزىتسىيىگە قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدا "خ" تاۋۇشىنىڭ قىلىن ھەم ئىنچىكە ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلىرى بار. مەسىلەن: خەمەك — خامان، خەۋەر — خالىماق ۋ. ب.

"خ" تاۋۇشى تەلەپپۇزدا تولاراق "غ" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: خوزىيىن — غوجايىن، خىش [ت] — غىش، سىغىز-خان — سىغىزغان. ئايرىم ھاللاردا "خ" تاۋۇشى شۇنداقلا "ھ" بىلەنمۇ نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: چوھەرگۈل — جۇخارگۈل، ئاھ ئۇرماق — ئاخ ئۇرماق، ئىھ — ئىخ!، ھىزمەت — خىزمەت (كىشى ئىسمى)، سەھنە — سەخنە ۋ.ب.

"غ — چوڭقۇر تىل كەينى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش. چوڭقۇر تىل كەينىدە ئېيتىلىدىغان باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار ئىچىدىن بۇ تاۋۇش بىر-قەدەر كۈچسىز ئېيتىلىدۇ. مەزكۇر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، كىچىك تىل تىلنىڭ ئارقا قىسمىغا قاراپ تۇۋەنلەپ، بۇ ئىككى ئارىلىقتا خېلى تار يوچۇق ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما ئۇ يوچۇق "خ" تاۋۇشنى ئېيتقاندىكىگە قارىغاندا بىرئاز كەڭ. شۇڭلاشقا ئوپكىدىن كەلگەن ھاۋا بۇ ئارىلىقتىن توللا سىقىلماي، سۇركىلىپ ئوتىدۇ.

"غ" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. ئەمما باشقا پوزىتسىيىلەرگە قارىغاندا، سوز ئاخىرىدا كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: غاز، بوغداي، تاغ ۋ. ب. ھەر ھالدا، تۈركىي تىللارغا ئورتاق سوزلەرنىڭ ئاخىرىدا "غ" تاۋۇشىنىڭ ھېچ ئۆزگىرىشسىز

قەدىمقى شەكلىدە كېلىشى، ئۇيغۇر تىلىنى باشقا قېرىنداش تىللاردىن پەرقلەندۇرىدىغان ئاساسىي فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى دىسىمۇ بولىدۇ.

تۈركىي تىللار تارىخىدا سوز ئاخىرىدا ۋە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىغىدا كەلگەن "غ" ھەر خىل ئوزگىرىشلەرگە ئۇچراپ، بەزى تىللاردا باشقا ساپاغا ئىگە ئوزۇك تاۋۇشقا ئايلىنىپ، ئوزگىرىش ياسىغانلىغى ۋە ھەتتا بەزى تىللاردا سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىگى مەلۇم. مەسىلەن:

| قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا① | ئۇيغۇر تىلىدا | قازاق تىلىدا | قىرغىز ۋە ئالتاي تىللىرىدا |
|---|---|---|---|
| تاغ | تاغ | تاۋ | تولو |
| باغىر | بېغىر | باۋىر | بوئور، بىئار |
| سوغۇق | سوغ | سۇۋىق | سوئوك |
| ئوغۇلان | ئوغۇل | ۋُل | ئوئول، ئۇئۇل |
| ئاغىر | ئېغىر | اۋىر | ئوئور ۋ. ب |

ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا سوز ئاخىرىدا كەلگەن "غ" تاۋۇشى تولا-راق جاراڭسىز "ق" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلەشكەنلىگىنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كورۇش مۇمكىن.

---

① قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلتۇرۇلگەن مىساللار پروفېسسور س.ئې. مالوۋنىڭ «قەدىمقى تۈركىي يازما يادىكارلىقلىرى» (موسكۋا ـ لېنىنگراد. 1951 ـ يىل) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا |
|---|---|
| قانىغ ① | قېنىق |
| سارىغ | سېرىق |
| ئۇلاغ | ئۇلاق |
| قاتىغ | قېتىق، قاتتىق |
| دىماغ | دىماق |
| بالىغ | بېلىق |
| ئادىغ | ئېيىق ۋ. ب. |

سۆزگە "ق" تاۋۇشىدىن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا "ق تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى نەتىجىسىدە سۆز ئاخىرىدىكى "غ" ئۆزگىرىپ، "ق" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: تاغ ـــ تاققا، باغ ـــ باققا ۋ.ب.

قېلىن ۋە ئىنچىكە تومۇرلاردا كېلىشىشكە قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدا "غ" تاۋۇشى بەزىدە قېلىن ۋە ئادەتتىكىدىن يۇمشاق ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: غول ـــ غەم، غوراز ـــ غەرەز ۋ ب.

"ھ" ـــ جاراڭسىز بوغۇز ئۈزۈك تاۋۇشى. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھالقىمنىڭ (فارىنكسنىڭ) يانلىرى ئۆزئارا بىر-بىرىگە يېقىنلىشىشى نەتىجىسىدە مەزكۇر تاۋۇشقا خاس مەركەز پەيدا بولىدۇ. "ھ" تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆپكىدىن كەلگەن تاۋۇشلۇق ھاۋانىڭ مولچىرى باشقا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئېيتقاندىكىگە قارىغاندا خېلى نۇرغۇن بولىدۇ.

"ھ" تاۋۇشى باشقا تۈركى تىللاردىكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىد-

---

① سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپتسىيىسى ئۆزگەرتىلىپ بېرىلدى (ت.ت.)

نىڭ لېكسىكىسىغا ئىلگىرىرەك كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەرەب ۋە پارىس سۆزلىرىدە تولاقوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بەھرى، ھامان، ھەر، ناھەق، سەھرا، ھەيۋەتلىك، مەھەممەت ۋ.ب.

ئۇيغۇر تىلىدا "ھ" تاۋۇشى تولاراق ئىملىق ۋە تەقلىت سۆزلەر تەركىۋىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاھ!، ئېھ!، پاھ!، ئۇھ!، ئوھو!، ماھ-ماھ! ۋ.ب.

"ھ" تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇ تولاراق سۆزنىڭ بېشىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. سۆز ئاخىرىدىكى "ھ" تەلەپپۇزدا تولا ۋاقىتتا ئېيتىلمايدۇ. مەسىلەن: گۇنا (گۇناھ)، نىكا (نىكاھ) ۋ.ب. ئىنتېرۋوكال پوزىتسىيىدە ۋە ئۇنىلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارىلىقىدا كەلگەن "ھ" كۆپچىلىك ۋاقىتلاردا ئاجىزلىشىپ، چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: شەلىك (شەھەرلىك)، مەلە (مەھەللە)، لەڭ بېلىق (لەھەڭ بېلىق)، تومەت (توھمەت)، شازادىخان (شاھ-زادىخان)، نايىتى (ناھايىتى) ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدا "ھ" تولاراق "خ" ۋە "ي" تاۋۇشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىلايىم-ئىلاھىم، بېياۋا — بەھاۋا، سەخنە — سەھنە، مەخمۇت — مەھمۇت، مەخپىي — مەھپىي، ئاخ-ئۇخ! — ئاھ-ئۇھ، رەيخان — رېھان ① ۋ. ب.

قىپچاق ۋە ئالتاي گۇرۇپپىسىغا ياتىدىغان تۈركى تىللارغا سېلىشتۇرغاندا، "ھ" تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا خېلى كەڭ قوللىنىلىدۇ②. مەسىلەن:

---

① بۇنىڭدەك تاۋۇش ئالمىشىشنى شۇنداقلا كىچىككىدىن رۇسچە ئوقۇپ، "ھ" تاۋۇشىنى ئېيتىشقا تولا ئادەتلەنمىگەن ياشلار تەلەپپۇزىدا ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن: ھەم — خەم، ھەدەم — خەدەم، باھار — باخار، ھازىر — خازىر ۋ.ب.

② قاراڭ: ك.ك. يۇداخىن «قىرغىزچە - رۇسچە لۇغەت» م، 1949.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| ئۇيغۇر تىلىدا | باشقا تۈركى تىللاردا |
|---|---|
| ھەركىم | ئەركىم |
| ھەرە | ئارا |
| ھەجەپ | غاجاپ |
| ھېقىل | ئاقىل |
| ھېساپ | ئېسىپ ۋ.ب. |

ئايرىم ھاللاردا "ھ" تاۋۇشى تەلەپپۇزدا ئەسلى ئۇيغۇر سوزلىرىگە قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: ھۇشقىتماق — ئۇشقىتماق، ھاشقىنى [ا] (ئاشخانا)، ھېتىقاش (يېتىرقاش)، ھاسان-ھۇسەن — ئاسان-ئۇسەن، ھوكۇز — ئوكۇز، ھوتۇم-توشۇك — ئوتۇم-توشۇك، ھودەك — ئودەك ۋ.ب①. "ھ" تاۋۇشىنىڭ سوزدە بۇنىڭدەك قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىشى، باشقا تۈركى تىللار ئىچىدىن ئاساسەن ئۇيغۇر تەلەپپۇزىغا خاس خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى دىسىمۇ بولىدۇ②.

ئەسلەتمە: ئەرەپ گىرافىكىسىغا ئاساسلانغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە بوغۇزدا ئېيتىلىدىغان ئۇزۇك تاۋۇشلار قاتارىدا ئايىن (ع) بەلگىسى ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما پەقەت بەزى ئەرەپ سوزلىرىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن بۇ تاۋۇش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى يېزىقىدا ئۇز ئالدىغا ئالاھىدە قوللىنىلمايدۇ. يېزىقتا ئۇ قاتتىقلىق بەلگىسى "ء" بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەنئى، سۇنئى جۇرئەت، سەنئەت، مەسئۇلىيەت ۋ.ب.

## B. قوش ئۇزۇك تاۋۇشلار

چ — تىل ئالدى جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز

---

① ئايرىم ھاللاردا "ھ" شۇنداقلا ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: سائات — ساھات، تەئەللۇق — تەھەللۇق.

② بۇنىڭدەك ھادىسە ھازىرقى تاتار، خاكاس تىللىرىدا پەقەت باش پوزىتسىيىدىكى قىسقا تاۋۇشلار ئالدىغا قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىدۇ.

قىلغاندا، تىلنىڭ ئۇچى تەرەپ ئاستىنقى كۇرەك چىشلارنىڭ تىگىگە تىگىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى ھەم ئوتتۇرىلىق قىسمى قاتتىق تاڭلايغا قاراپ يۇقۇرى كوتىرىلىدۇ. نەتىجىدە تىلنىڭ ئارقا قىسمىدا كەڭ بوشلۇق پەيدا بولۇپ، ئوپكىدىن كەلگەن تاۋۇشلۇق ھاۋا قاتتىق تاڭلاي بىلەن تىل ئۇچى ۋە تىل ئوتتۇرىسى ئارىلىغىدا ھاسىل بولغان توسما ئارقىلىق ئوتىدۇ.

"چ" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: چەك، چاقچاق، ئاچقۇچ ۋ.ب. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇشنىڭ قىلىن ۋە يۇمشاق ئىيتىلىدىغان ئاھاڭلىرى بار. مەسىلەن: كەچ — قاچ، كىكەچ — غۇلاچ، چىكىكە — چوقىقا، كومەچ — قوماچ، ئۇچەك — ئوچاق ۋ.ب.

خۇددى باشقا تۇركى تىللاردىكىگە ئوخشاش ① ئۇيغۇر تىلىدا "چ" تولاراق "ق، ك، ت، ل، م، ن" قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار- دىن ئىلگىرىكى پوزىتسىيىدە ئاجىزلىشىپ، تەلەپپۇزدا "ش" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىيتىلىدۇ. مەسىلەن: كەشكىچە — كەچكىچە، قاشتى — قاچتى، ئۇشلۇق — ئۇچلۇق، ئاشقۇچ — ئاچقۇچ ۋ. ب. ئايرىم ھاللاردا، سوز ئاخىرىدىكى "چ" تاۋۇشىمۇ "ش" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىيتىلىدۇ. مەسىلەن: قارىمۇش — قارىمۇچ (قارا بۇرۇچ)، قۇشقاش — قۇشقاچ، پالەش — پالەچ، قومۇش — قومۇچ، تۇگۇش — تۇگۇچ ۋ.ب.

ئايرىم سوزلەرنىڭ باش پوزىتسىيىسىدىكى "چ" بەزىدە ئوزبەك تىللىرىدىكىگە ئوخشاش ② "ت" ۋە "س" تاۋۇشلىرى بىلەن نوۋەت-

---

① ن. ى. دمىترىيېۋ. «ئوسمانلى تۇرك تىلى دىئالېكتولوگىيىسىگە ئائىت ماتىرىياللار». "قارامالىت" تىلىنىڭ فونېتىكىسى. «شەرقشۇناسلار كولللېكتىۋىنىڭ خاتىرىلىرى» III توم، 1928 ـ يىل. 129 ـ بەت.

② ۋ. ۋ. رېشېتوۋ، «ئوزبەك تىلى» 1 ـ قىسىم. كىرىش. فونېتىكا. تاشكەنت. 1959 ـ يىل. 242 — 243 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىنىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: چىش ـــ تىش، چۈشەك ـــ تۈشەك، چاچ ـــ ساچ، چاشـقان ـــ ساچقان، چاچتى ـــ ساچتى ۋ.ب. بۇنىڭدىن تاشقىرى، "چ" تاۋۇشى شۇنداقلا ئۇزىدىن كېيىنكى "س" تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى نەتىجىسىدە "س" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: قاسسۇن ـــ قاچسۇن، كۆسسىز ـــ كۆچـسىز، ئۇس سوم ـــ ئۇچ سوم، ئاسساق ـــ ئاچساق ۋ. ب.

"ج" ـــ تىل ئالدى جاراڭلىق ئۇزۇك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى "چ" تاۋۇشىغا ئوخشاش. ئەمما "چ" تاۋۇشىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ بىرقەدەر كۈچسىز ئېيتىلىدۇ.

"ج" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، تولاراق سوزنىڭ باش ۋە ئارىلىق پوزىتسىيىلىرىدە كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا "ج" تاۋۇشى سوز ئاخىرىدا كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: جەم، ئەجەم، غونجۇن، تاج ۋ.ب ئىنتېرۋوكال پوزىتسىيىدە ۋە ئۇنلۇك ئۇ-زۇك تاۋۇشلار بىلەن ياندىشىپ كەلگەندە ئاسسىمىلاتسىيە ئۇزگىرىد-شىگە ئۇچراپ، تولاراق "چ" ۋە "ش" تاۋۇشلىرى بىلەن نوۋەتلە-شىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: بىرىنجى ـــ بىرىنچى، ئىشەش ـــ ئىشەنجى، بالا ـ چاقا ـــ بالا ـ جاقا ۋ.ب.

تس (II) ـــ تىل ئالدى جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى ئەسلى پارتلىغۇچى "ت" ۋە سىرلاڭغۇ "س" ئۇزۇك تاۋۇشلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، "تس" قوش تاۋۇشنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى بىر يەردە ياسىلىدىغان پارتلىغۇچى (دەسلەپكىسى) ۋە سىرلاڭغۇ (كېيىنكىسى) ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشقا خاس قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ. "تس" تاۋۇشىنى ئېيتقاندا، ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا ئاكتىپ نۇتۇق ئورگان (تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى) يۇقۇرقى كۆرەك چىشلارنىڭ ئىچى تەرىپىگە سەل تەككەندىكى ناھايىتى كۈچسىز توسمىنى يېرىپ ئوتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوش تاۋۇش "تس" تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ تولاراق باش ۋە ئارىلىق پوزىتسىيىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: تسىگنتىبر، تسىركۇل، ستانتسىيە، ئادمىنىستراتسىيە ۋ. ب.

## p. ئۇنلۇك (سونۇر) ئۈزۈك تاۋۇشلار

"م" — لەپ بىلەن لەپ ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشى. "م" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، يۇمشاق تاڭلاي بىرقەدەر تۆۋەن ساڭگىلاپ، ئۆپكىدىن كەلگەن تاۋۇشلۇق ھاۋا لەۋلەرنىڭ چىپسىلىشىشى نەتىجىسىدە بۇرۇن بوشلۇغى ئارقىلىق ئۆتىدۇ.

"م" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ نۇتۇق ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى "ب" تاۋۇشىنى ئىپتىدالىقىدىن ھېچ پەرق قىلمايدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. ئايرىم ھاللاردا (بولۇپمۇ بۇرۇن بوشلۇغىنىڭ خىزمىتى ۋاقىتلىق ئىشتىن چىققان چاغلاردا)، "م" تاۋۇشى ئېغىز بوشلۇغىدا ئىپتىلىدىغان "ب" تاۋۇشى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپ ئىپتىلىشى مانا شۇنىڭدىن.

ئۇنلۇك ئۈزۈك تاۋۇشلار ئادەتتە بۇرۇندا ئىپتىلىدىغان ۋە بۇرۇندا ئىپتىلمايدىغان ئۇنلۇكلەر بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى "م، ن، ڭ" ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئۇنلۇك بولۇپ ئۈزۈك تاۋۇشلار توپىنى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان ئىككىسى — "ل" ۋە "ر"، بۇرۇندا ئىپتىلمايدىغان ئۇنلۇك تاۋۇشلار توپىغا ياتىدۇ.

"م" تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: ماي، تاماق، دەم ۋ. ب.

ئايرىم ھاللاردا سۆزنىڭ باش ۋە ئارىلىق پوزىتسىيىسىدىكى "م"

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇزئارا ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىر - بىرىگە يېقىن ”ب“ تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىيتىلىدۇ. مەسىلەن: مەيرەم ــ بايرام، مولجال ــ بولجا، ئامدان ــ ئۇبدان ۋ. ب.

تومۇر سوزنىڭ قىبلىن ياكى ئىنچىكە ئىيتىلىشىغا قاراپ، ”م“ تاۋۇشى بەزىدە ئىنچىكە ۋە قېلىن ئاھاڭلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. مەسىلەن: ماقال ــ مەكتەپ، ماڭ ــ مەڭ، ماي ــ مەي، مۆرە ــ مورا ۋ. ب.

”ن“ ــ تىل ئالدى ئۇنلۇك ئۇزۇك تاۋۇش. مەزكۇر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، يۇمشاق تاڭلاينىڭ ئارقا قىسمى ۋە كىچىك تىل تۆۋەنلەپ، ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا بۇرۇن بوشلۇغى ئارقىلىق ئۆتىدۇ.

”ن“ تاۋۇشنىڭ بۇرۇن ئاھاڭى بىلەن ئىيتىلىدىغانلىغىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى ”د“ تاۋۇشىغا ئوخشاش دىسمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمە-گەن. مەسىلەن: نەم، غۇنان، نارىن ۋ. ب.

تومۇر سوزنىڭ قىبلىن ياكى ئىنچىكە ئىيتىلىشىغا قاراپ، ”ن“ تاۋۇشنىڭ تىلدا ئادەتتىكىدىن يۇمشاق ئىيتىلىدىغان ئاھاڭى بار. مەسىلەن: ماڭ ــ مەڭ، نىرى ــ نورى، ئۆن ــ ئون ۋ. ب.

ئادەتتە، جاراڭلىق ”گ، غ“ ۋە جاراڭسىز ”ك“ تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرىكى پوزىتسىيىدە كەلگەن ”ن“ ئاسسىمىلاتسىيىگە ئۇچراپ، تەلەپپۇزدا تولاراق تىل كەينىدە ئىيتىلىدىغان ”ڭ“ تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: تۈڭلۈك ــ تۈنلۈك، ماڭا، ساڭا ــ مەنگە، سەنگە، كۆڭگەي ــ كۈنگەي، رېزىنكا ــ رېزىنكا ۋ. ب.

”ن“ تاۋۇشى شۇنداقلا ئۇزىدىن كىيىنكى ”م، ب، پ، ف“ ئوخ-شاش ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتى نەتىجىسىدە ”م“ تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىيتىلىدۇ. مەسىلەن: يامپاش (يان باش)، يامبۇ-

لاق (يان بۇلاق)، جامباقى (جانباقى)، چۈمپۈتمەك (چىن پۈتمەك)، كەمپۈت (كونفېت)، پەلەمپەي — پەلەنپەي ۋ. ب.

"ن" تاۋۇشى ئايرىم هاللاردا "ل" تاۋۇشى بىلەنمۇ نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: كوينەك — كوڭلەك، كويلەك، نېپىز — لېپىز، نېۋىر — لېۋىر ۋ. ب. بۇنىڭغا شۇنداقلا "ن" تاۋۇشىنىڭ ئۇزىدىن كېيىنكى پوزىتسىيىدە تۇرغان "ل" تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى نەتىجىسىدە "ل" بولۇپ ئېيتىلىشىنىمۇ قوشۇش مۇمكىن. مەسىلەن: دۈشمەنلەر — دۈشمەنلەر، جانلىق — جانلىق، پىچەنلىك — پىچەنلىك ۋ. ب.

"ڭ" — تىل كەينى ئۈنلۈك ئۇزۇك تاۋۇش. "ڭ" تاۋۇشىنىڭ ئارتىكۇلياتسىيەسى مەلۇم دەرىجىدە "گ" تاۋۇشىغا ئوخشاش بولىدۇ.

"ڭ" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا كىچىك تىل بىلەن يۇمشاق تاڭلاي توۋەنلىگەن بولۇپ، يۇمشاق تاڭلاي تىلنىڭ ئارقا قىسمىغا راق تېگىدۇ. نەتىجىدە ئۆپكىدىن كەلگەن هاۋا ئوچۇق تۇرغان بۇرۇن بوشلۇغى ئارقىلىق ئوتىدۇ. تىلنىڭ ئومۇمى ماسسىسى ئىلگىرى هەركەتلىنىپ، تىل ئۇچى ئاستىنقى كۇرەك چىشلارنىڭ تېگىگە سەل تېگىدۇ.

"ڭ" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن بولۇپ، سوزنىڭ مۇتلەق بېشىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: ئاڭ، تاڭ، هەپىرەڭ، گاڭپەن ۋ. ب. قېلىن ۋە ئىنچىكە تومۇرلاردا قوللىنىلىشىغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدا "ڭ" تاۋۇشىنىڭ ئادەتتىكىدىن يۇمشاق ئېيتىلىدىغان ئاهاڭى بار. مەسىلەن: تاڭ — تەڭ، تاڭگا — تەڭگە، ئاڭلىق — ئەڭلىك، توڭلۇق — تۇڭلۇك، قولۇڭ — كېلىڭ ۋ. ب.

ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزدا "ڭ" تاۋۇشى هازىرقى ئوزبەك تىلىدىكىگە ئوخشاش قوش تاۋۇش (ng) سۈپىتىدە ئەمەس①، بەلكى ئايرىم

---

① ئوزبەك تىلىنىڭ قارابۇلاق شىۋىسىدە بۇ تاۋۇش "ڭ" شەكلىدە ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاۋۇش سۇپىتىدە "ساپ" ئېيتىلىدۇ. ھەر ھالدا، ئۇزبەك ئاھالىسىگە خوشنا جەنۇبىي شىۋىلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئايرىم قىسمى تەلەپپۇزىدا "ڭ" تاۋۇشى ئۇزبەك تىلىدىكىگە ئوخشاش بەزىدە "ng" بولۇپ ئېيتىلىدىغانلىقى بايقىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس. مەسىلەن: يەڭگى — يېڭى، يەڭگىل — يېنىك، ياڭگىلىۋاشتىن — ياڭلىۋاشتىن، قىزىلئۆڭگەچ — قىزىلئۆڭەچ ۋ. ب.

ئايرىم ھاللاردا "ڭ" تاۋۇشى ئارتىكۇلياتسىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىگە يېقىن "گ" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ژىڭنە — ژىگنە. ئەمما، تاۋۇشلارنىڭ بۇ تەقلىتتە ئالمىشىشى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

تولا ۋاقىتتا "-نىڭكى" ئىگىلىك قوشۇمچىسىنىڭ ئارىلىغىدىكى "ڭ" تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ، تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: بىزنى[ڭ]كى، كولخوزنى[ڭ]كى، ئۇزەمنى[ڭ]كى ۋ. ب.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىۋە ۋەكىللىرىنىڭ تەلەپپۇزىدا خالاش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىن كېيىن ئۇلىنىدىغان "-لى" (-نى) قوشۇمچىسىنىڭ ئاخىرىغا "ڭ" تاۋۇشى قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىدىغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | جەنۇبىي شىۋىلەردە |
|---|---|
| بارايلى | باراينىڭ |
| ئالايلى | ئالاينىڭ |
| ئوتەيلى | ئوتەينىڭ |
| يازايلى | يازاينىڭ ۋ. ب. |

"ل" — تىل ئالدى ئۇنلۇك ئۇزۇك تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل ئۇچىنىڭ ئوتتۇرىلىق قىسمى بىرئاز تۈۋەنلەپ، ئۇنىڭ

ئۇچى تەرەپ يۇقۇرقى چىشلارنىڭ تىپگىگە تېگىپ تۇرغىنىدەك دەرىجىدە يۇقۇرى كوتىرىلىدۇ. نەتىجىدە ئۆپكىدىن كەلگەن ھاۋا تىل ئۇچىنىڭ ئىككى يېنىدا پەيدا بولغان يوچۇقلار ئارقىلىق ئوتىدۇ. مەزكۇر تاۋۇشنىڭ بەزىدە ئۇنلۇك يان ئۇزۇك تاۋۇش دەپ ئاتىلىش سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىن.

"ل" تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇشلۇق ھاۋا باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا نىسبەتەن ئېلىپ قارىغاندا ئۆپكىدىن بىر-قەدەر سۇس ۋە كۈچسىزرەك چىقىدۇ.

"ل" تاۋۇشىنىڭ سوزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن.

باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا ئوخشاش بۇ تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن قىلىن ۋە يۇمشاق ئېيتىلىدىغان ئاھاڭلىرى بار. مەسىلەن: قالغان — كەلگەن، بولدى — بولدى، قوللار — گۇللەر، تولا — توله ۋ. ب.

ئەسلەتمە: ئايرىم ھاللاردا "ل" تاۋۇشى تومۇرنىڭ قىلىن ياكى ئىنچىكىلىكىگە قارىماستىن، ئوزبەك تىلىدىكىگە ئوخشاش، بەزىدە بىر خىل قىلىن ياكى بىر خىل ئىنچىكە ئېيتىلىۋېرىدىغانلىغى بايقىلىدۇ. مەسىلەن: ئىلغان — ئىلگەن، تىلغا — تىلگە، تىلماق — تىلمەك، دوستلار — دوستلەر ۋ. ب.

"ل" تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەممىدىن "تۇراقسىز" ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن بىرى سۇپىتىدە ئاجىزلىشىپ، تەلەپپۇزدا تولاراق چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: كە[ل]، كە [ل] مىدۇق، ئا [ل] مۇ[ر]ت، ئا[ل] مىدىم، يا [ل]غان، ئې[لە] پ بە [ر] دى، قې[لە] پ، قالدى ۋ. ب.

"ل" تاۋۇشىنىڭ سوز ئاخىرىدا چۈشۈپ قىلىشىنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ئول، شۇل، بۇل" شەكلىدە قوللىنىلغان ئالماشلارنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلىدا "ئۇ، شۇ، بۇ" بولۇپ ئوزگىرىشىدىن كورۇش مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى "ل" تەلەپپۇزدا تولاراق مۇنۇ تۇۋەندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈك تاۋۇشلار بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىپتىلىدۇ.

"ل" تاۋۇشى جەنۇبى شىۋىلار ۋەكىللىرىنىڭ تەلەپپۇزىدا "ن" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئىپتىلىدۇ. مەسىلەن: چىللايلى ــ چىللاينىڭ، ئوتەيلى ــ ئوتەينىڭ، قۇچايلى ــ قۇچاينىڭ، كوكلۇم ــ كوكنۇم، تۈكلۈك ــ تۈكنۈك، بىلەت ــ بىنەت ۋ. ب.

تاۋۇشلارنىڭ "ل ــ ن" شەكلىدە ئالمىشىشىنى تۈركى تىللار ئىچىدىن هازىرقى ئۆزبەك تىلىنىڭ ئايرىم شىۋىلىرىدىن كورۇش مۇمكىن. مەسىلەن:

يوزەلىم، ئا يوزەلىم (گوزەلىم)!
يۈرۈك باغىنى كېزەينۈك؛
باغىڭىزغا سۇۋ تاسىا (تۈشسە)
ئودەك بولۇپ سۈزەينۈك ①

ئايرىم هاللاردا "ل" تاۋۇشى "تىل" كەينى "ك" ۋە تىل ئالدى "د" ئۆزۈك تاۋۇشلىرى بىلەنمۇ نوۋەتلىشىپ ئىپتىلىدۇ. ئەمما تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك ئالمىشىشلىرى ئەدەبىي تىلدا كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: سولاياق ــ سوك ئاياق، سولخاي ــ سوكخاي، تاللىغان ــ تاكلىغان، يىقىنلىدى ــ يىقىندىدى، قوملىدى ــ قومدىدى، قوللاش ــ قولداش، شەللەم ــ شەلدەم (ئەسلى شەبنەم) ۋ. ب.

"ر" ــ تىل ئالدى تىترەك ئۆزۈك تاۋۇش. بۇ تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلنىڭ ئالدىنقى قىسمى بىرئاز ئىلگىرى كوتىرىلىدۇ. "ر" تاۋۇشى ئوپكىدىن كەلگەن هاۋا بىردە قاتتىق تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمىغا تېگىپ، بىردە ئۇنىڭدىن چېكىنىپ هەركەتلىنىۋاتقان تىل

① ك. ك. يۇداخىن «قارا بۇلاق شىۋىسىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى». توپلام «ۋ. ۋ. بار تولدۇ» تاشكەنت. 1927 ـ يىل. 417 ـ بەت. (ترانسكرىپسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق ت. ت).

ئۇچىنى تىترىتىپ ئوتتۇشى نەتىجىسىدە ياسىلىدۇ. ئۇيگۇردىن كەلگەن تاۋۇشلۇق ھاۋا باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا قارىغاندا "ر" تاۋۇشىنى ئېيتقاندا بىرقەدەر كۈچسىز بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ تاۋۇش تەلەپپۇزدا خېلى كۈچلۈك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، تولا ۋاقىتلاردا ئېيتىلماي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: با[ر]دى، يا[ر]غاق، ئە[ر]گىمز سۇ، ئو[ر]غاق، تا[ر]ۋۇز، شە[ر]لىك ۋ. ب.

"ر" تاۋۇشىنىڭ سۆزدىكى پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن: راسا، قورا، قورۇقلار ۋ. ب. ئۇيغۇر تىلىدا "ر" باشقا پوزىتسىيەلەرگە قارىغاندا سۆزنىڭ مۇتلەق بېشىدا كەمرەك قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كەلگەن "ر" تاۋۇشى ھازىرقى قازاق، قىرغىز، نوغاي، تاتار ۋ. ب. تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش ئالدىدىن بىرەر سوزۇق تاۋۇش قىستۇرۇلۇپ ئېيتىلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. مەسىلەن: قازاقچە ۋە قىرغىزچە تەلەپپۇزدا — راس، ۋاقسمەت، رول (ئۇيغۇرچە — راست، رەخمەت، رول) ۋ. ب.

ئايرىم ھاللاردا "ر" تاۋۇشى "ي" بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. ئادەتتە، ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك ئالمىشىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى نەزىرىدىن قارىلىدۇ. مەسىلەن: پەر — پەي، بىر — بىي، ئارغى — ئايغىر، قارىياغاچ — قايىياغاچ، ئوقۇيتتى — ئوقار ئىدى ۋ. ب. بۇنىڭدىن تاشقىرى، جەنۇبىي شىۋىلەردە كوپلۈك قوشۇمچىسىنىڭ ئاخىرىدىكى "ر" بەزىدە "ن" تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: بارامسىلەن — بارامسىلەر، ئەسلەۋاتامسىلەن — ئەسلەۋاتامسىلەر ۋ. ب.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## ٧. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنى

(سىنگارمونىزىم)①

ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك تۈزۈمىدە تۈركى تىللارغا خاس يېپىشقاقلىق ۋە ئاھاڭداشلىق ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سىنگارمونىزىم ياكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم بىر قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا بىر بىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇ تاۋۇشلارنىڭ ئارتىكۇلياتسىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىر ـ بىرىگە تولۇق مۇۋاپىق كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، سىنگار- مونىزىم قانۇنى سوز تەركىبىدىكى ھەممە تاۋۇشلارنىڭ ئاكۇستىكا ـ ئارتىكۇلياتسىيەلىك بەلگىلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن ۋە ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشىگە ئاساسلىنىدىغان ھادىسە.

تۈركى تىللارنى باشقا سىستېمىغا ياتىدىغان تىللاردىن كەسكىن پەرق- لەندۈرىدىغان مانا مۇشۇ سىنگارمونىزم قانۇنى تومۇر ياكى ئاساسقا سوز ياسىغۇچى ۋە سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ مەلۇم بىر تەر- تىپ بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ ئۇلۇنۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ.

يېپىشقاقلىق ئۇسۇلى ئاساسىدا قوشۇمچىلارنىڭ توغرىدىن ـ توغرا تومۇر ياكى ئاساسقا بۇنىڭدەك مەلۇم بىر تەرتىپ بىلەن ئۇلۇنۇشى، ساپا جەھەتتىن ھەر خىل تاۋۇشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، ئۇلار-

---

① سىنگارمونىزم گرېكچە syn (بىللە) ۋە harmonia (باغلىنىش، ئاھاڭداش) سوزلىرىدىن ئېلىنغان.

نىڭ بىر ـ بىرىگە تولۇق ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان ئاسسىمىلاتسىيە قانۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. چۈنكى سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈمى بىر ـ بىرىگە ئورگانىكلىق ھالدا چاپلىشىدىغان پۈتكۈل سۆز ئېلېمېنتلىرى (مورفېمىلار) تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار پەقەت ئۆزئارا شەرتداش ۋە بىر ـ بىرىگە يېقىندا بولۇپ كەلگەن شارائىتتىلا تىلنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈمىدىكى دىئالېكتىكىلىق بىرلىكنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭلاشقا سوزۇق تاۋۇشلار سىنگارمونىزمى تىلدا پەقەت بىر تاۋۇشنى ئىككىنچى بىر تاۋۇشقا تىركەپ، ئۇلارنى ئۆزئارا باغلاشتۇرىدىغان ۋاستە بولۇپلا قويمايدۇ. ئۇ شۇنداقلا، سۆز تەركىبىدىكى ئايرىم مورفېمىلارنىمۇ ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى سۆز شەكلىدە بىرىكتۈرىدىغان ھادىسىدۇر.

ھەقىقەتتە، سۆز تەركىبىدىكى پۈتكۈل مورفېمىلارنىڭ ھەمىشە بىر ـ بىرى بىلەن چاپلىشىپ، ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىپ كېلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان ۋۇجۇتقا كەلگەن سىنگارمونىزىم، سۆزدىكى مورفېمىلارنىڭ (شۇنداقلا ئومۇمەن پۈتكۈل سۆزنىڭ) مەنە جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل بولۇپ، بىر پۈتۈن فونېتىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە تۈزۈلۈشىگە قولايلىق زېمىن تەييارلاپ بېرىدۇ. سىنگارمونىزىم نەزەرىدىن ئېلىپ قارىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئىنچىكە (تاڭلاي ئالدى) ۋە قېلىن (تاڭلاي كەينى) بولۇپ ئۆزئارا ئىككىگە بۆلۈنۈشى ئاساسىدا ئۇ تاۋۇشلار تاڭلاي سىنگارمونىزمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلار لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن بولۇپ ئۆزئارا ئىككىگە بۆلۈنۈشى ئاساسىدا ئۇ تاۋۇشلار لەپ سىنگارمونىزىمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

## 11. تاڭلاي سىنگارمونىزمى

تاڭلاي سىنگارمونىزمى تىلدىكى ھەممە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەكسىچە، لەپ سىنگارمونىزمىنىڭ دائىرىسى پەقەت تىلدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. تاڭلاي ۋە لەپ سىنگارمونىزمىنىڭ تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى بۇنىڭدەك ئۆز ئىچىگە ئېلىش دەرىجىسىنىڭ بىر خىل ئەمەسلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئىككىنچىسىگە بېقىنىدۇ دىگەن نەتىجىنى چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولغىنى، لەپ سىنگارمونىزىمىمۇ خۇددى تاڭلاي سىنگارمونىزمىغا ئوخشاش تۈركى تىللار تارىخىدا ئەزەلدىن بېرى كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمىي ھادىسىلەردىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

تۈركى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈمىدە قەدىمدىن مەۋجۇت بۇ ئىككى خىل فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ ھەر قايسىسى تىلدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ھادىسە تىلدا ئۆزىچە قوللىنىلىدىغان ئاپتونوم ھادىسىلەر ئەمەس. ئەكسىچە، بۇ ئىككى فونېتىكىلىق قانۇن تۈركى تىللاردا ئومۇمى تاڭلاي ـ لەپ سىنگارمونىزمىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان بىر پۈتۈن ھادىسىدۇر.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاڭلاي ۋە لەپ سىنگارمونىزمى پۈتكۈل تۈركى تىللارغا ئورتاق ئومۇمى خۇسۇسىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىلىش دائىرىسى بۇ تىللارنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنلىرىغا قاراپ ھەر تىلدا ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

سىنگارمونىزم ساھەسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بايقىلىدىغان ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، تاڭلاي سىنگارمونىزمى نەزىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا

سوزۇق تاۋۇشلار تۈركى تىللاردا قېلىن ۋە ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇشلار بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭ-دەك قېلىن ۋە ئىنچىكە تۈرلىرىدىن تاشقىرى، تاڭلاي سىنگارمونىزمى-غا نىسبەتەن تىلدا ئارىلىق ئورۇن ئىگىلەيدىغان شۇنداقلا خالىس سوزۇق تاۋۇشلار بار. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تاڭلاي سىنگارمونىزمى نەزىرىدىن قېلىن، ئىنچىكە ۋە سۇس دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ توپقا ياتىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار مۇنۇلار:

قېلىن سوزۇق تاۋۇشلار — ئا، ئو، ئۇ؛

ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇشلار — ئە، ئۆ، ئۈ؛

سۇس سوزۇق تاۋۇشلار — ئى، ئې.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قېلىن، ئىنچىكە بولۇپ جۈپ-جۈپى بىلەن بۆلۈنىدىغان ئا — ئە، ئو — ئۆ، ئۇ — ئۈ ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسىچە تىلىمىزدىكى ئې ۋە ئى سوزۇق تاۋۇش-لىرىنىڭ سىنگارمونىكىلىق (يەنى قېلىن-ئىنچىكە) تەگدىشى يوق، جورىسىز سوزۇق تاۋۇشلاردۇر.

تاڭلاي سىنگارمونىزمى ساھەسىدە بايقىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئايرىم خۇسۇسىيەتلەر تولاراق مانا مۇشۇ جورىسىز سوزۇق تاۋۇشلارغا باغلىق گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۇس ”ئې“ ۋە ”ئى“ سوزۇق تاۋۇشلىرىنى قوشمىغاندا، تاڭلاي سىنگارمونىزمى ئەسلى ئۇيغۇر سۆزلىرى تەركى-ۋىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىر خىل قېلىن ياكى بىر خىل ئىنچىكە بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تاڭلاي سىنگارمونىزمى نەزىرىدىن قېلىن ۋە ئىنچىكە دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشى ئاساسىدا ئىنچىكە سۆزدە تىلىنىڭ ئىلگىرى ھەركەتلىنىشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىنچىكە سوزۇق تاۋۇشلار (ئە، ئۆ، ئۈ) ۋە قېلىن سۆزدە

تىلىنىڭ ئارقا قىسمى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان قېلىن سوزۇق تاۋۇشلار (ئا، ئو، ئۇ) قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا بۇنىڭدەك قېلىن ۋە ئىنچىكە سوزلەر تەركىۋىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارمۇ ھەر خىل بولىدۇ: ئىنچىكە سوزلەردە "ك، گ" ۋە قېلىن سوزلەردە "ق، غ، خ" ئوخشاش ئۇزۇك تاۋۇشلار قاتنىشىدۇ. مەسىلەن: "تاغ، توق، تۇغ" ۋە "تەگ، تۆك، تۈگ" ۋ. ب.

ئەسلەتمە: بۇ ئومۇمى قائىدىگە تىلىمىزغا كېيىنكى بىر دەۋرلەردە ئەرەپ، ئىران، خەنزۇ ۋە رۇس تىلى ھەم رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۇزلەشكەن ئايرىم سوزلەر بېقىنمايدۇ. مەسىلەن: قەدىر، كوداك، گوتۇ، خەت، كان، گاڭپەن، كاتىپ، گۇدوك، كولخوز ۋ. ب.

بۇنىڭغا شۇنداقلا قېلىن — ئىنچىكە ئېيتىلىدىغان بەزى ئۇيغۇر سوزلىردىنمۇ ياتقۇزۇش مۇمكىن. مەسىلەن: ئالتە، بارچە ۋ. ب.

تومۇرنىڭ بۇنىڭدەك ئىنچىكە ۋە قېلىن بولۇپ بولۇنۇشى ئاساسىدا سوز ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان ھەر خىل قوشۇمچىلارمۇ شۇنداقلا قېلىن، ئىنچىكە بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. بۇنىڭغا "-لار// لەر، -دا// -دە، (-تا// -تە)، -قا// -كە (-غا// -گە)" ۋە قېلىن — ئىنچىكە ۋارىيانتلىرى بار شۇنداقلا باشقا قوشۇمچىلارنى ياتقۇزۇش مۇمكىن.

مەسىلەن: قوللاردا — كوللەردە، ئۇتتۇقلارغا — ئۇتتۇكلەرگە، ئالغان — بەرگەن، قۇچماس — كوچمەس ۋ. ب.

تاڭلاي سىنگارمونىزمى نەزىرىدىن ئېلىنىپ قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوللىنىلىشى سوزدە بىر خىل ئەمەس. مانا مۇشۇ ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار:

a) سوزدە پوزىتسىيىسى چەكلەنمىگەن (يەنى تومۇر ۋە قوشۇمچىلاردا بىردەك ئىشلىتىلىدىغان) سوزۇق تاۋۇشلار — ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئى؛

b) سوزدە پوزىتسىيىسى چەكلەنگەن (يەنى پەقەت تومۇر

سوزدىلا ئىشلىتىلىپ، قوشۇمچىلار تەركىۋىدە ئىشلىتىلمەيدىغان) سوزۇق تاۋۇشلار — ئو، ئۆ، ئې بولۇپ ئىككىگە بولۇنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا تاۋلاي سىنگارمونىزىمىغا بېقىنمايدىغان نۇرغۇنلىغان سوز ياسىغۇچى ۋە سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار بار. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇنىڭدەك بىر قېلىپقا چۇشۇپ، مۇستەھكەملەشكەن قوشۇمچىلار تومۇرنىڭ قېلىن ياكى ئىنچىكىلىگىگە قارىماستىن، پەقەت بىرلا شەكىلدە — ياكى بىر خىل قېلىن، ياكى بىر خىل ئىنچىكە شەكىلدە ئۇلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت بىرلا شەكىلدە قوللىنىلىدىغان قوشۇمچە ۋە ئۇلانمىلار ئاساسەن مونۇلار:

كېلىش قوشۇمچىلىرى: –نىڭ، –نى، –دىن (–تىن). مەسىلەن: "ئازنى دەپ، كوپتىن قورۇق قاپتۇ". (ماقال.) "كوپ ياشىغاندىن سورىما، كوپنى كورگەندىن سورا". (ماقال.) "ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغىچە، ۋەتەنىڭ ئوغلى بول". (ماقال.)

ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى: –ىڭىز، –ئى (–سى، –يى، ڕى)، –مىز. مەسىلەن: بۇ هال بىلەن قانداق يۇگەردىڭىز، جىنىڭىزغا يوقمۇ رەھمىڭىز. (ئى. س) سايىتنىڭ ئويى — ياخشى ئوقۇش. ساۋۇتنىڭ ئويى مەشەدە. ۋەتىنىمىز — ئانىمىز.

تۇۋەندىكى سوز ياسىغۇچى ۋە سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار: –ڭلار — تەگمەڭلار، قويۇڭلار، ئۇزمەكمۇ سىلەرنىڭ ئويۇڭلار؟ (ئو. م.)

–نىڭكى —

مەن خامانىدا تۇغۇلدۇم،
ئاتامنىڭكى ئەمەس، باينىڭكى...
مەن ئېتىزدا ئوستۇم،
ئوزەمنىڭ ئەمەس، ئەلنىڭكى. (ئو. م.)

–سىز — "سۇسىز يەر بولماس، ۋەتەنسىز ئەر". (ماقال.)؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

-دىكى — خۇمداندىكى ئىگىز، سېرىق ياردىكى قۇشلار چىرىلدىشىپ بىزنى قارشى ئالاتتى. (ئو. م.)؛

-(ي) لى — بارايلى دىمەيمىدۇق، كېلەيلى دىمەيمىدۇق. (فولك.)؛

-دىغان — باردىغان-كېلىدىغان كىشىلەر نۇرغۇن؛

-مەن — ياتسام تۇرالمايمەن دەپ قورقىمەن. (م. ش.).

-سۇن — ۋەتىنىمىز تېخىمۇ گۈلگە پۈركەنسۇن؛

-لەن — ئۇچىلەن، ئالتەيلەن.

-دۇر — "كىشى كوركى يۈزدۇر، يۈزنىڭ كوركى كوزدۇر". (فولك)؛

-دى — ئۇ يېزىغا باردى ۋە كوپ-كوك مايسا ئاشلىقلارنى كوردى؛

-چى — "قازاننىڭ گۈۋاچىسى چومۇچ". (ماقال) "ئەلچىگە ئولۇم يوق". (ماقال)؛

-(ئى) نچى — ئالتىنچى، بەشىنچى، ئونىنچى؛

-سىن، -سىت — يوقسىندى، ئېغىرسىندى، كەمسىتىمىدى، تەڭسىتىمىدى؛

-(ئى) مىش، -(ئى)دى، -(ئى)كەن -بارغىدەكمىش، كورگىدەكمىش، ئالاتتى، ئوتەتتى، باردىمىكىن، كوردىمىكىن.

چەتتىن كىرىپ ئوزلەشكەن تووەندىكى قوشۇمچىلار: -ئىست، -مىك، -مىزىم، -مى (-ۋى)، -ئېۋ، -ئېۋا، -ئوۋ، -ئوۋا، -ئاتور، -تور، -لوگ، -كەش، شۇناس، -دار، -ۋاز، -خور، -مەن، پەز، -ستان، -خانا، -زار، -دان، -كار ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەممە ئۇلانمىلار: -كى، -زە، -مۇ، -ما، -غۇ (-قۇ)، -چۇ، -ئاق، -لا، -دە، -دۇ.

## 12. لەپ سىنگارمونىزمى

لەپ سىنگارمونىزمىنىڭ تاڭلاي سىنگارمونىزمىدىن ئاساسىي پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەگەر تاڭلاي سىنگارمونىزمى سوزدىكى ھەممە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ پەقەت قىلىن ھەم ئىنچىكىلىكىگە ئاساسلىنىدىغان بولسا، لەپ سىنگارمونىزمى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەنلىك بەلگىلىرىگە ئاساسلىنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەپ سىنگارمونىزمى تومۇردىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا قوشۇمچىلار تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇيغۇنلىشىپ كېلىشى ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەپ سىنگارمونىزمىغا بىر بوغۇملۇق سوزلەردىن كېيىن ئۇلىنىدىغان قوشۇمچە تەركىۋىدىكى لەۋلەشمىگەن تار ”ئى“ سوزۇق تاۋۇشلا خېلى ئىزچىل بېقىنىدۇ. لەپ سىنگارمونىزمىغا بېقىنىدىغان قوشۇمچە تەركىۋىدىكى مانا مۇشۇ ”ئى“ تاۋۇشى تومۇردىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشنىڭ قىلىن ياكى ئىنچىكىلىكىگە قاراپ قىلىن ئېيتىلىدىغان تومۇردىن كېيىن ”ئۇ“ ۋە ئىنچىكە ئېيتىلىدىغان تومۇردىن كېيىن ئۈ شەكلىدە لەۋلىشىدۇ. مەسىلەن:

قور ـ ىق ـــ قورۇق　　　ئۈچ ـ ىم ـــ ئۈچۈم
ئوت ـ ىن ـــ ئوتۇن　　　پۈچ ـ ىق ـــ پۈچۈق
ئوي ـ ىق ـــ ئويۇق　　　تۆر ـ لىك ـــ تۆرلۈك
كوپ ـ ىك ـــ كوپۈك　　　كۈن ـ لىك ـــ كۈنلۈك
كوز ـ لىك ـــ كوزلۈك　　　كۈچ ـ لىك ـــ كۈچلۈك ۋ.ب.

ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن كەڭ ئو، ئۆ سوزۇق تاۋۇشلىرى ئەسلى ئۇيغۇر سوزلىرىنىڭ پەقەت دەسلەپكى بوغۇمىدىلا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەركىۋىدە ئو، ئۆ سوزۇق تاۋۇشلىرى بار بىر بوغۇم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇق تومۇردىن كېيىن تەركىۋىدە لەۋلەشكەن تار ئو، ئۇ سوزۇق تاۋۇشلىرى بار قوشۇمچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوتۇن، بورۇم، تورلۇق، گۆرلۈك ۋ. ب.

ئەسلەتمە: بۇ قائىدىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر بوغۇملۇق ھەممە سوزلەرگە ئوخشاش قوللانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر بوغۇملۇق سوزلەردىن كېيىنكى لەپ سىنگارمونىزمى بەزىدە مەلۇم بىر شىۋە دائىرىسىدىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدا: "قولۇم، كوزۇم" ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە — "ئوزەم، كۆتەش" بولسا، جەنۇبىي شىۋىلەردە: "قولام، كوزەم" ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە — "ئوزۇم، كوتۇش" بولۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

لەپ سىنگارمونىزمى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدىغان ئايرىم پاكىتلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، تەركىۋىدە "ئى" تاۋۇشى بار قوشۇمچە ئۇلانغان بىر بوغۇملۇق سوزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ قانۇنغا باشقا تۈركى تىللارغا سېلىشتۇرغاندا خېلى ئىزچىل بېقىنىدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

| ئۇيغۇر تىلىدا | قازاق تىلىدا | ئۆزبەك تىلىدا |
|---|---|---|
| كۈچلۈك | كۈشتى | كۈچلى |
| كومۇك | كومىك | كۆمىك |
| كوۋۈك | كوبىك | كۆپىك |
| تولۇق | تولىق | تۆلىق |
| قولۇم | قولىم | قۆلىم |
| ئوستۇرۇك | ئوستىك | ئۆستىك |
| ئوتلۇق | ئوتتى | ئۆتلى |
| قوشۇپ | قوسىپ | قۆشىپ |
| قوزۇق | قازىق | قوزىق |
| قوشۇل | قوسىل | قۆشىل |
| ئۆتكۈر | ئوتكىر | ئۆتكىر ۋ. ب. |

كورۇۋاتىمىزكى، ھازىرقى قازاق، ئۆزبەك تىللىرىدا لەپ سىنگار-مونىزىمى تولا كۆچلۈك. ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدىغان ئىككى بوغۇملۇق سوزلەر ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قانۇنغا خېلى ئىزچىل بېقىنىدۇ. ھەر ھالدا، مەزكۇر قانۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەپ سىنگارمونىزمى ناھايىتى كۆچلۈك ھازىرقى قىرغىز، ئالتاي تىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىدا ئېيتقىدەك چوڭ كۆچكە ئىگە ئەمەس.

بۇنى تۆۋەندىكى مىسالدىن ئېنىق كورۈش مۇمكىن. مەسلەن:

| ئالتاي تىلىدا | قىرغىز تىلىدا | ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| چولمون | چولپون | چولپان |
| ئوچوق | ئوچوق | ئوچاق |
| بوروگون | بوروئون | بوران |
| ӧртӧк | ئوردوك | ئودەك |
| тӧмӧн | تومون | تۆۋەن |
| бӧрӱ | بورۇ | بورى |
| дьӱрӧк | ژۈرۈك | يۈرەك |
| тӱлкӱ ۋ.ب. | تۈلكۈ | تۈلكە |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا لەپ سىگارمونىزمىنىڭ تەرەققىيات تەسىراتىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار خېلى ئىز-چىل بېقىنىدۇ.

ئەسلەتمە: يۇقۇرىدا بىز ئاڭلاي سىنگارمونىزمىغا نىسبەتەن كورسىتىپ ئوتكەن جورىسىز قوشۇمچىلار كوپىنچە لەپ سىنگارمونىزمىدىمۇ خالىس ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

1. تەركىۋىدە بىرەر لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بار بىر بوغۇم-لۇق ئىسىملار ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان 1-2-شەخس ئىگىلىك قوشۇم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىلىرى. مەسىلەن:

| II شەخس | I شەخس |
|---|---|
| ئوت ـ ۇڭ | ئوت ـ ۇم |
| كول ـ ۇڭ | كۆل ـ ۇم |
| ئۆن ـ ۇڭ | ئۆن ـ ۇم |
| كۆچ ـ ۇڭ ۋ. ب. | كۆچ ـ ۇم |

پېئىل ئاساسىغا ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار:

2. II شەخس بۇيرۇق پېئىللارنىڭ سىپايە تۈرى. مەسىلەن: قۇچ ـ ۇڭ، ئويە ـ ۇڭ، بۆل ـ ۇڭ، ئۈز ـ ۇڭ، كۆل ـ ۇڭ ۋ. ب.

3. بولۇشلۇق پېئىللارنىڭ I، II، ۋە III شەخس قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: بول ـ دۇم ـــ بول ـ دۇڭ ـــ بول ـ دۇق، كۆر ـ دۇم ـــ كۆر ـ دۇڭ ـــ كۆر ـ دۇق، كۆت ـ تۇم ـــ كۆت ـ تۇڭ ـــ كۆت ـ تۇق ئۆچ ـ تۇم ـــ ئۆچ ـ تۇڭ ـــ ئۆچ ـ تۇق ۋ. ب.

4. ھال پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار. مەسىلەن: قوش ـ ۇپ، تۇر ـ ۇپ، بۇز ـ ۇپ، كور ـ ۇپ، كۆت ـ ۇپ، كۆل ـ ۇپ ۋ. ب.

5. پېئىللارنىڭ ئۇملۇك دەرىجىسىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار. مەسىلەن: ئوي ـ ۇش، كۆل ـ ۇش، تۇت ـ ۇش، كۆت ـ ۇش، بۆل ـ ۇش، قوي ـ ۇش ۋ. ب.

6. پېئىللارنىڭ ئۆزگە ۋە ئۆزلۈك دەرىجىسىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار. مەسىلەن: قوش ـ ۇل، ئۇر ـ ۇل، توك ـ ۇل، بۆل ـ ۇن، كوج ـ ۇل، تۈز ـ ۇل ۋ. ب.

7. پېئىللارنىڭ مەجبۇر دەرىجىسىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار. مەسىلەن: ئوي ـ دۇر، تول ـ دۇر، ئۆت ـ تۈر، كوي ـ دۇر، بۆس ـ تۈر، ئۆن ـ دۇر ۋ. ب.

8. پېئىللارنىڭ مەجھۇل دەرىجىسىنى ياسىغۇچى "ـ غۇز، ـ قۇز،

(ـ گۇز، ـ كۇز)" قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: ئويغۇز، كور ـ گۇز، كۈت ـ كۇز، تۇت ـ قۇز ۋ. ب.

9. ياردەمچى پېئىللار بىلەن كېلىپ، خالاش مەنىسىدە ئېيتىلىدىغان پېئىل شەكىللىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار. مەسىلەن: ئوي ـ غۇم ـــ ئوي ـ غۇڭ، ئوي ـ غىسى، قوي ـ غۇم ـــ قوي ـ غۇڭ ـــ قوي ـ غۇسى، كور ـ گۇم ـــ كور ـ گۇڭ ـــ كور ـ گۇسى، كۈت ـ كۇم ـــ كۈت ـ كۇڭ ـــ كۈت ـ كۇسى ۋ. ب.

10. سوز ياسىغۇچى "ـ لۇق (ـ لۇك)" قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: بوش ـ لۇق، ئۇن ـ لۇك، كۆل ـ لۇك، كۆز ـ لۇك، ئۇز ـ لۇق ۋ. ب.

لەپ سىنگارمونىزىمغا بېقىندىغان يۇقۇرىدىكى شەكىللەرگە لەۋلەشكەن ۋارىيانتى بار قوشۇمچىلار ئۇلانغان شارائىتتا لەپ سىنگارمونىزىمى كوپ بوغۇملۇق سوزلەردە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: تۇتتۇشتۇق، تونۇشقۇم، قوشۇلدۇم، تولدۇرۇش، يۇيۇندۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇشۇپ ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدا لەپ سىنگارمونىزىمغا پەقەت قوشۇمچە تەركىبىدىكى تار "ئى" تاۋۇشىلا ئەمەس، شۇنداقلا كەڭ "ئا، ئە" تاۋۇشلىرىمۇ تەلەپپۇزدا خېلى ئىزچىل بېقىنىدۇ.

بۇنى بىز ئاساسەن تۆۋەندىكى شارائىتلاردا كورىمىز.

پېئىللارنىڭ ئومۇلۇك دەرىجىسىنى ياسىغۇچى لەۋلەشمىگەن "ـ (لا)ش، ـ (لە)ش" قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن ئۇلىنىدىغان ھەركەت نامىنىڭ "ـ ئۇش، ـ ئۇش" قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: سوزلەش ـــ سوزلۇشۇش، ئوتاش ـــ ئوتۇشۇش، ئويلاش ـــ ئويلۇشۇش ۋ. ب.؛ ئومۇلۇك دەرىجە ياسىغۇچى يۇقۇرىدىكى قوشۇمچىلاردىن كېيىن ئۇلىنىدىغان ھال پېئىل ياسىغۇچى "ـ ئۇپ، ـ ئۇپ" قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: ئويلاش ـــ ئويلۇشۇپ، بۇلاش ـــ بۇلۇشۇپ، كۆچەش ـــ كۆچۈشۇپ ۋ. ب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تومۇردا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار II شەخس بۇيرۇق پېئىللار ئاخىرىغا ئۇلىنىپ نا ئېنىق شەكىل ياسىغۇچى ”-ماق، -مەك“ قوشۇمچىلىرى ئالدىدىن كەلگەن ”ئا، ئە“ تاۋۇشلىرى لەۋلىشىدۇ. مەسىلەن: سوزلە-سوزلۇمەك، سورا-سورۇماق، ئۆرلە-ئۆرلۈمەك، ئۇخلا-ئۇخلۇماق. بۇلاردىن تاشقىرى، II شەخس بۇيرۇق پېئىللار ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان مۇنۇ تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار تەلەپپۇزدا لەۋلىشىدۇ: ”-غان“قوشۇمچىسى. مەسىلەن: سورا — سورۇغان، سوزلە — سوزلۇگەن، سۆكا — سۆكۈغان؛ ”-غۇسى-گۇسى“قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: ئويلا — ئويلۇغۇسى، سوزلە — سوزلۇگۇسى؛ ”-دۇم، -دۇك، -دۇق“ قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: ئوينا — ئوينۇدۇم، تولە — تولۇدۇك؛ ”-غۇچى، -گۇچى“قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: بويا — بويۇغۇچى، ئۆگدە-ئۆگدۇگۇچى ۋ. ب؛ ”-سۇن“ قوشۇمچىسى، مەسىلەن: سوزلە — سوزلۇسۇن، بويلا — بويلۇسۇن، ئۈزمە — ئۈزمۇسۇن ۋ. ب.؛ ”-غىلى، -گىلى“قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: سوزلە-سوزلۇگۇلى، بويلا-بويلۇغۇلى ۋ. ب.

كېلىدىغان زامان سۈپەت پېئىللىرىنى ياسىغۇچى ”-دىغان“قوشۇمچىلىرى ئالدىدىن كەلگەن ھال پېئىل قوشۇمچىلىرى تەركىۋىدىكى ”ئا“ ۋە ”ئە“ تاۋۇشلىرى. مەسىلەن: بولا-دىغان (بولۇدىغان)، كورە-دىغان (كورۇدىغان)، قوللۇنىلا-دىغان (قوللىنىلىدىغان)، چۈشۈنۈشە-دىغان (چۈشىنىشىدىغان) ۋ.ب. شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ”-مەن، -سەن، -دۇ“ شەكىللىرى ئالدىدىن كەلگەن ھال پېئىل قوشۇمچىلىرى. مەسىلەن: قورقا-مەن (قورقىمەن)، كورە-سەن (كورىسەن)، ئۈچا-دۇ (ئۇچىدۇ)، كوتۈرۈلە-دۇ(كوتىرىلىدۇ) ۋ.ب.

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن شۇنى روشەن كورۇش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر تىلىدا لەپ سىنگارمونىزىمىنىڭ قوشۇمچىلارغا بولغان تەرەققىياتلىق تەسىراتى كوپىنچە تومۇر (ياكى ئاساس) تەركىۋىدىكى

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئۇزىدىن كېيىنكى بوغۇمدىن بىر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بولۇنۇپ تۇرغان شارائىتتا خېلى ئىزچىل ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. بۇ قانۇن ھەتتا بەزىدە مۇرەككەپ پېئىللاردىمۇ ئۇز كۈچىنى ئاز-تولا ساقلايدىغانلىغى بايقىلىدۇ. مەسىلەن: ئويناپ ئالماق — ئوينۋالماق، كولاپ ئەتتى — كولۋەتتى ۋ. ب.

## VI. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىرات قانۇنى

يۇقۇرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى تاگلاي ۋە لەپ سىنگارمونىزىملىرى ئۇستىدە سوز بولغىنىدا بىز مەزكۇر ھادىسىلەر تومۇر تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا تەرەققىياتلىق تەسىر قىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغانلىغىنى كورگەن ئىدۇق.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۇنىڭدەك تەرەققىياتلىق تەسىراتىدىن تاشقىرى، قوشۇمچە تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تومۇردىكى سوزۇق تاۋۇشقا ئەكسى تەسىر قىلىش ھادىسىسى مەۋجۇتتۇر. مۇھىمكى، مەزكۇر فونېتىكىلىق ھادىسە تۇركى تىللار ئىچىدىن پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس خۇسۇسىيەت دىسىمۇ بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا پەقەت تار سوزۇق تاۋۇشلارلا ئۇزلىرىدىن ئىلگىرىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارغا ئەكسى تەسىر قىلالايدۇ.

تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتى باشقا تۇركى تىللارغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىدا ئالاھىدە فونېتىكىلىق قانۇن سۈپىتىدە يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتى قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتى مۇنۇنىڭدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر سوزلىرىنىڭ دەسلەپكى بوغۇمى تەركىبىدىكى كەڭ ”ئا، ئە“سوزۇق تاۋۇشلىرى قوشۇمچە تەركىبىدىكى ئۇرغۇ چۈشۈپ تۇرغان تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئاسسىمىلاتسىيىگە ئۇچراپ، ئۇزلىرىنىڭ دەسلەپكى ساپاسىنى يوقىتىدۇ. نەتىجىدە ”ئا“ۋە ”ئە“ تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا ”ئي، ئۆ، ئو“ تاۋۇشلىرى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدۇ.

تۈركىي تىللار ئىچىدىن ھازىرقى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئايرىم شىۋىلىرىدە بايقىلىدىغان مەزكۇر ھادىسىمۇ خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش فونېتىكىلىق شارائىتتا بارلىققا كېلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتى لەۋلەشمىگەن تار ”ئى“ تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى ۋە لەۋلەشكەن تار”ئۇ“ۋە ”ئۈ“ تاۋۇشلىرىنىڭ ئەكسى تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت.

## 13. لەۋلەشمىگەن تار ”ئى“ سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئەكسى تەسىراتى

ئۇيغۇر تىلىدا لەۋلەشمىگەن تار и سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئەكسى تەسىراتى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا قېلىن ы (ъ) ۋە ئىنچىكە и (i) سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ كونۋېرگېنتسىيىسىگە① باغلىق بارلىققا كەلگەن ئىدى.

ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا بىر بىرىگە سىنگارمونىزملىق جورا ы ۋە

① كونۋېرگېنتسىيە لاتىنچە convergere (يېقىنلىشىش، يۇغۇرلىشىش، بىرىكىش) سوزىدىن ئېلىنغان.

и سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ كونۋېرگېنتسىيەگە ئۇچرىشى يەنى قىلىن ы(ь) ۋە ئىنچىكە и (i) تاۋۇشلىرى يۇغۇرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا پەقەت بىرلا خالىس и سوزۇق تاۋۇشىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىغا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىگى مەلۇم.

ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا بارلىققا كەلگەن قىلىن ы ۋە ئىنچىكە и تاۋۇشلىرىنىڭ كونۋېرگېنتسىيەسى ئۆز نۆۋىتىدە شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى تاڭلاي سىنگارمونىزىمىغا نىسبەتەن بىتەرەپ ۋە خالىس ئايرىم سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك تەسىر قىلغان ئىدى. چۈنكى، مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن تىلدىكى فونېمىلار سانىنىڭ ئېلگىرىكىدىن كېمىيىشى ياكى كوپىيىشى تىلنىڭ پۈتكۈل تاۋۇش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېلىپ كېلىدىغانلىغى شەكسىز.

ھەقىقەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ كېيىنكى بىر تارىخىي دەۋرلىرىدە ھازىرقى تىلىمىزدىكى بىپەرق e سوزۇق تاۋۇشىنىڭ پەيدا بولۇ-شى، قىسمەن، مانا مۇشۇ بىر بىرىگە جورا ы ۋە и سوزۇق تاۋۇشلىرى ساھەسىدىكى كونۋېرگېنتسىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇنى تۆۋەندىكى ئاددى مىسالدىن كورۇش مۇمكىن.

مەلۇمكى، تۈركى تىللارنىڭ پەقەت ئورخۇن-يېنسەي يېزىق يادىكارلىقلىرىدىلا ئەمەس، شۇنداقلا تەخمىنەن II — 13 ئەسىر-لەردە ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق يادىكارلىقلىرىمۇ a ۋە ə كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ھازىرقىدەك ئۆز ئالدىغا ئايرىم تاۋۇش (يەنى e) شەكلىدە ئىپادىلەنمىگەن ئىدى. بۇنى بىز ھازىرقى تىلىمىزدا "ئېغىر، يېقىن، تېپىندى، قېرى، بېشىم"شەكلىدە قوللىنىلىدىغان ئايرىم سوزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى يېزىق يادىكارلىقلىرىدا "ئاغىر، ياقىن، تاپىندى، قارى، باشىم"شەكلىدە بولغانلىقىدىن روشەن كورىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: ئۇل بەگ ئاغىر ئىغلادى. ياقىن تۇتتۇم ئۇزكە تاپىنى دۇرمادىم. (مالىۇۋ، پ د پ). قارى ئۇكۇز بالىدۇقا قورقماس. ئۇكۇز ئازاقى بولغۇنچا بۇزاغۇ باشى بولسا يىلىك. (م ك).

ھەقىقەتتە، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بىر ـ بىرىگە سىنگارمونىزمەلىق جورا سانىلىدىغان ы ۋە и تاۋۇشلىرى تېخىچە كونتۇپرگېنتىسىيەگە ئۇچرىمىغان شارائىتتا تومۇرنىڭ دەسلەپكى پوزىتسىيىسىدىكى a تاۋۇشى e تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلەشمىگەن ئىدى. ئەمما قېلىن a سوزۇق تاۋۇشى تاڭلاي سىنگارمونىزمىغا خالىس и سوزۇق تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتى دائىرىسىدىكى يېڭى فونېتىكىلىق شارائىتقا داخىل بولغان ھالدا ئۇ تاۋۇشلار ئىلگىرىكى ساپاسىدىن تامامەن باشقا بىر ساپاغا، كەڭ a ۋە ә تاۋۇشلىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر يېپىق ۋە تارىراق ئېيتىلىدىغان ھازىرقى e تاۋۇشىغا خاس ئىككىنچى بىرساپاغا كوچكەن.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى قېلىن ы ۋە ئىنچىكە и تاۋۇشلىرى ئورنىغا كەلگەن جورسىز и سوزۇق تاۋۇشىنىڭ پەيدا بولۇشى ھىلىمۇ تىلىمىزدا "بېغىر — باغىر، ئېغىز — ئاغىز، يېرىم — يارىم" شەكلىدە ئۇچرايدىغان باشقا خىل سوزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدەك ئىككى خىل قوللىنىلىدىغان سوزلەرنىڭ قېلىن تۇرلىرى قەدىمقى تىلىمىزغا خاس شەكىللەر ئىكەنلىكى تالاشسىز مەسىلە.

تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك شىۋىلەردە ھەرخىل دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەدەبىي تىلدا تولاراق "يارىم، نارىن، ۋەكىل، ئەقىل" بولۇپ ئېيتىلىدىغان سوزلەرنىڭ جەنۇبى شىۋىلەردە ئاساسەن "يېرىم، نېرىن، ۋېكىل، ئېقىل" شەكلىدە قوللىنىلىشى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

كورۇۋاتىمىزكى، تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارغا ئەكسى تەسىراتى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى ئايرىم شارائىتلارغا قاراپ ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم دەرىجىدە چەكلەنگەن. ئۇيغۇر تىلىدا تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتى ئاساسەن تۆۋەندىكى شارائىتلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدىغانلىقى بايقىلىدۇ.

ئا) كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزىدىن كېيىنكى تار سوزۇق تاۋۇشلاردىن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش توسمىسى بىلەن چەكلىنىپ تۇرغان شارائىتتا ئەكسى تەسىرات قانۇنىغا بېقىنمايدۇ. مەسىلەن: باردى، يەڭلىك، ئەرلىك، تەردىم (لېكىن "بېردى، يېڭلىك، ئېرلىك، تىردىم" ئەمەس).

ئە) ئارىلىق بوغۇم تەركىۋىدىكى ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە كەلگەن كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ئەكسى تەسىرات قانۇنىغا بېقىنمايدۇ. مەسىلەن: جايلىرى، ئايلىنىپ، كۆزگەلى (لېكىن جايلېرى، ئايلېنىپ، كورگېلى ئەمەس).

شۇنداقلا، ئۇرغۇسىز "ئا، ئە" تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان "ئى" تاۋۇشىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كەڭ تاۋۇشلارغا ئەكسى تەسىر قىلالمايدۇ. مەسىلەن: بالىلار، بالىدا، ئەلىمىم، ئەدىۋى (لېكىن "بېلىلار، بېلىدا، ئېلىمىم، ئېدىۋى" ئەمەس).

ب) ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئايرىم سۆزلەر تەركىۋىدە ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئېيتىلىدىغان كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ئەكسى تەسىرات قانۇنىغا بېقىنمايدۇ. مەسىلەن: يابى، دارىن، ناجى، نازىم، زەمىن، يەنى (لېكىن "يېبى، دېرىن، نېجى، نېزىم، زېمىن، يېنى" ئەمەس) ۋ. ب.

## 14. لەۋلەشكەن تار "ئۇ، ئۈ" سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئەكسى تەسىراتى

لەۋلەشكەن تار "ئۇ، ئۈ" تاۋۇشلىرىنىڭ ئەكسى تەسىراتى لەۋلەشمىگەن تار "ئى" سوزۇق تاۋۇشقا قارىغاندا تومۇردىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنى خېلى چوڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر لەۋلەشمىگەن "ئى" تاۋۇشى تومۇردىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنى پەقەت "ئې" تاۋۇشىغىلا ئۆزگەرتىدىغان بولسا، لەۋلەشكەن تار "ئۇ، ئۈ" تاۋۇشلىرى تومۇردىكى ئا تاۋۇشىنى قېلىن ئو تاۋۇشىغا ۋە "ئە" تاۋۇشىنى ئىنچىكە "ئۆ" تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىدۇ. بۇنى بىز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "قامۇش، يارۇق، ئەچۈكۈ، ئەۋۈر" شەكلىدە قوللىنىلغان ئايرىم سوزلەرنىڭ هازىرقى تىلىمىزدا "قوموچ، يورۇق، ئۆشكە، ئۆرى" بولۇپ ئۆزگىرىشىدىن ئوچۇق كورىمىز.

لەۋلەشكەن تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئەكسى تەسىراتىمۇ خۇددى لەۋلەشمىگەن "ئى" تاۋۇشىنىڭ ئەكسى تەسىراتىغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئۇزاق تەرەققىيات تارىخى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن هادىسىدۇر. شۇنداقلا لەۋلەشكەن "ئۇ" ۋە "ئۈ" تاۋۇشلىرىنىڭ ئەكسى تەسىراتىمۇ "ئى" تاۋۇشىغا ئوخشاش هازىرقى تىلىمىزدا كوزگە چېلىقىدىغان ئايرىم سوزلەرنىڭ ئىككى خىل ئېيتىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنى بىز دەسلەپكى بوغۇم تەركىۋىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار بىردە لەۋلەشمىگەن "ئې" (ئەسلى بويىچە "ئا" ياكى "ئە") ۋە بىردە لەۋلەشكەن "ئو" ۋە "ئۆ" شەكلىدە ئۇچرايدىغان تۆۋەندىكى سوزلەردىن كورۇشىمىز مۇمكىن.

مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ئاچىغ، ياپىغ، قامۇش، نەچۈك"

شەكىلدە ئىشلىتىلگەن ئايرىم سۆزلەرگە لەۋلەشمىگەن "ئى"ۋە لەۋلەش-كەن "ئۇ، ئۈ" تاۋۇشلىرىنىڭ تىل تارىخىدا ھەر خىل تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا "ئۇچۇق — ئىچىق، يوپۇق — يېپىق، قومۇچ — قىمىش، ئۆچۈك — ئىچىك" ئوخشاش ئىككى خىل قوللىنىلىدىغانلىقى بۇنىڭغا ئاجايىپ ياخشى مىسال بولالايدۇ.

## VII. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەسى

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەسى ئاساسەن ئۇر-غۇدىن يىراقلاشقان، يەنى سۆز ئۇرغۇسى چۈشمىگەن بوغۇملاردا بارلىققا كېلىدۇ. ئەمما سوزۇق تاۋۇشلار رېدۇكسىيەسىگە ئۇرغۇدىن تاشقىرى يەنىمۇ باشقا فونېتىكىلىق فاكتورلار توغرىدىن-توغرا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ھەرقانداق سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەلۇم بىر سۆز تەركىۋىدە رېدۇكسىيەلىشىشىگە ھەر بىر سوزۇق تاۋۇش-نىڭ فونېتىكىلىق دائىرىسىمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، تەلەپ-پۇز جەريانىدا بىرىدىن كېيىن بىرى ئۇلۇشۇپ ھەرىكەتلىنىدىغان ئارتىكۇلياتسىيەلەر ئايرىم تاۋۇشنى ئېيتقاندىكى ئارتىكۇلياتسىيەگە قارىغاندا جىددى پەرقلىنىدىغانلىقى تەبىئىي مەسىلە. تاۋۇشلار ئۆز-گىرىشىدىكى بۇنىڭدەك مۇرەككەپ ھادىسە تولاراق تۆۋەندىكى فىزىئولوگىيىلىك شارائىتلارغا باغلىق.

تىلدىكى ھەرقانداق تاۋۇشنىڭ (سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ) ئېيتىلىشى ئادەتتە تۆۋەندىكى ئۈچ ھالەتتىن ئىبارەت: 1) نۇتۇق ئاپپاراتى خالىس ياكى تىپ-تىنچ ھالەتتىن چىقىپ، بىرەر تاۋۇشنى ئېيتىش ئۈچۈن يېڭىدىن ئىشقا قوشۇلۇش پەيتىدىكى ھالەت؛ 2) نۇتۇق ئاپپاراتى بۇنىڭدەك تىپ-تىنچ ۋە خالىس ھالەتتىن چىقىپ، ئەمدى يېڭىدىن ئىشقا قوشۇلىدۇ. نۇتۇق ئاپپاراتىنىڭ بۇ ھالىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەينىگە يېنىش دەپ ئاتىلىدۇ؛ 3) نۇتۇق ئاپاراتى بۇ ئىككىنچى ھالەتكە يەتكەندىن كېيىن بىرئاز ھايال قىلىپ، ئاندىن يەنە ئاۋالقى ھالەتكە ــ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئەكسىگە قاراپ ھەركەتلىنىدۇ. نۇتۇق ئاپاراتىنىڭ بۇنىڭدەك ئۆز ئەكسىگە يېنىش ھەركىتى رېكۇرسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، نۇتۇق ئورگانلىرى ئايرىم سوزۇق تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يېنىپ ئىلگىرىكى ئۆز ئەكسىگە كېلىدۇ. ئەمما ھەرقانداق تاۋۇشنى سوز ياكى مورفېما تەركىۋىدە تەلەپپۇز قىلىدىغان بولساق، بۇ يەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئېيتىلىش ۋەزىيىتى تامامەن باشقىچە بولىدىغانلىقىنى كورىمىز. مەسىلەن، ئايرىم سوزۇق تاۋۇشنى مەلۇم بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن بىللە ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ سوزۇق تاۋۇشنىڭ رېكۇرسىيەسى (يەنى ئاخىرقى فازىسى) ئۆزىدىن كېيىنكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ خالىس ھالەتكە نىسبەتەن بىرىنچى فازىسىغا ئۇلىنىپ، تۇتاش ئېيتىلىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تاۋۇش بىر ــ بىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مەلۇم ساپا ۋە سان ئۆزگىرىشىگە دۇچار بولىدۇ①.

بۇنى بىز ھەر خىل ئۈزۈك تاۋۇشلار تەسىرى بىلەن تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيە لىشىدىن ئېنىق كورىمىز.

## 15. تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ

---

① بۇ ھەقتە تۇۋەندىكى ئەمگەكلەرگە قاراڭ: م. ئى. ماتۇسېۋىچ. «ئومۇمى فونېتىكىغا مۇقەددىمە». لېنىنگراد. 1948 ــ يىل. 76 ــ بەت. ۋ. ئا بوگورودىتسكىي. «رۇس گىراماتىكىسىدىن ئومۇمى كۇرس». قازان. 1911 ــ يىل. 35 ــ بەت.

رېدۇكسىيەلىنىشى بىر بوغۇملۇق سوزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغان شارائىتتىمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدەك ھالەتتە مەزكۇر فونېتىكىلىق ھادىسە خوشنا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا باغلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "ئۇق، بىر، تىل، قىر، تۇك" ۋ. ب. بىر بوغۇملۇق سوزلەر تەركىۋىدە كەلگەن ھەممىدىن قىسقا تاۋۇشلار تولاراق پارتىلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇشلار ئارىلىغىدىكى پوزىتسىيىدە رېدۇكسىيە لىنىدۇ.

قىسقا ئى، ئۇ، ئۈ تاۋۇشلىرىنىڭ خوشنا ئۇزۇك تاۋۇشلار تەسىرى بىلەن ئاجىزلىنىشى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، ھەتتا ئۇلار بۇنىڭدەك شارائىتتا ئوزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئاكۇستىكىلىق ساپاسىنى يوقىتىپ، تەلەپپۇزدا تامامەن ئېيتىلمايدۇ دىسىمۇ بولىدۇ.

ئەمدى بىز تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە ئاجىزلىنىشىنى قاراپ كورەيلى.

ئۇيغۇر تىلىدا ھەممىدىن قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تار سوزۇق تاۋۇشلار تىلدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا خېلى كۈچلۈك ئاجىزلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا قىسقا ئېيتىلىدىغان "ئى، ئۇ، ئۈ ئۇرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدە ناھايىتى قىسقا ئېيتىلىپ، ئوزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاكۇستىكىلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ.

تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە بۇنىڭدەك رېدۇكسىيەلىنىشى بولۇپمۇ "رن، رق، مر، چر، قر، كل، غل، گل، غز، ين" ئوخشاش ئۇزۇك تاۋۇش بىرىكمىلىرىنىڭ ئارىلىغىدىكى پوزىتسىيىدە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇل — ئوغلى، كوڭۇل — كوڭلۇم، ئاغىز — ئاغزىدا ۋ.ب.

تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە رېدۇكسىيەلىنىپ، بۇنىڭدەك چۈشۈپ قېلىشىنى شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىق يادىكارلىقلىرىدىن، شۇ جۈملىدىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەشـ
ھۇر لۇغىتىدىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: "قارى ئوكۇز بالدۇقا
قورقماس. ئول ئانىڭ كوڭلۈن ئاجىتتى. ئول ماڭا سۇۋ ئىچرۈشـ
تى. كوڭلى كويۈپ، قانى قورىپ، ئاغزى ئاجىپ. ئول مېنىڭ
ئوغلۇمول. يازدا بورى ئۇلىسا، ئەۋدە ئىت باغرى تارتىشۇر"
ۋ. ب.

ئەسلەتمە: تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رىدۇكسىيەلىششى باشقا ساھەلەرگە
ئوخشاش يەرلىك شېۋىلەردە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەنۇبى شېۋىلىرىدە بىر
خىل ئەكس ئەتتۇرۇلمەيدۇ. بۇنى بىز ئەدىبىي تىلدا "ئوگۈزىگە، ئىشىگىدىن" بولۇپ ئېيتىلىدىغان سوزلەرنىڭ جەنۇبى شېۋىلەردە "ئوگزەگە، ئىشىـ
كىدىن" بولۇپ ئېيتىلىشىدىن كورىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن:

ئوگزەگە چىقىپ ئاپسەن
يەر توۋەينگە قايلاپ،
ئىشكىدىن تولا ئوتتۇم
بولتۇلۇك بولاپ سايراپ. (فولك.)

## 16. كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رىدۇكسىيەسى

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە رىدۇكسىيەـ
لىنىشى تۈركى تىللار ئىچىدىن، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
ئەدىبىي تىلىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقا
مەزكۇر ھادىسە، ئادەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەقىقى فونېتىكىلىق
قانۇنلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رىدۇكسىيەلىنىشى ھەتتا قەدىمقى ئۇيغۇر
تىلىدىمۇ خېلى كۈچلۈك بولغانلىغى مەلۇم. مۇھىمكى، قەدىمقى تىل

ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا ئۈرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار خۇددى ھازىرقى تىلىمىزدا بايقالغىنىدەك (تولاراق ئارىلىق بوغۇمدا ۋە ئايرىم ھاللاردا ھەتتا بىرىنچى بوغۇمدا) "ئى" تاۋۇشىغا ئالمىشىپ ئېيتىلىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ لۇغىتىدىن ئېلىنغان تۋەندىكى مىساللار بۇنىڭغا ياخشى مىسالبولالايدۇ.

مەسىلەن: قۇرۇغ يىغاچ، قۇرمۇش قىرىش تۇكۇلمەس (ئەسلى: ياغاچ). قارغا قارىسىن كىم بىلىر، كىشى ئالىسىن كىم تابار (ئەسلى: قاراسىنى، ئالاسىنى). بۇرۇن قانىدى (ئەسلى قانادى).

ئادەتتە كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۈرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدە رېدۇكسىيەلىشىشى سوزگە ھەرخىل قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ئېنىق بايقىلىدۇ. كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىشىش قانۇنى ئۇيغۇر تىلىدا تۋەندىكى شەرت-شارائىتلاردا بارلىققا كېلىدۇ.

كەڭ "ئا، ئە" سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان سوزلەرگە ئۇزۇك تاۋۇشتىن باشلانغان بىرەر قوشۇمچە ئۇلانغاندا، سوز ئۈرغۇسىنىڭ قوشۇمچىغا يوتكىلىشى نەتىجىسىدە ئۈرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدىكى "ئا" ۋە "ئە" تاۋۇشلىرى رېدۇكسىيەلىشىش، تىلدىكى ئېتىمولوگىيىلىك "ئى" تاۋۇشىغا بىرقەدەر يېقىن ئىككىنچى بىر تاۋۇشقا ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: "بالىسى، بالىغا، بالىدىن، بالىلار، تۇگمىسى، تۇگمىلەر، تۇگمىنىڭ" ۋ.ب.

ئەمما ئۈرغۇسىز بوغۇم تەركىۋىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىشىشى ھەممە شارائىتلاردا بىرخىل ئەمەس.

مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈرغۇسىز كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ئوزىدىن كېيىنكى ئۈرغۇ چۈشۈپ تۇرغان بوغۇمدىن ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش توسىمىسى بىلەن بولۇنۇپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇلارغا رېدۇكسىيەلىشىش قانۇنىنىڭ ھېچ تەسىرى بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قالقىنىم، لېكىن قالقانىسىلىرىدىم،
ئاپتۇۋى، لېكىن ئاپتاپلىرى،
پوچىغىمىز، لېكىن پوچاقلىرىمىز،
ئەپكىشىدە، لېكىن ئەپكەشلىرىدە،
ئەگلىگىڭلار، لېكىن ئەگلەكلىرىڭلار ۋ. ب

ئەسلەتمە: كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىشىش قانۇنىنى جەنۇبى شىۋىلەرگە نىسبەتەن شەرتلىك ھالدا ئېيتىش مۇمكىن. چۈنكى بۇ قانۇن ئۇيغۇر شىۋىلىرىدە ئايرىم ھاللاردا ئەتتا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش توسمىسىغىمۇ رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى كورىمىز. مەسىلەن: تېلمۇرمەك، تېلىپەك (ئەدەبىي تىلدا: تەلمۈرمەك، تەلپەك) ۋ.ب.

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلار ئايرىم ھاللاردا ھەر خىل ئىنتوناتسىيە بىلەن ياكى ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئېيتىلغان ھالەتتىمۇ رېدۇكسىيە لىشىش قانۇنىغا بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

ھاۋادىكى سامولىيوت
قاناتىڭنى پەسلەپ ئۇچ
(فولك.)

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا،
مېنى باققان بەش يايى
ئەمدى قالدى بالاغا. (فولك.)

ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيە لىشىشى تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىشىشىدە كورگىنىمىزدەك، قىسمەن، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوز ساپاسىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

بار-ار — بارار بەر-ەر — بېرەر
قال-ار — قالار كەلەر — كېلەر
چاد-اق — چاناق چەنەك — چېنەك

ۋ. ب.

بۇ مىساللاردىكى "ئە" تاۋۇشىنىڭ "ئې" تاۋۇشىغا نوۋەتلىشىشى ئۇيغۇر تىلىدا مەزكۇر تاۋۇشنىڭ ساپاسى، ھەممىدىن قېلىن "ئا" سوزۇق تاۋۇشىغا قارىغاندا ئالدىنقى ئارتىكۇلياتسىيە بازىسىدا ياسىلىدىغانلىقى ۋە خېلى كۈچسىز ئېيتىلىدىغانلىقىغا توغرىدىن-توغرا باغلىقتۇر.

ئەسلەتمە: دەسلەپكى بوغۇم تەركىۋىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىنىشى ئۇيغۇر شىۋىلىرىدە بىر خىل ئەمەس. بولۇپمۇ ئەدەبىي تىلدا ئاجىزلاشمايدىغان بىرىنچى بوغۇمدىكى قېلىن "ئا" جەنۇبىي شىۋىلەردە ئادەتتىكىدىن خېلى كۈچسىز ئېيتىلىدىغانلىقى بايقىلىدۇ. مەسىلەن: "قىرا، يىغاچ، بىلام (ئەدەبىي تىلدا: قارا، ياغاچ، بالام)" ۋ.ب.

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىنىشى ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ، پارس، خەنزۇ ۋە رۇس تىلى ھەم رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردىمۇ خېلى ئىنچىل ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: "مانتا — مانتىغا، تەتەي — تەتىيى، غەپلەت — غەپلىتى، ماشىنا — ماشىنىدا" ۋ. ب.

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىنىشى شۇنداقلا مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىسىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: "قارىياغاچ، قارىمۇچ، پاقىلەش، بېدىكوكسى، توختىغوجا (ئەسلى: قاراياغاچ، قارا بۇرۇچ، پاقالەش، بېدە كوكسى، توختا غوجا)" ۋ. ب.

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىنىشى يۇقۇرىدىكى شارائىتلاردىن تاشقىرى، بىرنەچچە سۆز كونتېكستتا بىر رىتىمىكلىق گۇرۇپپا شەكلىدە ئېيتىلغان ھالدىمۇ بارلىققا كېلىدۇ مەسىلەن:

ئات مىنىپ سەراغا چىقسالاڭ،
قامچا دەستىڭ مەن بولاي،
بارچە ئەلنىڭ كوزى سەندە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىل تۇمارىڭ مەن بولاي،
(ئۇئەئەپ، 32 ب)

ئەسلەتمە: هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كەڭ "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياقلاشقان ئايرىم سۆزلەر ھىلىمۇ "توغرا — توغرى، خېلە — خېلى، بورە — بورى" بولۇپ ئىككى خىل شەكىلدە قوللىنىلىدۇ.

بىر سۆزنىڭ بۇنىڭدەك ئىككى تۈرلۈك ئىپادىلىنىشى شۇنداقلا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ لۇغىتىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى سۆزلەردىن كۆرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: "بورى بارجا ئۆلىشدى قىلىج قامچى" ۋ. ب. ئېھتىمال، ئۇيغۇر تىلىدا بىر سۆزنىڭ قەدىمدىن بۇيان بۇنىڭدەك ھەر خىل قوللىنىلىشى ئۇ سۆزلەردە ئۇرغۇنى بىردە سۆز بېشىغا، بىردە سۆز ئاخىرىغا قويۇپ ئېيتىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولسا كېرەك.

كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەلىشىشى توغرىسىدا سۆز بولغىنىدا، ئۇلارنىڭ شۇنداقلا مۇرەككەپ سۆز تەركىۋىدىكى ئۇرغۇسىز پوزىتسىيىدە چۈشۈپ قېلىشىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز لازىم. مەسىلەن:

نازۇك قىزىم نىمانچە ھەسرەت، چېكىسىز تولا! (ق. ھ.) رەخمەت ساڭا جەدىتىم. (ئو. م.) مېنىمۇ ئۇ سىلىكگەندى ئۆتكەن قانچە رەت. (خ. ھ.)

## VIII. بوغۇم

### 17. بوغۇم ۋە بوغۇمنىڭ تۈرلىرى

مورفولوگىيىلىك جەھەتتىن سۆزنى تومۇر ۋە قوشۇمچىلارغا، ئەمدى فونېتىكىلىق جەھەتتىن بولسا، ئۇنى بوغۇملارغا بولۇش مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، بوغۇم — سۆزنىڭ فونېتىكىلىق جەھەتتىن بولۇنۇشى.

مەلۇمكى، تاۋۇشلار بىلەن شەكىللىنىدىغان سۆز (يەنى نۇتۇق)

نۇتۇق ئورگانلىرى مۇسكۇللىرىنىڭ ھەر خىل ھەركەتلىرىگە قاراپ كالتە ـ كالتە قىسىملارغا، يەنى بوغۇملارغا بولۇنىدۇ.

ئادەتتە بوغۇم بىر ۋە بىرقانچە تاۋۇشلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇشى مۇمكىن. بىرقانچە تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇش ئادەتتە بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇش دەپ ئاتىلىدۇ. بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇشقا توغرىدىن ـ توغرا ياندىشىپ كەلگەن تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلمايدىغان تاۋۇشلار دەپ ئاتىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇشلاردۇر. شۇڭلاشقا مەلۇم بىر سۆزدىكى بوغۇملارنىڭ سانى ھەرقاچان سۆز تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سۆز قانچە سوزۇق تاۋۇشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭدىكى بوغۇملارنىڭ سانىمۇ شۇنچە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بوغۇم سانى جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن، بەزى سۆزلەر پەقەت بىرلا بوغۇمدىن تۈزىلىدۇ: "ئاي، ئات، مال، ئو[ۋ]، باش" ۋ. ب. ئۇپكىدىن كەلگەن ھاۋا بۇنىڭدەك بىر قېتىم دولقۇنلىنىشى بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەر بىر بوغۇملۇق سۆزلەردۇر، ئۇپكىدىن كەلگەن ھاۋا تەكرارلىنىپ دولقۇنلىنىشى نەتىجىسىدە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: "ئې ـ رىق، ئې ـ رىق ـ لار، ئې ـ رىق ـ لى ـ رى، ئې ـ رىق ـ لى ـ رى ـ مىز ـ غا" ۋ. ب.

ئادەتتە سۆزنىڭ بۇنىڭدەك كالتە ـ كالتە فونېتىكىلىق كەرتىملەرگە بولۇنۇشى ئۇنىڭ مورفولوگىيىلىك (يەنى تومۇر ۋە قوشۇمچىلارغا) بولۇنۇشىگە ھەممە ۋاقىتتا ئوخشاش مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| سوزنىڭ فونېتىكىلىق بولۇنۇشى | سوزنىڭ مورفولوگىيىلىك بولۇنۇشى |
|---|---|
| ”با ـ ر ـ دۇ | بار ـ ا ـ دۇ |
| چە ـ قە ـ مىز | چىق ـ ا ـ مىز |
| كو ـ ر ـ دە ـ غە ـ نىم | كور ـ ە ـ دۇ ـ غان ـ ىم |
| تو ل ـ تۇ ـ ر ـ دۇ | تولدۇر ـ ا ـ دۇ“ ۋ. ب. |

كورۇۋاتىمىزكى، تومۇرغا ھەر خىل سوز ياسىغۇچى ۋە سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىشىغا باغلىق، ئۇنىڭ بوغۇم تۇزىلىشىدىمۇ ئاز ـ تولا ئوزگىرىشلەر بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئوزگىرىشلەر يۇقۇرىدا كورگىنىمىزدەك، پەقەت مەلۇم بىر تاۋۇشنىڭ (ئاساسەن ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ) بىر بوغۇمدىن ئىككىنچى بىر بوغۇمغا يوتكىلىشى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ئوز نوۋىتىدە تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە ۋە دىسسىمىلاتسىيە قانۇنلىرى تەلىۋىدىن تۇغۇلغان ئايرىم فونېتىكىلىق ئوزگىرىشلەرنىڭ (سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رېدۇكسىيەسى لىنىشى، ئۇزۇك تاۋۇشلار ئاسسىمىلاتسىيىسى ۋ. ب.) پەيدا بولۇشىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. مەسىلەن: ”تاغ ـ قا ـــ تاققا، تاغ ـ ىم ـــ تېغىم، ساق ـ چى ـــ ساقچى، چاچ ـ لىق ـــ چاشلىق“ ۋ. ب.

ھەر خىل ئوزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۇرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى رېدۇكسىيەلىنىش ھادىسىسىنىڭ بوغۇم تۇزۇلۇشىنى ئوزگەرتىشكە ئېلىپ كېلىدىغان تووەندىكى ئاددى بىر مىسالنى قىسقىچە كوزدىن كەچۇرەيلى.

مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا رېدۇكسىيەلەشكەن دېمەك، تىلنىڭ بوغۇم تۇزۇلۇشى مەلۇم شارائىتلارغا قاراپ دائىم تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئېيتىلماي چۇشۇپ قېلىشى پەقەت سوزدىكى بوغۇملارنىڭ ئىلگىرىكى سانىنى كېمەيتىپلا قويمايدۇ، شۇنداقلا

ئۇ بوغۇم تۈزۈلۈشىنىڭ بۇزۇلۇشىغىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە بوغۇم قۇرۇلۇشى ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ، تامامەن باشقا — يېڭى بوغۇملار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن — بۇ-رۇن (بۇ-رۇن)، كۆڭۈل — كۆ-ڭۈل (كۆ-ڭۈل)، بۇرنىدىكى — بۇر-نى-دى-كى (بۇ-رۇ-نى-دى-كى)، كۆڭلىدە — كۆڭ- -لى-دە (كۆ-ڭۈ-لى-دە).

كۆرۈۋاتىمىزكى، دەسلەپكى ئىككى مىسالنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى تەركىبىدىكى "ر" ۋە "ن" تاۋۇشلىرى كېيىنكى ئىككى مىسالدا بىرىنچى بوغۇم تەركىبىگە، ئەمدى دەسلەپكى مىساللارنىڭ ئاخىرىدىكى "ن، ل" ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولسا، كېيىنكى مىساللاردا ئىككىنچى بوغۇمنىڭ بېشىغا يۆتكىلىپ ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بوغۇملارنىڭ ئادەتتىكى شەكلى ئۆزگىرىشتىن خېلى پەرقلىنىدىغان يېڭى شەكىلگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

بوغۇم ئادەتتە ئوچۇق ۋە يېپىق بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ياكى ئۈزۈك تاۋۇشتىن باشلىنىپ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: "ئا-تا، ئا-نا، با-لا، دا-لا-دا" ۋ. ب. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئوتلاق-لار-دىن، ئەم-گەك-لىك، ئات-لىق-لار ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇملارنىڭ تۆۋەندىكى ئاساسىي تۈرلىرى بار:

1) پەقەت بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: "ئا-كا، ئو-قەت، ئۆ-كا" سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بوغۇمى؛

2) سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: ئۇن، ئۈز، ئۆم، ئەل، ئەر؛

3) ئۈزۈك ۋە سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: با-لا، دو-لا-نا، بې-دە؛

4) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: قار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تال، باش-لىق، تاش-لار-مىز؛

5) سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: ئاست، ئۇست، ئېيت، ئىكس؛

6) ئۈزۈك-ئۈزۈك-سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: "پروت-سېنت، پرې-زىدىئوم" سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى بوغۇمى؛

7) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: تورت، دەرت، دوست، مەرت؛

8) ئۈزۈك-ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم: پىلان، تراك-تور، براك؛

9) ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈل-گەن بوغۇم: پونكت، تېكست؛

10) ئۈزۈك- ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈل-گەن بوغۇم: فرونت، تراكت، ترانس-پورت؛

(1) ئۈزۈك-ئۈزۈك-ئۈزۈك-سوزۇق-ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈل-گەن بوغۇم: ستروك-تورا، سپراپ-كا؛

12) سوزۇق-ئۈزۈك-ئۈزۈك-ئۈزۈك-ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تۈ-زۈلگەن بوغۇم: ئېرنست.

بوغۇملارنىڭ بۇنىڭدەك تۈرلىرى ئىچىدىن بولۇپمۇ ئۇنىڭ: 6-، 8-، 9-، 10-11-12-مىساللاردا كۆرسىتىلگەن تۈرلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سۆزلەردە ئىشلە-تىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ بۇ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن①:

① س — سوزۇق تاۋۇشنى ۋە ئۈ — ئۈزۈك تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

|  | بوغۇمدىكى تاۋۇشلار سانى | مىساللار | بوغۇمنىڭ شەكلى |
|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 |
| I | 1 | ئۇ، ئا (ـ كا) | Y<br>ئۇچۇق بوغۇم |
| II | 2 | ئات، ئەس | YC<br>يېپىق بوغۇم |
| III | 2 | سا، تا ـ قا | CY<br>ئوچۇق بوغۇم |
| IV | 3 | تام، تاي ـ لاق | CYC<br>يېپىق بوغۇم |
| V | 3 | ئاست، ئۈست (ـكى) | YCC<br>يېپىق بوغۇم |
| VI | 3 | پرو (ـ ئېكت)،<br>ستا (ـ كان) | CCY<br>ئوچۇق بوغۇم |
| VII | 4 | شەرت، تورت | CYCC<br>يېپىق بوغۇم |
| VIII | 4 | خروم، پلان | CCYC<br>يېپىق بوغۇم |
| IX | 5 | تېكست، پۇنكت | CYCCC<br>يېپىق بوغۇم |
| X | 5 | ترانس (ـ پورت)،<br>فرونت | CCYCC<br>يېپىق بوغۇم |
| XI | 5 | سپراۋ (ـ كا)،<br>سترۇك (ـ تۇرا) | CCCYC<br>يېپىق بوغۇم |
| XII | 5 | ئېرنست | YCCCC<br>يېپىق بوغۇم |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# IX. سوز ئۇرغۇسى

## 18. ئۇرغۇ توغرىسىدا مەلۇمات

ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇم سوزدىكى ئۇرغۇسىز بوغۇملاردىن ھەر خىل يوللار بىلەن پەرقلىنىشى مۇمكىن. جۈملىدىن، سوز ئۇرغۇسىنى تەلەپپۇز جەريانىدا نۇتۇق ئاپاراتىنىڭ تولاراق كۈچىنىشى، ئاھاڭنىڭ (تونىنىڭ) ئىگىز پەسلىكى ياكى بولمىسا ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن سوزۇغراق ئېيتىلىشى بىلەن ئېنىقلاش مۇمكىن.

ئۇرغۇ ۋاستىلىرىنىڭ بۇنىڭدەك ھەر خىل تۈرلىرى ئىچىدىن ئادەتتە ئۇنىڭ پەقەت بىرىلا ئاساسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا سوز ئۇرغۇسىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ھەر خىل ۋاستىلار ئاساسىي ئۇرغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان مانا مۇشۇ ۋاستىگە توغرىدىن ـ توغرا بېقىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەمچى فاكتور سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

سوز ئۇرغۇسىنىڭ ئادەتتە دىنامىكىلىق ئۇرغۇ، مۇزىكىلىق ياكى تون ئۇرغۇسى، مىقدار ئۇرغۇسى ياكى كۋانتاتىۋ ئۇرغۇ دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بولىدۇ.

سوز ئۇرغۇسىنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرى ئۆزئارا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ.

دىنامىكىلىق ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش سوزدىكى ئۇرغۇسىز بوغۇملارغا قارىغاندا ئارتىكۇلياتسىيەنىڭ ھەممىدىن تولاراق كۈچىنىشى نەتىجىسىدە ئالاھىدە كۈچ بىلەن تەلەپپۇز

قىلىنىدۇ.

مۇزىكىلىق ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇم ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇش تونىنىڭ (يەنى ئاھاڭىنىڭ) ئۇرغۇسىز بوغۇملارغا قارىغاندا بىرقەدەر يۇقۇرى بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مىقدار ئۇرغۇسى (ياكى كۋانتىتاتىۋ ئۇرغۇ) چۈشكەن بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇرغۇسىز سوزۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا ئۇزۇن ياكى ئادەتتىكىدىن خېلى سوزۇق تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

تۈركى تىللار ئۇرغۇنىڭ مانا مۇشۇ تۈرلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ دىنامىكىلىق① تۈرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

دىنامىكىلىق ئۇرغۇ تىلدا ئىككى تۈرلۈك خىزمەت ئاتقۇرىدۇ:

ئا) بىر سوزنىڭ مەنىسىنى ئىككىنچى بىر سوزدىن پەرق قىلىدۇ؛

ب) جۈملىدىكى سوزلەرنىڭ چېكىنى ئاجرىتىدۇ.

سوزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرق قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان دىنامىكىلىق ئۇرغۇ تىلدا فونىماتىكىلىق رول ئاتقۇرىدۇ. بۇنىڭغا رۇس تىلىدىكى мукá — мýка, замóк — зâмок, ледни́к — лéдник, духи — дýхи, верхóм — вѐрхом ئوخشاش شەكىلى بار، لېكىن ئۇرغۇ جەھەتىدىن (دىمەك، مەنىسىمۇ) ھەر خىل ئۇرغۇنلىغان سوزلەر ياخشى مىسال بولالايدۇ. ئۇرغۇ تىلدا بۇنىڭدەك مەنە پەرقلەش (يەنى فونولوگىيەلىك) خىزمەت ئاتقۇرىدىغان تىللاردا

---

① كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە تۈركى تىللاردا ئۇرغۇ چۈشۈپ تۇرغان بوغۇم سوزدىكى ئۇرغۇسىز بوغۇملارغا قارىغاندا ئۈپكىدىن نەپەسنىڭ نۇرغۇن چىقىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ دىگەن ناتوغرا چۈشەنچىلەرگە قاراپ دىنامىكىلىق ئورغۇ دىگەنىنىڭ ئورنىغا "ئېكسپىراتسىيەلىك" (ياكى نەپەس) ئۇرغۇسى دىگەن تېرمىن كوپرەك قوللىنىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ ئورنىغا ھازىر سوۋېت تىلشۇناسلىق ئىلمىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان "دىنامىكىلىق" ئۇرغۇ دىگەن تېرمىن ئىشلىتىلدى.

ئۇرغۇنىڭ چوقۇم بىر ئورنى يوق. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆزىدە ئۇرغۇنىڭ ئۆزگىرىشچان ئورنى بولغان تىللاردا سۆز يازغاندا، ئۇرغۇ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئۆلچىنىشى بىلەن ئۇرغۇ سۆزنىڭ بېشىغا، ئاخىرىغا ياكى ئوتتۇرىسىغا چۈشۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

водá — вóды — водянóй ۋ. ب.

جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ چېكىنى ئايرىتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان تىللاردا ئۇرغۇ پەقەت سۆزدىكى مەلۇم بىر بوغۇمغىلا چۈشىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى فرانسۇز تىلىدا ئۇرغۇ پەقەت سۆز ئاخىرىغا چۈشىدىغان بولسا (актёр, пастéр; гюгó ۋ. ب)، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىتالىيان ۋە پولەك تىللىرىدا ئۇرغۇ پەقەت ئاخىرقى بوغۇمدىن ئىلگىرىكى بوغۇمغا چۈشىدۇ (сонáта капéлла, варшáва, персóна ۋ. ب) ئەمدى فىن ۋە چېخ تىللىرىدا بولسا ئۇرغۇ پەقەت سۆزنىڭ دەسلەپكى بوغۇمىغىلا چۈشىدىغانلىقى مەلۇم (сáмно, лáхти, вóлогда, хèльсники кàлевала ۋ. ب).

ئۇرغۇ دىيىلاساتسىيەگە ئۇچرىغان ئايرىم تىللارنى (مەسىلەن، مۇڭغۇل تىلىنى) ئېتىۋارغا ئالمىغاندا، تۈركى تىللاردا ئۇرغۇ ئاساسەن سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ. تۈركى تىللاردا سۆز ئاخىرىغا چۈشىدىغان دىنامىكىلىق ئۇرغۇنىڭ تەبىئىتى قىسقىچە تۆۋەندىكى بەلگىلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

تۈركى تىللاردا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى ھەممە بوغۇملار تەلەپپۇزدا بىر خىل ئېيتىلمايدۇ. كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ قانداقتۇ بىر بوغۇمى باشقا بوغۇملارغا قارىغاندا ئالاھىدە كۈچ بىلەن ئېيتىلىدۇ. باشقا بوغۇملارغا قارىغاندا ئالاھىدە بولۇنۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزدىكى مانا مۇشۇ كۈچلۈك ئۇرغۇ ياكى دىنامىكىلىق ئۇرغۇ تۈركى تىللاردا تولاراق سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا توغرا كېلىدۇ. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە ئاساسىي ئۇرغۇدىن تاشقىرى

ياردەمچى ئۇرغۇ بولىدۇ.

كوپ بوغۇملۇق سوزلەردە سوز ئۇرغۇسىنىڭ بىرگە ئېنىق سىيزىلىدىغان ئاساسىي ۋە ياردەمچى تۇرلىرىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ باشقا بوغۇملىرىدا ئۇچىنچى دەرىجىلىك ئۇرغۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇرغۇنىڭ بۇنىڭدەك ئارىلىق تۇرىنى ۋە ئۇنىڭ چېكىنى پەقەت ھەر خىل مۇرەككەپ تەجرىبە ياردىمى بىلەنلا توغرا ئېنىقلاش مۇمكىن.

## 19. ئاساسىي ئۇرغۇ

ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسىي ئۇرغۇ سوز ئاخىرىغا چۈشىدۇ. سوزگە ھەر خىل قوشۇمچىلار ئۇلىنىشى بىلەن ئۇرغو سوز ئاخىرىدىكى مانا مۇشۇ قوشۇمچىلارغا يوتكىلىدۇ. مەسىلەن: بۇلاق-بۇلاقلار-بۇلاقلارغا-بۇلاقلىرىمىزغا ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئوزلەشكەن ئۇرغۇلىغان سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سوزلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز ئۇرغۇسىنىڭ يۇقۇرىدىكى قائىدىسىگە ھەممە ۋاقىتتا بىردەك بېقىنىۋەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭدەك سوۋېت-ئىنتېرناتسىئونال سوزلەر رۇس تىلىنىڭ ئۇرغا چۈشۈش نورمىلىرى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلارغا ئۇرغۇ ھەر خىل پوزىتسىيىدە چۈشۈۋېرىدۇ. مەسىلەن: то́нна, маши́на, тра́ктор, раке́та, вене́ра ۋ. ب.

ئەمما، تىلىمىزغا چەتتىن كىرىپ ئوزلەشكەن بۇنىڭدەك ئايرىم سوزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا، ئۇلاردىكى ئۇرغۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇرغا چۈشۈش نورمىسى ئاساسىدا كوپىنچە مانا مۇشۇ قوشۇمچىغا يوتكىلىدۇ ۋە سوزنىڭ تومۇردىكى ئاساسىي ئۇرغۇنىڭ ئورنىغا ئەمدى ياردەمچى ئۇرغۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: вене́ра, вэне́рила́р,

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

вене́риларҒа́, комба́йн, комбайнци́, комба́йнчила́р, комба́йнчиларҒа́, ко̀мба́йнчилиримизҒа́ ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ ھەمىشە سوز ئاخىرىغا چۇشۇۋەرمەيدۇ. ئايرىم ھاللاردا سوز ئۇرغۇسى ھەتتا باش ۋە ئوتتۇرلىق بوغۇملار-نىڭ بىرىگە چۇشۇشى مۇمكىن. سوز ئۇرغۇسىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمدىن باشقا بوغۇملارغا چۇشۇشىنى ئاساسەن توۋەندىكى ھاللاردا كورۇش مۇمكىن.

1) ئۇرغۇ توۋەندىكى ئاددى ۋە مۇرەككەپ سانلاردا باش بوغۇمغا چۇشىدۇ: алтә, йәттә, сәккиз, то́ққуз, о́ттуз, йо́қсән, о́н бир, о́н бәш ۋ. ب.

2) ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ، ئەرەپ ۋە ئىران تىللىرىدىن ئىلگىرى كىرىپ ئوزلىشىپ كەتكەن ئايرىم سوزلەردە ئۇرغۇ باش بوغۇمغا چۇشىدۇ: дарин, го́би, Ғә́рип, шә́риқ, hә́тта, ба́зи, hә́ммә ۋ. ب.

3) توۋەندىكى ئالماشلارغا ئۇرغۇ باش بوغۇمغا چۇشىدۇ: қа́йси, Қа́нчә, нәччә, а́лликачан hәрбир ۋ. ب.

4) تەكرارلىنىش يولى بىلەن تۇزۇلگەن ئايرىم قوش سوز ھەم تەكرار سوزلەردە ئۇرغۇ باش بوغۇمغا چۇشىدۇ: қап-қара, сап-сериқ, аппа́қ ۋ. ب.

5) مۇرەككەپ پېئىللاردا مەنتىقى ئۇرغۇ چۇشكەن بوغۇم ئادەتتە ئالاھىدە كۇچ بىلەن ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭدەك شارائىتتا ئۇرغۇ مانا مۇشۇ كۇچ بىلەن ئېيتىلغان بوغۇمغا چۇشىدۇ. مەسىلەن: али́вәр, қойи́ливәр, йе́зивал ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇمچىلارغا ھەمىشە ئۇرغۇ چۇشۇۋەرمەيدۇ. سوزگە بۇنىڭدەك قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سوز ئۇرغۇسى باشقا بوغۇملارنىڭ بىرىگە چۇشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ چۈشمەيدىغان قوشۇمچىلار ئاساسەن مونۇلار:
1) I — II - شەخس خەۋەر قوشۇمچە- илҒáрмиз، ишчáнсиз
لىرى: ۋ. ب. بۇنىڭغا شۇنداقلا ئايرىم پېئىل شەكىللىرىدىن كېيىن ئۇ-
لىنىدىغان خەۋەر قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش مۇمكىن. مەسە-: барҒáймән
لەن барҒáймиз، барҒáнсиз، барармән барáрмиз барáрсән
ۋ. ب.
2) رەۋىش ياسىغۇچى "-چە" قوشۇمچىسى: باتۇرلارچە،
روسچە، قەھرىمانلارچە ۋ. ب.
3) پېئىللارنى ياسايدىغان "-ما، -غىن، -سۇن" ئوخشاش
قوشۇمچىلار: ЯазҒин، қөргин، қоймa، барсун، алҒин
4) ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەممە ئۇلانمىلار: мә́нюу، барáйли،
ÿзә، барму، сәнчу ۋ. ب.
5) رەۋىش ياسىغۇچى "-دەك (-تەك)" قوشۇمچىسى. مەسىلەن:
кундәк، Ғурáндәк، тáҒдәк ۋ. ب.
6) ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇسىزلاشقان "ئىدى، ئىكەن، ئىمىش"
قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ "-دى، -كەن، -مىش" ئوخشاش
قىسقارغان شەكىللىرى. مەسىلەن: барҒáнди، áптикән،
дйптикән، ейтқáнкән، алáрмиш ۋ. ب.

تۈركى تىللاردا ئۇرغۇ چۈشكەن سوزۇق تاۋۇشنىڭ جىددىلىكى ھەر تىلنىڭ ئۇرغۇ چۈشۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ھەممە تىللاردا بىردەك ئەمەس. بۇنى ئوز دەۋرىدە ئاكاد. ۋ. ۋ. رادلوۋ توغرا بايقاپ، تولۇق ئۇرغۇ (يەنى ئاساسىي ئۇرغۇ — ت. ت.) چۈشىدىغان بوغۇم بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا (رادلوۋنىڭ تېرمىنولوگىيىسى بويىچە — تارانچى شېۋىسىدە) ناھايىتى كۈچلۈك، قىرغىز تىلىدا (يەنى ھازىرقى قازاق تىلىدا - ت. ت.) ھەممىدىن سۇس، شەرقى تۈركى تىللاردا خېلى ئېنىق، غەربى ۋە جەنۇبى تۈركى تىللاردا ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سۇسراق بولۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى①.
ھەقىقەتتە، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇ چۈشۈپ تۇرغان ئاخىرقى بوغۇم باشقا تۈركى تىللارغا قارىغاندا خېلى ئوچۇق ۋە خېلى ئېنىق، ئەكسىچە، ئۇرغۇسىز بوغۇم خېلى سۇلغۇن ۋە تۇتۇق بولىدىغانلىقى بايقىلىدۇ. مەسىلەن: арпа́ — а̀рпила́р — а̀рпилирида́ ۋ. ب.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رۇس تىلىدىكىدەك سان جەھەتتىن ئۆزگىرىشىغا ئېلىپ كەلمىگىنىنى بىلەن، ئۇرغۇسىز سوزۇق تاۋۇش ئۇرغۇ چۈشۈپ تۇرغان سوزۇق تاۋۇشقا قارىغاندا ھەر قاچان قىسقا ئېيتىلىدۇ.

## 20. ياردەمچى ئۇرغۇ

ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى-ئۈچ ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە ئاساسىي ئۇرغۇدىن تاشقىرى ياردەمچى ئۇرغۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇسىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك ئاجىزلىشىشى بۇ تىلدىكى ياردەمچى ئۇرغۇنى ئېنىقلاشنىڭ ئاساسىي بەلگىسى دىسىمۇ بولىدۇ.

بولۇپمۇ كەڭ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز بوغۇمدا رېدۇكسىيەلىشىشى ۋە تار سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى باشقا قېرىنداش تىللارغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئېنىق سېزىلىدۇ. مەسىلەن:

---

① بۇ ھەقتە ئاكاد. ۋ. ۋ. رادلوۋنىڭ «شىمالىي تۈركى تىللار فونېتىكىسى» دىگەن ئەسىرىنىڭ 97-بېتىگە قاراڭسۇن (لېيپتسىگ، 1882-يىل. نېمىس تىلىدا).

| تۈركى تىللاردا | ئۇيغۇر تىلىدا |
| --- | --- |
| بالالار | بال[ى]لار |
| تارامىس | تار[ى]مۇش |
| قاراغاي | قار[ى]غاي |
| قۇيۇرۇق | قۇي[ۇ]رۇق |
| ھەرەكەت | ھەر[ى]كەت |
| ئاراسان | ئار[ى]شاڭ ۋ. ب. |

ياردەمچى ئۇرغۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسىي ئۇرغۇدىن خېلى كۈچسىز ئېيتىلىدىغانلىقى ۋە ئاساسىي تونىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۆزنىڭ ئۇرغۇ جەھەتتىن بىر پۈتۈن بولۇپ تۈزۈلۈشىگە ھېچ دەخلى كەلتۈرمەيدۇ.

## X. گىرافىكا ۋە ئورفوگىرافىيە

### 21. گىرافىكا توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

گىرافىكا (ھەرپ شەكىللىرى) تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تامغىلىرىنى بەلگىلەيدۇ ھەم شۇ تامغىلارنىڭ خەتتە بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىش (چېتىلىش) قائىدىلىرىنى ئۆگىتىدۇ. تاۋۇشنىڭ خەتتىكى مۇشۇ شەرتلىك تامغىسى ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ. قىسقىسى، گىرافىكا — يېزىق دىگەن سۆزدۇر.

ئادەملەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن تولۇق ئالاقە باغلاپ، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئۈچۈن يېزىقنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش مۇھتاجلىقى بۇنىڭدىن بىر نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىقنىڭ ئىجات ئېتىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىگە سەۋەپ بولغان ۋە ئۇ نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ كۈندىلىكتىكى تۇرمۇشىدا ئۇچۇشلۇق ھالدا قوللىنىلغان.

يېزىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىياتىدا جانلىق تىل بىلەن مەھكەم چىپپىسلاشقان بولۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە بارا-بارا پەقەت ئۆزىگىلا خاس بەزىبىر خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن، يېزىقنىڭ جانلىق تىلغا قارىغاندا ئارتۇقچىلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: يېزىقنىڭ ياردىمى بىلەن بىز مىڭلىغان كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، مىڭلىغان-مىليونلىغان كىشىلەرگە بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۆز پىكرىمىزنى بىلدۈرەلەيمىز. يېزىق ئارقىلىق قەدىمقى زامانلاردا ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكرىنى بىلەلەيمىز. يېزىق كىشىلىك جەمىيىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ئەگەر يېزىق بولمىغان ھالەتتە، پەن، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىنسانىيەتنىڭ ھازىر قولى يەتكەن ئاجايىپ چوڭ ئۇتۇقلىرى ۋۇجۇتقا كەلمىگەن بولار ئىدى. دېمەك، ھەر بىر خەلقتىكى يېزىق جانلىق تىل بىلەن بىللە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرقى مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

يېزىق جانلىق تىل ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ. ئالاقە باغلاشنىڭ ۋە پىكىر ئىپادىلەشنىڭ بۇ ئىككى تۈرى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلانغان. ئەمما يېزىق ئەدەبىي تىل بولغان ھالدا بارا-بارا جانلىق تىلغا تەسىر قىلىدىغان بەزىبىر خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا يەتكەن دەرىجىسىگە شۇ جانلىق تىلنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. يېزىق پۈتۈنلەي تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بىر قورالىدۇر.

## 22. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىخىغا دائىر

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان خەلقنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس ئالىم پروفېسسور ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكىي مۇنداق دەپ يازىدۇ. "ئۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ زور كوپ قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنراق تۇراقلىق دېخانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار شامان دىنىنى باشقىلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق تاشلاپ، دەسلەپ مانى دىنىنى، كېيىن بۇددىزمنى قوبۇل قىلدى، ئۆز يېزىقىنى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇن يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن مەۋرەننەھر ئارىلىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى بولۇپ قالدى."①

تارىخىي ھوججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇر يېزىقى تەخمىنەن بۇنىڭدىن بىر يېرىم مىڭ يىللار ئىلگىرى، يەنى 4 ـ ئەسىرلەردە، ھوكۇم سۈرگەن. ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە كېلىپ يەتكەن يادىكارلىقلارنىڭ ئەڭ قەدىمقىلىرىدىن بىرى (مەسىلەن، «مانىخېيلارنىڭ توۋا قىلىش دۇئاسى» دىگەن ھوججەت) 5 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغانلىقى مەلۇم②.

① ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكىي. «10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقلىرى توغرىسىدا ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىدىكى مەنبەلەر» دولەت ئېرمىتاژى شەرق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بولۇمىنىڭ ئەمگەكلىرى. 4 ـ توم. لېنىنگراد. 1947 ـ يىل. 423 ـــ 424 ـ بەتلەر.

② س. ي. مالوۋ. «قەدىمقى تۈركىي يازما يادىكارلىقلىرى»، **موسكۋا ـ لېنىنگراد. 1951 ـ يىل. 108 ـ بەت.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 23 ھەرپتىن ئىبارەت بولۇپ، سوزدىكى ھەرپلەر يۇقۇرىدىن تۆۋەن قارىتىلىپ يېزىلاتتى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (13 — 15 ـ ئەسىرلەر) ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى موڭغۇللار قوبۇل قىلىپ، دولەتلىك ئېلىپبە سۈپىتىدە قوللانغان ئىدى. كېيىن بۇ ئېلىپبە موڭغۇللاردىن مانجۇرلارغا ئوتكەن. مۇشۇ قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى شىنجاڭدىكى موڭغۇللاردا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلام دىنى تارالغاندىن كېيىن (8 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ) قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەپ يېزىقى قاتار قوللىنىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، 1069 ـ يىلى يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىنىڭ قاھىرە ۋە نەمەنگان ۋارىيانتلىرى ئەرەپ ئېلىپبەسى بىلەن، ئەمدى ۋېنا ۋارىيانتى بولسا، قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن كوچۇرۇلۇپ يېزىلغان.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم قىسمىدا (18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» دېگەن قول يازما قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ ئېلىپبە بىلەن 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كوچۇرۇلۇپ يېزىلغان. ئەمما بۇ يېزىقنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى بىزگە نامەلۇم.

ئاساسەن دىنغا باغلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن ئەرەپ يېزىقىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا چوڭ رول ئويناپ، ئەسىرلەر بويى يازما تۈردىكى قاتناش قورالىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئوزىنىڭ پىراكتىكىدا ئۇچرايدىغان بەزىبىر قولايسىزلىقلىرىغا قارىماستىن، تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەرەپ گىرافىكىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق ۋاقت قوللىنىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ

فونېتىكىلىق قۇرۇلۇشىغا لايىق پەيدىن-پەي ئېتىبارلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ باردى. شۇڭلاشقا ئەرەبچە كونا يېزىقلار بىلەن هازىرقى ئەرەپ يېزىقى ئارىسىدا چوڭ پەرق بار.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن س س س رىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئاساسىدا تەرەققى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر گرافىكىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئورفوگرافىيەسىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈش مەسىلىسى سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا كۈن تەرتىۋىگە قويۇلۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەلىۋىگە لايىق توغرا هەل قىلىش ئىشى قولغا ئېلىندى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرافىكىسى بىلەن ئورفوگرافىيە (ئىملا) سىنى توغرا هەل قىلىشتىكى بىرىنچى قەدەم 1920-يىللارنىڭ باشلىرىدىن، يەنى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىشىدىن باشلاندى. گېزىت يۈزىدە باشلانغان گرافىكا ۋە ئورفوگرافىيەگە دائىر مۇلاهىزىلەر نەتىجىسىدە ئالمۇتىدا 1925-يىلىنىڭ 18-ئىيولىدا بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر مۇئەللىملىرىنىڭ كېڭەشمىسى چاقىرىلدى. كېڭەشمە شۇ ۋاقىتقا قەدەر قوللىنىلىپ كەلگەن كونا ئەرەپ گرافىكىسىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خۇسۇسىيەتلىرىگە تېخىمۇ لايىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ، 27 هەرىپتىن ئىبارەت ئېلىپبە قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇرچە گېزىت ۋە خۇسۇسەن 1 — 4-سىنىپ دەرسلىكلىرى مۇشۇ قوبۇل قىلىنغان ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدا نەشر قىلىندى.

1928-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا ئۆزبېكىستاننىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى سەمەرقەن شەهرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا هەم قازاقىستان ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1-تىل ۋە ئورفو-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى تارقىتىشى

گىرافىيە كونفېرېنسىيىسى چاقىرىلدى. كونفېرېنسىيىدە ئاساسىي ئىككى مەسىلە ــ ئا) شۇ ۋاقىتتا قەدەر قوللىنىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ـ ئەرەپ يېزىقىنى لاتىن ئېلىپبەسىگە كوچۇرۇش، ب) ئۇيغۇر تىلى ئورفوگىرافىيىسى توغرىسىدا مەسىلىلەر قارالدى.

بۇنىڭدىن كېيىن، 1930 ـ يىلى، ئالمۇتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 2 ـ تىل، ئورفوگىرافىيە كونفېرېنسىيىسى چاقىرىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرافىكىسى بىلەن ئورفوگىرافىيىسى ھەم تېرمىنولوگىيەسى ھەققىدە مەسىلە قارالدى. بۇ كونفېرېنسىيە سەمەرقەندە بولۇپ ئۆتكەن 1 ـ كونفېرېنسىيەنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېزىقى ئۈستىدە ئالغان قارارلىرىنى ئاساسەن ماقۇل كورۇپ، لاتىن گىرافىكىسىغا كوچۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. مانا شۇ كونفېرېنسىيىدىن كېيىن سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئوزلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئوسۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مەدەنىي تەلەپلىرىگە لايىق س س س ردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىر قاتاردا لاتىن گىرافىكىسىغا كوچتى.

لاتىن گىرافىكىسى ئوز دەۋرىدە ئەرەپ گىرافىكىسىغا قارىغاندا ئوقۇش ۋە يېزىشقا چوڭ يېنىكچىلىكلەرنى كەلتۇرگەن بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئوسكەن تەلىۋىنى بارغانسېرى قانائەتلەندۇرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا تۇرمۇش سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئۇچۇن ئاساسىي گىرافىكا لاتىن گىرافىكىسى ئەمەس، بەلكى سلاۋيان گىرافىكىسى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كورسەتتى.

1947 ـ يىلى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن لاتىنلاشقان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى رۇس گىرافىكىسىغا ئاساسلانغان يېڭى ئېلىپبەگە كوچۇرۇش توغرىسىدا قازاق س س ر ئالى سوۋېتىنىڭ ئۇكازى ئېلان قىلىندى. رۇس گىرافىكىسىغا ئاساسلانغان يېڭى ئېلىپبەگە كوچۇش سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى

چوڭ بىر ئۇتۇق بولدى. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن خەلقارا سۆز ۋە تېرمىنلارنى مەلۇم قائىدىلەرگە ئاساسەن توغرا يېزىش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇنداقلا بۇ ئېلىپبە ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن رۇس خەلقىنىڭ، شۇنداقلا باشقىمۇ قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا ئەڭ قولايلىق شارائىت تۇغدۇردى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزئارا يازما تۇردە ئالاقە باغلاش قورالى سۈپىتىدە قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ تا بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئاساسەن تۆت يېزىقتىن پايدىلاندى: قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، لاتىن يېزىقى ۋە رۇس گىرافىكىسىغا ئاساسلانغان يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى.

## 23. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرافىكىسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىقى فونېتىكىلىق يېزىقتۇر. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئېلېمېنتلار ھەرپلەردىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ ھەرپلەرنىڭ خەتتە بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىشىدىن يېزىق پەيدا بولىدۇ.

مەلۇم تەرتىپ بويىچە بېرىلگەن بارلىق ھەرپلەرنىڭ يىغىندىسى ئالفاۋىت ياكى ئېلىپبە دەپ ئاتىلىدۇ.

رۇس گىرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 41 ھەرپتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ъ (ئايىرش بەلگىسى) بىلەن ь (يۇمشاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق بەلگىسى) مەخسۇس تاۋۇشلارنى ئىپادىلىمەيدۇ. بۇ ئىككى ھەرپ بوغۇم ئايرىش (مەسىلەن: подъезд، сэнъэт، қәтъий) ۋە ئايرىم سوزلەردىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنى يۇمشىتىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ (مەسىلەن: роль — رول، альбом — ئالبوم، октябрь — ئوكتەبىر). ئېلىپبەدىكى قالغان 39 ھەرپ ئايرىم تاۋۇشلارنى ياكى تاۋۇش بىرىكمىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە رۇس ئېلىپبەسىنىڭ ھەممە ھەرپلىرى **قوبۇل** قىلىنىپ، ئۇلار بىر شەكىل ۋە بىر ۋەزىپىدە قوللىنىلىدۇ. **ئۇيغۇر** تىلىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان تاۋۇشلارمۇ مەخسۇس ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق تاۋۇشلار ئۈچۈن ئاساسەن رۇس تىلىدا ئارتىكۇلياتسىيەلىك بەزىسى يېقىن بولغان تاۋۇشلارنىڭ شەكلى ئېلىنىپ، ئۇلارغا قوشۇمچە بەلگىلەرنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان ھەرپلەر قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: Ғ — غ، Җ — ج، Қ — ق، Ң — ڭ، Ө — ئو، Ү — ئۇ ھەرپلىرى رۇسچە Г — گ، Ж — ژ، К — ك، Н — ن، О — ئو، У — ئۇ ھەرپلىرىنىڭ ئاساسىدا ياسالغان. ئەمدى ә — ئە ۋە h — ھ ھەرپلىرى بولسا، لاتىن گرافىكىسىدىن قوبۇل قىلىندى.

ئېلىپبەدىكى ھەرپلەرنىڭ بارلىغى باش ھەرپ ۋە كىچىك ھەرپ بولۇپ، ئىككى تۈرلۈك شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەلۇم باش ھەرپ ياكى كىچىك ھەرپنىڭ ئۆزىمۇ ھەر خىل شەكىلدە كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ھەرپلەرنىڭ يېزىقتىكى مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. باسما ھەرپلەرگە قارىغاندا قولدا يېزىلغان ھەرپلەر تېخىمۇ ھەر خىل. چۈنكى ئۇ ھەركىمنىڭ شەخسى پوچېركىسىغا باغلىق.

ھەرپلەر ئېلىپبەدە مەلۇم تەرتىپ بويىچە جايلاشتۇرۇلغان. 1947 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئېلىپبەدە ئاۋال رۇس ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر ئۆز تەرتىۋى بويىچە تۇگەل ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ

## رۇس گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ تەرتىۋى

| № | باسما تۈرى | يازما تۈرى | ئاتىلىشى | № | باسما تۈرى | يازما تۈرى | ئاتىلىشى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | А а | *А а* | ئا | 21 | О о | *О о* | ئو |
| 2 | Ә ә | *Ә ә* | ئە | 22 | Ө ө | *Ө ө* | ئۆ |
| 3 | Б б | *Б б* | بې | 23 | П п | *П п* | پې |
| 4 | В в | *В в* | ۋې | 24 | Р р | *Р р* | ئېر |
| 5 | Г г | *Г г* | گې | 25 | С с | *С с* | ئېس |
| 6 | Ғ ғ | *Ғ ғ* | غا | 26 | Т т | *Т т* | تې |
| 7 | Д д | *Д д* | دې | 27 | У у | *У у* | ئۇ |
| 8 | Е е | *Е е* | ئې | 28 | Ү ү | *Ү ү* | ئۈ |
| 9 | Ё ё | *Ё ё* | يو | 29 | Ф ф | *Ф ф* | ئېف |
| 10 | Ж ж | *Ж ж* | ژې | 30 | Х х | *Х х* | خا |
| 11 | Җ җ | *Җ җ* | جې | 31 | Һ һ | *Һ һ* | ھا |
| 12 | З з | *З з* | زې | 32 | Ц ц | *Ц ц* | تسې |
| 13 | И и | *И и* | ئى | 33 | Ч ч | *Ч ч* | چې |
| 14 | й | *й* | قىسقا ئى | 34 | Ш ш | *Ш ш* | شا |
| 15 | К к | *К к* | كا | 35 | Щ щ | *Щ щ* | ща |
| 16 | Қ қ | *Қ қ* | قا | 36 | ъ | *ъ* | ئايرىش بەلگىسى |
| 17 | Л л | *Л л* | ئېل | 37 | ы | *ы* | ы |
| 18 | М м | *М м* | ئېم | 38 | ь | *ь* | يۇمشاقلىق بەلگىسى |
| 19 | Н н | *Н н* | ئېن | 39 | Э э | *Э э* | э |
| 20 | Ң ң | *Ң ң* | ئېڭ | 40 | Ю ю | *Ю ю* | يۇ |
|  |  |  |  | 41 | Я я | *Я я* | يا |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە خاس ھەرىپلىرى بېرىلگەن ئىدى. لېكىن ھەرىپلەرنىڭ بۇ تەرتىۋى پىراكتىكىدا ئايرىم قولايسىزلىقلارغا ئۇچرىتىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 378 ـ بەتتىكى سخېما بويىچە قوبۇل قىلىندى.

جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، ھەر بىر ھەرىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئېتى بولىدۇ. ھەرىپلەرنىڭ مۇنداق ئاتىلىشى رۇس تىلىدا قانداق بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاساسەن شۇنداقتۇر. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئېتى بىر ھەرىپ بىلەن (مەسىلەن: ئا، ئە، ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئېتى ئىككى ھەرپ بىلەن (مەسىلەن: بې، ۋې، ئېل، ئېم) ئىپادىلىنىدۇ. ئېلىپبەدىكى قوش تاۋۇشلار (э — й) е، (й — о) ё، (й — у) ю، (й — а) я ئۆز پېتىچە ئاتىلىدۇ. ь ،ъ ،й ھەرىپلىرى ــ قىسقا (й) и (ئى)، ئايرىش بەلگىسى (ъ). يۇمشاقلىق بەلگىسى (ь) دەپ ئاتىلىدۇ.

## 24. ئورفوگرافىيە توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

ھەر بىر خەلق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى شۇ خەلقنىڭ مۇكەممەللەشكەن يېزىقى بىلەن مەھكەم باغلىق. كىشىلەرنىڭ بىر ــ بىرى بىلەن پىكىر ئېلىشىپ، ئالاقە باغلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى بولغان يېزىق شۇ پىكىر ئېلىشىش ۋە ئالاقە باغلاش ئىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر نورمىغا چۈشكەن بولۇشى كېرەك. كىشىلەر بۇ نورمىلارنى ساقلاپ، ئۆز ئوي ـ پىكىرلىرىنى خەت ئارقىلىق باشقا بىرلىرىگە تولۇق چۈشىنىشلۈك قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

يېزىقنى نورماللاشتۇرۇشنىڭ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇشنىڭ ئاساسى بىر قورالى توغرا يېزىشتىن ئىبارەت. ئۇ بىر دۆلەت تەركىۋىدىكى مەلۇم بىر تىلدا سۆزلىگۈچى كىشىلەرنىڭ بارلىقى ئۈچۈن مەجبۇرى بولغان ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنى بەلگىلەپ، سۆزلەرنىڭ ھەممە جايدا بىردەك توغرا يېزىلىشىغا، دېمەك، ھەركىمنىڭ ئۆز ئۆي-پىكرىنى خەتتە تولۇق ىپادىلەيدىغان بولۇشىغا ياكى باشقا بىرسىنىڭ ئۆي-پىكرىنى خەت ئارقىلىق ئوڭاي چۈشىنەلەيدىغان بولۇشىغا چوڭ ياردەم بېرىدۇ. مانا مۇشۇ تىلدىكى توغرا يېزىش قائىدىلىرىنىڭ توپلىمى ئورفوگرافىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورفوگرافىيە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) سۆزلەرنىڭ تاۋۇش تەركىۋىنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىلىرى؛ 2) سۆز ۋە ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنىڭ (تومۇر، ئاساس، سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆزتۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ) يېزىلىش قائىدىلىرى؛ 3) سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ، قوشۇپ (دېفىس ئارقىلىق) ياكى بۆلەك يېزىش قائىدىلىرى؛ 4) باش ھەرپلەرنى قوللىنىش قائىدىلىرى؛ 5) سۆزلەرنى قۇردىن-قۇرغا كۆچۈرۈش قائىدىلىرى.

## 25. ئۇيغۇر تىلى ئورفوگرافىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرى

ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنىڭ تەلەپكە لايىق، ئىخچاملىق ۋە يىغىنچاق بولۇشى ئۈچۈن ۋە قائىدىلەرنى مۇمكىن قەدەر ئوڭاي ئۆزلەشتۈرۈشكە شارائىت تۇغدۇرۇش ئۈچۈن تىلنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى (فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى) جىددى رەۋىشتە ئېتىۋارغا ئېلىپ بەلگىلەنگەن مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورفوگرافىيە پىرىنسىپلىرىغا تايىنىش ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئورفوگرافىيە پىرىنسىپلىرى ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈشتىكى ئۆلچەمدۇر.

ئېلىپبەدىكى ھەرپلەرنىڭ ياردىمى بىلەن سۆزلەرنى توغرا يېزىش ئۈچۈن يىرقانچە ئورفوگرافىيە پىرىنسىپلىرى قوللىنىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىرى فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك، دىففېرېنتسىئال، تارىخىي (تىرادىتسىئون) پىرىنسىپلاردۇر. بۇ پىرىنسىپلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورفوگرافىيەسىدە ھەر خىل دەرىجىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورفوگرافىيە قائىدىلىرى ئاساسەن ئىككى پىرىنسىپقا — فونېتىكىلىق پىرىنسىپ بىلەن مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپقا ئاساسلىنىدۇ. توغرا يېزىشنىڭ فونېتىكىلىق پىرىنسىپى بويىچە بىر سوز جانلىق تىلدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنسا، شۇنداق يېزىلىدۇ. ئەمدى توغرا يېزىشنىڭ مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپى ھەر بىر سوزنىڭ ئەسلى شەكلىنى، مورفولوگىيىلىك تەركىۋىنى ساقلاپ يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. فونېتىكىلىق پىرىنسىپ بىلەن مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپ كوپ جەھەتتىن بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بولسىمۇ، ئىككى پىرىنسىپنىڭ پەقەت بىرىگىلا ئاساسلىنىش بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس. ھەرھالدا ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىمىزنى تەلەپكە مۇۋاپىق ھەل قىلىشتا مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپنى يېتەكچى پىرىنسىپ سۈپىتىدە قوللىنىش لازىم. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ھالىتى ئەنە شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھازىر بىر قېلىپقا چۈشۈپ، رەسمىلىشىش دەۋرىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىلى، قەشقەر، تۇرپان، خوتەن شىۋىلىرى ئوخشاش بىرنەچچە چوڭ-چوڭ شىۋىلەردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار

قىلالمايمىز. بۇ شۇۋىلەر ئاساسەن مەلۇم بىر سوزنى ئۆزلىرىچە ھەرخىل
تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەگەر بىز
"قانداق تەلەپپۇز قىلساڭ، شۇنداق ياز" دىگەن تەلەپنى كوزدە
تۇتىدىغان فونېتىكىلىق پىرىنسىپقا ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئىلى
ئۇيغۇرلىرى ئوز ئالدىغا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئوز ئالدىغا، شۇنداقلا
تۇرپان ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرىمۇ ئوز ئالدىغا ئورفوگىرافىيە قائىدىلىرىنى
تۈزۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان بولار ئىدى. ئۇ چاغدا پۈتۈن ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنى ئونلىغان يىللار داۋامىدا بىر قېلىپقا چۈ-
شۈرۈپ بولمىغىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورفوگىرافىيەسى ئۈستىدە
ئىشلەشنىڭمۇ ھاجىتى بولماس ئىدى. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.
يەرلىك ئۆزگىچىلىكلەرگە باي بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورفوگىرافىيە
قائىدىلىرى تىلىمىزنىڭ پۈتكۈل فونېتىكىلىق ياكى تەلەپپۇز سىستېمى-
سىنى بەربىر ئوزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. مانا بۇنىڭدىن
مەلۇم بىر سوزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن يېزىلىشىنىڭ ھەممە
ۋاقىتتا ئوخشاش بولۇپ كېلىشى شەرت ئەمەس دىگەن خۇلاسە
كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن، تىلىمىزدىكى ھەرخىل تەلەپپۇز-
لاردىن قەتئىينەزەر، سوزلەرنىڭ ئاساسىنى، ئەسلى شەكلىنى ئوز
گەرتمەي يېزىشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدىغان مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپ
ئۇيغۇر ئورفوگىرافىيەسىنى توغرا ھەل قىلىشتا يېتەكچىلىك رول
ئوينايدۇ. مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپنى مۇۋاپىق رەۋىشتە كەڭ قوللى-
نىش فونېتىكىلىق پىرىنسىپنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا يۈك-
لىنىدىغان ۋەزىپىنى يېنىكلەشتۈرىدۇ.

ئىملادا سوزلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى پەقەت مەلۇم بىر
شەكىلدە قېلىپلىشىپ يېزىلىشى تارىخىي ياكى تىرادىتسىيون پىرىنسىپ
دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پىرىنسىپ بويىچە مۇناسىۋەتلىك سوزلەرنىڭ دەس-
لەپكى شەكلى، ئەسلى فونېتىكىلىق تەركىۋى ساقلانماسلىغى مۇمكىن،

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلى "كۆك ئوت، ژىغىلماق، سۈد، ستول، سىرانكا، دۈگا، ئۆرمىچۈك، كىتاب، دەفتەر" بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىلىمىزدا "كۆكتات، يىغىلماق، سۈت، ئۈستەل، سەرەڭگە، دوغا، ئۆمچۈك كىتاپ، دەپتەر" شەكلىدە ئېيتىلىشى ئادەتكە ئايلانغانلىقتىن، تارىخىي پرىنسىپ بويىچە خۇددى مۇشۇ شەكىلدە يېزىلىدۇ.

تارىخىي پرىنسىپ ئۇيغۇر ئىملاسىدا يېتەكچى رول ئوينىمايدۇ.

ئۇيغۇر ئىملاسىدا دىففېرېنتسىئال پرىنسىپمۇ مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە. تىلىمىزنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئايرىم سۆزلەر كۆپ مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بىرنەچچە نەرسە ياكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. يېزىق ئەمەلىيىتىدە مۇنداق بىر سۆزنىڭ بىرنەچچە مەنىسىنى ئۆزئارا پەرق قىلىش ئۈچۈن شۇ ھەر بىر مەنىگە مۇستەقىل سۆز بېغىشلاش غەرىزى يوق ئەمەس. مۇشۇنىڭغا باغلىق مەلۇم بىر سۆز فونېتىكىلىق ئايرىم ئۆزگىرىشلەرگە دۇچار بولۇپ، ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى ئاجرىتىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: "ئاتداش — ئاداش، ئاغا-ئىنى — ئاغىنە، مېھنەت — مەينەت، سەھرا — سەرا، قېدىمقى — قەدىمقى قورا — غورۇ، دالا — تالا، ئويغانماق — ئوخانماق" ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئەسلى بىر بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى پەرق قىلىش زۆرۈرىيىتى بۇ سۆزلەرنى مۇشۇ يۇقۇرىدىكى شەكىللەر-دە ئاجرىتىپ يېزىشقا مەجبۇر قىلغان. دېمەك، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىر-بىرىدىن پەرق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېزىقتىكى شەكلىنىمۇ ئۆزئارا ئاجرىتىپ يېزىش دىففېرېنتسىئال پرىنسىپ دەپ ئاتىلىدۇ.

## 26. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى①

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىمۇ باشقا تىللارنىڭ ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىگە ئوخشاش ئاساسەن مۇنۇ تۆۋەندىكى بولۇملەردىن تەشكىل تاپقان: سوزلەرنىڭ تاۋۇش تەركىۋىنى يېزىقتا ئىپادىلەش قائىدىلىرى، سوز ۋە ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنىڭ (تومۇر، ئاساس، قوشۇمچىلارنىڭ) يېزىلىش قائىدىلىرى، سوزلەرنى بىرىكتۈرۈپ، قوشۇپ (دېفىس ئارقىلىق) ياكى بولەك يېزىش قائىدىلىرى، باش ھەرپلەرنى قوللىنىش قائىدىلىرى، سوزلەرنى قۇردىن-قۇرغا كوچۈرۈش قائىدىلىرى. بۇ بولۇملەرنىڭ ھەر بىرى ئوز نوۋىتىدە بىرقانچە بولۇمچىلەردىن ئىبارەت.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورفوگرافىيىسى دىگەن بولۇمچىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قېلىن ياكى ئىنچىكە بوغۇم ھاسىل قىلىدىغانلىغى ۋە

---

① 1960-يىلىنىڭ بېشىدا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پرېزىدىئۇمى بىلەن قازاق س س ر مائارىپ مىنىستىرلىگىنىڭ كوللېگىيىسى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيىسى بۇمى تەرىپىدىن تەييارلانغان (تۇزگۇچى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى غ. سەدۋاقاسوۋ) ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنى تەستىقلىدى. مەزكۇر ئورفوگرافىيە قائىدىلىرى شۇ يىلى 18-مايدا رېسپۇبلىكىلار ئارا «كوممۇنىزىم تۇغى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى ھەممە ئۇيغۇر مەتبۇئات ئورۇنلىرى ئۇچۇن قانۇنىي ھوججەت سۈپىتىدە كۈچىگە كىردى ۋە 1947-يىلىدىن تارتىپ شۇ كۈنگە قەدەر قوللىنىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورفوگرافىيە قائىدىلىرى ئوز كۈچىدىن قالدۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

سوزلەرنىڭ قايسى بوغۇملىرىدا يېزىلىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بولۇپمۇ سۇس "ئې، ئى" سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ بىردە قېلىن، بىردە ئىنچىكە (مەسىلەن: "بال ــ بېلىغا، تاغ ــ تېغىدا، بەل ــ بېلىگە، گەپ ــ گېپىدە، قىز ــ قىزىغا، قىر ــ قىردا، بىر ــ بىرگە، كىر ــ كىردە" ۋ. ب) بولۇپ كېلىدىغانلىقى، مۇشۇنىڭغا قاراپ قوشۇمچىلارنىڭمۇ بىردە قېلىن، بىردە ئىنچىكە بولۇپ ئۇلىنىدىغانلىقى كونكرېت مىساللار بىلەن كورسىتىلگەن.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم فونېتىكىلىق شارائىتلاردا باشقا تاۋۇشلار بىلەن نوۋەتلىشىشى خۇسۇسىدىكى قائىدىلەرمۇ سوزلەرنى توغرا يېزىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. جانلىق تىلدا بەزىبىر تاۋۇشلارنىڭ بىرنەچچە باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئالمىشىپ ئېيتىلىشى يېزىق ئەمەلىيىتىدە قالايمىقانچىلىق ھاسىل قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ تاۋۇشلارنىڭ نوۋەتلىشىش قائىدىلىرى ئىلمىي ئاساستا بىر نورمىغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا "ئې، ئى، ئو، ئۆ" تاۋۇشلىرى بىلەن نوۋەتلىشىپ ئېيتىلىدىغان بولسىمۇ (مەسىلەن، "قولاق ــ قۇلىقىم، يۈرەك ــ يۈرىكىم" دېگەنگە ئوخشاش)، بۇ ئىملا قائىدىلىرى بويىچە "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت "ئې، ئى" تاۋۇشلىرىغىلا نوۋەتلىشىدۇ دەپ بەكىتىلەنگەن ("قولاق ــ قۇلىقىم، يۈرەك ــ يۈرىكىم" دېگەنگە ئوخشاش).

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسىدا ئايرىم تاۋۇشلارنىڭ (مەسىلەن: ب، ۋ، گ، د) ئەسلى ئۇيغۇر سوزلىرىنىڭ ئاخىرىدا كەلمەيدىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ چەتتىن كىرىپ ئوزلەشكەن سوزلەردە قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نوۋەتلىشىشى، ئۇلارنىڭ يېزىقتا ئەكس ئېتىلىدىغان ياكى ئېتىلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا قائىدىلەر بېرىلگەن. ئايرىم فونېتىكىلىق شارائىتلاردا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىمۇ قانۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوۋېت ـ ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىنىڭ ئورفوگرافىيەسى ھەققىدە تا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلمىغان ئىدى①. شۇڭلاشقا بۇ خىل سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدا ئايرىم قالايمىقانچىلىقلار ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئورفوگرافىيەمىزدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ھەم مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى جىددىي رەۋىشتە ئېتىۋارغا ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ يېزىلىشى بىر ئىزغا سېلىنىدى. سوۋېت ـ ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرى باش كېلىشتە تۇرۇپ ئاساسەن ئۆزىنىڭ رۇسچە ئورگىنالىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن: "فابرىكا، كىلىمات، مىتىنگ، بانك، مېتالل، گرامم، سېيېزد" ۋ. ب. لېكىن مەزكۇر سۆزلەرگە تېگىشلىك ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ تۇرلەنگەندە، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنلىرىغا رىئايەن قىسمەن ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرايدۇ ھەم بۇ ئۆزگىرىشلەر يېزىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ؛ مەسىلەن: "فابرىكىغا، كىلىماتى، مىتىنگىنى، بانكىنىڭ، مېتاللار، گراممۇ، سېيېزى" ۋ. ب. ئاخىرقى ئىرغۇمدا "ئې، ئى" تاۋۇشلىرى بار سوۋېت ـــ ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىگە ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلارنىڭ پەقەت قېلىن ۋارىيانتلىرىلا ئۇلىنىدۇ؛ مەسىلەن: "پىئونېر ـــ پىئونېرلار، موروژېنو ـــ موروژېنوغا، فرونزې ـــ فرونزېغا، تىر ـــ تىرغا، ئارتىست ـــ ئارتىستلار" ۋ. ب.

سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ ياكى ئايرىپ يېزىش ھەققىدىكى چوڭ پروبلېما پەقەت ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈركىي تىللاردا ئاخىرقى بىر نەتىجىگە كەلگەن ئەمەس. شۇڭلاشقا ئورفوگرافىيەمىزدىكى مۇرەككەپ سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى دىگەن بولۇم-

① سەدۋاقاسوۋ غ.«سوۋېت ـ ئىنتېرناتسىئونال سۆزلىرىنىڭ ئىملاسى ھەققىدە». «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» ژورنىلى. 1955 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چەندە بىر نەچچە سوز گۇرۇپپىلىرىنىڭ (مەسىلەن، ئىلگىرى بىر بىكىپ قېلىپلىشىپ كەتكەن "كوكتات، قارىغۇجا، بەلباغ، قارىقات، ئاللىقاچان" ئوخشاش سوزلەر بىلەن "ئاقسۇ، ياركەنت، مارالبېشى، توختىباقى، رىزۋانگۇل، ئەخمەتىغوجا" ئوخشاش يەر-سۇ ۋە كىشى ئاتلىرى ۋ.ب.) بىرىكىپ يېزىلىدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مۇمكىن بولۇشىچە سوزلەرنى ئايرىپ، بولەك يېزىش پىرىنسىپى ماقۇل كورۇلدى. مەسىلەن: ھېچ بىر، ھەر بىر، ھېچ قانداق، ئوز ئارا، ھەر كىم، قوش ئاتار، بەش ئاتار، ئاق نىيەت، ئاق تەسكەن، قولتۇق تاياق، دىگەنگە ئوخشاش.

يېزىق ئەمەلىيىتىمىز سوز ياسىغۇچى ۋە سوز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلارنىڭ، شۇنداقلا ياردەمچى سوزلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنى بېغىشلاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى كورسەتتى. شۇڭلاشقا بۇ ھوكۇم سۇرۇپ كېلىۋاتقان ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنىڭ توپلىمىدا پەقەت يېزىشتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشى مۇمكىن بولغان ئايرىم قوشۇمچىلار بىلەن ياردەمچى سوزلەرنىڭلا توغرا يېزىلىش قائىدىلىرى بېرىلدى: بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى، ئىگىلىك قوشۇمچىلىرى، بەزى سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ھەم ئۇلانمىلار ("-چىلىق، -چىلىك؛ -ئىندا، -ئىندە؛ -ئۇندا، -ئۇندە، -ندا، -ندە؛ -راق، -رەك، -ئىراق، -ئىرەك؛ -قۇز، -كۇز، -غۇز، -گۇز، -دۇر، دۇر، -تۇر، -تۇر، -نچى، -ۇنچى، -ما، -مۇ، -چۇ، -دە، -سىرى؛ -ئاق" ۋ. ب.).

باش ھەرىپلەرنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن سوزلەرنى قۇردىن-قۇرغا كوچۇرۇشكە باغلىق توغرا يېزىش قائىدىلىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنىڭ توپلىمىدا ئوز ئەكسىنى تاپقان.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئورفوگرافىيە قائىدىلىرىنىڭ توپلىمى قانچىمۇ تولۇق بولمىسۇن، ئۇ يېزىلىشى قىيىن بولغان سوزلەرنىڭ ھەممىسىنى

تۈگەل ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ئورفوگىرافىيە قائىدىلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان مۇنداق سوزلەرنىڭ توغرا يېزىلىشىنى تەمىن قىلىدىغان نەرسە ئورفوگىرافىيە لۇغىتىدۇر.

## XI. تاۋۇشلارنىڭ فونولوگىيىلىك ۋە فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيەسى

ئادەتتە تىلدىكى تاۋۇشلار سانى ناھايىتى چەكلەنگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق تىلدىكى تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيىلەردە ئۇچرايدىغان نۇرغۇنلىغان ئاھاڭلىرى بىز كۈندىلىك ئەمەلىي ھاياتىمىزدا قوللىنىپ يۈرگەن 40 — 50 فونېما بىلەن بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا بىرەر خەلقنىڭ يېزىق تىلىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەرقانداق مۇكەممەللەشكەن يېزىقمۇ تۈتۈق تاۋۇشلىرىنىڭ جانلىق تىلدىكى مانا مۇشۇ ھەر خىل كورۈنۈشىنى ھېچقاچان تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ.

تىلنىڭ يېزىق شەكلى پەقەت ئاساسىي تاۋۇش تىپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، ئۇ تاۋۇشلارنىڭ جانلىق تىلدا ئېيتىلىشىغا ھېچقاچان تولۇق مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئادەتتە تىلدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بەلگىلەر (سىمۋوللار) تاۋۇشلارنى يېزىق شەكلىگە كەلتۈرۈشنىڭ پەقەت شەرتلىك ئۇسۇلىدۇر.

تىلدا فونولوگىيىلىك خىزمەت ئاتقۇرىدىغان ئايرىم فونېمىلارنىڭ تەلەپپۇز جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان ھەر خىل ئاھاڭلىرىنى ئەمەس، ئەكسىچە، پەقەت فونولوگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مانا مۇشۇ ئايرىم فونېمىلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەمەلىي (پىراكتىكىلىق) ياكى فونو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لوگىيىلىك ترانسكرىپتسىيە ئىشلىتىلىدۇ. ھەرقانداق تىلنىڭ يېزىق نورمىلىرى مانا مۇشۇ فونولوگىيىلىك (ياكى پىراكتىكىلىق) ترانسكرىپتسىيەگە ئاساسلانغان.

نۇتۇق تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇز جەريانىدا بارلىققا كېلىدىغان ھەممە ئاھاڭلىرىنى يېزىقتا مۇمكىن قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئادەتتە فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيە ئىشلىتىلىدۇ.

فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيەدىن پايدىلىنىش ئالاھىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ پىرىنسىپ مەلۇم بىر تىل دائىرىسىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئېيتىلىشىدا بايقىلىدىغان ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرنى مۇمكىن قەدەر تولۇق يېزىق شەكلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

تىلدىكى ئايرىم فونېمىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ نۇتۇق جەريانىدا بار-لىققا كېلىدىغان ھەر خىل ئاھاڭلىرىنى فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيە بىلەن يېزىۋېلىش، بولۇپمۇ ھەر خىل شىۋىلەرگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزغا نىس-بەتەن بولغان مۇناسىۋەت دائىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىشى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيە شۇنداقلا ھازىرقى يېزىق قائىدى-لىرىگە قاراپ (يەنى بەزى مورفولوگىيىلىك پىرىنسىپقا ئاساسلانغان قائىدىلەرگە قاراپ) جانلىق تىلدىكى ئۆزنىڭ ھەقىقى شەكلىنى ئۆز-گەرتكەن ئايرىم گىراماتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىنى ئېنىقلاشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنداق قىلىپ، فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيە مۇشۇ تاپتىكى ئەدەبىي تىلدا مەۋجۇت فونېتىكىلىق قانۇنلارنى — سوزۇق تاۋۇشلار-نىڭ ھەر خىل شەرت-شارائىتلارغا قاراپ ئۆزئارا نوۋەتلىشىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ رېدۇكسىيەلىشىشىنى، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئاسسىمىلاتسىيىسىنى،

ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشىنى ۋ. ب. شۇنىڭغا ئوخشىغان يەنىمۇ باشقا ھەر خىل ھادىسىلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىلمىي ترانسكرىپتسىيە تەلەپپۇزدىكى بۇنىڭدەك ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ئىككى تۈرلۈك يول بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بىرىنچىدىن، ئەمىلىيەتتە قوللىنىلىدىغان ئادەتتىكى ئېلىپبەگە يەنىمۇ باشقا ھەر خىل ھەرپ شەكىللىرىنى قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەلۇم بىر تاۋۇش ئاھاڭلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوشۇمچە يەنىمۇ باشقا ھەر خىل دىئاكرىتىكىلىق① بەلگىلەردىن پايدىلىنىدۇ. فونېتىكىلىق ترانسكرىپتسىيە ھەرپلەرنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدىن ۋە نۇرغۇنلىغان دىئاكرىتىكىلىق بەلگىلەردىن پايدىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا قوللىنىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ سانى پىراكتىكىلىق ترانسكرىپتسىيەدە قوللىنىلىدىغان ھەرپلەر سانىغا قارىغاندا خېلى نۇرغۇن. بولىدۇ.

ئىلمىي ترانسكرىپتسىيە تۆۋەندىكى ئاساسىي پىرىنسىپلارغا مۇۋاپىق تۈزۈلىدۇ.

ھەر بىر تاۋۇش پەقەت مانا شۇ تاۋۇشقىلا خاس ھەرپ بىلەن، شۇنداقلا تاۋۇشنىڭ ھەر بىر ئاھاڭىمۇ پەقەت شۇ ئاھاڭنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىشلىتىلىدىغان دىئاكرىتىكىلىق بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇتۇق تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەش ۋە ئۇلارنىڭ

---

① دىئاكرىتىكىلىق بەلگە — مەلۇم بىر ھەرپنىڭ يېنىغا، ئۈستىگە ياكى ئۇنىڭ تېگىگە قويۇلىدىغان ئالاھىدە بىر بەلگە. ئاكاد. ۋ. ۋ. رادلوۋ ئۆز ترانسكرىپسىيەسىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارغا تۆۋەندىكىچە دىئاكرىتىكىلىق بەلگىلەردىن پايدىلانغان ئىدى. مەسىلەن: Dÿšmällär söjälmäjdÿ̆, söjgänni Körälmäjdÿ̆... ئەرەپ يېزىغىغا ئاساسلانغان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە بۇنىڭدەك بەلگىلەر نۇرغۇن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېيتىلىشىنى يېزىقتا كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ترانسكرىپتسىيە بەلگىلىرى ئىشلىتىلدى.

A — تۈركى تىللارغا ئورتاق قىلىن "a". سوۋېت - ئىنتېرناتسىئونال سۆزلەردە ئىشلىتىلىدىغان "a" مەزكور تاۋۇشنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا "ئاكا، كام، ئاي" سۆزلىرى تەركىۋىدە كېلىدىغان "a" تاۋۇشىغا ئوخشاش.

O — لەۋلەشكەن a. يېزىقتا a شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

Я — ئۇيغۇر سۆزلىرىدە ۋە سوۋېت - ئىنتېرناتسىئونال سۆزلەردە ئىشلىتىلىدىغان йa. مەسىلەن: "яхши، яман، партия، яков" ۋ.ب.

Ә — ئىنچىكە "ә".

O — دىفتونگ شەكلىدە ئەمەس، ساپ ئېيتىلىدىغان قىلىن o.

Ë — پەقەت رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە ئىشلىتىلىدىغان "йo".

Ө — ساپ ئېيتىلىدىغان ئىنچىكە ө.

У — قىلىن y.

Ю — ئۇيغۇرچە ۋە سوۋېت - ئىنتېرناتسىئونال سۆزلەردە كېلىدىغان ю. مەسىلەن: "юмшаk، Юпитер" ۋ.ب.

Ү — ئىنچىكە Ү.

E — ئىندىففېرېنت e. رۇس تىلىدىكى ساپ ئېيتىلىدىغان e ئوخشاش تاۋۇش، بۇ تاۋۇش بىلەن قىسمەن ئاجىزلاشقان "a" ۋە "ә" تاۋۇشلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

E — رۇس تىلىدىكى دىفتونگ شەكلىدە ئېيتىلىدىغان "e".

Э — سوۋېت - ئىنتېرناتسىئونال سۆزلەردە ئىشلىتىلىدىغان "ئې"(э).

И — ئىندىففېرېنت "и". مەزكۇر تاۋۇش بىلەن ئاجىزلاشقان "a" ۋە "ә" تاۋۇشلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

I — ئىندىففېرېنت "и" تاۋۇشىنىڭ ئىنچىكە ۋارىيانتى.

ь — ئىنددىففېرېنت "и" تاۋۇشىنىڭ قىلىن ۋارىيانتى.

ы — تۈركى تىللاردا ۋە رۇس تىلىدا قوللىنىلىدىغان قىلىن ы.

بولاردىن تاشقىرى، سوزۇق تاۋۇشلارنى سان جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بەلگىلەر ئىشلىتىلىدۇ:

[a] — ئاجىزلاشقان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئېيتىلماي چۈشۈپ قېلىشى.

a̲ — كىچىك ھەرىپ بىلەن قۇردىن يۇقۇرى جايلاشقان ھەرپ — رېدۇكسىيە لىشىپ، قىسقا ئېيتىلىدىغان تاۋۇش.

= — سوزۇق تاۋۇش ئۈستىگە قويۇلغان سىزىقچە (‾) سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن ئېيتىلىشى. مەسىلەن: ئۆدەك، قاغا، قورۇق، سۆسەر.

$и^{o}$، $у^{o}$، $Y^{\theta}$ — ئى، ئۇ، ئۈ تاۋۇشلىرىنىڭ ئايرىم شارائىتلاردا كەڭ ئېيتىلىشى، مەسىلەن: тону$^{o}$ (تونۇ)، көму$^{\theta}$ (كۆمۈ)، ئىدى.

б (ب)، г (گ)، Ғ (غ)، д (د)، ж (ژ)، Җ (ج)، з (ز)، й (ي)، к (ك)، қ (ق)، л (ل)، м (م)؛ н (ن)، Ң (ڭ)، п (پ)، р (ر)، с (س)، т (ت)، ш (ش)، ч (چ)، х (خ)، h (ھ)، ф (ف) تاۋۇشلىرى ئۆزىچە ئىپادىلىنىدۇ.

### شەرتلىك بەلگىلەر:

ʼ — ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ يۇمشاقلىشىشى.

ʼ — ئاپوستوروف.

> — بىر تاۋۇشنىڭ ئىككىنچى بىر تاۋۇشقا كۆچۈشى.

< — بىر تاۋۇشنىڭ ئىككىنچى بىر تاۋۇشتىن پەيدا بولۇشى.

‖ — تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ۋە پاراللېل قوللىنىلىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**现代维吾尔语**（维吾尔文）
**第一册**

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　民族印刷厂排版
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米32开本　12.625印张
1985年5月第1版　1986年8月第1次印刷
印数：1——8,600

书号：M9098·40　定价：1.54元